نۇرمۇھەممەت ئۆمەر ئۇچقۇن

# روھىيەتنىڭ قاتلىرىنى ۋاراقلاپ

(ماقالە ـ ئوبزورلار)

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com

图书在版编目(CIP)数据

探索心灵之窗: 维吾尔文/努尔买买提·吾买尔著.
—乌鲁木齐: 新疆美术摄影出版社: 新疆电子音像
出版社, 2009.12
ISBN 978-7-5469-0600-3

Ⅰ.①探… Ⅱ.①努…Ⅲ.①社会科学—文集—维吾
尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.①C53

中国版本图书馆CIP数据核字(2010)第000026号

书　　名　探索心灵之窗
策　　划　艾则孜·阿塔吾拉·萨尔特肯
作　　者　努尔买买提·吾买尔
责任编辑　艾尼瓦·库迪力克
特约编辑　艾则孜·阿塔吾拉·萨尔特肯
责任校对　古丽巴哈尔·托合塔木
特约校对　阿不都热依木·阿不力米提
出　　版　新疆美术摄影出版社
　　　　　新疆电子音像出版社
地　　址　乌鲁木齐市西虹西路36号
邮　　编　830000
发　　行　新疆新华书店
印　　刷　新疆翼百丰印务有限公司
开　　本　880×1230mm 1/32
印　　张　12.25
版　　次　2009年12月第1版
印　　次　2009年12月第1次印刷
印　　数　1—5000
书　　号　ISBN 978-7-5469-0600-3
定　　价　25.00元

(书中如有缺页、错页及倒装请与工厂联系)

# ئاپتوردىن

كۆز تونۇش ئۈچۈن يارىتىلدى، ئەقىل بىلىش ئۈچۈن. بارلىق ئەزالارنىڭ يارىتىلمىسىغا ياخشىلىق ـ يامانلىق، ئادالەت ـ قاباھەتتىن بىرىنى تاللاش ۋە ھەربىر نەپسى ئۈچۈن ھېساب بېرىش قالدۇرۇلدى. بەجايىكى، ئىنسان دۇنيالىقتىن ئاخىرىتكە سوزۇلغان كۆرۈنمەس، ئىنچىكە دار ئۈستىدە پىلسىرات مۇساپىسىنى باسقۇچى. قانداق بىلىش، قانداق تونۇش، ئۆز دۇنياسى ۋە ئىلمىنى قانداق يولغا سەرپ ئېتىش ئىنساننىڭ ھاياتىنى ياكى مەنىگە ئورايدۇ ياكى ئۇنى ئازابقا سۆرەيدۇ. ئاشۇ بىلىش ـ تونۇشنى مەزمۇنغا ئىگە قىلغۇچى بىرلىك بولمىش ئاڭ، ئىدىيە ـ ئەقىدە ئىنسان ئۈچۈن، شۈبھىسىزكى، ئويغاتقۇچ قوڭغۇراق بىلەن باراۋەردۇر. بەزىلەر بۇ قوڭغۇراقنى ئۆزى خالاپ، تاللاپ ئاسىدۇ. بەزىلەرگە باشقىلار ئېسىپ قويىدۇ. قوڭغۇراقنىڭ جاراڭلاپ تۇرۇشى ھەرىكەتتىن، مەنزىلدىن بېشارەت. جاراڭلىمايدىغان قوڭغۇراق ئەسكى تۆمۈر. تاشلانغان قوڭغۇراقنى دات باسىدۇ، قوڭغۇراقسىز كارۋاننى غەپلەت.

ھاياتقا مەنە بەخش ئەتكۈچى ئاڭ، ئىدىيە، ئىمزدىنىش ـ تەشەببۇسلارغا كۆڭۈل كۆزۈمدە قاراشنى مەسئۇلىيەت دەپ بىلگىنىمدىن بۇيان دۇنياغا، ئەتراپىمدىكى ئادەم، ئىش ـ كۈشلەرگە تەنقىدىي مۇئامىلە قىلىش ئىختىيارسىزلا ئادىتىمگە ئايلاندى. بۇ خىل ئېھتىياتچانلىق مېنىڭ ئۆز مەيلىم ئەمەس

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىدى. مەن ياشاۋاتقان مۇھىت، ئادەملەر مەندىنلا ئەمەس، ھەربىر نەپسى ئوت تىرىك جاندىن تونۇش ـ بىلىش، تاللاش ـ شاللاش ئاساسىدا ھاياتىنى مەنىگە ئوراشنى تەلەپ قىلاتتى. دۇنيا مەئىشەتلىرى تۆكمە ۋە رەڭدار. ھەممىسىنىلا يەمدۇق، ئىچەمدۇق؟ ئۇچرىغانلا ئىدىيە ـ قاراشنىڭ ھەممىسىنىڭلا دېپىغا قاتىرىسىغا ئۇسسۇل ئويناپ، بەل تولغاپ چىقامدۇق؟

مەن ئاشۇ تاللاش ـ شاللاشنى چۆرىدىگەن تەنقىدىي ئوي ـ كويلىرىمنى زامانداشلىرىمغىمۇ دەپ بېرىشنى مەجبۇرىيەت دەپ بىلدىم. ماڭا ئايان، ياشلىقنىڭ يەڭگىلتەكلىكى كەتمىگەن يازمىلىرىمدا يېنىكلىك، تەنتەكلىك، كۆرەڭلىك يوق ئەمەس. شۇڭىمۇ ھازىرغىچە ئېلان قىلىنغان يازۇلىرىمنى جەملەش ئالدىدا بەزىلىرىنى شاللىۋېتىشنى توغرا تاپتىم. ھېلھەم يازمىلىرىمنى ھاياتىمنىڭ مەلۇم باسقۇچىدىكى ھېس ـ تۇيغۇلىرىمنىڭ خاتىرىسى، ھايات ھەققىدىكى پىكىر ـ تەلقىنلىرىمنىڭ خام ـ خۇتا بىر قىسمى دەپ قارايمەن ۋە ئۇنى پىشۇرۇپ، ۋايىغا يەتكۈزۈشنى چىن دىلىمدىن خالايمەن. شۇ سۆپەت، ھەق تەنقىد ئالدىدا ھامان بېشىم ئېگىك، قولۇم قوۋۇشتۇرۇغلۇق!

مۇشۇ يازمىلىرىم ئارقىلىق ھاياتىمنىڭ 30 ـ باھارىغا مەرھابا دەيمەن ۋە مېنىڭ، بىزلەرنىڭ ئۆزىمىزگە چوڭ ھەقنىڭ نەزىرىدە ئەرزىمەس، پەس ئادەملەردىن بولۇپ قېلىشىمىزدىن سېغىنىپ پاناھلىق تىلەيمەن.

# مۇندەرىجە


ئەقىدە ئېھتىرامى ............ 1
ئاڭدىن تاڭغا ياكى ھاڭغا ............ 21
بىز قەيەرگە بارماقچى ............ 52
داستىخان ............ 61
ئەپسانە — ئەدەبىياتقا كىرىش ۋە چىقىش ............ 74
ھەقىقەتنى نەدىن تاپىمىز ............ 98
كۆزىمىزدە سوغۇق نۇر ............ 123
مانا بۇنى قايتىش دېگۈلۈك ............ 164
تۇدىمەت نېمىشقا قۇلىقىنى ئەتتى ............ 190
قورقار چاغدا قورققۇلۇق ............ 203
توپان باسمىسى راستتىنلا ھاجەتمۇ ............ 213
«يۇرەكتاغ» نىڭ ئەپسانىۋى قاتلىمى ............ 262
بۇ، مەنىسىز ھىجىيىش ئەمەس ............ 280
ئىجتىمائىي تەرتىپ ئەندىزىسى ۋە كوللېكتىپ چىقىپ
كېتىش ............ 300
دۇنيا ئەر دەپ يىغلايدۇ ............ 326
ئەركەكلىكنىڭ چىللىشى ............ 366

# ئەقىدە ئىھتىرامى

(قىزىمغا بېغىشلاپ)

## 1

سەن ئاخىر تۇغۇلدۇڭ. ئۇن نەچچە سائەتكە سوزۇلغان ئاچچىق تولغاق ئاناڭنى چىرقىرىتىپ ھالىدىن كەتكۈزگەندە سەن ئاندىن بۇ دۇنياغا كەلدىڭ. ئاناڭ نەچچە رەت يېنىدىكى دوختۇر - سېسترالار ۋە ئاچىسى، يەڭگىسى بىلەن رازىلىشىپتۇ. تۇغۇت ئۆيىدە خىتىلداق يىغىلار ئەۋجىگە چىقىپ، نازۇك، يۇمران لەۋلەر ئەلەم بىلەن قانچە رەت چىشلەنگەندىن كېيىن ئۆزۈڭنى كۆرسىتىپسەن.

دوختۇرخانىنىڭ ئۇكۇل پۇراپ تۇرىدىغان كارىدورىدا ئۇن نەچچە سائەت ئۇياقتىن بۇياققا ماڭدىم. قەدەمدە بىر سائەتكە قارايمەن. ئاناڭنىڭ قىيقاس سېلىپ توۋلىغان ئاۋازى كارىدورنى تىترىتىپ، دېرىزىلەرنىڭ ئەينىكىنى جىغىلدىتىپ ئۆتتى. ئىچىمدە توختىماي ئاسانلىقنى تىلەيمەن. «ئايالنى خارلىغانلارنىڭ، دەپسەندە قىلغانلارنىڭ، ئازدۇرۇپ يولدىن چىقىرىدىغانلارنىڭ ھالىغا ۋاي» دەيمەن ...

ئەسلىدە سەن تۇغۇلىدىغان چاغدا قېشىڭدا تۇرغۇم يوق ئىدى. تۇغۇلۇپ بولغاندىن كېيىن كۆرسەملا بولدى، دەپ ئويلىغانىدىم. لېكىن، تۇرۇپلا يۈكسەك مەنە ۋە ئىشارىلەر تولغان بۇ ئاجايىباتقا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ياندىن ھەمشىرىك بولۇشنى خالاپ قالدىم. ھەممىمىز بۇ مۆجىزىنى باشتىن كەچۈرگۈچىلەرمىز. دۇنيا تېخىچە تېگىگە يېتىپ سىرىنى بىلەلمەي ھەيرانۇ ـ ھەسلىكتىن غايىب، سىرلىق بىر كۆچكە باش لىڭشىتىپ تۇرغان بۇ مۆجىزىنى تولىمىز يوغىنىۋالساق، تۇغۇلۇپ ـ تۇغۇۋالساقلا ئۇنتۇپ كېتىمىز. نەدىن كەلدۇق ؟ قانداق كەلدۇق ؟ بۇنىڭغا قانداق سىر ـ ھېكمەتلەر جەملەندى؟ نېمىشقا باشقىچە بولمايدۇ ھەم بولۇشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ؟... دېگەنلەر بىزنىڭ ئوي ـ خىيالىمىزنى ئوڭايلىقچە چىللاپ، چالغىتىپ سالمايدۇ. تۇغۇش ـ تۇغۇلۇشتىكى ھېكمەت بىزدە ئەرزىمەس قانۇنىيەت، ئادەتكە ئايلانغان. ئاياللار تۇغىدۇ، ئەرلەر تاپىدۇ. ئىنساننىڭ يارىتىلىمىسى بىزدە مانا موشۇنداق ئاددىيلا چۈشىنىلگەنىدى. ۋەھالەنكى، تۇغۇمدا ئىنسان ئىرادىسىدىن ھالقىغان بىر مۇقەددەس قانۇنىيەتنىڭ ھۆكمى بار ئىدى.

مەن غايىبنىڭ قۇدرەت ـ كامالىتىنى تىڭشىماق بولدۇم. ئۇ شۇقەدەر زىلزىلىلىك، ئازابلىق، دەھشەتلىك ئىدى. «ئۇنتۇما ئىنسان، سەن بىر رەت ئۆلگەندە ئاندىن يەنە بىر ھاياتلىق ئاپىرىدە بولىدۇ. ئۆلۈمنى، دەھشەتنى ئەسلا يادىڭدىن چىقارما، تولغاقتىكى ئاچچىق ئازاب ھېساب مەيدانىدىكى ئازابنىڭ ئالدىدا بىر تىيىن. بىر يېڭى جان، يېڭى كۆرۈم مانا مۇشۇنداق قېيىنلىش، خارلىنىشنى بەدەل قىلىدىغان قىممەتلىك تارتۇق. ئۇنى قەدىرلە !» دېگەن ئاگاھ ئاننىڭ ھەربىر ئاچچىق تولغىقىغا سىڭىپ كەتكەنىدى.

بىرنەچچەيلەن ۋاقتى كەلگەندە ئوپېراتسىيە قىلىپلا بالىنى ئالدۇرۇۋېتىش، خاپىلىق تارتماسلىق تەكلىپىنى بېرىشكەنىدى. ئاناڭمۇ، مەنمۇ كەسكىنلا: «ياق !» دېگەنىدۇق. ئاتا قىلىنغان قىسمەت ـ پۈتمىشتىن قېچىپ نەگە باراتتۇق؟ بىز قانۇنىيەتكە بويسۇنماي، تۇرمۇشتىن ساختا مەزمۇن قوغلىشىشنىڭ ئامەت ئەمەس، ئاپەت ئەكىلىدىغانلىقىنى چىن قەلبىمىز بىلەن تەن ئالغانىدۇق. تولغاقتىن قېچىپ، بەدەن شەكلىم ئۆزگىرىپ

كېتىدۇ، دەپ ئۆزى تۇغماي ئوپېراتسىيە قىلدۇرغانلارنىڭ كېيىنكى پارچە ئاغرىق، كېسەللەردىن قۇتۇلالماي ۋايساپ ئۆتۈۋاتقانلىقى بىزنى ئويغا سالغاندى. بىز يىرتىلغان، قايتا يامالغان تاغارغا قانچىلىك نەرسە ئۇسقىلى بولىدىغانلىقىنى قىزغىن مۇهاكىمە قىلىشقانىدۇق. كۆكسۈم خالتىلىشىپ گۈزەللىكىنى يوقىتىپ قويىدۇ، دەپ بالىنىڭ تېگىشلىك هەققىنى بەرمەستىن ئېمىتمەي بالىنى سۈت پاراشوكى، قۇۋۋەت بۇلىمىقىغا تاشلاپ قويغان ئانىلارنىڭ سۈت بېزى راكى، ئەمچەك راكى، ئەمچەك ئۆسمىسى ۋە شۇنىڭغا ئالاقىدار كېسەللەرنىڭ ئازابىدا تىنماي ئاه تارتىشى بىزگە تەبىئەتنىڭ ئەزەلى مۇتلەق نوپۇزىغا هۆ - پۆ دېيىشنىڭ پايدا بەرمەيدىغانلىقىنى تونۇتقانىدى. ئىسسىق، جاهاندىكى جىمى تائامدىن نەچچە هەسسە قۇۋۋەتلىك ئانا سۈتىدىن ئايرىلغان ئاشۇ بالىلارنىڭ ئاجىز، بىچارە تۇرقى يۈرىكىمىزنى غاجىشى لازىم ئىدى. دۇنيانىڭ پايدا - زىيىنى بىلەن قىلچە ئالاقىسى بولمىغان ئاشۇ بىغۇبار كۆزلەردە پۈتمەس - تۈگىمەس غەزەپ، تولەپ بولغۇسىز قەرزنىڭ شولىلىرى يالىلدايتتى. تولغاق ئازابىدىن قاچقان ئايالىرىمىز سوئال - سوراق ئازابىغا بېرىپ بولغىچە يەنە تالايلىغان ئازاب - دەهشەتلەرنى تارتىپ كەلمەكتە ئىدى.

بۇ قانۇنىيەتلىك دۇنيا ئىدى. ئارتۇق نەرسە ئەسلا يوق ئىدى. سەندە كەم نەرسە مەندە تولۇقى بىلەن بولاتتى. ئۆز ئارا جىپسىلاش هالەتتىكى كامالەت دۇنيانى پۈتۈنلەپ تۇراتتى. هەربىر شەيئىنىڭ هەربىر هۈجەيرىسىگە مۇئەييەن قانۇنىيەت، هېكمەت يوشۇرۇنغان بولۇپ، ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلىنسىلا ئاپەت ئەكىلەتتى. قول بىلەن قوشنىڭ رولى ئوخشىمايتتى، ئۇلارنى ئالماشتۇرۇپ ئىشلىتىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. گال بىر بولغان بىلەن يېگەن تائام ئاشقازانغا، تىنغان نەپەس ئۆپكىگە باراتتى، ئەسلا ئالمىشىپ قالمايتتى. ئالمىشىپ قالسىلا ئىنساننىڭ نورمال هەرىكەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىقتىدارى كاشىلىغا ئۇچرايتتى. ئىنساننىڭ بەدىنىدىكى بىر ئەزانىڭ رول ـ ئىقتىدارىمۇ دۇنيانىڭ يارىتىلىمىسىدىكى ئىش تەقسىماتىنى ئەپچىل خۇلاسە قىلىپ تۇراتتى ... ئىنساننىڭ تۇغۇلۇش، چوڭ بولۇش، توي قىلىش، پەرزەنتلىك بولۇش، ئۇنى تەربىيىلەش، تويلاش، ئۆلۈش ... قاتارلىق ھاياتلىق باسقۇچلىرىغىمۇ ئاشۇنداق ئاجايىپ سىر ـ ھېكمەتلەر، رىئايە قىلمىسا ئەسلا بولمايدىغان قانۇنىيەت ـ ئەھكاملار مۇجەسسەملەنگەنىدى. شۇلارغا چوڭقۇر تونۇش ئاساسىدا ئىخلاس، سۆيۈنۈش، تەشەككۇر بىلەن رىئايە قىلىش ئىنساننى چەكسىز بەخت ـ سائادەتكە مۇيەسسەر قىلاتتى. ئۆزىدە يوق نەرسىگە ئاچ كۆزلەرچە ئىنتىلىپ بار نەرسىلەرنى خارلاپ تاشلاش ئىنساننىڭ تۇرمۇشىنى ئەھمىيەتسىز ئۇرۇنۇشلارغا تولدۇرۇۋېتەتتى، ھاياتنى مەنىسىز پۇچەكلەشتۇرۇپ ۋەيران قىلىپ تاشلايتتى.

تۇغۇتقىمۇ ئالەمچە قانۇنىيەت، ھېكمەت يوشۇرۇنغانىدى. ئالىملارنىڭ قارىشىچە، بىر قېتىملىق تۇغۇت ئاياللارنىڭ پۈتكۈل ئەزايى ـ تېنىنىڭ قايتىدىن يېڭىلىنىشى بىلەن باراۋەر ئىدى. تۇغقان ئايالنىڭ پۈتكۈل توقۇلما، بوغۇملىرى ئاجراپ قايتىدىن ئورنىغا چۈشەتتى. بۇ جەرياندا بەدەننىڭ ئىچكى قىسمىدا ساقلىنىپ تۇرغان بەزى كېسەللىك ئالامەتلىرى، باكتېرىيىلەر باش سۇيى، تەر بىلەن قوشۇلۇپ چىقىپ كېتەتتى. تۇغۇتتىن كېيىنكى ياخشى كۈتۈش ـ كۈتۈنۈش ۋە ئاسراش ئاياللارنى تەلتۆكۈس ئەسلىگە كەلتۈرەتتى. كېيىنكى ئىسسىملىك بىر تەتقىقاتچى ئامېرىكىدا نەشر قىلىنىدىغان «پوچتا مۇلاھىزە مۇنبىرى» گېزىتىدە ئېلان قىلىنغان «بىز كۆڭۈل بۆلۈشكە تېگىشلىك بىرنەچچە مەسىلە» ناملىق بەدىئىي مۇلاھىزىسىدە نىكاھلىق تۇرمۇشنى ساقلاپ كەلگەن، بالىلىق بولغان ئاياللارنىڭ ئەخلاقى چۈشكۈن، تۇرمۇشى تەرتىپسىز، نىكاھسىز، بالىسىز ئاياللارغا قارىغاندا ناھايىتى خۇشال، مەنىلىك تۇرمۇش

كەچۈرۈۋاتقانلىقىنى، كەسپىمۇ ئىزچىل مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ كەلگەنلىكىنى، روھىي كەيپىياتىنىڭ مۇقىم، خاتىرجەم ئىكەنلىكىنى دەلىللەيدۇ ۋە بالىلىق ئاياللارنىڭ تۇغمىغان ئاياللارغا قارىغاندا ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش نىسبىتىنىڭ ناھايىتى يۇقىرىلىقىنى خۇلاسىلەپ چىقىدۇ. خەلقىمىزدىكى «تۇغقان ئايال قىرىق كۈندىن كېيىن ئەسلىي قىزلىقىغا قايتىدۇ» دېگەن گەپ بىكار چىقمىغان بولسا كېرەك.

ئاناڭ ئۆزى تۇغۇشنى ئىختىيار قىلدى. مەن تۇغۇتتىكى ھېكمەتنىڭ سىر - ئەسرارلىرىغا چۆمۈلگەچ ئىنساننىڭ، ئىنسانىلىقنىڭ قەدىر - قىممىتىنى تەلقىن قىلماقچى بولدۇم. يىگىلەپ، ئۇڭاي بىر نەرسە تەسىر قىلماس بولۇپ قېلىۋاتقان قەلبىمنى سېنىڭ تۇغۇمۇڭ ئارقىلىق داۋالىماقچى بولدۇم. ھەممە ئادەم قېتىپ، ھېسسىياتسىزلىنىپ كېتىۋاتاتتى. ياخشى - يامان، گۇناھ - ساۋاب، ھالال - ھارام ئىشلار بىزنى سەگىتەلمەس بولۇپ قېلىۋاتاتتى. ئىنساننىڭ قەلبىدىن ئەڭ ئەقەللىي ھېس - تۇيغۇ، ئاڭ - سەزگۈمۇ كۆتۈرۈلۈپ كەتسە ئادەم ئادەمنىڭ مېھىر، قەدرىگە يەتمەيدىغان بولۇپ قالاتتى.

تۇغۇمۇڭ راستتىنلا يۇرىكىمنى ئەزدى. ئانامۇ سېنى ۋە مەندىن بۆلەك يەنە ئالتە يۈرەك پارىسىنى ئاشۇنداق قاتتىق قىينىلىپ تۇغقان بولغىيتتى - ھە ؟! مەن 17 كۈن تولغاق ئازابىدا قىينىلىپ بالا تۇغقان بىر ئايالنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلىغانىدىم. ئاشۇ بالا ئانىسىغا نېمە قىلىپ بەرگەندۇ؟ چېغىمدا مەن، بىز ئانامنىڭ قانچىلىك قەدرىنى قىلدۇق؟ ھايات بارىدا ئۇنىڭغا قانچىلىك ئەسقاتتۇق؟ ئۇنى قانچىلىك رازى قىلالىدۇق؟ ئۇ بىزنىڭ كىچىككىنە نەتىجە، ئىشلىرىمىزدىنمۇ ئالەمچە سۆيۈنۈپ، پەخىر ھېس قىلىپ ياشىغان سۆيۈملۈك ئانا ئىدى. مېنىڭ ئىمتىھاندىن ئۆتكىنىمنى ئاڭلىغىنىدا ئالەمچە خۇشال بولغان، مېنى ئالىي مەكتەپكە بارىدۇ، ياخشىراق كىيىندۇرۇپ

قوياي، دەپ ئاتايىن خوتەنگە ئاپىرىپ ئاياغ ئېلىپ بەرگەنىدى. ئەپسۇسكى، ئۇ ماڭا ئاياغ ئېلىپ بەردى، ئەمما ئۆزى يالاڭ ئاياق ئۇ دۇنياغا كەتتى. ئاياغنى ئېلىپ قايتىشىمىزدا تەقدىرنىڭ ھۆكمى بىزنى قاتناش ھادىسىسى سەۋەبلىك جۇدالىقتا دۇچار قىلدى. شۇ ئىشقىمۇ 11 يىل بوپتۇ. يىغلىغان، قاقشىغان بولدۇق. ئەمما، ئاتا ـ ئانا باللىرىنى ئۆزىدىن قالغاندا يىغلاش ئۈچۈنلا باقمايدىغۇ؟ توغرا، ئانامنىڭ ئېسىل پەزىلىتى بىز يەتتە بالىنىڭ ھەممىسىنى سەمىمىي ياشاشقا ئۈندەپ كەلدى. بۇ ھەممىدىن ياخشى جاۋاب بولۇشى مۇمكىن. ئەمما، مەن ئۇنى قانچىلىك ياد ئېتىپ تۇرالىدىم؟ ئۇنىڭ روھىغا ئاتاپ دۇئا قىلىپ، تۇپراق بېشىنى يوقلاپ قويىمىغىلى قانچىلىك بولغاندۇ؟ ھەممىمىز ئانىلار ھەققىدە ئەڭ ئۇلۇغ شېئىرلارنى، ئەڭ تەسىرلىك ناخشىلارنى ئوقۇدۇق، ئەمما ئانىلارنىڭ ئۆزىنى ئۇنتۇپ قالدۇق..

دادا بولۇش ئالدىدا تۇرماقتىمەن. ئانام بىزگە سەمىمىي، پاكىز ياشاشتىن ئىبارەت ھاياتلىق ئەندىزىسىنى قالدۇرۇپ كەتتى. دادام جاپا تارتسىمۇ ئېگىلمەي، پۈكۈلمەي، ئۆكتەم نوپۇز ئالدىدا تەمتىرىمەي ئاددىي ـ ساددا ياشاشنى ئۆزىگە مىزان قىلدى. بۇ خۇي ھەممىمىزنىڭ تەبىئىتىنى ياشارتتى. مەن بولغۇسى بالامغا نېمەم بىلەن تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇنى قانداقراق تەربىيلەپ چىقارمەن؟ ئۇ مەندىن قالغاندا مېنىڭ نېمەمدىن پەخىرلىنىپ، قايسى تەرىپىمدىن نەپرەتلىنەر؟

بىزدە ھەربىر بالا گويا ئاپئاق قەغەز پېتى دۇنياغا كېلىدۇ، ئاتا ـ ئانىسى ئۇنىڭغا ياكى گۈل سىزىدۇ ۋەياكى ئۇنى كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىدۇ، دەيدىغان گەپ بار. ئاق قەغەز پاكلىق، گۈزەللىككە ئىشارە. مانا، بىر پاكىز، ياخشى بەندە دۇنياغا كېلىش ئالدىدا تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ كەلمىش ـ كەتمىشىنىڭ قانداق بولۇشى مەلۇم مەنىدە ماڭا ۋە ئايالىمغا باغلىق ئىدى.

بىر ئېغىر مەجبۇرىدارلىق ئىلكىدە بېشىم ئېگىلدى. تۇغۇت



www.uyghurkitap.com

ئۆيىدىن ناھايىتىمۇ ئۇزاققا سوزۇلغان چىرقىراق ئاۋاز كەلدى. كۆزۈمدىن يۇرقىراپ ياش كەتتى.

## 2

تۇغۇت دېگەننىڭ مۇنچىۋالا قىيىن ھەم ئۇزاققا سوزۇلىدىغانلىقىنى خىيالىمغا كەلتۈرۈپمۇ باقمىغانىكەنمەن. كۇتۇۋېرىپ تاقىتىم تاق بولغاندا تۇغۇت ئۆيىنىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ نۆۋەتچى دوختۇر چىقىپ كەلدى ۋە خالاتلىرىنى يەشكەچ ئىشخانىسىغا ماڭدى. كۆڭلۈم تۇيدى. يېنىك، ئارامخۇدا شۇكۇر تۇيغۇسىنىڭ تومۇرلىرىمنى بويلاپ ئاققىنىنى تۇيۇپ تۇردۇم. «ئاخىر ساق ـ سالامەت تۇغدى» دېدى ئۇ ۋە بىردەم توختىۋېلىپ «قىزدىن بىرنى، مۇبارەك بولسۇن !» دېگەننى قوشۇپ قويدى. «خۇداغا شۇكۇر، رەھمەت» دېدىم. دېمەككى، قىزىم، سەن تۇغۇلۇپسەن ! ھەر ئىككىمىزنىڭ سالاھىيىتىنى ئۆزگەرتىپ تاشلاپسەن. يېنىكلىك، تەنتەكلىك تۇرمۇشتىن كۆتۈرۈلۈشى كېرەك ئىدى. سەن ئەرشتىن بىر ئۇلۇغ مەجبۇرىيەتنى ئالغاچ چۈشكەنىدىڭ. بىز ئۇنى خاپىلىق، جاپا، ئورۇنسىز بەدەل، ياش ئاغرىقى دېمەستىن، بەلكى خۇشاللىق، ھاياتنىڭ مەنە ـ لەززىتى دەپ بىلىپ رازىمەنلىك بىلەن قوبۇل قىلغانىدۇق.

دوختۇرنىڭ «قىزدىن بىرنى» دېگىنىدىن ئۇنىڭ مېنى ئومۇمىيلىقتا ئايلانغان «قىزدىن قېچىش» پسىخىكىسىنى ئاگاھلاندۇرۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم. «قىز تۇغۇپتۇ» دېسە ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپلا كەتكەن، «يەنە قىز تۇغدۇڭمۇ؟» دەپ تۇغۇتلۇق ئايالىغا تاپا قىلغان، ھەتتا ئۇرۇپ قوغلىۋەتكەن، تالاق قىلىۋەتكەن دادىلارنىمۇ كۆرگەن، ئاڭلىغانمەن. نېمە دەيلى؟ نېمە، قانداق تۇغۇش سەن، مېنىڭ ئىلكىمدىكى ئىش ئەمەس.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سىنىڭ مۇتلەق نوپۇزغا ئۆكتە قوپقۇم يوق. ھېلىمۇ گۇناھ ـ كەبىرلىرىمنىڭ ئەپۇسىنى توختاۋسىز تىلەۋاتقان بەندىمەن.

قىزىم، سىنىڭ تۇغۇلغانلىقىڭنى ئەڭ يېقىن كىشىلىرىمگە بىلدۈرگۈم كەلدى. توختىماي تېلېفون قىلدىم. بىر قىسىملارنىڭ سوغۇق تەبرىكلەشلىرىدىن ئۆيگە چۆمدۇم. ھەتتا چاقچاقچى سەپدىشىمىزدىن بىرى سىنىڭ ئات تويۇڭغا ئاتاپ ئالغان قوچقارنى كۆرۈپ چاقچاق قىلىپ : «قوچقار ئالدىڭمۇ تېخى، ئوغۇل تۇغالمىغان خوتۇنغا قوچقار تۇگۇل ساغلىقمۇ يوق» دېدى. مەن بۇ خىل كەيپىياتتىن شۇنى ھېس قىلدىمكى، قىزىم، سەن نەزىرە مۇھەممەد سالىھ خانىم «شەرق يۇلتۇزلىرىنى ئىزدەپ» ناملىق كىتابىنىڭ مۇقەددىمىسىدە ئېيتىپ ئۆتكەندەك، ئاسمىنىمىزدا قىز ـ ئاياللىرىمىزنىڭ يۇلتۇزى خىرەلىشىپ قالغان بىر چاغدا دۇنياغا كەپسەن. قىزلارغا بولغان سوغۇق نەزەر قىز ـ ئاياللىرىمىزنىڭ، جەمئىيەتنىڭ ئەمەلىي رېئاللىقىدىن كەلگەن. ۋەھالەنكى، بۇ سىنىڭ گۇناھىڭ ئەمەس. شۇنداقلا، تۇغۇلۇش سىنىڭ ئىختىيارىڭمۇ ئەمەس. مەن، ئاناڭ سىنىڭ كەلگىنىڭگە «مەرھابا !» دەپ قۇچاق ئاچقۇچىلاردىن. سالام، سىنىڭ يېڭى تېڭىڭغا! مەشرەپنىڭ مۇنۇ مىسراسى ئېسىمگە كەلدى: «ھەي ـ ھەي، سىزگە مۇبارەك، دەپ ئادەم كەلدى !».

ئالاھازەل بىر سائەتلەردىن كېيىن تۇغۇت ئۆيىگە كىرىشىمگە رۇخسەت قىلىشتى. ئاناڭنىڭ قانداق ھالدا ياتقىنىنى، ئۇنىڭدىن قانداق ئەھۋال سوراشنىمۇ بىلمەيتتىم. ئەمما، كىرىپ بىرەر نەرسە دەپ بولغىچىلا ئۇ: «يېتەر ئاشۇ بىرى» دېدى كىنايە قىلىپ، ئۇ گېپىنى دەپ بولۇپلا يىغلاپ سالغىلى تاس قالدى. نېمە دېيىشىمنى بىلەلمىدىم. ئۇ ھەقىقەتەنمۇ جاپا تارتقاندى. پۈتكۈل ئاياللار باللىرىنى مۇشۇنداق جاپا تارتىپ، قىينىلىپ تۇغقاندى. مېھىر ئەجرىنى ئۇنتۇلدۇرغان، ئورنىنى تولدۇرغاندى، خالاس.

يەنە كېلىپ سەن ئانىڭ ناھايىتى زور بەدەل ھېسابىغا تۇغقان بالا ئىدىڭ. ئۇ قولىدىكى ماگىستىر ئاسپىرانتلىققا قوبۇل قىلىنغانلىق چاقىرىقىنى يىغلاپ تۇرۇپ تاشلىۋېتىپ ئانىلىققا يۈزلەنگەنىدى. ئۇ ئانا بولۇشنى، پەرزەنت تەربىيىلەشنى بىر ئايالنىڭ ئەڭ مۇقەددەس بۇرچى، ھەرقانداق نەتىجىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان ۋەزىپىسى، دەپ چۈشەنگەن ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن نەچچە يىللىق تىرىشچانلىق، ئەجرىنى قورقماي قۇربان قىلالىغان ئايال ئىدى. بىز رېكورت يارىتىمەن، مۇسابىقىگە قاتنىشىمەن، تەتقىق قىلىمەن، خىزمىتىم ئالدىراش، دەپ قورسىقىغا تۆرىلىپ بولغان ھاياتلىقنى تۇنجۇقتۇرۇپ، ئۆلتۈرۈپ، ئالدۇرۇپ چۈشۈرۈۋەتكەن ئانىلارنى كۆپ ماختىدۇق، ئۇلارنى تەرىپلەشكە جاھاندىكى ئەڭ نەپىس سۆزلەرنى ئىشلەتتۇق، مۇنداقچە ئېيتقاندا، بىز ئىنسانىي قىرغىنچىلىقنى مەدھىيىلىدۇق. ئەمما، مەن ھاياتلىققا سەممىي مۇئامىلە قىلمىغانلارغا نەپرەت كۆزى بىلەن قارىغۇچىلاردىن، ئۆز پۇشتىغا رەھىمسىزلىك قىلغان ئادەمنىڭ قولىدىن ھەرقانداق بالالار كەلمەي قالمايدۇ. مەيلى ھەرقانچە كاتتا ئالىم، مۇنەۋۋەر خىزمەتچى، كەم تېپىلىدىغان ئىستېدات ئىگىسى بولۇپ كەتسىمۇ، ئۇنىڭ تەقدىرنامىسى ھاياتلىقتىن ئۈستۈن، ئەلا بىلىپ ھاپىلداپ چېپىشلىرى بىمەنىلىك، رەزىللىكتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئاناڭنى ئەخمەق دەپ تىللىغۇچىلارنىڭ، ئەيىبلىگۈچىلەرنىڭ قانچىلىك جىقلىقىنى سەن بەلكىم تالاي يىللاردىن كېيىنمۇ تەسەۋۋۇر قىلالماسلىقىڭ مۇمكىن. ئۇنىڭ ۋاز كېچىش ئۈچۈن قانچىلىغان قۇربانلىقلارنى بەرگەنلىكىنى نۇرغۇن ئادەم چۈشەنمەيدۇ. توي قىلىش، بالىلىق بولۇش، ئائىلە تۇتۇشنى بەزىلەر زەنجىر، كىشەن دەپ قاراۋاتقان مەزگىللەردە بىر ئايالنىڭ ئاياللىق، ئانىلىق مەجبۇرىيىتىگە قول بېرىپ ئىخلاس قويۇشى ساراڭلىق دەپ قارىلىدۇ. ئەمما، بىز بۇ ساراڭلىققا مۇھەببەت قويدۇق. تۇرمۇشتا پاكىز، مەنىۋى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بۇلغىنىش، قىيىنلىشلاردىن ئامال بار خالىي ياشاشنى چىن كۆڭلىمىزدىن خالىدۇق. ئاناڭ دەبدەبىلىك سۆزلەرنى قىلىشنى بىلمەيدۇ، ئەمما ئۇنىڭ سېنى تاللاشتىكى ئاددىي مەردانىلىكىنى مەن ناھايىتى زور دەبدەبە، دەپ قارىدىم. ئۇنىڭ تولغاقنىڭ قىيىنىقى كەتمىگەن تەنە ـ كىنايىسى يۈرىكىمگە بىر شېرىن ئېقىم بولۇپ قۇيۇلدى.

سېنىڭ قېشىڭغا كەلدىم. سېنى چىرايلىق زاكىداپ قويۇشۇپتۇ. ھېچقانداق ۋەدە ـ قەسەمسىز ئاددىي ئىشەنچ ئاساسىغا قۇرۇلغان نىكاھىمىزنىڭ مېۋىسى ــ سەن تولۇق سۈزۈلمىگەن كۆزلىرىڭنى ئۇيان ـ بۇيان مىدىرلىتىپ يېتىپسەن. ئارقىدىنلا سېنى ئېغىزلاندۇرماقچى بولدۇق. بىزدە يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقنى مېغىزدا ئېغىزلاندۇرۇش ئادىتى ساقلانغان. كونىلار: «مېغىزلىق، مەنىلىك سۆزلەيدىغان بولىدۇ» دەيدۇ. راست شۇنداق بولامدۇ، مەن بۇنىڭغا بىر نەرسە دېيەلمەيمەن. ئەمما، مەن بىدئەت، خۇراپاتلىق بولمىسىلا ئەل مەدەنىيىتىگە، خەلق تەجرىبىلىرىگە چىن كۆڭلىدىن قايىل بولغۇچى. مېغىزدىكى پەۋقۇلئاددە مول قۇۋۋەت بەلكىم پەرزەنتىمىزنى تەندۇرۇس، ئەقىللىق قىلىشتا مۇئەييەن رول ئوينار.

بىزدە يەنە بالىنى كىم ئېغىزلاندۇرسا بالا شۇنى دورايدۇ، دەيدىغان قاراش بار ئىدى. بوۋاق تۇغۇلۇپ ئېغىزلاندۇرار ۋاقتىدا بىز ئامالىنىڭ بارىچە ئىلىمدىمۇ، پەزىلەتتىمۇ كامىلراق كىشىلەرنى تەكلىپ قىلاتتۇق. ئاناڭ سېنى مېنىڭ ئېغىزلاندۇرۇشۇمغا چاقچاق بىلەن قارشى تۇردى. بەزى ھاللاردىكى يېنىك، تەنتەكلىكىمنى ئۇنىڭ تەبىئىتى كۆتۈرەلمەيتتى. ئۇ سېنىڭ بىر مۇكەممەل ئىنسان بولۇشۇڭنى تىلەۋاتقاندەك، سېنى مېنىڭ ئېۋەنلىرىمنى دوراپ سالمىسۇن دېمەكچىدەك قىلاتتى. مەنمۇ سېنىڭدەك بىر بىغۇبار، پاكىز،

يۇمران قەلبىنى ھاياتنىڭ چىن مەنىسىنى بىلگەن، بىلىدىغان بىر نىنىڭ ئىغىزلاندۇرۇشىنى نەقەدەر ئارزۇلايتتىم ـ ھە؟! دوختۇرخانىدا مەن بىلىدىغان، تونۇيدىغان ئاقىلدىن بىرەرسى يوق ئىدى. ئۆزۈملا يەڭ تۇردۇم. ھېچبولمىسا ھاراق ـ تاماكا، سەپسەتە، چىركىن ئىدىيىلەردە بۇلغانغان ئىغىزنىڭ سېسىق ئىس ـ بۇسلىرى بولسىمۇ سېنىڭ سەبىي جىسمىڭدىن نېرى تۇرسۇن دېدىم ـ دە، تاھارەت ئالدىم، پاكلاندىم ۋە تەسۋىرلىگۈسىز تۆۋەنچىلىك ئىلكىدە تىترەپ تۇرۇپ سېنىڭ ساق ـ سالامەت يورۇق دۇنياغا كۆز ئېچىشىڭغا ھامىيلىق قىلغان بۈيۈك قۇدرەت ئىگىسىگە چەكسىز تەشەككۇر ۋە سالام يوللىغاچ، ساڭا چىن ئەقىدە ـ ئېتىقاد، شەرم ـ ھايا، ئەخلاق، دىيانەت، نومۇس، غۇرۇر ۋە بارلىق ئىش ـ ئەمەلىڭگە مەنە تىلەپ يۇمشاق چاينالغان ئۆرۈك مېغىزىنى ئىغىزىڭغا يېقىن ئاپاردىم. ئىچ ـ ئىچىمدىن تۇۋا ـ ئىستىغپار قايناپ چىقتى. ئالدىمدا بارلىق يامان خىيال، رەزىل ئوي، ھارام تۇيغۇلاردىن خالىي پىلتىڭلاپ ياتقان سېنىڭ ئۇلۇغلۇقۇڭ مېنى موكچەيتىپ، خۇنۇك، كۆرۈمسىزلەشتۈرۈۋەتكەندەك بىلىندى. يامانلىقتىن ئەمەس، ياخشى خۇلقلاردىن زوق ئالغىن، قىزىم، دېدىم بوغۇلۇپ.

## 3

چوڭقۇر شۇكۇر ـ ھەمدۇلار بىلەن سېنى ئۆيگە ئېلىپ كەلدۇق. بارلىق ئۇرۇق ـ تۇغقانلار يىغىلىپ يېڭى بىر ھاياتلىقنى ـــ سېنى ساقلاپ تۇرۇشقانىدى. ھاياجانلىق يىغا ۋە خۇشال تەبرىكلەر بىلەن سېنى، ئاناڭنى ئالدىن تەييارلانغان ئورۇنغا ياتقۇزۇپ قايتىدىن مۇبارەكلەشتۇق. سەن ئىللىق بىر ئائىلىگە تېخىمۇ ئىللىقلىق ئېلىپ كەلگەندەك بولدۇڭ. «ئەمدى ئادەم بولدىڭىز، ـــ دېدى يەڭگىلەردىن بىرى پېشىمنى تارتىپ، ـــ

www.uyghurkitap.com

بىرنى تۇغمىغان ئايال، بىر بالىغا دادا بولمىغان ئەر سالام قىلىش، سالىمىنى ئىلىك ئېلىشقىمۇ ئەرزىمەيدۇ، قىلچە.»

ئۇنىڭ بۇ كەسكىن سۆزىگە نۇرغۇن مەنىلەر يوشۇرۇنغانىدى. ئۇ بالا يۈزى كۆرمىگەن ئادەمنى ئىنسانىنىڭ، ھاياتىنىڭ قەدرىگە يەتمەيدۇ، ھاياتقا بولغان مۇھەببىتى سۇس، تۇۋىدىن يىراق، قەلبى تاشتىن قاتتىق بولىدۇ، دېمەكچىدەك قىلاتتى. مەن ھېچنېمە دېمىدىم. ئۇنىڭ سۆزلىرىدە مەن دەيدىغان ۋە دېمەيدىغان گەپلەرنىڭ نۇرغۇنى باردەك قىلاتتى.

قىزىم، دېمەككى، سەن مېنى ۋە ئاناڭنى ئادەم قىپسەن. بىز بۇرۇن تەنتەك، نادانلاردىن بولساق كېرەك. نېمىلا بولمىسۇن، بىز نېمە ئۈچۈن، قانداق بولۇپ دادا، ئانا بولۇپ قالغىنىنى ئۇقالمايلا بىر ـ ئىككى بالىنى يېتىلەپ قالغان بىر قىسىم ئاتا ـ ئانىلارغا ئوخشاپ قېلىشتىن قاتتىق ھەزەر ئەيلىگەنىدۇق. بىز ئات ـ ئېشەكتەك مەنە ـ ئاڭدىن خالىي، ئىدراكسىز يېقىنلىشىشنىڭ نەتىجىسىدە بىر ـ بىرىمىزگە بالا تۇپەيلى باغلىنىپ قېلىشتىن قورققانىدۇق. بالا ئاتا ـ ئانىنى مەجبۇرىيەت يۈزىسىدىنلا باغلاپ تۇرىدىغان زەنجىرگە ئايلىنىپ قالسا بۇنى بىر پاجىئە دېيىش كېرەك ئىدى. پەرزەنت نىكاھ بېغىدا ئاتا ـ ئانا بولغۇچىنىڭ ئورتاق ئەجىر قىلىشى بىلەن كۆكلەيدىغان مۇھەببەت دەرىخى. بەزىلەر ئۇنى كىچىك چېغىدىلا سۇندۇرۇپ تاشلايدۇ، بەزىلەر پەرۋىشسىز قالدۇرۇپ، ئوت ـ چۆپلەرنىڭ ئارىسىدا ياۋايىلاشتۇرۇۋېتىدۇ، يەنە بەزىلەر ئۇنى ئوتاپ، سۇغىرىپ، چاتاپ مېۋىسىنى كۆرىدۇ، سايىسىدا سالقىندايدۇ، دۆلىتىنى كۆرىدۇ.

بىزنىڭ مەقسىتىمىز سېنىڭ سايەڭدە سالقىنداش ئەمەس، قىزىم. سەن قالايمىقان، تەرتىپسىز شاخلاپ كەتمىسەڭلا بىز شۇنىڭدىن خۇش. ئاتا ـ ئانا بولغۇچىدا تەمە بولمايدىكەن، بەلكى ئۇ غەرەزسىز، تەمەسىز سۆيىدىكەن. ئىپادىلەش ئۇسۇل، جەريان،

سەۋىيىسىنىڭ ئۆخشىماسلىقى تۇپەيلىلا بەزى ئاتا ـ ئانىلار گۇناھكارغا ئايلىنىپ ئاھانەتكە قالىدىكەن.

ــ قېرىپسەن، ــ دېيىشتى ئاغىنىلىرىمۇ. بۇ پېشىپسەن، دېگىنى ئىدى. چۈشەندىمكى، خەلقىمىز دادا بولغۇچىدىن قالتىس زور ئۈمىدلەرنى كۈتكەنىكەن. ئۇلارنى ئەمدى ۋايىغا يەتتى، ياشلىقنىڭ يەڭگىل ئالدىراقسانلىقى ئاخىرلىشىپ، ئويلىنىپ قەدەم باسىدىغان باسقۇچقا كىردى، پىشقان، بىلى قاتقان، ھاياتلىق ھەققىدە بىرقەدەر مۇپەسسەل ئويلىنالايدىغان ئادەم بولدى، ئېغىر ۋەزىپىلەرنى يەلكىسىگە ئېلىشى، ئەل ـ يۇرتقا تېرەك بولۇشى كېرەك، دەپ بىلگەنىكەن.

دادا بولۇش، بولۇپمۇ بىر قىزغا دادا، بىر ئۆيگە باش بولۇشنىڭ نەقەدەر قىيىنغا توختايدىغانلىقىنى سەن تۇغۇلۇپلا ھېس قىلدىم، قىزىم. بۇرۇن بىر ئۆزۈم ئۈچۈنلا ئويلايتتىم. كېيىنچە جەمئىيەت ھەققىدە ئويلىنىش، پىكىر قىلىشنى بۇرچۇم، دەپ بىلىدىغان بولدۇم. تورمۇشۇمغا ئانىڭ، ئائىلە قېتىلدى، ئەمدى سەن، مەن ئويلىنىدىغان، پىكىر قىلىدىغان، ئىگە بولىدىغان مەزمۇن تېخىمۇ كېڭەيدى. ۋەھالەنكى، مەن ئۆز مەجبۇرىيىتىمنىڭ ئېغىرلاشقانلىقىدىن ۋايىسىغۇچى بەتبەختلەردىن ئەمەسمەن. مەن بىر ئايال، بىر ئائىلىگە باش بولۇشقا يۈز نەچچە ئادەمنىڭ گۇۋاھلىقى ئاستىدا ئۆزۈم ئىشەنگەن ھەققە قەسەم بەرگەن، رازى، خۇشال بولۇپ تەنتەنە قىلغان ئەرمەن. ئۆي، ئائىلە، نىكاھ، ئايالنى دوزاخ، سولاق، زەنجىر دەپ ھېس قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ دۇنيا قارىشىنى مەن ھەرگىزمۇ ساغلام دەپ ھېسابلىمايمەن. ئۆز ئائىلىسى، ئايالى بىلەنمۇ قانائەت ھېس قىلالمىغان، بەختىنىڭ لەززىتىنى تېتىيالمىغان ئادەم يەنە نەدىن مەنە، مەزمۇن، شادلىق تاپالىشى مۇمكىن؟ ئائىلىسىدىن خاتىرجەم، بەختىيار بولالمىغان ئادەم كەسىپ، تىجارەتتىمۇ نەتىجە قازىنالمايدۇ. ئۇلارنىڭ روھىيىتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

غەم ـ قايغۇغا لىقمۇلىق تولۇپ كېتىدۇ...

قىزىم، سەن مېنىڭ تۇرمۇشۇمغا ئىللىق بىر تۇيغۇنى باشلاپ كىردىڭ. مەن شېئىر ئوقۇمىغىلى ئۇزاق بولۇپ كەتتى. ئەمما، سەن ماڭا ناھايىتىمۇ تاتلىق، پاكىز شېئىرىي كەيپ، مەستخۇشلۇق ئاتا قىلدىڭ. مېۋىلىك دەرەخلەر ھۆپپىدە چېچەكلەپ، دەل ـ دەرەخلەر يۇمران يوپۇرماق سوزغان، جىگدە چېچەكلىرىنىڭ مەززىلىك ھىدى ئېتىز ـ يوللارنى قاپلىغان ئەتىياز پەسلىدە مەن ئائىلەمنىڭ تۇنجى چېچىكىدىن ئالەمچە ئىپتىخار ھېس قىلدىم. بۇ چېچەكنى ئاۋايلاپ پەرۋىش قىلىپ شېرىن مېۋىگە ئايلاندۇرۇش ئىستىكى ئاناڭ ئىككىمىزنىڭ قەلبىدە تىكلەندى. ھەدىستە: «قىيامەت كۈنى ھەممىدىن كۆپرەك ئازاب چەككۈچى ئۆز ئائىلىسىنى نادانلىقتا قويغۇچىدۇر» دېيىلىدۇ. بىز ئازاب، دەھشەتتىن يىراق تۇرۇشنى چىن دىلىمىزدىن تىلەيمىز، قىزىم.

## 4

ساڭا ئىسىم قويىماقچى بولدۇق. بالا تۇغۇلغاندىن كېيىن ياخشى ئىسىم تاللاپ قويۇش بالىنىڭ ئاتا ـ ئانا ئۈستىدىكى ھەققىياتىدىن بىرى ئىدى. دوست ـ بۇرادەرلەر، ئۇرۇق ـ تۇغقانلار نۇرغۇن ئىسىملارنى تەۋسىيە قىلىشتى. ھەممىسىلا چىرايلىق ئىسىملار ئىدى. ئاناڭمۇ، مەنمۇ ئىنددىمىدۇق. بىز تۇغۇلمىغان موزايغا قوزۇق قېقىشنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىنى تالاي رەت بىر ـ بىرىمىزگە ئەسكەرتىپ تۇرۇپ يەنە قانداق ئىسىم قويۇش مەسىلىسى ھەققىدە تالاش ـ تارتىش قىلىشقاندۇق. مەقسىتىمىز ياخشى، چىرايلىق ئىسىم قويۇش ئىدى. بىز زامانغا ئەگىشىپ پەيدا بولغان كەلگۈندى ئىسىملاردىن بىزار ئىدۇق. ئىسمىدىكى جازىبە ۋە مەنىسىنىڭ قانداقلىقى بىزنى قىزىقتۇراتتى.

كىملەردۇر ئاناڭنىڭ ياكى مېنىڭ ئىسمىمغا ماس كېلىدىغان قاپپىيداش قىلىشاتتى. بىر بۇرادىرىمىز: «قاپپىيداش قىلىدىغانغا بۇ شېئىر، قوشاق ئەمەس. چىرايلىق، ئېغىزغا يېقىن بولسىلا، ئەسكى مەنە چىقىپ قالمىسىلا بولۇۋېرىدۇ»، دېدى. دېمىسىمۇ بەزى ئىسىملار مەنە جەھەتتىن ياخشى ئەمەس ئىدى. بەزىلەر ھەتتا يېشى بىر يەرگە بېرىپ قالغاندىمۇ ئىسىملىرىنى ئۆزگەرتىشمەكتە ئىدى. بۇ بىۋاستە ئاتا - ئانا بولغۇچىنىڭ ۋە ئاخۇنۇمنىڭ مەسئۇلىيىتىگە بېرىپ تاقىلىدىغان نازۇك ئىشقا ئايلىناتتى. ئېھتىيات قىلدىم ۋە ئاخىر «ئەقىدە»نى ساڭا ئىسىم قىلىپ تاللىدىم. سەندىن نېمىنى، قانداق يۈكسەكلىكنى تىلەيدىغىنىم ئىسمى - ئاتىڭغا سىغدىلىپ كەتتى. سېنى ھەربىر چاقىرغاندا تۇرمۇشتىكى مەنىلەر تەكتىنى زىكىر قىلىپ تۇراي دېدىم. ئىسىم بىلەن جىسىم ئايرىم گەپ. ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئەجدادلىرىدىن بولغان ئادەم ئاتىنىڭ ئىسمىغىلا ئىنسانىي كامالەتنىڭ بارلىق تەلەپ - تەلقىنلىرى سىڭىپ كەتكەنىدى. ئۇمۇ ئازدى. لېكىن، ھاياتتىن كامىللىق ئىزدەش كېيىنكى بارلىق ئىنسانىيەتنىڭ تۈپ غايىسىگە ئايلاندى. بەزىمىز ئۇنى تەرك ئەتتۇق، بەزىمىز ئۆلگۈچە نان يەپ، قورساق توقلاپ ئۆتتۈشنىلا ھايات، دەپ چۈشىنىۋالدۇق. تالاي گۈزەل ئىسىملار دىللاردا زوق - ھاياجان، ئەمەلدە ئىجرا ھەۋىسى قوزغىتالماس بولۇپ قالدى. ئەمما، بۇ ئىسىمنىڭ گۇناھى ئەمەس ئىدى. ئىسىمدىكى مەنە ھېلىھەم بىلگۈچى، تەپەككۇر قىلغۇچى ئىنسان ئۈچۈن ھاياتلىقنىڭ تامامى تاكامۇللىغا ئىشارە ئىدى.

— ئىسمى ئەرەبچىمۇ، تۈركچە؟ — دېدى ئوچۇق، كەسكىن پىكىرلىك بىر قېرىندىشىمىز مەنىلىك كۈلۈپ. ھېچنېمە دېمىدىم. راستىنى دېسەم، قىزىم، سېنىڭ ئىسمىڭ ئەرەبچىمۇ، پارسچىمۇ ياكى تۈركچە، ئۇيغۇرچىمۇ بۇ ھەقتە ئويلانماپتىمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كېيىنچە ئاختۇرۇپ بېقىشنىمۇ ھاجەتسىز، دەپ ئويلىدىم. مېنىڭ نەزىرىمدە «ئەقىدە» دېگەن بۇ ئاتالغۇ پۈتكۈل ئىنسانىيەت ئۈچۈن تۈزدەك زۆرۈر بولۇپ كېتىۋاتقان جانىجان بىرلىك ئىدى. شۇنىڭ ئۆزىلا مەنە، مەقسەت، تىل، دىل، دىن، مىللەت، ۋەتەن ئۈچۈنمۇ يېتەرلىك سەۋەب ئىدى.

ناماز بامداتتىن ئۇدۇل يانغان بىر توپ جامائەت داموللا ھاجىمنىڭ ئېغىزىدىن جاكارلانغان ئىسمىڭنى بىر ئېغىزدىن مۇبارەكلەشتى. پاكىز، ئەقىدىسى بار ئادەملەر بىلەن ئىسمىنى قويايلى، ئىسمىغا شۇلار گۇۋاھ بولسۇن، دەپ ئويلىدىم. ھەققە رايىشلىق بىلەن بويسۇنۇپ، ئارامخۇدا كەتمىنىنى چېپىپ، نامىزىنى ئۆتەپ كەلگەن مۇشۇ دېھقانلارنىڭ روھىلا بۇ دۇنيانىڭ مەئىشەت دەۋاسىدىن بىرقەدەر خالىي ئىدى. ئۇلار دۇئا قىلىشتى. مەن ساڭا ئىنساپ تىلىدىم، ئىسمىڭنى ئەمەلدە كۆرۈشنى ئارزۇ قىلدىم، قىزىم.

## 5

كۈندىن ـ كۈنگە چوڭ بولۇۋاتىسەن، قىزىم. ئاناڭنىڭ. موماڭنىڭ ھارغىن، ئۇيقۇسىز كۆزلىرىنى كۆرسەم ئۇلارغا ئىچىم ئاغرىپ قالىدۇ. «جەننەت ئانىلارنىڭ ئايىغى ئاستىدا» دېگەن ھېكمەتكە چىنپۈتىمەن. ئايالLIرىمىزنى، قىزلىرىمىزنى قوغداش، ئاسراش، ئۇلارنىڭ ھايا ـ نومۇسىنى قەدىرلەشنىڭ قانچىلىك قىممەتلىك، مۇھىملىقى تېخىمۇ ئايان بولىدۇ. بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ : مېنىڭ ياخشىلىق قىلىشىمغا ئەڭ ھەقلىق ئادىمىم كىم؟ دەپ سورىدى. رەسۇلۇللا: ئاناڭ، دەپ جاۋاب بەردى. ئۇ ئادەم: ئاندىن قالسىچۇ؟ دەپ سورىدى. رەسۇلۇللا : ئاناڭ، دېدى. ئۇ ئادەم: ئاندىن قالسىچۇ؟ دەپ سورىدى. رەسۇلۇللا : ئاناڭ، دېدى. ئۇ ئادەم:

ئاندىن قالسىچۇ؟ دەپ سورىدى. رەسۇلىللا: ئاندىن قالسا ئاتاڭ، دېدى.

يىغاڭ، كۈلكەڭ، ئۇخلىشىڭ ھەممىسى ئاناڭنىڭ كۆزىدە. ئۇ ھەربىر قىلىقىڭنى كۆزىتىپ، خۇلاسىلەپ ماڭغۇچى. ئۇ سېنىڭ يىغاڭدىن ئەندىشە ـ ۋايىم يەپ ئىچى پۇشسا، كۈلكەڭدىن، تاتلىق قىلىقىڭدىن ھۇزۇرلىنىپ كۈلىدۇ. بالا مېھرى بىلەن تۇغۇلىدۇ، ئۇنداق بولمايدىغان بولسا، ئىنسانىنىڭ پۇشتى ـ ئەۋلادىنىڭ ھەممىسى بۇ چاغقا كاتەكتە كۆمۈكلۈك ياتاتتى، دەيدۇ ئاق باش مومايلار. ئۇلار ئايالالارنىڭ ئازابىنى، تولغىقىنىڭ تەمىنى ئەرلەر مەڭگۈ ھېس قىلالمايدۇ، ھېس قىلىدىغان بولسا ئايالالارنى خارلاپ ـ خورلاشتىن ئۆلۈمنى ئەۋزەل كۆرىدۇ، دېيىشىدۇ. ھەممە ئادەم ئۆز مېھنىتىگە يارىشا ئەجىرگە ئېرىشىدۇ، مىننەت قىلماڭلار، ئايالالار! دەيمەن ئىچىمدە. ئۆزىمىزگە، ئەرلىرىمىزگە ئىچىم پۇشىدۇ. ئەر كاردىن چىقمىسا ئايالالار تاپتىن چىقىپ بۇزۇلاتتىمۇ؟

ئېمىزگۇ ــ يالغان بىجىقنى ئەمگىلى زادىلا ئۇنىماپسەن. رىۋايەتچىلەر: ئېمىزگۇ ئەمسە كېيىنچە ئانىسىغا ئارام بولىدۇ، يىغلىغاندا ئېغىزىغا تىقىپ قويسا شۇنى ئېمىپ يېتىپ جىمىيدۇ، ئۇخلاپ قالىدۇ، دەپ پەتىۋا بېرىشىپتۇ. ئاناڭمۇ، موماڭمۇ ماقۇل كۆرۈپ سىناپ بېقىپتۇ. تىلىڭ بىلەن ئىتتىرىپ چىقىرىۋېتىپسەن، بېشىڭنى سىلكىپ، تولغاپ يېقىن ئەكەلگىلى قويماپسەن. شېكەر يالىتىپ، شېكەر سۈيىگە چۆكۈرۈپ ئەكەپتۇ. يەنىلا ئۇنىماپسەن، يۇمىران قوللىرىڭ بىلەن تۇتۇپ ئېتىۋېتىپسەن، ئىتتىرىۋېتىپسەن. بىغۇبارلىقىڭ ساختىلىقنى ماقۇل كۆرمەپتۇ. ئاقىللار نادانلارنى گوللاشتىن ھۇزۇرلىنىپ كۈلىدۇ. ئەمما قىزىم، سەن گول بولماپسەن. خوتەنلىككە خاس جاھىل خاراكتېر ئەمدىلا ھەپتىلىك بولغان تەن ـ روھىڭدا ئۆز ئىپادىسىنى تېپىپتۇ. «بالىنى گوللىماڭلار، شۇ يۇمران تەن،

www.uyghurkitap.com

سەبىي قەلب بولسىمۇ ساختىلىق، ئالدامچىلىقتىن نېرى تۇرسۇن. بوۋاق بولسىمۇ قورۇق ئەمچەككە كۆنۈپ قالمىسۇن. ئەڭ مۇھىمى، بىزلەر بولسىمۇ ئۆز بالىلىرىمىزنى ئالداشتىن تەسەللى تاپمايلى» دېدىم.

موماڭ: توۋا، قانداق بالا بۇ، سىيىدىمۇ، قىيقاس سېلىپ ئەسلا ياتمايدۇ، ئورنىنى قۇرۇقداپ ياتقۇزمىغۇچە بولدى قىلمايدۇ، دەپ ھەيران قاپتۇ. ساڭا مەستلىكىم كەلدى. ياراتقۇچىدىن ئۆزىنىڭ مەينەتچىلىكى، يىرگىنچلىكىنىمۇ سەزمەي خاتىرجەم مىلىنىپ يېتىۋېرىدىغان ئاڭقاۋ ـ لەقۋالىقتىن سېنى بولسىمۇ ساقلاشنى تىلىدىم.

## 6

بۈگۈن سېنى بۆشۈككە بۆلىمەكچى. «بالا دېگەن بۆشۈككە بۆلەنمىسىمۇ يوغىناۋېرىدۇ. قانداق قىلىسىلەر، كىچىك بالىنى قىيناپ قىسماققا ئېلىپ» دېگۈچىلەرمۇ بولدى. قىسماققا، سولاققا ئالماي بولمايدۇ. بىزدىكى ھەممىلا نەرسىدىن ئەركىنلىك، دەخلىسىزلىك ئىزدىگۈسى كەپقالىدىغان بىر قىسىم تەنتەكلەر بۆشۈككە بۆلەنگىنىنى ئۆزلىرىنىڭ يۈرەكسىز، قورقۇنچاقلىقىغا ئارتىپ، ئاتا ـ ئانىسىنى تىللاپ چىققانمۇ بولۇشتى. بۆشۈك يېڭى تۇغۇلغان، يېتىلىۋاتقان بوۋاقنىڭ تەن ـ ئەزايىنى رۇسلايدۇ، بوۋاق پوق ـ سۈيدۈكنىڭ ئارىسىدا قالمايدۇ، پاكىز يوغىنايدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن بوۋاقلارغا چەك ـ چېگرىسى يوق ئەركىنلىكنىڭ ئەسلا مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى بىلدۈرۈپ قويىدۇ. بىز بالىلارنى ھەدېسە ھەممىلا نەرسىگە چېقىلىپ، بۇزۇشقا رىغبەتلەندۈرمەي ئۇلارغا ھاياتلىقتا چېقىش ـ چېقىلىشقا قەتئىي بولمايدىغان مۇتلەق تۈزۈم ـ نىزاملارنىڭمۇ بارلىقىنى ئەسلىتىپ تۇرۇشىمىز كېرەك. بولمىسا بالىلار

ھېچقانداق نەرسىدىن تەپتارتمايدىغان بەڭۋاش زوراۋانلارغا ئايلىنىپ قالىدۇ.

مەن سىنىڭ مۇئەييەن توساق ئىچىدە ئەركىن ھەرىكەت قىلىدىغان، دادىل ئىزدىنىدىغان ئادەم بولۇشۇڭنى تىلەيمەن، قىزىم. چېكى يوق ئاسمان بولمايدۇ. دېڭىزنىڭمۇ تەكتى بار. ئالەمنىڭمۇ ئىگىسى. بۆشۈكتىكى باغلاق سەندە ھالقىپ ئۆتۈش مۇمكىن بولمايدىغان مەلۇم چەكلىمىلەرنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلدۇرالىسا بۇ بىزنىڭ غەلىبىمىز. بەلكىم سەن يىغلارسەن، سىقىلىش ھېس قىلىپ قۇتۇلۇشنى ئىزدەرسەن، ئاناڭنىڭ ئىچى ئاغرىپمۇ قالار. ئەمما سەن، مەن جەزمەن تەن ئېلىشىمىز كېرەك بولغان رېئاللىق ئەنە شۇ. سەن بەزى نەرسىلەرگە رىئايە قىلىشنى باغلاق، كىشەن ئەمەس، سەمىمىي ئىتائەت دەپ بىلگىنىڭدە ئۇنىڭ نەقەدەر راھەتبەخش ئىكەنلىكىنى پۈتۈن ۋۇجۇدۇڭ بىلەن ھېس قىلىپ يايراپ كېتىسەن. شۇ چاغدىلا سەن ئىسمى – جىسمىغا لايىق «ئەقىدە» گە ئوخشايسەن. چەكلىمىسىز، توساقسىز ئەقىدىنى كىم كۆرۈپتىكەن؟!

## 7

سەن چوڭ بولۇۋاتىسەن. تېخىمۇ چوڭ بولىسەن. تۇغۇلۇپ ئۈچ ھەپتە بولار – بولمايلا سەن ماڭا، ئاناڭغا ئالەمچە سىر – ھېكمەتنى ھېس قىلدۇردۇڭ. بىز ئادەم بولۇش يولىغا قەدەم ئالدۇق. تېخى بايىلا ئاناڭ يېڭى بىر ئىشتىن ھەيران قاپتۇ: بالىنىڭ قورسىقى ئاچسا ئانىنىڭ كۆكسى چىڭقىلىدىكەن، بالا يىغلىسا ئانىنىڭ كۆكسى زىڭىلداپ ئاغرىپ كېتىدىكەن. ھەتتا ئارىلىق يىراق بولسىمۇ، ئەجەب ئىش، دېدى ئاناڭ مۆجىزە – ھېكمەتكە چىن دىلىدىن قايىل بولغان ھالدا. مەن ياۋاشلاپ قالدىم. ئىنسانلار بىر – بىرىدىن چەت – يىراق بولسىمۇ،

قىرىنداشلارنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرغۇچى رىشتىنىڭ بىر، ئۈزۈلمەس ئىكەنلىكىنى ئانالىڭ بايقاپ يەتكەنىدى.

بىز ياشايمىز، ئۆلىمىز، ئەۋلادلار ياشايدۇ... ئىنساننىڭ ئاخىرىتى كەلمەيدىكەن بۇ ئالەمدىكى ھاياتلىق ئۈزۈلمەيدۇ، مۆجىزە تۈگىمەيدۇ، تەبىئەتنىڭ ئىلاھىي قانۇنىيىتى ئاخىرلاشمايدۇ. تەبىئەتتىكى ھەربىر مۆجىزە، قانۇنىيەت، ھەتتا دەقىقىلىك تەۋرىنىشمۇ تەپەككۇرى ئويغاقلارنى ھىدايەتكە باشلاپ تۇرىدۇ.

قىزىم، ئەقىدە، مەن سىنى ئاشۇ ھىدايەت نۇرى ياغقان مەنزىللەردە ساقلايمەن.

2005 - يىل 5 - ماي، قاراقاش - ياۋا.

# ئىگىسىن تاڭغا ياكى ھاڭغا

قۇرۇق تاغار ئۆرە تۇرمايدۇ.
— ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىلى

## 1

پۇل !

ئالدىمدا چېچىلىپ ياتقان پۇلغا قارىدىم. ئۇنىڭغا ئىنتايىن نۇرغۇن مەنە - ماھىيەت سىڭىپ كەتكەنىدى. ئۇ ئەڭ ئالدى بىلەن مەلۇم بىر دۆلەت، مىللەت، ھاكىم كۈچنىڭ بەلگىسى ئىدى. دۆلەت بولۇپ، ھاكىمىيەت قۇرۇپ بىر بايراق ئاستىغا ئۇيۇشۇپ ئورتاق سىياسىي نىشان ئۈچۈن كۈرەش قىلالىغانلار ئۆزىگە خاس بەلگە، شەكىل، تامغا، ئويمىلار ئاساسىدا پۇل - تەڭگە تارقىتاتتى. ھەربىر يېزىق، سىزىق، خەت، نەقىش، بەلگە، سۈرەتتىن ئۇلارنىڭ مەۋجۇتلۇق كۈچى ۋە مەدەنىيەت خاسلىقىنى روشەن كۆرۈپ يېتىش تەس ئەمەس ئىدى. ئەنە شۇ قەغەز — پۇلنىڭ يەنە باشقا ئەل - خەلق پۇللىرى ئالدىدىكى قىممەت، ئورنى ئارقىلىق شۇ مىللەت، خەلقنىڭ خەلقئارادىكى ئورنى، نوپۇزى، ئىقتىسادىي، سىياسىي كۈچى ۋە تەرەققىيات سەۋىيىسىنى، ئۇنى باشقىلارنىڭ ئېتىراپ قىلىش دەرىجىسىنى بىلگىلى بولاتتى. دۇنيادا قانچە خىل پۇل بارلىقىنى بىلمەيمەن. مەن بىلىدىغىنى ئون تۈرگىمۇ بارمايدۇ. دېمەككى، بىر دۆلەتنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

پۇل ـ تەڭگىسىنىڭ تونۇلۇش دەرىجىسىمۇ تەبىئىي ھالدا شۇ دۆلەت خەلقى ئۇنىۋېرسال ھاياتىي كۈچىنىڭ دۇنيادىكى ئورنى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىدى. كۈچى قانچە زور دۆلەتنىڭ پۇلىنىڭلا ئەمەس، ھەممە ـ ھەممە نەرسىسىنىڭمۇ ئىناۋىتى، كۈچى، قىممىتى شۇنچە ئاشاتتى، تونۇلاتتى، ھەممە يەردە ئۆتەتتى؛ مادارى ئاجىز ئەلنىڭ ھېچنېمىسى باشقا يەردە ئۆتمەيتتى، پۇلىنىڭمۇ كۇرسى چۈشەتتى، پاخاللىشاتتى، باشقا رايونلاردا ئۆتمەيتتى، ھەتتا مەۋجۇتلۇق قىممىتىنىمۇ يوقىتاتتى، ئۆلەتتى. ھەقىقەتەنمۇ، ئۆلگەن پۇل ـ تەڭگىلەر زەئىپلەشكەن ئەل ـ خەلقنىڭ چۈشكۈن ھال ـ تۇرقىنىڭ ئىنكاسىدۇر.

پۇل!!

پۇلغا قارىدىم، قارىغاندىمۇ ناھايىتى ئۇزاق سەپسالدىم. ئۇ ئەمدى گۈللۈك قەغەز ھالىدىن ئۆزگىرىپ ئۆزىنىڭ ئەسلىي مەنە ـ قىممىتى بولمىش ئىقتىساد، مال ـ مۈلۈك، دۇنيا، بايلىق تۇسىگە كىرىۋاتاتتى ۋە شۇقەدەر يالتىراق، جۇلالىق نۇر چېقىراتتى. قاراپ تۇرۇۋەردىم، كاللام قۇيقۇرۇق، ھېسسىز ئىدى. پەقەت كۆزۈمنى ئۈزمەي، بارلىق زېھنىي كۈچۈمنى بىر نۇقتىغا مەركەزلەشتۈرۈپ قارىغۇملا كەلگەنىدى. يالىلداۋاتقان ساپسېرىق ئالتۇندەك بىر نۇر تاختىسى كۆز ئالدىمدا پەيدا بولدى ـ دە، ئەكسىم كۆرۈندى. ئىقتىساد ئەينىكىدە ئۆزۈمنى، ئۆزۈمنىلا ئەمەس، مەن تەۋە بولغان ئىجتىمائىي تۈركۈمنى تولىمۇ ئېنىق كۆردۈم. بىزنىڭ پەخىرلىنىپ مەيدە قېقىشلىرىمىز، ئاغرىنىشلىرىمىز، جاھاننى مەنسىتمەيدىغان، دۇنياۋى يۈزلىنىشنى كۆزگە ئىلىپمۇ قويماي ئۆز خىيالىدىكى غايىۋى دۇنيادا يەنىلا مۇغەمبەر خىياللار، ساماۋى ئىستەكلەر بىلەن بىغەملەرچە ياشاۋېرىدىغان بىچارە كۆرەڭلىكىمىز، كۈلكىمىز، يىغىمىز، ھەممە ـ ھەممە ھالىمىز ئۇندا مانا مەن دەپ ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

پۇل ! ! !

كۆزۈمنى ئۇنىڭدىن ئالدىم ۋە ئاشۇ دۇنيا، بايلىق، مال ـ مۈلۈك، ئىقتىساد ھەققىدىكى قالايمىقان ئوي ـ خىياللىرىمنى بىر يەرگە جۇغلىماق بولدۇم. ھەرقانداق بىر ئادەم ۋە خەلقنىڭ ھەرقانداق بىر شەيئى، نەرسە ـ ھادىسىگە نىسبەتەن مەلۇم دەرىجىدە كۆلەملەشكەن ئاممىۋى ئېڭى بولىدۇ. جەمئىيەت ئەزالىرىدا مەلۇم دەرىجىدە ئومۇملاشقان بۇ خىل ئاڭ ـ تونۇش تەبىئىي ھالدا ئۇلارنىڭ ئۇنىۋېرسال تەرەققىيات كۈچ ـ سەۋىيىسىگە ھەل قىلغۇچ ياخشى ياكى يامان تەسىرلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ.

ئۆزۈمنى بولۇشىچە قويۇۋېتىپ كۆزۈمنى يۇمدۇم. خىيالىمدا پۇل، بايلىق، مال ـ مۈلۈك، ئىقتىساد، دۇنيانى بىر تەرەپتە، يەنە بىر تەرەپتە بىزنىڭ ئىقتىساد ھەققىدىكى قاراش ـ ئېڭىمىزنى قويۇپ باقماق بولدۇم.

## 2

خەلقىمىزنىڭ ھاياتلىق چۈشەنچىلىرىنىڭ پەلسەپىۋى تۈستە ئەڭ مەركەزلىك ئىپادىلىنىشى بولغان ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىنى تەكرار ـ تەكرار ئاختۇردۇم. چۆچەك، رىۋايەت ـ ئەپسانە، لەتىپە ـ قوشاقلارنى بىرمۇبىر ۋاراقلاپ چىقتىم. كۆرگىنىم مال ـ دۇنياغا بېرىلمەسلىك، بارىغا شۈكۈر قىلىش ھەققىدىكى دەۋەت ـ تەشەببۇس يىغىنلىرى، دۇنياغا بېرىلگەنلىكنىڭ پۈشايمىنى، ھەتتا بايلىقنىڭ، دۇنيانىڭ زىينى، بالاسى، بايلارنىڭ رەزىللىكى، ئاچ كۆزلۈكى، ئەقىلسىز، ئەخمەقلىقى ھەققىدىكى تەكرار ـ تەكرار بايانلار ئىدى. خەلقىمىز مال ـ دۇنيانى ئەمەس، ئىلىمنى، ئەخلاقنى، مەنىۋى تاكامۇللۇقنى قوغلىششنى ۋە شۇنىلا مەڭگۈلۈك دوست تۇتۇشنى ئىزچىل تەشەببۇس قىلىپ كەپتۇ ۋە كۆپىنچە ئۇيغۇرنىڭ

چۈشەنچىسىدە بايلىق قوغلىشىش، پۇل توپلاش شەخسنى پۇشايمانغا، ھاڭغا باشلايدىغان يول، بايلار رەزىل، ئەخمەق، دۆت قاتارىدا سۈپەتلىنىپتۇ. بايلارنى، پۇلدارلارنى، بەگلەرنى ئەڭ يامان، نەپرەتلىك تۇستە سۈپەتلەش ۋە كەمبەغەل - يوقسۇل، ھەتتا قەلەندەر - دىۋانىلەرنى مېھرىبان، تەقۋا، خالىس نىيەتلىك كىشىلەر قاتارىدا تەرىپلەش ئۇيغۇر ئەدەبىي ھاياتىنىڭ ئۈزۈلمەس مېلودىيىسى بوپكەپتۇ. ئۇيغۇر خەلق لەتىپە - چۆچەك، ماقال - تەمسىللىرىنى بىرەر قۇر ۋاراقلاپ باققانلا ئادەم: «توۋا، بۇ ئەلنىڭ باي، غەنى - زەردارلىرى، بەگلىرى شۇنچە ئىپلاس، رەھىمسىز، ئاچ كۆز، ئىنساپسىز، ھاماقەت، دۆت بولغىيمىتى» دېمەي قالمايدۇ.

توغرا، ئۇيغۇر ئىجتىمائىي ھاياتىدىكى ۋاپا، ئەخلاق، ئىلىم - مەرىپەت قوغلىشىش ھەققىدىكى چۈشەنچىلەر ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدىغان، شۇنداقلا سەل قاراشقا ئەسلا بولمايدىغان ئانا باش تېمىلاردۇر. مەن ھەم روھىي، مەنىۋى تاكامۇللۇق قوغلىشىشنى ئۇيغۇر ھاياتىنىڭ مەڭگۈ يىقىلماس تۇغ - بايرىقى دەپ قارىغۇچىلاردىن. لېكىن، ھەرقانداق بىر نەرسىنى چېكىدىن ئاشۇرۇپ تەكىتلەش يەنە بىر نەرسىگە سەل قاراشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ - دە، ئۇيىلاپ باقمىغان يامان ئاقىۋەتلەرنى چىللايدۇ ھەم تاكامۇللۇق ھەرگىزمۇ بىر تەرەپنىڭ كامالەتكە يېتىشى بىلەنلا ئەمەلگە ئاشىدىغان ئىش ئەمەس.

بىز تارىختىن بېرى سودىغا ماھىرلىقى بىلەن داڭق چىقىرىپ كەلگەن خەلقمىز. لېكىن، سودىغا ماھىر، مەدەنىيەت پىسخىكىسى سودىغا ئاجايىپ ماس كېلىدىغان بۇ خەلقنىڭ تەپەككۇر قاتلىمىدا يەنە نېمىشقا پۇل، مال - دۇنيانى تىللاش، ئازغۇنلۇقنى شۇنىڭدىن كۆرۈش، بايلاردىن ئاغرىنىش، نەپرەتلىنىشتەك خاھىش ساقلىنىپ قالىدۇ؟ بىز بۇنى

ئۇيغۇرلارنىڭ ئاڭدا، تەپەككۇردا، سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت، دۆلەتچىلىكتە چېكىنگەن، چۈشكۈنلەشكەن دەۋرنىڭ ئىنكاسى دېيىشكە مەجبۇرمىز. چۈنكى، مال ـ دۇنيانى تىللاش ئەزەلدىن يېتەرلىك پۇل ـ مالغا ئېرىشەلمىگەن يوقسۇللارنىڭ ئىشى بوپكەلگەن. ئەلۋەتتە، بۇ خىل دۇنيادىن، بايلىقتىن نەپرەتلىنىش، دۇنيادىن قېچىش خاھىشى خەلقىمىزدىكى ئومۇمىي كېسەللىك ئەمەس. لېكىن، بۇ خىل سوپىستىك قاراش خەلقىمىزگە ئىنتايىن كەڭ كۆلەملىك ۋە ئېغىر تەسىر كۆرسەتكەن بولۇپ، بىز بۇنىڭ تەسىرىنى ھازىرمۇ خېلى كۆپ كىشىلىرىمىزنىڭ ئاڭ ـ تەپەككۇرىدىن ئۇچرىتالايمىز. ۋەھالەنكى، كېسىپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، روھىي بايلىقنى، مەنىۋى كامالەت ـ تاكامۇللۇقنىلا كۆچەپ تەكىتلەپ ئىنساننىڭ ماددىي پاراغىتىگە، جەمئىيەتنىڭ ماددىي تۈۋرۈكىگە سەل قاراش خەلقىمىزنى ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز خار ـ زارلىقتا مۇپتىلا قىلغان خاتا تەلىماتتۇر. سوپىزمدىكى ئۇچىغا چىققان بۇ تەركىدۇنياچىلىق خەلقىمىزنى سىياسىي جەھەتتىن مۇنقەرزلىككە، ئىقتىسادىي، ئىگىلىك جەھەتتىن خارابلىققا، مەدەنىيەت جەھەتتىن گۇمرانلىققا باشلاشتىن ئۆزگە ئاقىۋەت ئېلىپ كەلمىدى. تولىمۇ غۇۋا ـ مەۋھۇم نەرسىلەرگە ھەددىدىن زىيادە بېشىچىلاپ كىرىپ كېتىش خەلقىمىزنىڭ قەددىنى پۈكۈۋەتتى. مەنىۋىيەت، روھ، ئۇ" ئالەم دەپلا باشقا ھەرقانداق نەرسىگە ھەتتا ھاكىمىيەت، سىياسەت، تۇرمۇش، تۈزۈم، ئىقتىسادقىمۇ ئارقىسىنى قىلىۋالغان خەلقىمىز مەنىۋى جەھەتتىن يۈكسىلىشنىڭ ئورنىغا چۈشكۈنلۈككە، ناباب شۈكۈرچانلىققا، قۇل مىجەز روھىي مەھكۇملۇققا تېخىمۇ ئېغىر دەرىجىدە پاتتى، خانلىقلار ۋەيران، ئىگىلىك گۇمران، خەلق سەرسان، يۈرەكلەر لەختە ـ لەختە قان بولدى. ئىقتىسادنى مۇھىم دەپ قارىماسلىق، پۈتۈن ئەسلىي ـ ۋەسلى بىلەن

جانىنىمۇ، جاھانىنىمۇ ئۇنتۇپ ئۇ دۇنيالىقنى قوغلىشىش بۇ ئەلنىڭ ئىگىلىكىنى، مەدەنىيىتىنى خاراب قىلىۋەتتى. ناباب - شۇكۇرچىلىك، بېكىنمە ئىدىيە، ئۆزىدىن ئاشمايدىغان ئىپتىدائىي ناتۇرال ئىگىلىك، ئاددىي قول سانائەتتىن ئۆزگە سانائەت ئاساسى بولمىغان بۇ ئەلدە «بوياقچىدىن ئارتۇق خىمىك، تۆمۈرچىدىن ئارتۇق فىزىك»① چىقمىدى، سىياسىي جەھەتتىكى غايە ئۆلدى، ئىگىلىك سۇندى، ھەربىي كۈچ ئاجىزلىدى، خەلق مازار - ماشايىقلاردىن نىجاتلىق تىلەپ خارلىقتا يۈز تۆتتى، مەرىپەت بۇ ئەلدىن كۆتۈرۈلدى. «ئۆتمۈشتە ئىلىم ۋە مەدەنىيەتنىڭ مەركىزى بولغان بۇ ئانا يۇرت نۇرسىز، يولسىز، سۇسىز قېلىپ خارابلاشتى»②. «جاھالەت پىرلىرى» دەپ لەنەتلەنگەن ئالدامچى - رىياكار سوپىلار پۇلنى، بايلىقنى، ئىقتىسادنى مۆئمىنلەرنى ئازدۇرغۇچى - يولدىن چىقارغۇچى شەيتان دەپ سۇرەن سېلىۋاتقاندا، ھەتتا «كىشى بۇ دۇنيادا قانچە ئازابلانسا، ئۇ دۇنيادا شۇنچە راھەت كۆرىدۇ» دەپ بىدئەت تارقىتىپ ئەل - ئاۋامنىڭ قولىدىكى ھەددى - ھېسابسىز مال - دۇنيانى ئۆز چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋېلىۋاتقاندا، ئۆزلىرى ئەيش - ئىشرەت، كەيپ - ساپا، بۇزۇقچىلىق قىلىۋاتقاندا، «ئېيتقىنكى، ئاللا بەندىلىرى ئۈچۈن ياراتقان لىباسلارنى، شېرىن، پاك رىزقىلارنى كىم ھارام قىلدى؟»③ دەپ سورايدىغان ۋە «ئاللا ساڭا بەرگەن بايلىق بىلەن ئاخىرەت يۇرتىنى تىلىگىن، دۇنيادىكى

① ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن: «يىپەك يولىدا قايتا ئويلىنىش»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 1995- يىل 5-، 6- (قوشما) سان.

② بۇ، قەشقەردىكى جەدىتچىلىك ھەرىكىتىنىڭ يېتەكچىلىرىدىن بىرى بولغان ھاجى مۇھەممەد ئەلىنىڭ 1914 - يىلى «ۋاقىت» گېزىتىگە ئەۋەتىلگەن «قەشقەر» ناملىق ماقالىسىدە يېزىلغان تەسۋىر بولۇپ، ئوئىشى شىنجىرۇ «نوشىرۋان ياۋوشېۋنىڭ ساياھىتى ھەققىدە» ناملىق ماقالىسىگە قىستۇرما قىلغان. «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى 2004- يىل 2- سان.

③ «قۇرئان كەرىم»، «قەسەس سۈرىسى» 77- ئايەت. بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى 1986- يىل نەشرى.

نېسىۋەڭنىمۇ ئۆنتۇمىغىن»[1] دېگەنغۇ دەيدىغان ئادەم چىقمىدى، چىقسىمۇ بۇنىڭغا قۇلاق سالىدىغان، ئۆزلىرى ياقلاۋاتقان ئىدىيە ــ مەسلەكىنىڭ توغرا ــ خاتالىقىدىن گۇمان قىلىپ باقىدىغان ئادەم چىقمىدى. دىندىكى ناماز، روزا، زاكات، ھەج، ئىلىم تەھسىل قىلىش قاتارلىق پەرز ئىشلارنىڭ ھېچقايسىسىنى يېتەرلىك ئىقتىسادتىن مۇستەسنا ھالدا لاياقىتىدە ئېلىپ بېرىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى، بۇنىڭ ئۈچۈن تىرىشىپ ئىشلەش كېرەكلىكىنى ئويلايدىغانلار كۆپ بولمىدى. بىلىدىغانلار بىلەن بىلمەيدىغانلار، قىلغانلار بىلەن قىلمىغانلار، بەرگەنلەر بىلەن بەرمىگەنلەر، تولۇق چۈشىنىپ تۇرۇپ ئەمەل قىلغانلار بىلەن چۈشەنمەي تۇرۇپ قارىغۇلارچە ئەگەشكەنلەرنىڭ دەرىجىسى تەڭ بولامدۇ؟ ناچار تۇرمۇشقىمۇ شۈكۈر قىلىپ ياشاۋەر دەپ قايسى شەرىئەت، قايسى قانۇن، قايسى ھۆكۈمدار ئېيتتى؟ ئۆزىنى تاشلىۋەتكەنلەرنى ياراتقۇچىنىڭمۇ تاشلىۋېتىدىغانلىقىنى ئويلاپ باقىدىغان ئاممىۋى تونۇشنىڭ شەكىللەنمەسلىكى بۇ ئەلنى چۈشكۈنلۈك، تەركىدۇنياچىلىق، ئاڭقاۋ ــ نادانلىقنىڭ قارا پاتقىقىغا يەتكۈچە پاتۇرۇۋەتتى. ئۆتكەن ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ئىسلام مۇتەپەككۇرى مۇسا جارۇللانى: «توۋا، بۇ ئەلگە ئىسلام كەينىچىلەپ كىرىپتۇ» دەپ ياقا تۇتقۇزغان شالغۇت ئېتىقاد بۇ ئەلنى شۇملۇق، رەزىللىك، جاھالەت، خورلۇقنىمۇ ھېس قىلالماس، ئىپلاسلىقىمۇ ياقا تۇتالماس دەرىجىدە ئاڭقاۋ ــ نادان قىلىۋەتكەن، كۆزىنى قارا تۇتەكلەر بىلەن پەردىلىۋەتكەنىدى.

ھەقىقەتەنمۇ، ئاڭدىكى، ئىدىيىدىكى كورلۇق مەۋجۇتلۇقنىڭ زۇلمەتلىك گۆرىنى قازىدۇ. ئاڭنىڭ تېگى ئاتمىغۇچە بىزنىڭ جاھالەتنىڭ ھاڭىدا ياتقىنىمىز ياتقان. ۋەھالەنكى، كۆرۈپ تۇرماقتىمىزكى بۇگۈنمۇ بايلارنى، بېيىغانلارنى، ئىقتىساد ئۈچۈن

[1] «قۇرئان كەرىم»، «ئەئراف سۈرىسى» 32 ــ ئايەت. بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى 1986 ــ يىل نەشرى.

تىرىشىپ، تىرمىشىۋاتقانلارنى ئەيىبلەش، تىللاش، سېستىش ھەتتا ھاقارەتلەشلەرنى بەزى ـ بەزىدە ئاڭلاپ قالىمىز. بىزنىڭ بەزى كىشىلىرىمىزنىڭ نەزىرىدە ھازىرغىچە ئەخلاق، پەزىلەت، ئادىمىيلىك تۇيغۇلىرى بىلەن پۇل، بايلىق، دۇنيا چۈشەنچىلىرى بىر ـ بىرى بىلەن زادىلا چىقىشالمايدىغان دۈشمەن ئۇقۇملاردۇر. بەزىلەر ھېلىھەم شۇنداق قارايدۇ: پۇل ئادەمنى بۇزىدۇ، دۇنياغا بېرىلىش ئىنساننى ئاچ كۆز، رەھىمسىز، نەپسانىيەتچى، ۋىجدانسىز، ئىمانسىز قىلىۋېتىدۇ؛ ئېسىل ئادەم پۇل ـ مالغا بېرىلمەيدۇ؛ ئەخلاقلىق، ئىلىملىك، ۋىجدانلىق ئادەم پۇل ـ مالنى دوست تۇتمايدۇ؛ پۇل ـ مالنى دوست تۇتقان ئادەم چوقۇمكى، ئۇنچىۋالا ياخشى، توغرا نىيەتلىك ئادەم ئەمەس؛ بايلار، بېيىغانلار چوقۇمكى ھارامغا، بۇزۇقچىلىققا، ۋىجدانسىزلىققا يېقىن تۇرىدۇ. بىزنىڭ چۈشەنچىمىزچە، ئىنسان پۇل تاپسىلا بۇزۇلىدۇ، شۇڭا قورسىقىڭ ئاچ، ئېتىڭ يالىڭاچ، ئۆزۈڭ ماكانسىز قالمىساڭلا شۇنىڭغا شۈكۈر قىلغۇلۇق، ئارتۇق دۇنيا قوغلاشمىغۇلۇق... مانا بۇلار بەزىلىرىمىزنىڭ بايلىق، ئىقتىساد قارىشىمىز بىلەن باغلانغان ھاياتلىق چۈشەنچە ۋە غايىلىرى. بايلارغا ۋە ئۇلارنىڭ پەزىلەت، ئىقتىدارىغا گۇمان بىلەن قاراش، ئۇلارنى ئارقىسىدىن سېستىشقا چۈشۈش بىزدىكى ئومۇمىي ھال.

خوش، ئۇنداق بولسا، بىز روھىي بايلىقنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلەپلا نەچچە ئەسىر ياشىدۇق، لېكىن بىز روھىي جەھەتتىن نېمىشقا تا ھازىرغىچە ئۇنچىۋالا مۇكەممەل ئەمەس، ھەتتا شۇنچە زەئىپ. ئەخلاقنىلا، ھەدېسىلا ياخشىلىق، قەلب گۈزەللىكى، يامان خىياللاردىن نېرى تۇرۇش، ھارام ئوي، مال ـ دۇنيا، ھاۋايى ـ ھەۋەسلەرگە بېرىلمەسلىكنىلا تەكىتلىدۇق. لېكىن، يامانلىق بىزدىن قانچىلىك نېرى كەتتى؟ ياخشىلىق بىزگە قانچىلىك يېقىن كەلدى؟ نامرات، ياۋاش، مۆئمىن بولۇشلا بىر ئىنساننى

مەڭگۈلۈك ئىززەتكە ئىگە قىلامدۇ؟ ھەم ھەقىقىي مۆئمىنلىك دېگەن زادى قانداق بولىدۇ؟ پۈتكۈل جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ھەممىسىلا مال ـ دۇنياغا بېرىلمىسە، ئىقتىساد ئۇچۇن چاپمىسا، مال ـ دۇنيا، بايلىق تەشۋىشى قىلماي يۈرسە ئاندىن بۇ جەمئىيەت، بۇ مىللەت ھەقىقىي بەخت ـ سائادەت يولىغا قەدەم قويغان بولامدۇ؟ ئۇنداقتا، بۇ جەمئىيەتنىڭ پاراۋانلىق، ئۇل قۇرۇلۇشىنى كىم قىلىدۇ؟ مال ـ دۇنياغا بېرىلمەسلىكنىڭ ئۆزىلا ياخشىلىققا تەڭمۇ؟ ئىقتىسادقا بېرىلىش ھەقىقەتەن يولدىن، تاپتىن چىققانلىق، بۇزۇلغانلىقمۇ؟ پۇل ئىلىمنىڭ، پەزىلەتنىڭ، مەدەنىيەتنىڭ دۈشمىنى، كىشىلەرنى يولدىن چىقارغۇچى شەيتانىي لەئىنمۇ؟ پۇل تاپقانلار راستتىنلا بۇزۇلۇپ كېتەمدۇ؟

## 3

كېسىپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، پۇل، ئىقتىساد، بايلىق ھېسسىز، جانسىز نەرسە. پۇلدا نىيەت، كۆڭۈل، قەلب، ياخشى ـ يامان تۇيغۇسى دەيدىغان نەرسە ئەسلا مەۋجۇت ئەمەس، بەلكى پۇل ـ بايلىققا يۈزلەنگەن ئىنساندا نىيەت، غەرەز، نەپس، ئوي ـ خىيال بار. بايلىق، مال ـ دۇنيا رەزىل، شەپقەتسىز، ئازدۇرغۇچى نەرسە ئەمەس، بەلكى ئۇنى قانداق يوسۇندا تېپىش، ئىشلىتىش ئاندىن ئىنساننىڭ پازىللىقىنى ياكى غاپىللىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. پۇلدا كۆتىڭىزنى ئېرتسىڭىزمۇ، ئۇنى كەمبەغەللەرگە سەدىقە قىلىپ بەرسىڭىزمۇ، ئۇنىڭ بىلەن ياخشى ئىش قىلسىڭىزمۇ ياكى بۇزۇقچىلىق قىلسىڭىزمۇ ئۇ ھامان شۇك ! تامامەن ئىنساننىڭ نەپسى ـ رايىغا بويسۇنغان جانسىز نەرسىنى تىللاپ، سېستىپ، ئۆزىمىزنىڭ نەس، پەس ئىللەتلىرىنى ئۇنىڭ گەدىنىگە توقۇم قىلىپ ئارتىپ قويۇپ غۇربەتچىلىكتە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

چىرايىمىز زەپىرانىدەك، كالپۇك يالاپ ئولتۇرۇشىمىز باردۇر. بۇنى زادى قانداق مەنتىقە دەپ چۈشىنىش كېرەك؟

مەن ئىلىم ـ مەرىپەت، مەنىۋى كامالەت، ئادىمىيلىك تۇيغۇلىرى پۇل ـ مال، ئىقتىساد ـ بايلىق بىلەن چىقىشالمايدۇ دېسە ئىللا ـ بىللا ئىشەنمەيمەن. جاھاندا مەنىۋى كامالەت ماددىي كاپالەتتىن بىر قەدەممۇ ئايرىلىپ باققان ئەمەس. ئىنساندا بايلىقلا بولۇپ، ئەقىل ـ پاراسەت، ئەخلاقىي، روھىي ساپا بولمىسا ئۇ ھەقىقەتەن ياۋۇز ھايۋانغا ئوخشاپ قالىدۇ. شۇنداقلا ئەقىل، ئەخلاق، ئىنساپ، دىيانەتلا بولۇپ بايلىق بولمىسا، ھەتتا ماددىي كاپالەت ھەققىدە تىرىشىش خىيالىمۇ بولمىسا ئۇنىڭ ھاياتى خارلىقتىن، مۇشكۈلچىلىكتىن قۇتۇلالمايدۇ. بىر ساغلام ئاڭ ـ ئەقىل ھەرگىزمۇ ماددىي مەئىشەتنى چەتكە قاقمايدۇ ۋە شۇنداقلا مۇستەھكەم ئەقىدىگە ئىگە ئىنسان ئىقتىساد بىلەن ئۆزىنىڭ ئىلىم ـ ئىمانىنى بۇلغىمايدۇ، بەلكى بايلىق بىلەن ئۇنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەيدۇ. ئىنساننىڭ ئۆزىگە ئەڭ بۈيۈك سوۋغات سۈپىتىدە تارتۇقلاپ بېرىلگەن ئەقىل، ئىقتىدارىنى، پايدىلىق يوسۇندا مەنپەئەتلىنىشى ئۈچۈن ھازىرلاپ بېرىلگەن بايلىق، ئىمكانىيەتلەرنى جارى قىلدۇرۇپ ئۆز ئەھۋالىنى ياخشىلىماستىن باشقىلاردىن، ھەتتا ئۆز رەقىبلىرىدىنمۇ زەئىپ، پەس، خار، ئاجىز ئورۇندا تۇرۇشى مېنىڭچە ياراتقۇچىنىمۇ غەزەپلەندۇرىدىغان جىنايى قىلمىشتۇر. يېتەرلىك ماددىي مەئىشەتسىز ساماۋى ئىستەكلەر ئات ـ ئېشەكنىڭ ئورنىدا ساپان تارتىدۇ. ئىقتىسادنىڭ رولىنى قانداق تونۇش ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن قانداق ھەرىكەت قىلىش سىزنى سۆزۈك تاڭغا ياكى قاراڭغۇ ھاڭغا باشلايدۇ. مۇسابايېفلارنىڭ پۇلى ئۇلارنى يولدىن چىقاردىمۇ؟ ئۇيغۇر مىللىي بۇرژۇئازىيىسىنىڭ ئۇلىنى ئارتۇقچە جاھان تەشۋىشى بىلەن كارى بولماي يۈرۈشنى ھەممىدىن ئەلا بىلىدىغان ئاتالمىش تەقۋادار بەندىلەر سالدىمۇ ياكى ئۆز ئەقلى،

مال ـ دۇنياسى بىلەن ئادىمىيلىك سۇپەتتە ياشاشنى ھەممىدىن ئەۋزەل بىلگەن مۇساپايىپىلار سالىدىمۇ؟ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ۋەكىلى، شۇنداقلا ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسچىلىرىدىن بىرى بولغان مەرھۇم شائىر ئەھمەد زىيائى پۇتكۇل ئۆمرىنى يېزىقچىلىق، نەشرىياتچىلىق ئىشلىرى ئۇچۇن سەرپ قىلدى. لېكىن، ئۇ خېلى باي ئىدى. ئەينى يىللىرى قەشقەردە بارى ـ يوق ئىككى ماشىنىنىڭ بىرى ئۇنىڭ ئىدى. ئۇ لاداخ يولىدا سودا قىلىپ ناھايىتى كۆپ پايدىمۇ ئالغانىدى. لېكىن، بايلىق ئۇنىڭ ئىلىم ـ ئىمانىنى بۇلغىدىمۇ؟ توغرا، نۇرغۇن بەندە پۇل تېپىپلا، ئۆزىنى تۇتالماي قالدى. مال ـ دۇنياغا يەتتى، ۋىجداندىن كەتتى. ئەمما، بىر ئىنسانىنىڭ بۇزۇلۇشىدا ياكى تۈزۈلۈشىدە ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدىغىنى ئۇنىڭ ھاياتلىق ئەقىدە ـ ئېتىقادىنىڭ سۇپىتىمۇ ياكى تاپقان ـ تەرگىنىمۇ؟ ساغلام ئاڭدىن كەتكەن زەئىپ بەندىلەر پۇل تاپسىمۇ ـ تاپالمىسىمۇ بۇزۇلۇۋېرىدۇ. ھىدايەتنىڭ پاكىز، ئارامبەخش نۇرىغا چۆمگەنلەر دۇنيا قىسمەتلىرىنىڭ بېشىدا قانداق چۆرگىلىشىدىن قەتئىينەزەر ئۆز ئىمانى ئالدىدا مەڭگۇ بەرقارار تۇرۇۋېرىدۇ ۋە ئىنسانغا توپ نېگىزىدىن تالىق قىلىپ بېرىلگەن نەرسىنىڭ خارلىق ئەمەسلىكىنى، بەلكى ئىنسان ئەڭ مۇقەددەس سوۋغات قىلىپ بېرىلگەن ئەقلى، جىسمىنى ئىشقا سېلىپ ئۆز ئەھۋالىنى ياخشىلاش ھەققىدە تىنىمسىز ئىزدىنىش كېرەكلىكىنى چىن قەلبى بىلەن تونۇپ يېتىدۇ. پەزىلەت ئىگىلىرى ئەزەلدىن خار تۇرمۇشقا رازى بولغان ئەمەس ۋە توقچىلىقتىن كېرىلگەنمۇ ئەمەس. خارلارنىڭ خار تۇرمۇشقىمۇ رازى بولۇشى ئۇلارنى تېخىمۇ خار، زەئىپ، پەس، رەسۋا قىلىۋېتىدۇ. ئۆز ئەقلى ۋە دۇنياسىنى ئەڭ ئەزگۇ ئىشلارغا سەرپ قىلىشنى بىلىدىغان ئادەم پۇل ـ مالغا سەجدە قىلمايدۇ، شۇنداقلا ئۇنىڭغا نەپرەت بىلەن قارايمۇ يۇرمەيدۇ. بەلكى ئۇنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۆز ئەقلى، كۈچى، ھالال تىرىشچانلىقى بىلەن تاپىدۇ، پۇل بىلەن ئۆز تۇرمۇشىنى ياخشىلايدۇ، ئۆزىنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتى، ھەققى - ھوقۇقىنى قوغدايدۇ، جەمئىيەت ئۈچۈن پايدىلىق ئىش قىلىدۇ. ھاياتلىق ئەقىدىسى تازا بولمىغان ئادەملەرلا پۇل - مالنى دەپ ۋىجداندىن، ئىماندىن كېچىدۇ، پۇل ئۈچۈنلا ئەڭ رەسۋا - نومۇسسىز ئىشلارنىمۇ قىلىۋېرىدۇ ياكى پۇل تېپىپلا چاكىنىلىشىپ كېتىدۇ. بىز ئىنساننىڭ قولىدىكى پۇلدىن ئەمەس، پۇل ئالدىدىكى ئىنساننىڭ ھەرىكەت ھالىتىدىن ئۇنىڭ ساپاسىغا باھا بېرەلەيمىز.

4

ئىنسان بۇ دۇنياغا ئاپىرىدە بولغان دەقىقىدىن باشلاپلا ماددىي ئېھتىياجىنىڭ ئۈستىگە تۇغۇلىدۇ. ئۇ ساغلام يېتىلىش ئۈچۈن ئوزۇقلىنىشى، كىيىنىشى، يېتىپ - قوپىدىغان ئۆي - ماكانغا ئىگە بولۇشى كېرەك. دېمەككى، ئىقتىساد ئۇنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم ئامىلىدۇر. ئۇ ئۆسۈپ مەلۇم ياشقا يەتكەندىن كېيىن تەربىيىلىنىشى كېرەك. ياخشى تەربىيىلىنىش مۇھىتىغا ئېرىشىش ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى تۇرمۇش، خىزمەت، نىكاھ، ئايال، ئائىلە قاتارلىق ئىشلار ئۈچۈنمۇ دەل پۇل، ئىقتىساد كېرەك. ئىقتىساد بىر ئادەمنىڭ تەربىيىلىنىش، يېتىلىش سۈپىتى ۋە ئۆز غايىسىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇشىدا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئوخشاش ۋاقىت، ئوخشاش ھالدا ئىككى ئائىلىدە تۇغۇلغان ئىككى بوۋاقنىڭ يېتىلىش، تەربىيىلىنىش ئەھۋالىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. چوقۇمكى، ئىقتىسادىي ئەھۋالى ياخشى، قول - ئىلكىدە بار ھاللىق ئائىلىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن بىر بوۋاق بىلەن

يەنە بىر كۆك نامراتنىڭ ئۆيىدە تۇغۇلغان بوۋاقنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدە ئالەمشۇمۇل پەرق پەيدا بولىدۇ. يوقسۇزلۇق ئىنسانىي تەربىيىدىن، دۇنيانى ئەركىن نەزەر بىلەن بىلىش، چۈشىنىش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قالدۇرىدۇ ـ دە، ئىنساننىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئېچىلىشنى كۈتۈپ تۇرغان ئىقتىدارلار كۆمۈلۈپ قالىدۇ ياكى يېتەرلىك پۇرسەتكە ئېرىشىپ ئۇنىڭغا ئوت ياقىدىغان چوغقا ئېرىشىپ بولغىچە خوراپ تۈگەيدۇ. قانچىكى نامرات ئەل تەربىيىلىنىشتە شۇنچە كۆپ توسقۇنلۇقلارغا ئۇچرايدۇ ـ دە، بارغانسېرى تېخىمۇ ئاڭقاۋ، تەربىيىسىز ۋە ھەتتا ئىلىم ئېلىشتىنمۇ قاچىدىغان خۇراپىي، نادان پېتى قالىدۇ، ئۇنىڭ چامىسى يېتىدىغىنى، كۆرگىنى، بىلىدىغىنى ئاددىي، ئەرزىمەس بولغاچقا ئويلايدىغىنىمۇ، قىلىدىغىنىمۇ، جۇرئەت قىلىدىغىنىمۇ شۇنچە چەكلىك، تار بولىدۇ ۋە ئۇگۈيلا شۈكۈرچان، ھۇرۇن، بوشاڭ، تىرىشماس، لايغەزەل، قورقۇنچاق، خىيالپەرەس، ھەدېسىلا زارلايدىغان يىغلاڭغۇ مىجەز بولۇپ قالىدۇ. مەن بۇ يەردە ھەرگىزمۇ باينىڭ بالىسى ئەقىللىق، نامراتنىڭ بالىسى كارغا كەلمەس چىقىدۇ، دېگەننى تەرغىب قىلماقچى ئەمەسمەن. مەيلى قانداق ئائىلىدە تۇغۇلغان بولسۇن، ئىنسان ئۆز ئەقلى، ئىرادىسىگە تايانسىلا مۇھىت پەيدا قىلغان چەكلىمىلەردىن ھامان ھالقىپ چىقالايدۇ، ھەتتا كاتتا نەتىجىلەرنى يارىتالايدۇ. ھەم پۇل، ياخشى مۇھىت بولسىلا تالانتلىق بولغىلىمۇ بولمايدۇ. ئەمما، بىر ئادەمنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش، تەربىيىلىنىشى ئۈچۈن ئەۋزەل مۇھىت، يېتەرلىك ئىقتىسادىي يۆلەك بولسا ئۇنىڭ ساغلام، جۇشقۇن يېتىلىشى تېخىمۇ ياخشى كاپالەتكە ئىگە بولىدۇ ۋە ئۆزىدىكى ئۇرغۇپ تۇرغان ئىقتىدارنى تېخىمۇ ياخشى، تېخىمۇ ئەركىن ۋە كۆپ تەرەپتىن جارى قىلدۇرالايدۇ، شۇنداقلا تېخىمۇ تېز تەرەققىي قىلىپ، تېخىمۇ ياخشى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرەلەيدۇ. بەزى ھاللاردا قۇرۇق غايە، ئەقىل بىلەنلا كاتتا

ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش مۇمكىن ئەمەس. يوقسۇزلۇق سىنىڭ ئالدىڭغا نۇرغۇن بىھۇدە توساق ـ چەكلىمىنى پەيدا قىلىپ قويىدۇ. سەن ئاشۇ توساقلاردىن زورۇقۇپ، بىر ئاماللارنى قىلىپ هالقىپ بولغۇچە ئالتۇندەك ئېسىل نۇرغۇن پۇرسەت، ۋاقىتنى قولدىن بېرىپ قويىسەن، ھەتتا ئۆزۈڭدىكى كۆۋەجەپ تېشىپ تۇرغان تالانت ـ ئىقتىدارلارنىمۇ خورىتىپ قويىسەن. مەن ئەتراپىمدا تالانتى تېشىپ تۇرغان نۇرغۇن بالىنىڭ ئىقتىساد سەۋەبلىك ئوقۇيالماي توختاپ قالغىنىنى ۋەياكى تېخىمۇ ياخشى ئۆرلەپ ئوقۇش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمەي ئارماندا لەۋ چىشلەپ قالغىنىنى بىلىمەن. ئۇلار تېخىمۇ ئۆرلەپ ئوقۇسا، ئۆگەنسە تېخىمۇ ياخشى نەتىجىلەرنى كۆپلەپ يارىتالايدىغان، مىللىتىمىز ۋە مەنىيىتىمىزنىڭ يۈكسىلىشى ئۈچۈن ئىنتايىن زور ھەسسە قوشالايدىغان، كەم تېپىلىدىغان تالانت ئىگىلىرى ئىدى. پۇل، ئىقتىسادنىڭ يوقسۇزلۇقى ئۇلارنىڭ تىلىنى بوغدى، يولىنى توستى. ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق سەۋەبىدىن بىر تەرەپتىن ئوقۇپ يەنە بىر تەرەپتىن ئاشخانىلاردا يوندى ئارىسىدا قاچا يۇيۇۋاتقان، كۆتكۈچىلىك قىلىۋاتقان، خەقنىڭ ئېغىر، مەينەت ئىشلىرى ئۈچۈن ھېسابسىز ۋاقتى، زېھنى، كۈچىنى سەرپ قىلىۋاتقانلار بىزدە ئازمۇ؟ مەن ئۆز غايىسى ئۈچۈن جان تىكىپ ئىزدىنىۋاتقان، بولۇپمۇ ئەقىل، بىلىم بىلەن قەد كۆتۈرۈش ئۈچۈن كېچە ـ كۈندۈز تىرىشىۋاتقان ئاشۇ قېرىنداشلىرىمىزغا شۇقەدەر چوڭقۇر ھۆرمەتتە باقىمەن ۋە شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئەڭ ئېسىل ۋاقتى، ئەڭ قىممەتلىك تالانت ـ ئىقتىدارىنى بىر ـ بىرلەپ خورىتىپ ئۆلتۈرۈۋاتقان يوقسۇزلۇقتىن ئىبارەت بۇ تاشتىن قاتتىق رەھىمسىزلىك ئۈچۈن چوڭقۇر قايغۇرىمەن. ئۇلاردا، بىزدە يېتەرلىك ئىقتىساد بولسا خەقلەرنىڭ مەدىكارچىلىقىنى قىلىدىغان ئاشۇ قىممەتلىك ۋاقىتلارنىڭ ئورنىدا ئۇلار تېخىمۇ غەيرەت، شىجائەت بىلەن ئۆگەنمەسمىدى؟

بەزىلەر ساددا، گۆدەك قاراش بىلەن قىيىنچىلىقنىڭ بولغىنى ياخشى، ئۇ ئىنساننى تېخىمۇ بەردەم، چىداملىق ۋە تىرىشچان قىلىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئەمما، قىيىنچىلىق بىر ئادەمنىڭ يېڭىش ئىقتىدار چېكىدىن ئېشىپ كەتكەندە ئۇ ئادەمنى بەردەم – چىداملىق ئەمەس، چۈشكۈن – يىغلاڭغۇ قىلىۋېتىدۇ، ئادەمدىكى ئۇرغۇپ تۇرغان شىجائەت ئوتلىرىغا مۇز – مۆلدۈر ياغدۇرىدۇ. بىر ئىنساننىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش يولىنى چەكلەپ، توسۇپ تۇرغان مۇنداق غايەت زور قىيىنچىلىقنى يالغۇز ئىرادە، تىرىشچانلىق، ئاتالمىش غايە بىلەنلا يېڭىپ بولۇش بەكمۇ تەس. ئەگەردە يەڭدى دېگەندىمۇ، ئۇ ئاشۇ غالىبانە يېڭىش ئۈچۈن ئۆز غايىسىنى تەكچىگە ئېلىپ قويۇپ، باشقا ئىش قىلىشى كېرەك بولىدۇ – دە، نۇرغۇن پۇرسەت، ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈۋېتىدۇ. ئىقتىسادىي ئاجىزلىق بىزنى ئىزچىل كېچىككىشكە مۇپتىلا قىلىپ كەلگەن.

چەت ئەلگە شۇقەدەر بۈيۈك مەقسەتلەر بىلەن ئوقۇشقا چىققان نۇرغۇن ماگىستىر، دوكتور ئاسپىرانتنىڭ ئېغىر، مەينەت ئىشلار ئۈچۈن قانچىلىك روھىي، جىسمانىي، ئەقلىي، ۋاقىت، ئىقتىدار، كۈچ – زېھنىنى بەدەل قىلىپ بېرىۋاتقىنىنى تەسۋىرلەپ بولۇش مۇمكىن ئەمەس. ئۇلارنىڭ ئاشۇنداق جىددىي، ئېغىر تىرمىشىشىنىڭ كەينىدە پۇلنىڭ، ئىقتىسادنىڭ، موھتاجلىقنىڭ ئىنتايىن شەپقەتسىز قارا سايىسى ئەلەڭشىپ يۈرىدۇ؛ ئىجادىي، ئەقلىي ئىقتىدارى ئۇرغۇپ تۇرسىمۇ يوقسۇزلۇق سەۋەبىدىنلا ئوقۇيالماي، ئۆلمەي تىرىكچىلىك قىلىش ئۈچۈنلا كوچىدا شاپاق – شۆپۈك سېتىپ جان بېقىۋاتقان، ناۋايخانىلاردا كۆل تارتىۋاتقان، ئاشخانىلاردا قاچا يۇيۇۋاتقان، ئىس بۇخسۇپ تۇرىدىغان كاۋاپدانلار ئالدىدا كانىيى يىرتىلغۇدەك ۋارقىراپ خېرىدار چىللاۋاتقان، ئەرزان باھالىق ئىچ كىيىملەرنى قولتۇقلىۋېلىپ كوچا ئارىلاۋاتقان، كىچىك تۇرۇپلا قولىغا چوتكا

www.uyghurkitap.com

ئېلىپ خەقنىڭ تاپىنىغا يالۋۇرۇپ ئېگىشىۋاتقان ھەربىر نارەسىدە ئۇيغۇرنىڭ كاللىسىدا ئىقتىسادىي بېقىۋۇللۇقنىڭ، ماددىي يوقسۇزلۇقنىڭ ئىنتايىن ئېغىر ۋە ئاھانەتلىك مەسخىرىسى گىدىيىپ تۇرماقتا؛ تالاي ـ تالاي دېھقان ھېلىھەم بالىلىرىنى يوقسۇزلۇق، قىيىنچىلىق سەۋەبىدىن ئىلاجىنىڭ بارىچە ئوقۇشتىن چېقىرىۋېلىشنىڭ كويىدا تىركەشمەكتە (مەن خوتەننىڭ ئەڭ چەت بىر يېزىسىدا توققۇز يىل ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان بەندىمەن. نامراتلىقنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى ۋە كىشىنى قانداق ئىلاجسىزلىق، ھەتتا رەھىمسىزلىككە مەجبۇر قىلىدىغانلىقى ماڭا بەش قولدەك ئايان. مەن ھەتتا تېخى ئۈچ ـ تۆت يىلنىڭ ئالدىدىلا ئاشۇ يېزىدا ئوغلى ئون ياشقا كىرگىچمۇ خەتنىسىنى قىلدۇرالماي يىغلاپ ئولتۇرغان دېھقاننىڭ بارلىقىنى ئاڭلىغانىدىم). ئاشۇ دېھقانلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ كۆز قارىچۇقىدەك ئەتىۋار باللىرىنى يارامىلىق ئادەم قىلىپ تەربىيىلىگۈسى، ئوقۇتقۇسى، كۆزىنى ئاچقۇسى يوقمۇ؟ تېخى يېقىندىلا گېزىتتىن ئافغانىستانلىق بىر ئايالنىڭ تاشتىن قاتتىق موھتاجلىق ئالدىدا ئەمدىلا سەككىز ياشقا كىرگەن قىزىنى ئەرگە بېرىۋەتكىنىنى، مۇنداقچە ئېيتقاندا، سېتىۋەتكىنىنى ئوقۇدۇم. كىمنىڭ، قايسى بەندىنىڭ ئۆز بالىسىنى جاھالەتنىڭ، نادانلىقنىڭ تۇتقۇنىغا ئايلاندۇرۇپ بەرگۈسى بار؟ كىمنىڭ ئوقۇغۇسى، بىلىم ئالغۇسى، جاھان كۆرۈپ كۆزىنى ئاچقۇسى يوق؟ كىچىك تۇرۇپلا ئېغىر ئىش ـ ئەمگەكنىڭ ئاستىدا يانجىلىۋاتقان، تەربىيىسىز قېلىۋاتقان ۋە ھەتتا كىچىك تۇرۇپلا جەمئىيەتكە چىقىپ قېلىپ تۈرلۈك ناشايان قىلىق، جىنايى ئىشلار، ئەخلاقسىزلىقلارنىڭ مەنبەسىگە ئايلىنىپ قېلىۋاتقان بالىلىرىمىزنىڭمۇ بەلكىم ئوقۇپ تۈزۈك ئادەملەردىن بولۇپ ھەقىقىي مەنىدىكى ھاياتنىڭ خۇۋلۇقىنى كۆرگىسى بار بولغىيتتى...

ھەقىقەتەنمۇ ئىقتىساد بىلەن بىز تېخىمۇ ياخشى

تەربىيىلىنىش ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولالايمىز، ئۆزىمىزنى زامانغا خاس ئالىي، مەدەنىيەت، ساپا بىلەن قوراللاندۇرۇپ چىقالايمىز. پۇل مەلۇم مەنىدە شەخسنىڭ ئىززەت ـ ئابرۇيى، غۇرۇرى، كىشىلىك ئىززىتىنى قوغداشنىڭ مۇھىم قورالىدۇر. يوقسۇزلار ھەرقاچان باشقىلارنىڭ ئالدىدا بىچارە، ئاجىز بولۇپ كەلگەن، ئۇلارنىڭ پىكىر ـ دەۋاسى يوللۇق بولغان تەقدىردىمۇ جاھاننىڭ نەزىرىگە كەمدىن ـ كەم ئىلىنىپ كەلگەن. چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ چىرىك، زەئىپلىكى جۇڭگو خەلقىنى ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز خورلۇق، كەمسىتىش، دەپسەندە قىلىنىشقا دۇچار قىلدى. ھەتتا جۇڭگودىكى چەت ئەللىكلەر باغچە، كونسىيلىرىگە «جۇڭگولۇق بىلەن ئىت كىرمىسۇن» دەپ خەت ئېسىپ فېئودال تۈزۈمنىڭ ئاجىز ـ زەيپانە ھامىيلىقىدا ئىڭراپ ياتقان جۇڭگولۇقلارنى ئىتتىنمۇ پەس ھالدا مەسخىرە قىلىپ ئوينىدى. بۇ ئالەمنىڭ پۇتكۇل ماددىي مەئىشىتىنى تەرك ئېتىپ ئۇ ئالەمنىڭ راھەت ـ پاراغىتىنىلا تەۋسىيە قىلىدىغان، رايىشلىقىنىلا ئەڭ مۇقەددەس پەزىلەت دەپ بىلىدىغان خەلق ئۆزىنىڭ زېمىنى، دۆلىتى، بايلىقىنى ئەمەس، ئەڭ ئەقەللىي، يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا: «جاھان پەيلاسوپىنىڭ مال ـ دۇنياسى بولمىسا قانچە سۆزمەن بولسىمۇ، تىلى كىشەنلىنىدۇ». ئىقتىساد ـ نوپۇز، كۈچ، غۇرۇر، ئار ـ نومۇس تۇيغۇلىرىنىڭ قالقىنىدۇر.

يوقسۇل ئادەم بارالايدىغان، كۆرەلەيدىغان بوشلۇق تولىمۇ چەكلىك ۋە تار بولىدۇ. «يىپەك يولى» خارابلاشقاندىن كېيىنكى سودا ـ ئىقتىسادنىڭ خارابلىشىشى ۋە سوپىستىك ئاڭنىڭ ۋەيران قىلغۇچ زەھەرلىك ۋىرۇستەك كىشىلەرنىڭ ھاياتلىق چۈشەنچىسىنى ئېغىر دەرىجىدە بۇرمىلاپ تاشلىشى بۇ يەرنى تېخىمۇ ئېغىر ماددىي، مەنىۋى بېكىنمىلىك، بۇرۇقتۇرمىلىققا باشلاپ كىردى. مۇنداق بېكىنمىلىك تەبىئىي ھالدىلا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تەپەككۇردىكى، بىلىشتىكى، تونۇشتىكى ئاددىيلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

كىرىيە ناھىيىسىنىڭ دەريا بويى يېزىسىدىن ئىبارەت تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ ئىچكىرىسىگە جايلاشقان بىكىك، ئىپتىدائىي مۇھىتتا قامىلىپ نەچچە يۈز يىل ياشىغان كىشىلەر، دەريا بويىدىن باشقا ئىجتىمائىي مۇھىت ۋە دۇنيا بىلەن ئۇچرىشىپ باقمىغاچقا دەريا بويىدا تۇنجى كىنو قويۇلغاندا قورقۇپ قېچىشقان، يېزىغا تۇنجى قېتىم ماشىنا كەلگەندە ئۇنىڭ ئالدىغا يېسۇن دەپ قومۇش ـ پاسار تاشلىغانىدى. [1] قۇدۇقتىكى پاقا ئۆزى كۆرەلەيدىغان دائىرىنىلا دۇنيا مۇشۇ دەپ چۈشەنگەنگە ئوخشاشلا ئاددەممۇ ئۆزى بىلگەن، كۆرگەن نەرسىلىرىگە تۇشلۇق ھۆكۈم چىقىرالايدۇ. بىزدە «شەھەر كۆرگەن ئىتتىن قورق» دەيدىغان گەپ بار. بۇ بىلىش مەزمۇنىنىڭ كېڭىيىشىنىڭ ساپا ـ سۈپەتكە كۆرسىتىدىغان ھەل قىلغۇچ تەسىرىنىڭ مۇھىملىقىغا ئىشارە. دېمىسىمۇ، قاراپ باقىدىغان بولساق، نامراتلىقى تۈپەيلى ئۆمۈر بويى ئۆيىدىن ۋەياكى مۇئەييەن چەكلىك مۇھىتتىن ھالقىپ چىقالماي بىكىنىپ ياشىغان كىشىلەردىن ھېچقاچان دۇنياغا، مىللەتكە تەسىر كۆرسىتىدىغان تالانت ئىگىلىرى چىقمىغان. جاھان كۆرگەن ئەزىمەتلەرلا بىر مىللەتنى ئەڭ توغرا ۋە ئەڭ ئېنىق نىشانغا باشلاپ ماڭالىغان. دۇنيانى كۆرۈش، دۇنياۋى يۈزلىنىش بىلەن يۈزمۇيۈز ئۇچرىشىش ئارقىلىقلا ھەرقانداق بىر شەخس ۋە مىللەت مەۋجۇتلۇقى ئۈچۈن نېمە قىلىش، قانداق قىلىش مەسىلىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، يۈكسەك ئىستراتېگىيىلىك ئاڭ بىلەن ياشىيالايدۇ. بولمىسا ئاددىي كاللا، تايىنى يوق غايە ـ نىشان بىلەنلا ھەپىلىشىپ يۈرۈپ ھاياتنى، ئەقىلنى، تالانتنى، پۇرسەتنى سورۇپ تۈگىتىۋېتىدىغان گەپ.

① ئۆمەرجان ئىمىن: «تارىمنىڭ يۈرىكىدىكى ئوت»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2006 ـ يىلى ئۆكتەبىر نەشرى.

بىزنىڭ ساددا ئادەملىرىمىزنىڭ بەزىلىرى ھە دېسىلا پۇل ئادەمنى بۇزىدۇ، دەپلا قارايدۇ ۋە ئىقتىسادنىڭ بىر ئىنساننىڭ شەخسىيىتىنى، ھوقۇقىنى، غۇرۇرىنى قوغداشتىكى رولىغا سەل قارايدۇ. كۆپ پۇل تاپقان ئادەمنىڭ پەزىلىتىدىن گۇمان قىلىش، بېيىغانلارنى سېستىشقا ئۇرۇنۇش، ئۇلارنىڭ كەينىدىن تۈرلۈك بولمىغۇر سۆز - چۆچەك توقۇش بىزدە ئومۇمىي كېسەللىك. ئەمما، بىلىش كېرەككى، ئىقتىساد، بايلىق توپلىغان ئادەم ئىقتىدارسىز ئەمەس، بەلكى تالانتلىقتۇر. كىتاب ئوقۇيالايدىغان، قۇرۇق گەپ ساتالايدىغان ئادەملا ئىقتىدارلىق ئەمەس، بەلكى ئۆزىدىكى تالانت - ئىقتىدارنى بايقىيالىغان ۋە ئۇنى ھەممىگە مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان قىممەتكە ئايلاندۇرالىغان ئادەم ھەقىقىي تالانتلىق - ئىقتىدارلىقتۇر. شەخسنىڭ ئۆزىدىكى بارلىق ئەقىل - ئىقتىدارلارنى ئەڭ زور دەرىجىدە جارى قىلدۇرۇشى ئۇنىڭ يالغۇز ئۆزىنى ھەر تەرەپتىن ياخشىلاپ، نەپلەندۇرمەستىن ئۇ ياشاۋاتقان توپنىمۇ ماس ھالدا مەنپەئەتكە ئىگە قىلىدۇ. بىر تالانتلىق شەخسنىڭ بارلىققا كېلىشى ئۇنىڭ چۆرىسىدىن يەنە نۇرغۇن ئىقتىدارلىق شەخسلەرنى مەيدانغا كەلتۈرىدۇ. بىر كارخانىنىڭ قۇرۇلۇشى يالغۇز شۇ كارخانىنىڭ قۇرغۇچىسىنىلا ئەمەس، شۇ توپتىن نان تېپىپ يەيدىغان يەنە مىڭلىغان - تۈمەنلىگەن گال ئىگىسىنى ئىش، ئىش ئورنى، تىرىكچىلىك پۇرسىتى بىلەن تەمىنلەيدۇ ھەمدە شۇ رايوننىڭ ئىگىلىكىنى نەچچە ھەسسىلەپ جانلاندۇرىدۇ. شۇڭا، ھەرقانداق بىر ھۆكۈمەت كىتاب ئوقۇپ بېرىشنىلا، مەۋھۇم نەرسىلەرنى تەتقىق قىلىپ گەپ سېتىپ بېرىشنىلا بىلىدىغان ئالىمىدىن، سوپۇن ئىشلەپچىقارسىمۇ كارخانىچى، تىجارەتچىسىنى ئەتىۋار بىلىدۇ، ياساش، ئىختىرا قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە تالانت ئىگىلىرىنى تېخىمۇ قەدىرلەيدۇ. ئۆتكەن ئەسىرنىڭ بېشىدا مۇسابايېفلار دىيارىمىزغا تۇنجى زامانىۋى كۆن - خۇرۇم زاۋۇتىنى قۇرۇش

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇچۇن زاۋۇت زاپچاسلىرىنى گېرمانىيىدىن رۇسىيىگە ئېلىپ كەلگەندە چار پادىشاھ ھەيرانۇ ھەس قالغان ھەمدە زاۋۇتنى رۇسىيىدە قۇرۇشقا يۇمشاق ـ قاتتىق ۋەدە ـ ۋاستىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئىشلىتىپ مۇسابايېفلارغا بېسىم قىلغان. مۇسابايېفلار زاۋۇتنى رۇسىيىدە ئەمەس، غۇلجىدا قۇرىدىغانلىقىنى قايتا ـ قايتا ئېيتىپ چار پادىشاھنىڭ تەلىپىنى قەتئىي رەت قىلغاندىن كېيىن رۇسىيە تەرەپ زاۋۇتنى 90 كۈن ئىچىدە چېگرىدىن ئۆتكۈزۈپ كېتىش، بولمىسا رۇسىيىدە قۇرۇش توغرۇلۇق بۇيرۇق چۈشۈرگەن. دېمەككى، چار پادىشاھ ھۆكۈمىتى ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىدىكى مۇنداق كاتتا زاۋۇتنىڭ رۇسىيىدە قۇرۇلسا رۇسىيە ئىقتىسادىنى شىددەت بىلەن يۇكسەلدۈرىدىغانلىقىنى ناھايىتى ئېنىق بىلەتتى. مۇسابايېفلار زاۋۇتنى پويىز ئارقىلىق رۇسىيىنىڭ ئۇمىسكىي شەھىرىگە، پاراخوت بىلەن سىمپولاتىنسكى شەھىرىگە ئەكىلىدۇ، ئۇ يەردىن قورغاسقىچە بولغان 100 كىلو مېتىردىن ئارتۇق قاتناش ئىمتايىن قولايسىز يولنى ئادەم ياللاپ تۈزلەپ، راۋانلاشتۇرىدۇ، 286 يەرگە كۆۋرۈك سالىدۇ، زاۋۇتنى چۇۋۇپ پارچىلاپ، چوڭى تۆت تونىنا، ئەڭ يېنىكى بىر يېرىم تونىنا كېلىدىغان ئۇسكۇنىلەرنى كۆتۈرەلەيدىغان چوڭ هارۋىلارنى ياساپ، 96 ئۆكۈز تەييارلاپ، ھەربىر ھارۋىغا ئالتىدىن 12 گىچە ئۆكۈز قېتىپ غۇلجىغا ئەكېلىدۇ.① بىز بۇ يەردە مۇسابايېفلار كارخانىسىنىڭ تاپقان غايەت زور پايدىسى ھەققىدە توختالمايمىز. ئەمما، قاراپ باقايلىكى، بىر زاۋۇتنىڭ دىيارىمىزدا، جۈملىدىن ئەينى ۋاقىتتا بىر قەدەر تەرەققىي تاپقان دەپ قارالسىمۇ يەنىلا قول سانائەتتىن ئۆزگىچە سانائەت شەكىللەنمىگەن غۇلجا

---

① بۇ ھەققىتكى مەلۇماتلار ئۇچۇن شېرىپ خۇشتار ئەپەندىنىڭ «مۇسابايېف ۋە ئۇنىڭ سودا كارخانىسى» ناملىق ماقالىسىگە قارالسۇن. «ھۆسەينىيە روھى ـــ تەكلىماكاندىكى ئويغىنىش» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 ـ يىل سېنتەبىر نەشرى.

زېمىنىدا قەد كۆتۈرۈشى ۋە ئىش باشلىشىغىچە بولغان جەريانىدا قانچىلىك ئادەم بۇ ئىشتىن نەپلەندى، ئىش باشلىغاندىن كېيىن زاۋۇتتا قانچىلىك ئادەم تېخنىكا ئۆگەندى، ئىش تاپتى؟ مۇشۇ بىر زاۋۇت ۋە ئۇنىڭ ئۇچۇن بەل باغلىغان ئەقىل، ئىقتىدار ئىگىلىرىنىڭ ۋاستىسى بىلەن يېڭىچە مەكتەپ قۇرۇلدى، ئۇيغۇر يېڭىچە مائارىپى بارلىققا كېلىپ ئاڭ ـ تەپەككۇر جەھەتتىن ئويغىنىشنىڭ مۇقەددىمىسى ئېچىلدى، يىگىرمە نەچچە خىل مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىلىپ ۋە ئۇنىڭغا ئالاقىدار تېخىمۇ كۆپ كەسىپ ـ تۈر، ئىگىلىك شەكىللىرى مەيدانغا كېلىپ، شىنجاڭنىڭ پۈتكۈل يېزا ـ قىشلاقلىرىلا ئەمەس، پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنىڭ سانائەت، ئىقتىساد، ئىگىلىك، تېخنىكا، سودا ـ تىجارەت، دېھقانچىلىق، باقمىچىلىق قاتارلىق ساھەلىرى ئۆزلۈكسىز بىر سىستېما بولۇپ شەكىللەندى. دېمەككى، بىر ئاڭ ـ تەشەببۇسنىڭ باش كۆتۈرۈشى نۇرغۇن يېڭىدىن ـ يېڭى تەپەككۇر بولاقلىرىنىڭ كۆزىنى ئاچىدۇ. بىرەيلەننىڭ بېيىشى تەبىئىي هالدا ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى بىرنەچچە، ھەتتا نەچچە ئون، نەچچە يۈز، نەچچە مىڭ ئادەمنىڭ غېمىنى ھەل، كېمىنى تەل قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ تېخىمۇ كۆزىنى ئاچىدۇ، يولىنى كېڭەيتىدۇ، ئىشىنى يۈكسەلدۈرىدۇ، جەمئىيەتتە ئۇنىڭغا ئەگىشىدىغان، ھەتتا ئۇنىڭ بىلەن رىقابەتلىشىدىغان نۇرغۇن تالانت ئىگىسىنى مەيدانغا چىقىرىدۇ ـ دە، سانائەت، سەھىيە، مائارىپ، دېھقانچىلىق، باقمىچىلىق، سودا ـ سېتىق، قاتناش ـ ترانسپورت قاتارلىق ساھەلەرنىڭ تەرەققىياتىنى شىددەت بىلەن كۈچەيتىدۇ. «ئارمان»نىڭ تالقىنى خوتەننىڭ ياڭىقىنىڭ بازىرىنى چىقاردى ۋە يەنە شىنجاڭنىڭ ئالاھىدە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بولغان نوقۇت، بادام، ئۆرۈك مېغىزى... قاتارلىق مەھسۇلاتلارنىڭ ئىستېمال بازىرىنى كېڭەيتتى. بۇنىڭغا ئەگىشىپلا بىزدە تالقان، شەربەت، سوپۇن، گىرىم بۇيۇملىرى،

كىيىم ـ كېچەك، ئىچىملىك، يېمەكلىك پىششىقلاپ ئىشلەيدىغان كارخانىلار كەينى ـ كەينىدىن مەيدانغا كەلدى. بۇ ئەڭ ئالدى بىلەن مۇشۇ رايون سانائىتىنىڭ، ئىقتىسادىنىڭ ۋە پۈتكۈل ئىشلەپچىقىرىش، ئىگىلىك شەكىل ـ فورمىلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى، نۇرغۇن ئەقىل، ئىقتىدار، تالانت ئىگىسىنىڭ مەيدانغا چىقىشىنى ۋە دادىل رىقابەت ئارقىلىق مۇشۇ رايون ئىقتىسادىنىڭ ئېشىشىنى تۈرتكىلىك رول بىلەن تەمىنلىدى. بۇ، تەبىئىي هالدا ئۇلار تەۋە بولغان تۈركۈمنىڭ مەدەنىيەت مەۋجۇتلۇقىنى هاياتىي كۈچكە ئىگە قىلىدۇ، ئەلۋەتتە.

ھەقىقەتەنمۇ، مەلۇم بىر مىللەتنى، مەدەنىيەتنى ۋە ئۇنىڭ هاياتىي كۈچىنى ئەڭ كۈچلۈك ۋە يارقىن تۈستە نامايان قىلىدىغىنى يالغۇز ئەدەبىيات ـ سەنئەت، ناخشا ـ ئۇسسۇل ۋەياكى پالان ـ پۈستان نەرسە ئەمەس، بەلكى تېخىمۇ مۇھىمى دەل كۈچ، نوپۇز، ھەيۋە، هوقۇقنىڭ ئەڭ كۈچلۈك، مەركەزلىك ئىپادىسى، كاپالىتى، يۆلىكى بولمىش تېخنىكا، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئەۋزەللىكتۇر. بۇ قانداقتۇر ئىقتىسادتىن، تېخنىكىدىن باشقا نەرسىلەرنى چەتكە قاققانلىق ئەمەس. ساغلام مەۋجۇتلۇق ئېھتىياجى بىر مىللەت ئۈچۈن زۆرۈر بولغان بارلىق تەركىبلەرنى تەلەپ قىلىدۇ هەم تەرەققىي قىلدۇرىدۇ. ئەقىلگە، ئىقتىدارغا، تېخنىكىغا ئەهمىيەت بېرىش تەبىئىي هالدىلا مائارىپنىڭ يۈكسىلىشىنى شەرت قىلىدۇ. ئىلغار مائارىپ قۇرۇلمىسى ئارقىلىق تەربىيىلىنىپ چىققان ئىختىساس ئىگىلىرى شۇ جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان سىياسىي، سەھىيە، قاتناش، ئالاقە، باشقۇرۇش، سودا ـ سانائەت، مۇلازىمەت، پاراۋانلىق، كۆڭۈل ئېچىش قاتارلىق هەممە ساهەلەرنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىدۇ، مەدەنىيەت ۋە مىللىي مەۋجۇتلۇق مانا مۇشۇنداق ئومۇمىيۈزلۈك تەرەققىيات ئارقىلىقلا ئاندىن راۋرۇس تىكلىنىدۇ. يەنە كېلىپ بىر مىللەتتە ياساش

سانائىتى شەكىللەنمەي تۇرۇپ ئۇنىڭ ئىقتىسادى ۋە ياكى مەدەنىيىتى ھەقىقىي مەنىدە گۈللىنەلمەيدۇ. ئىجتىمائىي ئىنسانشۇناسلىقنىڭ پېشۋاسى ھېسابلىنىدىغان مالىنوۋىسكىي: «بىر مىللەتنىڭ كۈچلۈك ـ ئاجىز، ئىلغار ـ قالاقلىقى ئۈستىدىكى بەس ـ مۇنازىرىدە ئەڭ ئاخىرقى ھۆكۈمنى قورال چىقىرىدۇ»[1] دەيدۇ. بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان قورال نوقۇل ھەربىي قورال ئەمەس، بەلكى شۇ مىللەت ئەزالىرى ئىگە بولغان دېھقانچىلىق، تۇرالغۇ، قاتناش، ئالاقە، ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش ۋاسىتىلىرىنىڭ ھەممىسىنى كۆرسىتەتتى. يەنى بىر مىللەتنىڭ ئەڭ ئىلغار تېخنىكا ئارقىلىق قوراللىنىش سەۋىيىسى مەركەزلىك تۇتقا قىلىنغانىدى. دېمىسىمۇ، ھېچقانداق نەرسە ياساش، ئىجاد قىلىش ئىقتىدارى بولمىغان بىر مىللەت ئۆز مەۋجۇتلۇقىدا ئېھتىياجلىق بولغان بارلىق ۋاسىتىلەرنى سىرتتىن قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. نەتىجىدە، بۇنداق خەلق قولىدىكى پۇل، مالغىمۇ ئىگە بولالمايدۇ. ئىختىرادا، ياساش سانائىتىدە كۈچلۈك ئەل ـ خەلقلەر قىينالمايلا يەنە بىر دۆلەتنىڭ بايلىق، ئىقتىسادىنى يۇلۇپ ئالالايدۇ. ھەتتا بىل گېيتىستەك تالانتلىق ئىقتىدار ئىگىلىرى، كارخانىچىلار يېڭى بىر مەھسۇلاتنى بازارغا سېلىش بىلەن ئۆز ئۆيىدىن چىقماي تۇرۇپمۇ پۈتكۈل دۇنيانىڭ تامامى قەرنە ـ بۇرجەكلىرىدىن سۇپۇرۇپ ـ سۇپۇرۇپ پۇل يىغىۋالالايدۇ. تارىمنىڭ ئەڭ خىلۋەت بۇرجىكىدىكى بىر جاپاكەش دېھقان ئۆزىمۇ بىلىپ ـ بىلمەي ياپونىيىدىكى SUZUKI شىركىتىگە بىر ئۆمۈر قان ـ تەر تۆكۈپ تاپقان ـ تەرگىنىنى چاڭگاللىتىپ تۇتقۇزۇپ قويىدۇ. ھەممە نەرسىدە قوبۇل قىلىش، سېتىۋېلىش ھالىتىدىلا تۇرغان ئەل ـ خەلقلەر ھەقىقەتەنمۇ ئۆز زېمىنىدىكى، ئۆز قولىدىكى پۇل ـ

---

① مالىنوۋىسكىي: «مەدەنىيەت ھەققىدە» خۇاشيا نەشرىياتى 2002 ـ يىل يانۋار نەشرى 4 ـ بەت.

بايلىققا ئىگە بولالمايدۇ. ئىقتىسادنىڭ روناق تېپىشى ئۇچۇن بايلىق ئەۋزەللىكى، تېخنىكا ئۇستۇنلۇكى، تۇزۇلمە ئەۋزەللىكى ئىنتايىن مۇھىم. ئەمما، بايلىقنىڭ بولۇشى بىلەنلا مەلۇم بىر رايون باي بولۇپ كەتمەيدۇ. سەندە تېخنىكا، ئەقىل بولمىسا ھەددى ـ ھېسابسىز بايلىقنىڭ ئۇستىدە ياتقىنىڭ بىلەنمۇ «ئالتۇن تاۋاق كۆتۈرۈپ تىلەمچىلىك قىلىدىغان تىلەمچى»گە ئايلىنىپ قالىسەن، كالپۇكۇڭ گەز باغلىغىنى باغلىغان. يەنە ھەم تۇزۇم ساغلام بېيىش، ئىقتىسادىي جەھەتتىن يۇكسىلىش شارائىتى بەرمىسە سەندە بەھېساب بايلىق، كاتتا ئەقىل، تېخنىكا بولغان بىلەنمۇ يەنىلا پېشانەڭ ئاپتاپ كۆرمەيدۇ. دېمەك، بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيەت، ئىقتىساد، كۈچ، نوپۇزدا زورىيىشى ئۈچۈن كۈچلۈك تېخنىكا بىلەن قۇراللانغان كارخانا، زاۋۇت، ياساش سانائىتىنىڭ بولۇشى ئىنتايىن مۇھىم. ياساش ئىقتىدارى بولمىغان مەدەنىيەت ئەڭ ئاجىز مەدەنىيەتتۇر. مۇنداق مەدەنىيەت ھەممە نەرسىنى باشقىلاردىن سېتىۋېلىش جەريانىدا ئۆزىنى قۇۋۋەتلەپ تۇرىدىغان ئىقتىسادتىن ئايرىلىپ قالىدۇ، مەدەنىيىتى ئىنچىكە تۇردە باشقا كۈچلۈك ئەل ـ خەلقلەر مەدەنىيىتى تەرىپىدىن زەرەتلىنىدۇ، ئۆزگەرتىلىدۇ. سانائەت شەكىللەنمىگەن ئەلدە ئىقتىساد گۈللەنمەيدۇ، مەدەنىيەت يۇكسەلمەيدۇ. بۇ مەنىدىن بىر كارخانا، بىر زاۋۇت، بىر شىركەتنىڭ قۇرۇلۇشى قانداقتۇر ئۇنى قۇرغۇچىلارنىلا مەنپەئەتلەندۇرىدىغان پايدا قازىنىش بولماستىن، شۇ ئەل ـ خەلقنىڭ ئىقتىسادىنى سىرتقا، باشقىلارنىڭ قولىغا ئېقىپ كېتىشتىن توسۇپ قالىدىغان، شۇ رايوننىڭ ئىقتىسادىنى گۈللەندۇرۇپ، مەدەنىيىتىنى قوغدايدىغان، جانلاندۇرىدىغان، سالاھىيىتىنى باشقىلارغا تونۇتىدىغان ئەڭ كۈچلۈك ۋاستە ـــ قالقاندۇر. ئۆز كارخانىلىرىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللاش ھەرقانداق ئۇلۇغ قۇرۇق گەپتىن ئۇستۇن تۇرىدىغان ئەڭ بىۋاسىتە، ئەڭ ئۇنۇملۇك

قوللاش، مەدەت، غۇرۇر، روھتۇر.

مەۋجۇتلۇق قوغداشقا موھتاج. ھەرقانچە شانلىق مەدەنىيەتمۇ يېتەرلىك قوغداش، كۈچلەندۈرۈشكە ئېرىشەلمىسە گۇمران بولۇپ كېتىدۇ. شانلىق مەدەنىيەت ئىزنالىرى ياراتقان مايالار، ئازتېكلار، ئىندىئانلار قېنى؟ سىگانلارنىڭ نوقۇل سەنئەتكىلا دۇم چۈشۈپ، تىلەپ ـ تېرىپ يەپ ياشىشى ئۇلارغا لاماكان سەرگەردانلىقتىن بۆلەك نېمە ئەكەلدى؟ بىلىش كېرەككى، بىر ئادەمنىڭ ئۆزىنى قوغدىشى، بىر مىللەتنىڭ ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى كۈچەيتىشى ھەرگىزمۇ مەلۇم بىر تەرەپنى تەكىتلەش بىلەنلا ئىشقا ئاشىدىغان جەريان ئەمەستۇر. شەھەرنىڭ شەرقىي قوۋۇقىنى ساقلىساق غەربىي قوۋۇقىغا ئوت كېتىپ قېلىشى تامامەن مۇمكىن. ھەم قوغدىنىش ھېچقاچان گەپ، ئۇسۇل، روھقا ئالاقىدار چىرايلىق سۆزلەر، قەلب گۈزەللىكى دېگەندەك مەۋھۇم ئىبارىلەر بىلەن بولغان ئەمەس. مۇسلىم رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شۇنداق دېگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ: «دىققەت قىلىڭلار، كۈچ ئېتىشتىدۇر؛ دىققەت قىلىڭلار، كۈچ ئېتىشتىدۇر». بۈگۈنكى ئېتىش، قوغدىنىش دەل ئەقىل، تېخنىكا، ئىقتىسادتىكى ئېتىش، ئۇرۇشتۇر. ئۇنىۋېرسال ساپادا ئاجىز ئەل مەلۇم بىر ساھەدە گۈللىنىش بىلەنلا دۇنياغا تونۇلالمايدۇ. جۇڭگو ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ بايراقدارى، بىر مىللەتنى ئويغىتىش، يۇكسەلدۈرۈشتە تەنىنى ئەمەس، ئەڭ مۇھىمى روھنى داۋالاش كېرەكلىكىنى تونۇپ يېتىپ دوختۇرلۇق ئوقۇشىنى تاشلاپ پۈتكۈل ئۆمرىنى ئەدەبىياتقا بېغىشلىغان گىگانت ئەدىب لۇشۈن ئاخىر شۇنداق خۇلاسە چىقارغانىدى: «جۇڭگو جەمئىيىتىدە مەيلى قانچىلىك زور ئىسلاھاتلار ئېلىپ بېرىلسۇن ۋە ھەتتا بۇ ئىسلاھات ئوت ياكى شەمشەر بولۇپ كەتسۇن، بەرىبىر كەن ... نېمە ئۈچۈن؟ ئەڭ چوڭ سەۋەب جۇڭگونىڭ پارتىيىۋى ئارمىيىسىنىڭ بولماسلىقىدا». ھەتتا ئۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كېيىنچە ئەدەبىياتىنىڭ بىر مىللەتنى قۇتۇلدۇرۇشتا ئۆزى ئويلىغاندەك ھەل قىلغۇچ رول ئوينىيالمايدىغانلىقىنىمۇ تەن ئالغانىدى[①]. ئۇ بىر مىللەت، بىر دۆلەتنى ۋە ئۇنىڭ مىللىي مەۋجۇتلۇقىنى ھەقىقىي مەنىدە قۇتقۇزۇپ چىقىش ئۈچۈن مەنىۋى جەھەتتىن ئويغىتىش ـ ئويغىنىشنىڭلا يېتەرلىك ئەمەسلىكىنى، ئېنىق مەقسەت ـ نىشانغا، سىياسىي پروگراممىغا ئىگە يېتەكچى كۈچ ۋە شۇنىڭ ئەتراپىغا ئۇيۇشقان مىليونلىغان جەڭچى ئەزىمەت، كۈچلۈك ھەربىي قورال، ئۇلارنى ھەممە تەرەپتىن يۆلەپ تۇرىدىغان زور ئىقتىسادىي كۈچ بولمىسا ئازادلىق، مەۋجۇتلۇق دېگەنلەرنىڭ ئەسلا مۇمكىن بولمايدىغانلىقىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتكەنىدى. ئاشۇ تەن ئېلىش، ئاشۇ تونۇپ يېتىشنىڭ كەينىدە بىر مىللەت، دۆلەتنىڭ، ئۇنىڭ ھەقىقىي مەنىدىكى گۈللەپ ـ ياشنىشىنىڭ كۆپ تەرەپلىمە ئامىللاردىن تەركىب تاپىدىغانلىقىنى چىن قەلبىدىن تەن ئېلىش بار ئىدى.

## 5

دۇنيا شىددەتلىك تۈستە يەر شارىلىشىۋاتىدۇ. يەر شارىلىشىش تۈپ نېگىزىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئىقتىسادنىڭ يەر شارىلىشىشىدۇر. دۆلەت، مىللەت چېگرىلىرىدىن ھالقىغان دۇنياۋى كۆلەملىك ئىقتىسادىي يۇغۇرۇلۇش كۈچلۈكلەر يەيدىغان يەمنى تېخىمۇ كۆپەيتىدۇ ۋە ئاجىزلار ئۇچرايدىغان بېسىم، خىرىس، كرىزىسنى كۈچەيتىۋېتىدۇ. خەلقئارا ئىقتىسادنىڭ ئەركىن بازار بويلاپ ئېقىشى سىرتنىڭ، چەت ئەللەرنىڭ تاۋار ـ مەھسۇلاتلىرىنى كەڭ كۆلەمدە ئېلىپ كىرىدۇ ـ دە، ئەقىل، تېخنىكا، سودا رىقابىتى تېخىمۇ كەسكىنلىشىدۇ. كىشىلەرنىڭ

① «20 ـ ئەسىر جۇڭگو ئەدەبىياتى تارىخى»، جۇڭشەن ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2004 ـ يىل ئاۋغۇست نەشرى 9 ـ بەت.

ئەڭ سۈپەتلىك ماللارغا بولغان تەبىئىي مايىللىقى بايلىقنىڭ ئىقتىساد، تېخنىكىدا كۈچلۈك ئەللەرگە ئېقىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. سانائىتى ئاجىز ئەللەرنىڭ ئاجىزلىقى تېخىمۇ چىڭىغا چىقىدۇ. مۇنداق كەسكىن سودا ئۇرۇشىدا ئەگەر كىشىلەردە ئۆز رايونىنىڭ سانائىتى، كارخانىلىرىغا بولغان كۈچلۈك قوللاش پوزىتسىيىسى ، ۋايىگە يەتكەن ئىقتىسادىي ئاڭ، بايلىق تەپەككۇرى بولمىسا قولىدىكى پۇل سىرتقا ئېقىپ كېتىۋېرىدۇ، كارخانا، شىركەتلىرى ۋەيران بولۇۋېرىدۇ، مەدەنىيەتنى يۆلەيدىغان تىرەك كۈنسايىن ئاجىزلىغاچقا، ئۇنىڭ سالاھىيىتىنى ئىپادىلەپ تۇرغۇچى بارلىق تەركىبلەرمۇ رەھىمسىز سودا، مەنپەئەت ئۇرۇشىدا ھامان ئاجىز، زەئىپ، خار، قالاق ھالدا قېقىندى ـ سوقۇندى بولۇپ قېلىۋېرىدۇ.

دۇنياغا قارىدىم: سانائەتلىشىش، زامانىۋىلىشىش دۇنيانىڭ ئومۇمىي يۈزلىنىشىگە ئايلانغان؛ تارىمغا، تەكلىماكان بويلىرىغا قارىدىم: كەتمەن ـ تاغار، ئېشەك ھارۋىسى بىلەن تېرىقچىلىق قىلىش تېخىچە بۇ زېمىنىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئەندىزىسىنىڭ خېلى زور قىسمىنى تەشكىل قىلىپ تۇرۇپتۇ؛ دۇنياغا سەپسالدىم: ئىقتىساد، ھوقۇق، كۈچ، نوپۇز، سالاھىيەتنىڭ قالقىنى دەپ قارىلىپ تۇرۇپتۇ؛ ۋەھالەنكى، ئۇيغۇرنىڭ خېلى كۆپ قىسىم كىشىلىرىنىڭ ئېڭىدا تېخىچە سوفىستىك دۇنيا قاراشنىڭ تاتۇقى ساقلانغان ھالدا پۇل ئىلمىنىڭ، پەزىلەتنىڭ، ئەخلاقنىڭ دۈشمىنى دەپ قارىلىپ تۇرۇپتۇ؛ دۇنيا ئەقلىلىقلەر، ئىقتىدارلىقلار پۇل تاپىدىغان زامان كەلدى، دەپ قاراپ يۈرۈپتۇ؛ بايلارنىڭ پەزىلىتىدىن گۇمانلىنىش، بايلارغا سوغۇق نەزەر بىلەن قاراش بىزدە تېخى ئومۇمىيۈزلۈك ھادىسە. دۇنياغا كۆز سالدىم: كىشىلەر پۇل، ئىقتىساد ئارقىلىق ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىدە بىلىم ئېلىۋاتىدۇ، كۈچ توپلاۋاتىدۇ، تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتىۋاتىدۇ، دۇنيانى ئەركىن ساياھەت قىلىپ ئۆزىنىڭ تەپەككۇرىنى

ئىچىۋاتىدۇ، بىلىشىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇۋاتىدۇ؛ بىز تېخى ئىش تاپالماي ئاۋارە؛ ساياھەت قىلىش، دۇنيانى كۆرۈش، دۇنياۋى يۈزلىنىشنىڭ ھەقىقىي بەشىرىسىنى تەن ئېلىپ تۇرۇپ تەپەككۇرىنى يۈكسەلدۈرۈش بىزنىڭ مۇتلەق كۆپ سانلىق كىشى ئۈچۈن ئويلاشمۇ قىيىن، مۇمكىن ئەمەس تۈيۈلىدىغان سىرلىق مۇئەمما؛ دۇنيا تاۋار ئىشلەپچىقىرىپ پۈتكۈل دۇنيادا ئايلاندۇرۇپ سېتىپ پۇل تاپىدىغان ئەقىل، تالانت ئىگىلىرىنىڭ قاپىقىغا خۇشامەت قىلىپ تۇرۇپتۇ؛ بىز ئۇششاق ئېلىپساتارلىق بىلەنمۇ يەنە تېخى دۇنيانى مەنسىتمەيمىز؛ كىشىلەر خۇسۇسىي مال ـ مۈلكى بىلەنمۇ مەلۇم بىر دۆلەتنىڭ سىياسىي تۈزۈملىرىگە تەسىر كۆرسىتىپ دۆلەت، رايون ھالقىغان سودا، بازار مونوپولىيىسىنى يۈرگۈزمەكتە؛ ئەمما، مەن دۆلەت ھالقىغان كارخانا، شىركەتلىرىمىزدىن ساناشقا قانچە بارماق چىقىرالايمەن؟ ئەڭ ئەقەللىيسى ئۈرۈمچى رايونىنىڭ ئىقتىسادىغا تەسىر كۆرسىتەلىگۈدەك كۈچلۈك كارخانا، گۇرۇھتىن قايسىسى بار؟ ئۈرۈمچىدىن بىزنىڭ كارخانىلىرىمىزنىڭ ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتۈرگەن سودا بىناسى، كارخانا، زاۋۇت بىناسىدىن نەچچىنى سانىيالايمىز؟ باشقىلار كىشى ئاڭلىسىمۇ ھاڭ قالغۇدەك بايلىقنىڭ ئىگىسى تۇرۇپمۇ يەنە ئۇن ـ تىنسىز، ھەشەمسىز، داۋراڭسىز ھالدا چۇمۇلىدەك ئۆمىلەپ ئىشلەپ تۇرۇپتۇ، كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەسكى، ئۇلارنىڭ پۇل تېپىشتىكى مەقسىتى يالغۇز ياخشى يېيىش، ئىچىش، كىيىش، راھەت ياشاش ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى قۇدرەت تېپىش، زامانىۋى مىللەتلەرگە خاس ساپا ـ سۈپەت، روھ بىلەن ياشاش ئىدى. بۇ خىل ياشاش روھى ئومۇملاشقان خەلقلەر قارىسا ھەممىسىلا ئۆزى ئۈچۈن ئىشلەۋاتقاندەك كۆرۈنىدۇ، ئەمما مۇنداق تىرىشىش، رىقابەت روھى ئۇلارنى تەبىئىي ھالدا ئېگىلمەس ـ پۈكۈلمەس توپ قىلىپ قۇرۇپ چىقاتتى ھەمدە ئۇلارنىڭ قولىدىكى خۇسۇسىي پۇل ـ

ماللار يىغىلىپ كېلىپ شۇ ئەل ـ خەلقنىڭ ئىقتىسادىنى يىمىرگىلى بولمىغۇدەك دەرىجىدە كۆچلەندۈرۈپ، مەدەنىيىتىنىڭ ھاياتلىق كۈچىنى ئاشۇراتتى. قارىدىم، بىر ئايلىق مائاشىنى يەنە بىر ئايغا ئۇلاشتۇرالماي نەچچە يەردە تاسمىسى بوشاپ كېتىدىغان مائاشلىقلىرىمىزنىڭ قانداق يەپ، قانداق كىيىپ، قانداق تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقانلىقىنى ھەممىمىز ئوبدان بىلىمىز. ئىككى نان تاپسا بىرىنى داپ چېلىش بىزدە مودا. ئاشۇ پۇل، ئىقتىسادىنى تېخىمۇ ئۇنۇملۇك، ئەھمىيەتلىك يوللارغا سەرپ قىلىش ۋە ھەتتا يەنىمۇ كۆپەيتىش كۆپىنچىمىزنىڭ خىيالىغا كىرىپ چىقمايدۇ. ئۆتكەندە مەلۇم بىر ناھىيىدە بىرنەچچە يىل يىغىلىپ قالغان ئۆستى مائاشنى تارقاتقاندا ئىككى بالىلىق بىر ئايالنىڭ 14 مىڭ يۈەنگە بىر چاپان سېتىۋالغانلىقىنى، غەزىپىگە پايلىمىغان ئېرىنىڭ شۇ بازاردىلا خوتۇنىنى ئۈچ تالاق قىلىۋەتكەنلىكىنى ئاڭلىدىم. ئىقتىسادقا نىسبەتەن مۇغەمبەرلىك، چوكچىلىق، ھاكاۋۇرلۇق قىلىش ياكى قۇلچىلىق قىلىش كۆزى دۇنيا كۆرمىگەن گادايىنىڭ ئىشىدۇر. بىز باشقىلارنىڭ مال ـ مۈلكى، ئىقتىسادى بىلەن ئۆز ئىززەت ـ نەپسىنى خارلىقتىن قوغداۋاتقانلىقى توغرۇلۇق پاراڭلارغا قۇلاق سېلىۋاتقاندا يەنە بىر ياندىن پۇلنى دەپ ئوغرىلىق، يانچۇقچىلىق ۋە ھەتتا نومۇسىنى سېتىشتەك ئىپلاس شەرمەندىلىكلەرنىمۇ ئاڭلاپ قالىمىز. ھەقىقەتەنمۇ، پۇل ـ بايلىققا بولغان خوجايىنلارچە روھ سېنى ئىككى دۇنيا ئىززەتلىك، پاك، ئۆزگەرمەس دەرىجىدە سەمىمىي قىلىدۇ. پۇلغا بولغان بىنورمال قاراش پۇلنى كۆرسىلا مۇغەمبەرلىشىپ كېتىدىغان تۇتۇرۇقسىز كىشىلەرنى ياكى پۇلنى، بايلىقنى دەپلا ۋىجدانىنىمۇ، ئىمانىنىمۇ سېتىشتىن يانمايدىغان نومۇسسىز كىشىلەرنى مەيدانغا چىقىرىدۇ.

بىر جەمئىيەتتە ئاز ساندىكى كىشىلەرنىڭ نامرات بولۇپ قېلىشى ھېچ گەپ ئەمەس، ئەمما ئومۇمىي ئاھالىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كۆپىنچىسىنىڭ نامرات بولۇپ قېلىشى پاجىئەدۇر. بىز ئىقتىسادنىڭ يۇكسىلىشى ئۈچۈن كېرەك بولغان بايلىق ئەۋزەللىكىنى رايونىمىزدىن يەتكۈچە تاپالايمىز. تۇرۇلمىنىڭ ئىمكانىيىتىمۇ بارغانسېرى كېڭىيىۋاتىدۇ. بىزدىكى ئەڭ ئاجىز بولۇۋاتقىنى دەل تېخنىكا، ئەقىل، بىلىمدۇر ۋە بايلىقنىڭ مۇھىملىقىغا بولغان ھەقىقىي، ئاڭلىق تونۇشتۇر (ھەرگىز ئۇنتۇماسلىق كېرەككى، ئىقتىساد مۇھىم دەپ قويۇپ بىكار لاغايلاپ يۈرۈش ياكى پۇل تاپسىلا ھاكاۋۇرلىشىپ كېتىش ساغلام ئىقتىسادىي ئاڭ ئەمەس).

نامراتلىق تراگېدىيىسى ئومۇمىي خەلقنىڭ ئاڭ ـ ئىدىيىسىدە ئىقتىسادقا قارىتا ئېغىر دەرىجىدە تونۇش، قاراش خاتالىقى بارلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بىز ئىقتىسادنىڭ مۇھىملىقىغا قارىتا ئېنىق ۋە كەسكىن تونۇش تۇرغۇزماي، قانداق قىلغاندا ئىقتىساد جەھەتتە يۇكسەلگىلى بولىدىغانلىقىنى ئايدىڭلاشتۇرماي تۇرۇپ نامراتلىقتىن قۇتۇلالمايمىز. ئىدىيىمىزدىكى تەرەققىياتقا توسقۇنلۇق قىلىدىغان بارلىق قالايمىقان بىلجىرلاش، جۆيلۈشلەرنى چۆرۈۋەتمەي تۇرۇپ ئەقىلنىمۇ، ئىقتىسادنىمۇ، تېخنىكىنىمۇ تاپالمايمىز. لۇشۇننىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا: «يۇكسىلەيلى، خاتىرجەم ياشايلى دەيدىكەنمىز، ‹گىرەلىشىپ كەتكەن ئىدىيە› لەرنى تۈپ يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلىشىمىز كېرەك. ئۇنداق بولمايدىكەن، دۇنيا كەڭ بولسىمۇ، تېگىرقاپ قالغان خەلق ئاخىر ئۆزىنى سىغدۇرغۇدەك يەرمۇ تاپالماي قالىدۇ».

※ ※ ※

دېگەنلىرىم ماددىي مەنپەئەتنىڭ رولىنى ھەددىدىن ئاشۇرۇپ تەرغىب قىلىشمۇ؟ ياق. مەن مەنىۋىيەتنىڭ سۆزۈك دۇنياسىنىڭ

كامالىتىنى پۈتكۈل ئىشق - ۋۇجۇدى بىلەن كۈيلىگۈچىلەردىن. ۋەھالەنكى، كامالەت ھېچقاچان يالغۇز روھتىنلا تەركىب تاپقان ئەمەس، سۈزۈۈكلۈكنىڭ ئۆزىلا ھەممە تەركىبىنىڭ تولۇق بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. بىر ئەلدە مەنىۋى يۈكسەكلىكنى تەرغىب قىلىدىغان كىشىلەرمۇ، ماددىي كاپالەت ئۈچۈن جان تىكىپ كۈرەش قىلىدىغان كىشىلەرمۇ لايىقىدا بولۇشى كېرەك ھەم بۇ ئىككىسى بىر - بىرىنى چەتكە قاقماستىن قان بىلەن گۆشتەك مەھكەم بىرلىك ھاسىل قىلىشى كېرەك. ھەممىلا ئادەم روھ تەرغىباتچىلىرىغا ئايلىنىپ كەتسە، بۇنداق جەمئىيەتتىن ئاجىز، يىغلاڭغۇ ئىنجىق، قۇرۇق غايە - سەپسەتىدىن بۆلەك جانلىق، جۇشقۇن گۈللىنىش مەنزىرىسى بارلىققا كېلەلمەيدۇ. شۇڭىمۇ مېنىڭ ئىقتىسادتىن ئىبارەت بۇ مۇھىم تېما ئۈستىدە شۇنچە زورۇقۇپ توختالغۇم كەلدى. مەن بىزدىكى تولىمۇ كەم ئاشۇ نەرسە ئارقىلىق ئۆزىمىزنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى قوغداپ ھەقىقىي ئادەمدەك غۇرۇر، قىممەت تۇيغۇسىدا ياشىشىمىزنى تولىمۇ ئۈمىد قىلىمەن ۋە ئۆزىمىزگە نىسبەتەن كاتتا - چوڭ، ئەمما كىملەرنىڭدۇر نەزىرىدە ئەرزىمەس، پەس كىشىلەردىن بولۇپ قېلىشتىن سېغىنىپ پاناھلىق تىلەيمەن !

2007 - يىل 27 - فېۋرال، ئۈرۈمچى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

# بىز قەيەرگە بارماقچى

يېقىنىدىن بېرى شۇنداق سوئاللار ھەققىدە تولا ئويلىنىدىغان بولۇپ قالدىم: نەدىن كەلدىم؟ نەگە بارىمەن؟ قانداق كەلدىم؟ قانداق بارىمەن؟... بۇ سوئاللارنىڭ باش ـ ئاخىرى ئۇدۇللا بېرىپ مېنىڭ ھاياتلىق نىشانىم، غايەم ـ ئېتىقادىمغا بېرىپ تاقىلاتتى ۋە مېنى تەگسىز ئويلارغا سالاتتى ھەمدە يېڭىدىن ـ يېڭى سوئال گىردابلىرىغا سۆرەيتتى: مېنىڭ ھاياتلىق نىشانىم زادى نېمە؟ مەن كىم، قانداق ئادەم، نېمە ئىش قىلىدىغان ئادەم بولماقچى؟ بۇنىڭ ئۈچۈن نېمە قىلىشىم، نېمىلەرنى بىلىشىم، نېمىلەرنى قىلماسلىقىم، قايسى خىل ئۇسۇل ـ چارىلەر بىلەن ئۆز مەقسىتىمگە يېتىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشىم كېرەك؟

ئويلىغانسېرى كاللام خام قاپاقتەك كورۇڭشىپ كېتەتتى. ئۆزۈمنى قانائەتلەندۈرگۈدەك ئېنىق بىر جاۋاب، يېشىم، خۇلاسىگە كېلەلمەي قىينىلاتتىم ھەم ئاچچىقىم كېلەتتى. ئۆمۈر ھاياتىنىڭ خېلى زور بىر قىسمىنى بېسىپ بولغان مەندەك بىر ئادەمنىڭ ھازىرغىچە نېمە ئۈچۈن، قانداق نىشان، مەقسەتنى بويلاپ ياشاش مەسىلىسىنى ئېنىق ئايرىپ ۋە شۇ بويىچە كەسكىن يول تۇتۇپ ماڭالماسلىقى ئەجەبا ئېچىنارلىق ئىش ئەمەسمۇ؟ مەن ياشاپ بولغان 25 يىل نېمىگە ھېساب؟ شۇنچە يىل مەنزىلسىز، نىشانسىز، غايىسىز يول مېڭىش ـ ھە؟! توغرا، يامان ـ ھارام يوللاردىن ئامالىنىڭ بارىچە ئۆزۈمنى تارتىشقا تىرىشىپ كەلدىم.

مۇقىم خىزمەت ئورنۇم، مېنى ھەر جەھەتتىن خاتىرجەم قىلىدىغان ئائىلەم بار. ئەمما، يامان يوللاردا ماڭماسلىقنىڭ ئۆزىلا ھاياتتىكى بىردىنبىر مەنمۇ؟ مۇقىم، خاتىرجەم تۇرمۇشقا ئېرىشىشلا بىر ئادەمنىڭ مەڭگۈلۈك ئىنتىلىشى ۋە كۈرەش نىشانى بولۇشى كېرەكمۇ؟ يا كىشىگە تۇزۇك ياخشىلىق يەتكۈزەلمەي، يا بىرەرىنىڭ دىلىغا ئازار بەرمەي لاي سۇدەك ئېزىلىپ خاراموشلارچە كۈن ئۆتكۈزۈشنى دۇرۇس، مەنىلىك ھايات دېگىلى بولمايتتى.

كۆلگۈم، يىغلىغۇم تەڭلا كەلدى. ئەمما، بۇ كۈلىدىغانمۇ، يىغلايدىغانمۇ ئىش ئەمەس، كەسكىن ئايرىيدىغان، قەتئىيلىك بىلەن بىر تەرەپ قىلىپ ئېنىق يول تۇتۇپ ماڭىدىغان ھەممىدىن مۇھىم ئىش ئىدى. مەنزىلسىز كارۋان، ماياكسىز پاراخوت پايانسىز يوقلۇق ئىچىدە تېنەپ ـ تەمتىرەپ، خالىغان، ئۆزى توغرا دەپ پەرەز قىلغان نائېنىق بىر يۆنىلىشكە يول سالىدۇ. بۇنداق نائېنىق تەۋەككۈلچىلىك ئىچىدە ئۇ ھەرىكىتىنى، يۇرۇشنى تەرتىپكە، ئىزغا سالىدىغان بارلىق نىشان، ئۆلچەم ـ قېلىپلاردىن ئايرىلىپ قالىدۇ ـ دە، ياكى ھالاك بولىدۇ، ياكى يەنە شۇ نىشانسىز ھالدا ئۆزى ئۇخلىسا خىيالىغىمۇ كىرىپ باقمايدىغان نامەلۇم دوقاللارغا ئۇچراپ قالىدۇ. دېمەككى، ئۇنىڭدا بارى ـ يوقى «يا ئۆلۈم، يا كۆرۈم»دىن ئىبارەت قارام تەۋەككۈلچىلىك. ئويلاپ باقسام، مەنمۇ ئۆمرۈمنىڭ ياشاپ بولغان قىسمىنى قارام تەۋەككۈلچىلىك بىلەن بېسىپ كەپتىمەن. باشقىلار توغرا، ياخشى دەپ قارىغان ۋە ئۆزۈم قىزىققانلىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى قىلىپ بېقىپتىمەن. دېمەككى، باسقان ھاياتىم ئۆز نىشانىم، غايەم ـ ئېتىقادىم بىلەن ئەمەس، تولىمۇ غۇۋا،ساددا قىزىقىش ـ ئىستەكلەر بىلەن تولۇپتۇ. بۇنداق نىشانسىز، غايىسىز ھالدا ئۆتۈۋېرىشكە بولمايتتى. ھاياتنى ئەمدى بولسىمۇ قېلىپقا سېلىش كېرەك ئىدى. ئوغۇل بالىنىڭ نېمىدەپ سۈننەتنى، خەتنىسىنى قىلىدۇ؟ ساغلام، قاۋۇل ئەر بولسۇن،

يىگىت، باھادىر ئەزىمەت بولسۇن دەپ! يىگىتلىك، باھادىرلىك ئاش يەپ، بالا تېپىپ، ئوتۇن يېرىپ، سۇ توشۇپ يۇرۇشتىلا بولامدۇ؟ «يىگىت» سۆزىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى مەنىسى جەڭچى بولاتتىكەن. ئاتار نىشانى، يېتەر مەنزىلى بولمىغان جەڭچىنى جەڭچى دېگىلى بولامدۇ؟

مەن ئۆزىنى خېلى ـ خېلى ئادەملەرگە تەڭ قىلماي يۇرىدىغان زامانىمىز تەنتەك ياشلىرىنىڭ بىرى ئىدىم. ئەمدىكى بۇ ئۆي ـ بۇ كويلىرىم مېنى توساتتىنلا قارا يەرگە تاشلىدى. ئەتراپىمغا باقتىم. ئادەملەر كۆرمىدىڭ. ھەممىسى ئۆز ئىشلىرى بىلەن ھەلەك. خىيالىلار تالاي... ئەمما، تازا ئىنچىكىلەپ قارىسام، مەنزىلى، بارار نىشانى ئېنىق، ئىش ئەمەللىرى ئۆز نىشانىغا ماسلاشقان، ئۇيغۇنلاشقانلىرى ئىنتايىن ـ ئىنتايىن ئاز. تەن ئالدىم: ھەممىمىز شامالنىڭ چىقىشى، سۇنىڭ ئېقىشى، كۈننىڭ پېتىشى، چۆپنىڭ يېتىشى دېگەن پەدىدە جاھانغا بېقىپ ياشاپ بۇگۈنگە كەپتىمىز. خىزمەت ۋاقتى توشسا، ئۆيگە بارساق، ئىش ئورنىمىزدىن قالمىساق، بالىلىرىمىز خىزمەتكە ئورۇنلىشالىسا، بۇزۇلۇپ كەتمىسە، مائاشىمىزنى تۇتۇۋالماي تولۇق بەرسە... مانا بۇلار بىزنىڭ ئەڭ چوڭ باش ئاغرىقلىرىمىز، ھەل قىلىدىغان ئىشلىرىمىز. مۇشۇلار ھەل بولسىلا بىزدىن خۇشال، بىزدىن يوغان ئادەم يوق. دېمەككى، بىزنىڭ جان تىكىپ كۈرەش قىلىدىغىنىمىز تۇرمۇشنىڭ ئەڭ ئاددىي ئېھتىياجلىرىغا ئايلىنىپ قالغانىدى. ئەتراپىمغا قاراپ قورساقتىن، مائاشتىن، خىزمەتتىن ئۆزگە غېمى، ئىنتىلىشى يوق ئادەملەرنىڭ تولۇپ ياتقىنىنى كۆردۈم ـ دە، تېخىمۇ ئېغىر جىمىپ قالدىم. ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزمۇ مۇشۇنداق تەۋەككۇل دەپلا ياشاپ كەپتۇ. كۈن چىقسا، دېمەك يوتقاندىن چىقىپ ئىشلەش كېرەك، دەپ بىلىپتۇ، قورسىقى ئاچقانلىقى سەۋەبلىك ئىشلەپتۇ، قورسىقى تويسا شۈكۈر ھەمدۇسانانى چوڭقۇر ئوقۇپ قويۇپ ئېغىزىنى تامشىپ يۇرۇۋېرىپتۇ. بۇگۈن ئەتراپىمىزمۇ غايىسىز ئادەملەرگە لىق

تولۇپتۇ. مەندىن كىچىكلەردىنلا ئەمەس، مەندىن چوڭ، ئاقىل، پىشقەدەم، ئاقساقاللىرىمىزدىنمۇ ھازىرغا قەدەر نېمە ئۈچۈن، قانداق ياشاپ كەلگىنىنى بىلمەيلا ھاسىغا چۆشۈپ، ساقىلى يەرگە تېگەي دەپ قالغانلىرى كۆرمىڭ ئىدى. مەن بۇ ئېچىنىشلىق ھالنى ئۆزۈمچە دەۋرلەشكەن غايىسىزلىق دەۋالدىم ۋە يەنە غايە ـ نىشان ھەققىدىكى تەگسىز ئوي ـ خىياللىرىمغا پاتتىم.

تولستوي: «غايە قۇتۇپ يۇلتۇزىدۇر، ئۇنىڭسىز ئېنىق بىر يولنى تېپىش قىيىن. ئېنىق يول بولمىسا، ھاياتمۇ بولمايدۇ» دېگەنىكەن. ئايانماي، كېسىپ ئېيتالايمىزكى، ياشاۋاتقان تىرىكلىرىمىزنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكىدە قانداق ياشاش، قانداق ئادەم بولۇش توغرۇلۇق ئېنىق نىشان، مەقسەت يوق. بۇنداق غايىسىزلىك بىزنىڭ ھاياتلىق ئىقتىدارىمىز ۋە ئېنېرگىيىمىزنى بىھۇدە خورىتىپ بېرىۋاتقان ئەڭ ئەجەللىك ئاجىزلىقتۇر. ئادەم مەقسەت، نىشانى، غايىسى ئارقىلىقلا قانداق ئادەم بولۇش، نېمىلەرنى قىلىش، نېمىلەرنى قىلماسلىق مەسىلىسىنى ھەل قىلىدۇ ۋە ئۆز مەقسەت ـ نىشانىغا ئۇيغۇن چارە ـ تەدبىرلەر بىلەن شۇنى بويلاپ ئالغا باسىدۇ. غايە ـ نىشان ھاياتلىق مەنزىلىنى يورۇتۇپ تۇرغۇچى چىراغ. چىراغنىڭ بولماسلىقى يولۇچىنى تۇيۇق يوللارغا باشلايدۇ، ھالاك ـ گۆرلەرگە تاشلايدۇ. «بەلگىسىز يوللاردا ئېغىزى ـ بۇرنى قان» (يالقۇن روزى) ھالدا كېلىۋاتقىنى دەل غايە ـ ئېتىقادسىز غەپلەت باسقان ئىنسانىدۇر. ئادەمدىكى غايە كىشىنىڭ ھەربىر ھەرىكەت، ئىش ـ ئەمەلىنى سوتلاپ، تەڭشەپ تۇرىدۇ، كىشىگە يولدىن ئاداشماسلىق ھەققىدە تىنماي سىگنال بېرىپ تۇرىدۇ. غايىسىزلىك ھاياتنى بىردەمدىلا ھالاك قىلىۋەتمەيدۇ، ئەمما كىشىنىڭ ۋاقتى، زېھنى، كۈچى، مېلىنى بىھۇدە خورىتىپ ئاستا ـ ئاستا كاردىن چىقىرىۋېتىدۇ. ھاياتلىق نىشانى غۇۋا كىشىنىڭ ياشاش پائالىيىتى مەقسەتسىزلىشىپ، ئۆلچەمسىزلىشىپ كېتىدۇ. سەن نېمە ئۈچۈن

تىرىشىپ، نېمە ئۈچۈن جان بېرىۋاتقىنىنى، قىلىۋاتقان ئىشىنىڭ نېمىگە پايدىلىق، نېمىگە زىيانلىق ئىكەنلىكىنىمۇ ئويلاپ قويمىغۇدەك دەرىجىدە بىخۇد، بىغەملىشىپ كېتىسەن، نىشانسىز ئادەمدە قورساق، كۆڭۈل توختۇۋۇشتىن بۆلەك ئارتۇق ئىنتىلىش بولمايدۇ. ئۇلار نامەلۇم كۈچ ئۈچۈن ئىشلەيدۇ، ئېشەكتەك ھېرىپ - چارچاپ كېتىدۇ. ئەمما، تۇتامغا چىققۇدەك ھېچبىر ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقالمايدۇ. ئۇنىمۇ، بۇنىمۇ قىلىپ باقىدۇ، ئەمما ئىشىدا بەرىكەت بولمايدۇ، مەنە قالمايدۇ. بىزنىڭ جەمئىيىتىمىز مۇنداق نىشانسىز يورغىلاۋاتقان، چېپىۋاتقان، ئىشلىرى قالايمىقان، مەقسەتسىز، ئاستا - ئاستا كاردىن چىقىۋاتقان بەندىلەرگە راستىنلا لىق تولماقتا.

ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتى بىر قېتىم ئوقۇش پۈتكۈزۈش ئالدىدا تۇرغان بىر تۈركۈم ئوقۇغۇچىلارغا قارىتا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. نەتىجىدە 27% ئوقۇغۇچىنىڭ ھېچقانداق ياشاش نىشانى يوق، 60% ئوقۇغۇچىنىڭ نىشانى غۇۋا، 10% ئوقۇغۇچىنىڭ ئېنىق، ئەمما قىسقا مۇددەتلىك نىشانى بار، 3% ئوقۇغۇچىنىڭ ئېنىق ۋە مەڭگۈلۈك نىشانى بار چىققان. دېمەككى، 87% ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى نىشانسىز، غايىسىز، مەقسەتسىز ئۆگىنىۋاتىدۇ، كۆڭۈل ئۆتكۈزۈۋاتىدۇ، دېگەن گەپ. ئەگەر بۇ تەكشۈرۈش جەمئىيەتتە تېرىكچىلىك قىلىۋاتقانلار ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلسا بۇ نىسبەتنىڭ تېخىمۇ يۇقىرى چىقىدىغانلىقىغا گەپ كەتمەيدۇ. دېمەككى، 90% كە يېقىن ئادەم مەقسەتسىز لاغايلاپ، ئۈچرىغان ياكى باشقىلار بۇيرۇغان ئىشلارنى ئالۋان ھېسابىدا قىلىپ كۈن ئۆتكۈزۈۋاتىدۇ، دېگەن گەپ. ئەگەر بۇ تەكشۈرۈش بىزنىڭ جەمئىيىتىمىزدە، بىزنىڭ كىشىلىرىمىز ئارىسىدا ئېلىپ بېرىلىپ، سەمىمىي، راستچىل جاۋابقا ئېرىشكىلى بولىدىغان بولسا (مەن ئاشۇ مەقسەت - نىشانسىز ئادەملەرنىڭ سەمىمىيلىك بىلەن جاۋاب بېرىشىدىن

ھەقىقەتەن گۇمانلىنىمەن. چۈنكى، غايە ـ ئېتىقادسىز ئادەملەر ئەڭ كاززاپ كېلىدۇ)، بۇ نىسبەت بىزدە قانچىلىك چىقىشى مۇمكىن. كۆز بويامچىلىق بىلەن ئەپلەپ ـ سەپلەپ جان باقىدىغانلار، شەكىلۋاز جان باقتىلار جەمئىيىتىمىزنىڭ ئېكولوگىيىسىنى غىق ـ غىق قۇستۇرۇپ تۇرۇۋاتامدۇ؟

ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتى يۇقىرىقى تەكشۈرۈش ئوبيېكتلىرىغا قارىتا 25 يىلدىن كېيىن يەنە بىر قېتىم ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ ھەيران قالارلىق مۇنداق پاكىتنى بايقىغان:

ئېنىق، مەڭگۈلۈك نىشانغا ئىگە 3% ئادەم ئۆز نىشانى ئۈچۈن ئۈزلۈكسىز تىرىشقان ۋە ھەممىسىلا جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى قاتلىمىدىكى غالىب كۈچلەرگە، كەسىپىي رەھبەرلەرگە، ئىجتىمائىي نوپۇز ئىگىلىرىگە ئايلانغان؛

ئېنىق، قىسقا مۇددەتلىك نىشانغا ئىگە 10% ئادەم داۋاملىق تىرىشىش ئارقىلىق ھەرقايسى ساھەلەردىكى كەسپىي ئەربابلارغا، جەمئىيەتنىڭ ئوتتۇرا قاتلام كىشىلىرىگە ئايلانغان؛

نىشانى غۇۋا 60% ئادەم مۇقىم خىزمەت ۋە تۇرمۇشقا ئېرىشكەن، ئەمما ھېچقانداق ئالاھىدە نەتىجە قازىنالمىغان؛

ھېچقانداق تۇرمۇش نىشانى يوق 27% ئادەم ناھايىتى مەنىسىز تۇرمۇش كەچۈرگەن، ھەدېسىلا باشقىلاردىن، جەمئىيەتتىن ئۆزىگە پۇرسەت، شارائىت يارىتىپ بەرمىگەن دۇنيادىن ئاغرىنىپ، قاقشاپ، زارلاپلا ئۆتكەن.

ئويلاپ باقايلى: سىز، بىز قانداقراق ئۆتۈۋاتىمىز؟ قانداقراق ياشاۋاتىمىز؟ بۇ پەرقلەردىن شۇنى ناھايىتى ئېنىق كۆرۈۋالالايمىزكى، غايە ـ نىشان بىر ئادەمنىڭ ھاياتى ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدىغان قۇياش، يۇلتۇز بىلەن باراۋەردۇر. قۇياشسىز كۈن، يۇلتۇزسىز تۈنلەردە تىمىسقىلاپ، ئۇيان ـ بۇيان ئۇسۇپ ـ دوقۇرۇپ، ئىنجىقلاپ، زارلاپ ئۆتمەي باشقا ئامال يوق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

غالىبلار دەل نىشان ـ مەقسىتى ئېنىق ۋە شۇنىڭ ئۈچۈن باشتىن ـ ئاخىر تەۋرەنمەي كۈرەش قىلالايدىغانلاردىن چىقىدۇ. مەقسەت ـ نىشانى نائېنىق ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن بەدەل تۆلەشكە جېنى ئاغرىيدىغان لاتا بەللەردىن مەدىكار، تىلەمچى چىقسا چىقىدۇكى، غالىب خوجىلار ھەرگىز چىقمايدۇ. ئەمما ئۇنتۇماڭ، غايە ـ ئېتىقاد باشقىلار ھەدىيە قىلىدىغان سەدىقە ئەمەس، ئۆز قىزىقىشىڭىزنى، ئىقتىدارىڭىز، دۇنيا قارىشىڭىزغا ئاساسەن ئۆزىڭىز تىكلەپ ـ تۇرغۇزىدىغان، ساقلايدىغان، قوغداپ كۈرەش قىلىدىغان مۇقەددەس مەشئەل. بۇ مەشئەلگە ئوت ياقالىغان ۋە ئۆچۈرۈۋەتمەي ساقلىيالىغانلارلا ئۇنىڭ ھاياتبەخش يارقىن يورۇقىدا دىلىنى يۇيۇپ، يولىنى يورۇتالايدۇ.

بىر نىشاننىڭ تۇرغۇزۇلۇشى بىر ھاياتنىڭ ئىمانغا كىرىشىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. سەن نىشان ئۈستىدە ئىزدىنىش جەريانىدا جەزمەن جاۋاب بېرىشكە تېگىشلىك نۇرغۇن سوئاللارغا دۇچ كېلىسەن. سەن كىم، قانداق ئادەم بولماقچى؟ نېمە ئىش قىلماقچى؟ نېمە ئىش قولۇڭدىن كېلىدۇ؟ دەۋر ۋە مۇھىت ساڭا قانچىلىك ئىمكان بېرىدۇ؟ ئائىلەڭ، سەن ياشاۋاتقان كونكرېت مۇھىتچۇ؟ ئۆز نىشانىڭ ئۈچۈن تۈزگەن كونكرېت پىلانىڭ قانداق؟ بۇنىڭ ئۈچۈن يىلدا، ئايدا، ھەپتىدە، ھەربىر كۈندە قانچىلىك ئىش قىلىشىڭ كېرەك؟ بۇ سوئاللار سېنىڭ روھىڭنى سەگىتىدۇ ۋە ئۆز نىشانىڭ ئۈچۈن نېمە قىلىش، نېمە قىلماسلىق كېرەكلىكى، نېمىنى ئالدى بىلەن، جەزمەن بېجىرىش كېرەكلىكىنى، نېمىنى قىلماسلىق، تاشلىۋېتىش كېرەكلىكى توغرۇلۇق ئۆلچەم، نىشان بېرىدۇ. سەن ئىشلىرىڭنى شۇ بويىچە تەرتىپكە سېلىپ مېڭىشقا باشلايسەن. ئەمەلىيەتتىمۇ، دانىشمەنلىك، ئاقىلانىلىك نېمىنى قىلىش ئەمەس، دەل نېمىنى بالدۇر، نېمىنى كېيىن قىلىشنى بىلىشتىن ئىبارەت. مۇھىم ۋە ئەھمىيەتسىز ئىشلارنىڭ ئېنىق ئايرىلىشى سېنىڭ زېھنىڭ،

ۋاقتىڭ، مېلىڭ، كۈچۈڭنىڭ ئەھمىيەتسىز ئىشلارغا سەرپ قىلىنىشىنى زور دەرىجىدە ئازايتىدۇ. پۈتۈن زېھنىڭنى ئۆز نىشانىڭغا مەركەزلەشتۈرەلەيسەن ـ دە، بىراۋ ھەيدىمىسىمۇ ئۆز ئىشىڭ ئۈچۈن ئاكتىپ ئىنتىلىش ھالىتىدە تۇرىسەن. ئەگەر جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ھەممىسىدە مۇشۇ خىل نىشان ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۈن ـ تىنسىز، جان تىكىپ كۈرەش قىلىش روھى شەكىللىنىدىكەن، بۇنداق جەمئىيەتنىڭ ھاۋاسىدىن جۇشقۇنلۇق، بەرىكەت، شادلىق، ئىناقلىق سادالىرى ئۈزۈلمەي ياڭراپ تۇرىدۇ. نۇرغۇنلىرىمىزدا تالانت، ئىقتىدار بار. ئەمما، توغرا نىشان ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن ئايانماي جان بېرەلەيدىغان، ۋاقتى كەلگەندە ۋاز كېچەلەيدىغان جۈرئەت، چىدامچانلىق يوق. شۇ سەۋەبلىك بەزى كەم تېپىلىدىغان تالانت ئىگىلىرى مەڭگۈ مۇنەۋۋەر ياللانما خادىم، مەدىكار بولىدۇكى، خوجايىن، دىرېكتور بولالمايدۇ. بەزىلەر ئۆز خوجايىنىنىڭ دۆت ـ كالۋالىقىدىن توختىماي قاقشاپ، زارلايدىيۇ، يەنە شۇنىڭغا بىر ئۆمۈر قۇل بولۇپ خارلىقتا ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئۆز نىشانى ئۈچۈن نېمە قىلىش، نېمە قىلماسلىقنى ئايدىڭلاشتۇرالماسلىق ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن كەسكىن يول تۇتالماسلىق زامانىمىز تالانتلىقلىرىدىكى ئېغىر مەنىۋى تراگېدىيە.

سىز، بىز قانداق قىلارمىز؟ قايسى مەقسەت، قايسى غايە ـ ئېتىقاد ئۈچۈن جان بېرەرمىز؟ ياكى يەنە شۇ مەقسەت ـ نىشانسىز لەيلىۋەشتەك لەيلەپ يۈرۈپ كۈننى كەچ قىلارمىزمۇ؟ ئىدارىدە ھۆكۈمەتنى، ئۆيدە ئۆزىمىزنى، بالا ـ چاقىلىرىمىزنى، باھانە ـ سەۋەبتە خۇدانى ئالداپ ئۆتۈۋېرەرمىزمۇ؟

ئاڭلىسام، ئىلىم ـ ئىمان ئىزدەشتە كېچىكىش يوقمىش. نىشان تۇرغۇزۇش ھەقىقىي ھاياتقا قەدەم بېسىشنىڭ تۇنجى قەدىمى. پۈتكۈل يەر شارىدا زەنجىرسىمان سېتىش لىنىيىسى شەكىللەندۈرگەن كىنتاكى يەرلىك توخۇ دۇكانلىرىنىڭ

بەرپاچىسى خوللاند. سەندىس 88 يېشىدا نىشان تۇرغۇزۇپ، تۇنجى قېتىملىق سۇغۇرتا ياردەم پۇلى بولغان 105 دوللار بىلەن ئىش باشلاپ مۇۋەپپەقىيەت قازانغانىكەن، سىز، بىز تېخى ئۇ ياشتا ئەمەسمىز. تەۋەككۈلگە تولغان هاياتلىق مەنتىقىمىزنى چۆرۈپ تاشلاپ، قەيەرگە، قانداق بېرىش هەققىدە دادىل ئىزدىنىپ باقايلى ۋە شۇ يولدا قەتئىي ئاداشماي كۈرەش قىلىپ باقايلى. ئىزدەنگۈچىلەرگە بەخشەندە قىلىنۇۋېتىلگەن بەرىكەت، هېكمەت، سائادەت نۇرلىرىنى نىمجانلاشقان، لايغەزەللەشكەن، غايىسىز، خۇنۇك گەۋدىمىزدە كۆرۈپ قالساق ئەجەب ئەمەس.

2006 ـ يىل 10 ـ فېۋرال، قاراقاش ـ ياۋا.

# داستىخان

## 1

قورساق ئاچتى. بەندىمىز، نەپسىمىز بىزنى ھەر مىنۇت، ھەر دەم ئاللىقاياقلارغا، ئاللىقانداق نېمەتلەرنىڭ ھۇزۇر - ھالاۋىتىگە سۆرەپ تۇرىدۇ. ئاجىزمىز. ئادەم ئەلەيھىسسالام چەكسىز مەرھەمەت ۋە مىسلىسىز ئاسايىشلىقلارنىڭ ئىچىدە تۇرۇپمۇ نەپسى بالانىڭ ئازدۇرغۇچى سۆرەش كۈچىدىن ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىغانىدى ... ئۇنىڭ بۈيۈكلۈك ۋە ئاجىزلىق، ئەزىزلىك ۋە خارلىق يۇغۇرۇلغان جىسمى - ۋۇجۇدىغا ئىنسانىي ئەزەلىيەتنىڭ تامغىسى بېسىلىپ كەتتى ...

قورساق، نەپس، ئاچلىققا قانداق مۇئامىلە قىلىش بىر ئىنساننىڭ ياكى مەلۇم بىر توپنىڭ ھاياتلىق دىئالېكتىكىسىدىن ئۇچۇر بېرىپ تۇرىدۇ.

قورساق ئاچتى. ئۇ توختىماي ئېچىپ تۇرىدۇ. تېگى يوق ھاڭدەك يېسە - يېسە تويمايدۇ. ھازىر يېسەك كېيىنىدىنلا داخور كالىدەك كاركىراپ دۇمباق چالىدۇ ... باتۇرنىڭمۇ ئاچىدۇ، قورقۇنچاقنىڭمۇ ئاچىدۇ؛ رەئىسنىڭمۇ ئاچىدۇ، پۇقرانىڭمۇ؛ غەنى - باينىڭمۇ، تىلەمچى - سائىلنىڭمۇ؛ قەھرىماننىڭمۇ، مۇناپىقنىڭمۇ ... ھەممىسىنىڭ قورسىقى ئاچىدۇ. ھېچكىم تېخى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قورساق ئاچۇرمايدىغان يېمەك ـ غىزانى ئىشلەپچىقىرالىغىنى يوق ھەم ئىشلەپ چىقالمايدۇ. قۇربى يەتمەيدىغان، تەن ئېلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى تەن ئېلىپ، غەيىبى قۇدرەت ـ قانۇنىيەت ئالدىدا باش ئېگىشمۇ بىر خىل سەمىمىيلىك ۋە پەزىلەتتۇر.

مەن باش ئەگكۈچىمەن. قورسىقىم ئېچىپ تۇرىدۇ. تالانتلىق يازغۇچىمىز ئەختەم ئۆمەر چېغىدا قورسىقى ئاچسا چىدىيالماي يىغلاپ سالىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئۇنىڭغا قارىغاندا چىدام ۋە تاقەتتە نەچچە ھەسسە ئاجىز مەندەك شۇمتەكنىڭ ھالىغا مىڭ ۋاي. مەن ئاجىزلىقنى تەن ئېلىپ تىك ياشىغۇچىمەن. قورسىقىم ئاچتى، ئاچقان ئىكەن بۇ بالايى ئەزىمنى تولدۇرماي مۇمكىن ئەمەس... قورساق... يۈگۈر نۇرمۇھەممەد، ئۇنى تويدۇر، نېسىۋىسنى بەر...

— قوللىرىنى يۇيۇۋالسىلا...

چۆچۈپ توختاپ قالدىم ۋە سىلكىنىپ ئېسىمگە كەلدىم. ئاچلىقنىڭ يامانلىقى كۆزنى قارىغۇ، ئەقىلنى گال قىلغانىدى. مۇزدەك سوغۇق، شىپشىدەك سۈزۈك سۇ ئەقىل ـ ھوشىنى يوقاتقان سەزگۈلىرىمنى جانلاندۇردى. مەن قولۇمغا شىرقىراپ چۈشۈۋاتقان سۇغا تىكىلگىنىمچە نەپسىنىڭ كەينىگە يوشۇرۇنغان ۋەھدەتلەرنى ئاختۇرۇشقا كىرىشتىم. بۇ يەردە ئاددىي، ئەمما تەپەككۇر قىلغۇچى ئىنسانغا ئاجايىپ ھېكمەتلەرنى ئاشكارا قىلغۇچى ھېكمەتلەر يوشۇرۇنۇپ ياتقاندەك قىلاتتى..

## 2

قورساق ئاچتى.

بۇ، دەپ يۈرگۈدەك ئىشمۇ؟ ئۇنىڭ ئېچىشى تۇنجى قېتىملىق ياكى بىر مەندىلا ئايان بولغان ئىش ئەمەس. ھەممە ئادەمنىڭ ئاچىدۇ، كۈندە ئۈچ قېتىم... ياق، ئۈچ قېتىملا ئەمەس، بەزىدە

نەچچە ـ نەچچە قېتىم... ئۇنىڭ كۆندە قانچە قېتىم ۋە قانداق ئېچىشى سىنىڭ ئۇنى قانداق تويغۇزۇشۇڭغا باغلىق، ئۇنى تويغۇزالامسەن؟... قورساقتا بۇيۇك دىئالېكتىك دىئالوگدىن بىرى مەۋجۇت.

— سەن ئاجىزسەن، بەكلا ئاجىز بىر ئىنسانسەن.

— ياق، مەن كۆللى كائىناتنىڭ ئەڭ ئەزىز ۋە كاتتا سەمەرىسى بولمىش ئىنسانمەن، ئاسمان ـ زېمىن بىز ئۈچۈن باش ئۇرغان.

— ئاسمان ـ زېمىن باش ئۇرغان ئادەم سەن ئەمەسسەن.

— بەلكىم...

— قورساق ئۈچۈن تىزلانغان كىشىگە دالىدىكى گىياھمۇ باش ئەگمەيدۇ.

— مەن قورساق ئۈچۈن ئەمەس، ياشاش ئۈچۈن تىزلاندىم.

— سىنىڭ ياشىشىڭ قورساق ئۈچۈنمۇ؟

— ئۇلۇغ گەپلەردىن كۆرە راست گېپىم شۇلدۇركى، بۇ سوئالىڭنىڭ يېرىمىغا «ھەئە»، يېرىمىغا «ياق» دەپ جاۋاب بېرىمەن.

— خۇمپەرلىك قىلما، ئىنسان.

— قورساق — نەپس مەن ئۈچۈن سىناقتۇر. ئۇنىڭ يېرىمى مېنى تىنىمسىز ھالدا قوترىتىپ تۇرغۇچى شەيتانىنىڭ ئۇۋىسى. ئۇنىڭ ئېپلاسلىقى مېنى ئاچ كۆزلۈك، پەسكەشلىك، سۇخەنچىلىككە، ئىشرەتخورلۇققا ئۈندەيدۇ ۋە مېنى تىزلىنىپ باش ئېگىشكە زورلايدۇ. يېرىمى مېنى ئىلاھى بىرلىك تامان يۈزلىنىشكە ئۈندىگۈچى پەرىشتە ئوردىسى. ئۇ مېنى شۈكۈر، تاقەت، غەيرەت، مېھرىبانلىق ۋە رەھمەت تۇيغۇسىغا يېتەكلەيدۇ ۋە ئوخشاشلا مېنى تىزلىنىپ باش ئېگىشكە ئۈندەيدۇ. قايسىسىغا يۈزلىنىش دەل مېنىڭ كىملىكىمدۇر. مەيلى قايسىسىغا ماڭاي،

مەن ھامان تىزلانغۇچىمەن. ياشاش ئۇچۇن تىزلاندىم دېيىشىم شۇ ۋەجدىندۇر. بىلگىنكى، بىر ئىنسان ئۆز قەلبىگە باش ئەگمەي تۇرۇپ يەنە بىر بەندىگە ھەرگىز تىز پۈكمەيدۇ. مەن نەپسى ـ ۋۇجۇدۇمنىڭ ئاچلىق ـ چاڭقاقلىقىنى قانچىكى ئوبدان قاندۇرالىسام شۇنچە تاقەتلىكمەن ۋە شۇنچە زور تەسەللىي بىلەن تىك ياشايمەن. ئۇنى قانغۇچە تويدۇرۇش، باشقىلارنىڭ يېگەن ـ ئىچكىنىگە ياكى قولىغا تەلمۈرۈپ قالماسلىق ئۈچۈن بار كۈچۈم بىلەن ئىشلەيمەن. ئەمما، تەن ئالىمەنكى، مەن ئۇنى ھەرگىز تولدۇرالمايدىغانلىقىمنى بارغانچە ئېنىق ھېس قىلماقتىمەن.

— مانا بۇ سېنىڭ ئاجىزلىقىڭ ھەم ئۇلۇغلۇقۇڭ. قورساقتا سېنىڭ ئاجىزلىقىڭ مۇجەسسەم. سەن يېمەي تاقەت قىلىپ تۇرالمايسەن، ھەتتا ئۆلىسەن. كۈندە ئۈچ ۋاخ تاماقنى يۇگۇرۇشنى نەپسى، قارنىڭنى تولدۇرۇش دەپلا ئويلاپ قالما. ئۈچ ۋاخ تاماقتا ئايىغۇچى ۋە كۆيۈنگۈچى بىر روھ مەۋجۇتكى، ئۇ سېنى ھېرىپ ـ چارچاشتىن، دۇنيانىڭ غەم ـ غۇسسىلىرىدىن بىردەم بولسىمۇ يىراق قىلىدۇ ھەم سېنى پۈتكۈل جاھاننىڭ ئەڭ ئەزىز ۋە لەزىز نېمەتلىرىنىڭ قېشىغا باشلاپ بارىدۇ. مانا بۇ سېنىڭ ئۇلۇغلۇقۇڭنىڭ نامايەندىسى. سەن قورساقنىڭ نېمىلىكىنى ۋە ئۇنىڭغا قانداق مۇئامىلە قىلىش كېرەكلىكىنى بىلگىنىڭدە ئۈچ ۋاخ تاماقتا سىلىنغان داستىخان شۇنداق بىر مەرھەمەت پاياندازىغا ئايلىنىدۇكى، سەن ئۇ يەردىن ئىنسان، دۇنيا، ئاخىرەت تۇيغۇلىرىنىڭ بىر ـ بىرىدىن ئاجرالماس بىرىكمە گەۋدىسىنى كۆرەلەيسەن. قورسىقىڭ ئۈچ مەررە ئاچمىغىنىدا ئىدى، سەن ئاللىقاچان چارچاپ ئۆلەتتىڭ، دۇنيالىقتىكى ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەر مەيدانغا كەلمەس ئىدى؛ ئىنساننىڭ شۇكۇر، ئىنساپ تۇيغۇلىرى كۆتۈرۈلۈپ كېتەر ئىدى؛ ئىنسان ئىنساننىڭ قەدىر ـ قىممىتى ۋە تەبىئەت ئاتا قىلغان نازۇ نېمەتلەرنىڭ

ھۆرۈر - لەززىتىنى بىلمەس ئىدى. مېنىڭ شۆكۈرلەركى، قورساق ئېچىپ تۇرىدۇ، داستىخانلار سېلىنىپ تۇرىدۇ.

— مەرھەمەت ...

## 3

ئاقىلىقتا سۈتتەك، پاكلىقتا نۇردەك، يۇمشاقلىقتا يىپەكتەك گۈلدار داستىخان يېنىمىك لەپىلدەپ ئالدىمىزدا يېيىلىپ توختىدى. ئۇنىڭ لىغىرلاپ يېيىلىشى سۈنىڭ يۇمشاق دولقۇنىنى، تاڭ سەھەردىكى سەلكىن شامالنىڭ يۇمران گۈل - گىياھلارنى يەلپۈتكەندىكى تەۋرىنىشىنى ئەسلەتتى. ئېيتقۇسىز راھەت تۇيغۇ ئىچىدە قالدىم. قولۇم يۇيۇلغان، كاللام يۇيۇلغان، قەلبىم ئۇيۇلغان ھالدا پاكىز داستىخانغا تىكىلدىم. ئايىغىم پەگاھتا، دۇنيانىڭ تۈگىمەس غەم - غۇسسىلىك ئىشلىرى تالادا قالدى. ئالدىمدا پاك - پاكىز، سۈپسۈزۈك داستىخان، قارشى تەرىپىمدە چىرايىدىن نۇر ۋە خۇش تەبەسسۇم يېغىپ تۇرغان مېھرىبان ئىنسان، داستىخاندا كۈننىڭ تەپتى، شامالنىڭ دەپتى، تۇپراقنىڭ جېنى، سۇنىڭ قېنىدا پىشقان شېرىن - شەربەت مېۋە - چېۋىلەر ۋە قاتمۇقات قۇربان بېرىش، بېغىشلاش، ئاتاش، ئەجىر - مېھنەت سىڭدۈرۈشتىن كېيىن تەييارلانغان ھالال يېمەك - ئىچمەكلەر ... ئۇنىڭدا جان - جانىۋار، گۈل - گىياھ، توپا - تۇپراق، سۇ، كۈن، ھاۋا، ئادەملەرنىڭ ... ھەممە - ھەممىسىنىڭ ئەجىر - مېھنىتى، قان - تەرى ۋە غۇبارسىز قۇربان بېرىش روھى بار ...

يارەب، مەن نەدىن كەلدىم ۋە نەگە كەلدىم؟ مەن ئالەم ئالدىدا نېمەيۇ، مېنىڭ ئالدىمدىكى نېمە ۋە نە ئۈچۈن؟

تېخى نەچچە مىنۇت ئىلگىرىكى غەم - غۇسسىلەر،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

خاپىچىلىقلار، ئالدىراشچىلىقلار، دۈشمەنلىك ـ ئارازلىشىشلار، تەنە ـ مالامەتلەر قايدا قالدى ـ ھە؟!...

بىر نۆر تىزىمغا يامىشىپ چىقتى ۋە توختىماستىن يۇقىرى ئۆرلەپ دىمىمنى سىققىنىچە، بوغۇزۇمنى بوغۇپ قورساق بوشلۇقۇمغا كىرىپ كەتتى. تىنالماي قالدىم ۋە تىزلاندىم....

ھەئە، مەن تىزلانغۇچى، تىزلاندىم ئالدىڭدا.

مەن يۈكۈنگۈچى، يۈكۈلدۈم ئالدىڭدا.

مەن ساڭا ئېگىشكۈچى، باش ئەگدىم باغرىڭغا...

داستىخان، مەن ئۇنىڭ ئالدىدا ھۆرمەتتە تىك ئولتۇرغۇچى...

خەلقىمىز ئەسىر ـ ئەسىرلەردىن بېرى داستىخاندا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ كەلگەن، ھەتتا بەدەشقان قۇرۇپ ئولتۇرۇشنىمۇ ھار ئېلىپ كەلگەن. يۈكۈنۈش تىزلىنىش دېمەكتۇر، ھۆرمەت دېمەكتۇر. يۈكۈنۈش ئەڭ ھۆرمەتلىك جايدا كۆرسىتىلىدىغان ئىززەت.

يۈكۈندۈم. يۈكۈنۈشۈم قورساق ئۈچۈنمۇ؟

— قورساق ئاشقازانلا ئەمەس. تەپەككۇر قىلغۇچى ئىنسان ئۈچۈن ئۇ ھەر دائىم شۈكۈر ۋە ھەرىكەت سىگنالى چالغۇچى قوڭغۇراقخانا!

تىزلاندىم.

— تىزلانغىنىم داستىخان. ئۇ يالغۇزلا رەخت ئەمەس. ئۇ بىر پارچە رەخت ئىدى. بىز ئۇنى داستىخان قىلىش نىيىتىدە سېتىۋالغان ھامانلا ئۇ مۇقەددەس سىمۋولغا ئايلىنىپ كەتتى. نىيەتنىڭ ئۇلۇغلۇقى بىر پارچە ئاددىي رەختكە چوڭقۇر مەنە بەردى. مېنىڭ تىزلانغىنىم شەكىل ئەمەس، ماھىيەت!

ئېگىلدىم.

— ئالغان تائام، سالغان لوقما ھەلەپ مەنىسىدىكى يېمەكلىك ئەمەس، ئىخلاس بىلەن يۇغۇرۇلغان مېھنەت، ئەقىلدە يورۇغان كۆز ۋە شۈكۈر ـ ئېھسان بىلەن يۇيۇلغان ئىشتىھا ئۇنى كاتتا

نېمەتكە ئايلاندۇردى. ئۇ بەرىكەتنى سۆرەپ ماڭغۇسى.
قاندىم، تويدۇم ۋە بوشىشىپ كەتتىم...
— كۆللى كائىناتنىڭ مۆجىزىلىك سەمەرىسى بولمىش ئەڭ ئەزىز ئىنسانىنىڭ نەپسى - ۋۇجۇدى پەقەت ۋە پەقەت ئىنسانغىلا خاس بولغان قان - قېرىنداشلىق مېھىر - مۇھەببىتىنىڭ كۆيۈم - سۆيۈملۈك قۇچاقلىرى ئارىسىدا تەبىئەتنىڭ ئەڭ شىرىن ۋە لەزىز لوقما - تائاملىرى بىلەن قوشۇلۇپ كەتتى. تەسەۋۋۇپىكى «ۋەھدەتى ۋۇجۇد»نىڭ لەرزى - لەززىتى شۇ بولىدىغان بولسا، مەن نېمەي، مەن نېمەي؟!...
يۈكۈندۈم ئالدىڭغا!...
كىملەر سالدى ماڭا داستىخان؟
ۋە مەن سۇندۇم كىمگە بىر تال دان؟...
سوراق — جاۋاب بېرىش، ھەتتا قىچىپ قۇتۇلۇشمۇ ئىنتايىن مۇشكۈل ۋىجدانىي سوراق — داۋاملىشىۋاتاتتى. بۇنى ھەممە ئادەم ئۆزىدىن سورىيالامدۇ ۋە خۇمپەرلىك قىلماي جاۋاب بېرەلەمدۇ؟ بىز كۆپ ھاللاردا قورساق تويسىلا كىمنىڭ، نېمىسىنى، قانداق يېگىنىمىزنى ئۇنتۇپ قالىمىز، ھەتتا بىلىپ تۇرساقمۇ بىلمەسكە سېلىۋالىمىز.
— دۇئا بەرسىلە!
قائىدە ئۆز يولىدا داۋاملىشىۋاتاتتى. داستىخان قائىدىسى مەلۇم بىر دەۋر ئىجتىمائىيىتىنىڭ كۆرگۈسىدۇر. بىز بۇ كۆرگۈدىن شۇ دەۋر كىشىلىرىنىڭ مەنىۋى سۈپىتىگە ۋە ئۇنىڭ ئۆزگىرىش ھالىتىگە باھا بېرەلەيمىز.

## 4

بىلگۈچى ئىنسانغا، سەن ئالىمىي بارلىقنىڭ ۋە جىمى - جىمى ئەزىز - لەزىزلىكنىڭ جەمگاھىسەن، داستىخان!

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىز سەندە تەنگە قۇۋۋەت، روھقا ھىممەت تاپىمىز؛ بىز سەندە چارچىغان نېرۋىلارغا بەرھەم بېرىمىز؛ بىز سەندە ئارازلاشقان قەلبلەردىكى غۇم ـ ئاداۋەت داغلىرىنى يۇيىمىز؛ ھەرقانداق مەسلىھەت، كېڭەش بىزدە داستىخاندا بولىدۇ؛ ھەرقانداق ئۆچمەنلىك داستىخاندا تۈگەيدۇ؛ كۆڭۈل كۆڭۈللەرگە داستىخاندا باغلىنىدۇ؛ تۇغۇمدىن ئۆلۈمگىچە ئىنساننىڭ تامامى خۇشلۇق ۋە غەشلىكلىرى مانا شۇ داستىخاننى چۆرىدەپ ئېلىپ بېرىلىدۇ... داستىخان تۇرمۇشىمىزنى مەنگە ئىگە قىلغۇچى ھىممەت، رەھمەت ۋە بەرىكەتتۇر.

ھەممىسىمۇ؟

...

دادام داستىخان سالماي يېيىلگەن تائامدا بەرىكەت يوق، دەيتتى ۋە داستىخان قائىدىسىگە سەپرالىق بىلەن ناھايىتى ئەھمىيەت بېرەتتى. مەن دادامنىڭ تاماق پىشقان ھامان قولنى پاكىز يۇيۇپ سۇكىگە (سۇپىغا) چىقىپ ئەدەپ بىلەن ئولتۇرۇش، تاماقنى ئالدى بىلەن كىچىكلەرگە بېرىش، نورمال سۇرئەتتە، ئاۋاز چىقارماي يېيىش، داستىخاندا قالايمىقان ھەرىكەتلەرنى قىلماسلىق، ئۆزىنىڭ ئالدىدىن، بىر تەرەپتىن يېيىش، ئىلغىماي يېيىش، ئاشۇرۇپ قويماسلىق، تاماقتىن قۇسۇر تاپماسلىق، ئىسراپ قىلماسلىق، دۇئادا چوڭلارغا قاراش، داستىخاندا كۆپ گەپ قىلماسلىق، داستىخاننى پاكىز يىغىشتۇرۇپ قېقىش، ئىشلىتىلگەن قاچا ـ قۇچىلارنى دەرھال يۇيۇۋېتىش، ئۆيدە يۇندى قوندۇرماسلىق... قاتارلىق تەنبىھ ـ نەسىھەتلىرىنى تالاي ئاڭلىغانمەن. شۇ تۈپەيلىمۇ داستىخان مەن ئۈچۈن شۇ قەدەر مۆتىۋەر، تەرتىپلىك جەرياننىڭ ئىجرا قىلىنىش مەيدانىدەك بىلىنەتتى. داستىخان ئەدەپ، ھۆرمەت، سىپايىلىك، ئادەمگەرچىلىك، كۆيۈم، رەھمەت سورۇنىدەكلا تۇيغۇ بېرەتتى ۋە

ھەم مەن شۇنداق تونۇش كىرەكلىكىنى قانۇن ـ قانۇنىيەت
يۈكسەكلىكىدە چۈشەنگەنىدىم. مېنىڭ نەزىرىمدە ھاياتنىڭ مەنە ـ
ماھىيىتىنى قەلبى بىلەن چۈشەنگەن بىر ئىنسان داستىخانغا
ھەرقانداق پەسكەش، قىلىقسىز، چاكىنا ئادەت ـ ھەرىكەتلىرىنى
يىغىشتۇرۇۋېتىپ كېلىشى كېرەك ئىدى. شۇندىلا داستىخانغا
رەھمەت، بەرىكەت ياغاتتى. ۋەھالەنكى، بىز شۇنداق بىر جەرياننى
كۆرۈۋاتىمىزكى، داستىخاندىكى قائىدە ـ تەرتىپ
ئاجىزلىشىۋاتاتتى، ئۆزگىرىۋاتاتتى، ھەتتا ئاينىۋاتاتتى...

ــ نېمە داستىخانغا پۇتۇڭنى سۇنۇپ ئولتۇرىسەن؟
يىغىشتۇرۇپ، يۈكۈنۈپ ئولتۇر!

ــ ھالالغا ھارامنى، ياخشىغا يامانىنى ئارىلاشتۇرۇپ يېگەن
نەدە بار؟ زۇلۇمدىن قورقمامسەن؟

ــ يەرگە چۈشكەن ئۇۋاقنى تەر. قانچىلىك تەستە كەلگىنىنى
بىلەمسەن شۇنىڭ؟ دەسسەپ سالساڭ كور بولارسەن بىكار.

ــ داستىخاندا نېمە ئارتۇق گەپ بۇ ئۆزى؟ تاماق ۋاقتىدا
تاماق يېگۈلۈك، تامىقىڭغا شەيتان شېرىك بولسۇنمۇ يە؟

ــ يېسەڭ قۇسۇر چىقارماي شۈكۈر دەپ يە، بولمىسا يېمە،
گەپ قىلما.

ــ قايسىڭ ئاشۇردۇڭ بۇ سەينى؟ سەنلەر ئاچ قېلىپ
باقمىغان، شۇڭا بىلمەيسەن. شۇنداق بىر كۈنلەر كېلىدۇكى،
ئىسراپ قىلغان ھەربىر تال ئاشنىڭ جازاسىنى بىرمۇبىر
تارتىسەن. شۇ چاغدا توۋا توۋا قىلدىم، توۋا، دېمىگىنىڭنى مەن بىر
كۆرەي..

......

بۇ گەپلەر، ھەي.. ئىسراپچىلىق قايناپ تۇرغان ئۇستەللەرگە
مەن نېمە دەي؟ ھالال ھارامغا، پاكىزلىق مەينەتچىلىككە، ھايا
شەھۋەتكە، ئېيپەت سودىغا، ئەدەپ نومۇسسىزلىققا، ھۆرمەت

مەسخىرىگە ئارىلىشىپ كەتكەن سورۇنغا مەن نېمە دەي؟

يۈكۈنۈپ ئولتۇرىدىغانلار، ئولتۇرالايدىغانلار، مۇھىمى تىزلىنىپ ئولتۇرۇشتىن روھىي لەززەت ئېلىشنى ئىزدەيدىغانلار ئازلاپ كەتتى. بىز تىزلىنىپ، قاتارلىشىپ ئولتۇرىدىغان، چوڭ - كىچىكلەر ئارا قىزغىن، سەمىمىي تەكەللۇپ تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان داستىخاننى بارغانسېرى ئاز كۆرىدىغان بولۇپ كەتتۇق؛ بىز ئۈستەللەرگە، ساپالارغا كۆچۈۋالدۇق. ئەمدى تىزلىنىپ، يۈكۈنۈپ، ئېڭىشىپ ئەمەس، گىدىيىپ، تىكلىنىپ، ھەتتا پۇتىمىزنى مىنگەشتۇرۇپ ئولتۇرىدىغان بولدۇق؛ تېلېۋىزورغا قاراپ ئولتۇرۇپ كىم بىلەن نېمە يەۋاتىمەن، ئۇنىمۇ ئويلىيالماس بولۇپ كەتتۇق؛ كىم، نېمە بىلەن، قانداق ئەتتى، ھەتتا بۇنىمۇ سۈرۈشتۈرمەيلا غىزالىنىۋېرىدىغان بولۇۋاتىمىز... داستىخاننىڭ شەكلى، ئولتۇرۇش قائىدىسى، يېمەك - ئىچمەكنىڭ خىل - تۈرى ئۆزگەرگەن بىلەن ماھىيەت، تونۇش ئۆزگەرمىسە بولاتتىغۇ؟!

داستىخاندا ھاراق - شاراب قاينايدىغان بولدى. بىز ئاچ كېلىپ تويۇپ، ئاجىز، ماغدۇرسىز كېلىپ كۈچلۈك، بەقۇۋۋەت ھالدا تويۇپ، كېكىرىپ ۋە شۈكۈرانە تۇيغۇسى بىلەن قايتىدىغان داستىخانغا ئەمدى خېلى كۆپىنچىمىز ئوڭ كېلىپ تەتۈر، ساق كېلىپ ئەلەس، توق كېلىپ ئاچ، ساغلام كېلىپ زەھەرلىنىپ قايتىدىغان بولدۇق. ھىممەت، نېمەت، رەھمەت، بەرىكەت ۋە ئارىدىكى ئىزانى يۇغۇچى مەغپىرەت بىلەن تولغان داستىخاندىن ئەمدى بىز نېمىلەرنى تاپىمىز ۋە نېمىلەرنى ئىزدەيمىز؟ بىر - بىرىگە غەزەپ بىلەن تىكىلگەن كۆزلەرنىمۇ؟ قايناپ تۇرغان سۆخەنچىلىك، غەيۋەت ۋە تۈگىمەس پىتنە - پاساتنىمۇ؟ ئەھمىيەتسىز پاراڭ، مەززىسىز كۇلكە - چاقچاق، سېسىق، بەتبۇي پۇراق، قاڭسىق ئىس - ھىد، تىزگىنىدىن چىققان

نومۇسسىز شەھۋەت، يىرتىلغان ھايا پەردىلىرى ۋە ئاپئاشكارا بۇزۇقچىلىق ئىچىدە بۈيۈك نېمەتلەر مۇزلىدى، بۇلغاندى؛ رەھمەت داستىخىنى جارتىلداپ يىرتىلدى؛ ئەپۇ ـ مەغپىرەتنىڭ ئالىقىنىنى چىن كۆڭلىدىن سىقىپ قېرىنداشلىق مېھرىنى چېكىتىپ، ئورتاق بىر مەنزىل ئۈچۈن قول تۇتۇشىدىغان قوللارنىڭ قايدىلىقىنى كىمدىن سورايمىز؟...

بۇ، داستىخاننىڭ ئۇنتۇلۇشى، رەڭۋاز جاھاننىڭ ئىستېمال ئادىتىگە ماس كەلمىگەنلىكى ياكى ئۇنىڭ شەكىل ئۆزگىرىشى قىلىپ ئۇستەللەرگە ئالماشقانلىقىنىڭ نەتىجىسىمۇ؟

جاۋاب: ياق !

بۇ، قورساق بىلەن داستىخان، ئېھتىياج بىلەن نېمەت ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتكە يۈزلەنگۈچى ئىنساننىڭ مەنىۋى سۈپىتىنىڭ، شەيئىلەرنى تونۇش، كۆزىتىش ئۇسۇلىنىڭ ئۆزگىرىشىنىڭ نەتىجىسىدۇر.

ــ ئاچلىق، توقلۇق... زەر داستىخان، چىت داستىخان ۋە ياكى جۇلدۇر كىپەن ماتا يا لاتا... ساڭا مەيلى قانچىلىك ئۇلۇغ مەنە، سىر ـ ھېكمەتلەر يوشۇرۇنغان بولسىمۇ، ئىنسان، يەنە شۇ زاتى ئىنساننىڭ ئەقىل كۆزى كۆرمىسە، تەن سەزگۈسى سەزمىسە، سەن نەقەدەر بىچارە ۋە ئاجىز ـ ھە ؟!

ــ ياق، خاتالاشتىڭ. سېنىڭچە ئەقىل بىردىنبىر قىممەت بەلگىلىگۈچى ئامىلمۇ؟ ئەقىل تونۇمىسا مەۋجۇتلۇق مەنىگە ئىگە ئەمەسمۇ؟ بىلگىنكى، رەھمەت ئەزەلدىن ئاجىز ئەمەستۇر، ئىنسانغا رەھمەت قىلىپ بېرىلگەن نەرسە تېخىمۇ بىچارە ئەمەستۇر. ئىنسان دۇرنىڭ قەدرىنى بىلمەي، ئۇنى ئەخلەتكە تاشلىسىلا، سېنىڭچە دۇر ئەخلەتكە ئايلىنىپ قالامدۇ؟ گۆھەر يوقتا مىڭ يىل ياتسىمۇ، يەنە شۇ گۆھەردۇر. خار ـ بىچارىسى رەھمەت قىلىپ بېرىلگەن نەرسىنىمۇ تونۇپ پايدىلىنالمايدىغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىنساندۇر. ئۇ بىرىلگەن نەرسىنىڭ قەدرىنى بىلگۈچە ئۆزى بىلىپ - بىلمەي چەكسىز ھەرەج ۋە خاپىلىق تارتىدۇ ۋە تالاي يىللاردىن كېيىن شۇ نەرسىنى تاپقاندىن كېيىن، ئاھ - ۋاھ، مەن ئۇنى تاپتىمۇ، بۇنى كەشىپ ئەتتىم، مەن بۇنىڭغا ئاخىر ئېرىشتىم ۋە مۇنداق - مۇنداق ئاسانلىق - ئەۋزەللىكلەرگە ئېرىشتىم، دەيدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئۇ نەرسە ئۇنىڭغا ناھايىتى بۇرۇنلا بېرىلگەن. بىر كاتتا زەردار ئۆزىنىڭ غەنى - بايلاردىن ئىكەنلىكىنى، ئۆزىگە تەۋە نۇرغۇن بايلىقنىڭ بارلىقىنى بىلمەي تالاي يىللار ياشىسۇنۇ ۋە بىر زامانلارغا كەلگەندە ئاشۇ بايلىقىدىن ئىككى تىللانى تېپىۋېلىپ مېنىڭ پۇلۇم بار بولدى، دەپ ۋارقىراپ يۈرسۇن. سەن ئۇنى راستتىنلا باي بولدى دەمسەن ياكى تالاي نەرسىلەردىن مەھرۇم قالدى دەپ ئويلامسەن؟ بۇ جەرياندا خار - زار بولىدىغىنى ئۇنىڭ بايلىقىمۇ ياكى ئۇنىڭ ئۆزىمۇ؟ چوقۇمكى، رەھمەتكە تۈزكورلۇق قىلغۇچى ئىنسانغا جازا مانا مۇشۇنداق تۆيدۈرماستىن، ئاستا - ئاستا كېلىدۇ، ھەتتا ئۇ ئىنسان ئۆزىنىڭ قانداق ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنىمۇ بىلەلمەي قالىدۇ... كۆرىدىغان كۆز بارمۇ؟..

سۈكۈت، چەكسىز سۈكۈت داۋاملىشىۋاتاتتى...

## 5

داستىخان سالدىم، قۇربىم يەتكەن دائىرىدە ئىززا تەييارلىدىم ۋە يۈكۈندۈم...

مېنىڭ يۈكۈنگۈم، تىزلانغۇم، قەدىردان ئادەملىرىم بىلەن دىدارى مۇلاقەتتە ئولتۇرۇپ ھاياتلىققا بەخشەندە قىلىنغان نازۇ نېمەتلەردىن ھوزۇرلانغۇم، جىسمىمنى كۆچكە، روھىمنى قۇۋۋەتكە تولدۇرۇپ، ئاندىن قوپۇپ گەۋدەمنى تىك تۇتۇپ ياشاش ئۈچۈن كۈرەش قىلغۇم كېلىدۇ.

يوكۇنۇش مەندىكى كۆرەڭ ــ مەغرۇرلۇقنى يۇيۇۋەتسە دەيمەن؛
تىزلىنىش مېنى ئىتائەتچان، ئەمما ئۆزۈمنىڭ قۇربى يېتىدىغان ئىشلاردا شجائەتچان قىلسا دەيمەن؛
ئېڭىشىش مېنى ئۆزۈم ئېرىشەلەيدىغان نەرسىلەرنى قەدىرلەشنى بىلىدىغان شۇكۇرچان ۋە يەنە ئۆز نىشان ــ پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۇچۇن باش چۆكۇرۇپ تىرىشىشنى بىلىدىغان كۇرەشچان قىلسا دەيمەن...
ئىتائەتتە ئىنسانمەن، ئىسيانىمدا شەيتانمەن!...
داستىخان مېنى رەھمەتنىڭ بايانى ۋە پايانىغا يېتەكلەيدۇ. مەن ئۇنىڭغا ئەقىل كۆزۈم بىلەن قارىسام ۋە سەممىي نىيىتىم بىلەن ياندىشسام دەيمەن.

2008 ــ يىل 17 ــ سېنتەبىر، ئۈرۈمچى.

# ئەپسانە: ئەدەبىياتقا كىرىش ۋە چىقىش

بىر مىللەتنىڭ ئەپسانىۋى ئىچكى چۈشەنچىسى تۈگىگەن ئىكەن، شۇ مىللەتنىڭ ئەدەبىياتىنى ھەقىقىي مەنىدە چۈشىنىش ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس.

ــــ ۋېلېك

ئەپسانە ئىنسانىيەتنىڭ گۆدەك ھالەتتىكى ئەڭ ئىپتىدائىي ئاڭ ـ تەپەككۇرىنىڭ مەھسۇلى. ئىپتىدائىي ئادەملەر بىر ـ بىرىدىن سىرلىق، مۆرەككەپ، ئۆزگىرىشچان تەبىئەت ھادىسىلىرى ئالدىدا گاڭگىرىغان، تەئەججۈپلەنگەن، قورققان ۋە ھەتتا قانداقتۇر بىر غايىب كۈچنىڭ شەيئىلەرنىڭ ھەرىكىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدىغانلىقىغا ئىشەنگەن، ئۇلارنى مۇقەددەس بىلىپ چوقۇنغان ھەمدە بۇ خىل سىرلىق دۇنيا قاراش تەبىئىي ھالدا ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ ئىپتىدائىي ھاياتلىق چۈشەنچىلىرىنىڭ خېمىرتۇرۇچى بولمىش ئەپسانىلەرنى شەكىللەندۈرگەندى. دۇنيانىڭ، ئادەمنىڭ يارالمىشىدىن تارتىپ كائىناتتىكى ھەربىر تەبىئەت ھادىسىسى ۋە جانلىقلارنىڭ ھەرىكىتىگىچە مۇئەييەن ئەپسانىۋى قاراش شەكىللەندۈرۈپ، شۇنىڭغا ئىشىنىپ ياشاپ كەلگەندى. ئىنساننىڭ ئەقلىي ئېڭى بىلەن ئەپسانىۋى ئېڭى بەلگىلىك نىسبەتتە تەتۈر تاناسىپ شەكىللەندۈرگەن بولۇپ، ئىنسان تەبىئەت ھادىسىلىرىنىڭ سىرلىق ھەرىكىتى ئالدىدا قانچىكى ئامالسىز قالغانسېرى شۇنچە ئەپسانىۋى ئېمىنىش تۇيغۇسىغا

چۈمگەن ۋە شۇ ھادىسىگە تېخىمۇ سىرلىق، غايىۋانە ئۇلۇغلاش تۈيغۇسىدا مۇئامىلە قىلغانىدى. «كونا تاش قوراللار دەۋرىدىكى ئىنسانلار يېڭى تاش قوراللار دەۋرىدىكىگە قارىغاندا ياۋايى ئىدى. ئەمما ئۇلار ھەممىدىن بەك غايىۋى، ئەركىن ۋە سەنئەت تۈيغۇسىغا ھەممىدىن باي كىشىلەر ئىدى»[1]. ئۇلار ئۆز ئەپسانىۋى دۇنياسىدا دەرەخ كاۋىكىدىن خوتۇن تاپالىغانىدى، پەرىشتىلەرگە كۆز قىسالىغانىدى، ھايۋاناتلار بىلەن ئىجىل ـ ئىناق، ھەمقام تۇرمۇش گارمونىيىسى ھاسىل قىلالىغانىدى. «ئۇلار شەخس بىلەن تەبىئەت دۇنياسىدىكى ھەرقانداق بىر شەيئى ئارىسىدا ئالاھىدە سىرلىق مۇناسىۋەت مەۋجۇت دەپ قارىغانىدى»[2]، تاغۇ تاشتىن جان، كۆل ـ دېڭىزدىن قان ئىزدىگەنىدى. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە «ئوتنىڭمۇ ھەرقانداق بىر مەخلۇقنىڭكىگە ئوخشاشلا روھى، جېنى، قېنى، بېشى بولاتتى ۋە ھەتتا ئۇنىڭ بېشىنىمۇ كېسىپ چاپقىلى بولاتتى»[3] ... ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ئەپسانىۋى ئېڭىدا زېمىننىڭ تىنىقى بىلەن ئىنساننىڭ نەپسى ـ ۋۇجۇدىنىڭ ئارىسىدا كۆرۈنمەس، ئاجرالماس بىرلىك شەكىللەنگەنىدى. چاقماقنىڭ چېقىشى، سۇنىڭ ئېقىشى، تاغۇ تاشنىڭ قەد كېرىپ تۇرۇشلىرىغىچە... تامامى شەيئىلەرنىڭ مەۋجۇتلىقى ۋە ھەرىكىتى بىلەن ئىنساننىڭ مەۋجۇتلۇقى، قايغۇ ـ شادلىقى ئايرىۋالغۇسىز دەرىجىدە بىرىكىپ كەتكەنىدى. بۇ خىل ئىپتىدائىي تەبىئەت ئىلاھچىلىق قارىشى تەبىئىي ھالدىلا ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ ئىپتىدائىي ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنىڭ ئۇرۇق ـ يىلتىزى بولمىش ئەپسانە ـ رىۋايەتلەردە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقانىدى. ۋەھالەنكى، ئىنسانىيەتنىڭ چۈشكە ئوخشايدىغان ئاشۇ گۈزەل، سىرلىق ئىپتىدائىي دەۋرى ئاستا ـ

---

① H .G ۋېلس: «دۇنيا تارىخىدىن تېزىسلار»، خەلق نەشرىياتى، 1982 ـ يىل نەشرى 132ـبەت.

② لېۋى. برۇھل: «ئىپتىدائىي تەپەككۇر»، سودا نەشرىياتى، 2004 ـ يىل نەشرى 28 ـ بەت.

③ شيې شۈەنجۈن: «ئەپسانە ۋە مىللىي روھ»قا كەلتۈرۈلگەن نەقىل، شەندۇڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەشرىياتى، 1986ـ يىل نەشرى.

www.uyghurkitap.com

ئاستا غايىب بولۇشقا باشلىدى. «ئەقلىي تەپەككۇرنىڭ ئاستا ـ ئاستا باش كۆتۈرۈشىگە ئەگىشىپ كىشىلەرنىڭ غايىۋى خىيال، ئەپسانىۋى ئارزۇ ـ ئىستەكلىرى ئاستا ـ ئاستا بېسىلىشقا باشلىدى ـ دە، ئەپسانىلەر يوقىلىشقا يۈز تۇتتى»[1]. «چۈنكى، ئەپسانە پەقەتلا ئىپتىدائىي تەپەككۇرنىڭ مەھسۇلى. ئىپتىدائىي تۇرمۇش بولىغاندىلا ئەپسانە بولىدۇ. ئەمما، ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىن كېيىنلا ئىنسانلار ئەپسانە بارلىققا كېلىدىغان مۇھىت، تۇپراقتىن ئايرىلىپ قالدى»[2]. تەبىئەت دۇنياسىدىكى شەيئى ـ ھادىسىلەرگە بولغان تونۇش ـ بىلىشنىڭ بارغانسېرى چوڭقۇرلىشىشى بىلەن ئىنسانىيەت ئەمدى تەبىئەت دۇنياسىدىكى ھادىسە، ئۆزگىرىشلەرگە ئۇنچىۋالا سىرلىق، ئەيمىنىش نەزىرىدە قارىمايدىغان بولدى. بۇنىڭ بىلەن ئەپسانە ئەنئەنىسى شىددەت بىلەن سۇسلىشىشقا باشلىدى. بىراق، «ئەپسانە ئەنئەنىسىنىڭ سۇسلىشىشى ھەرگىزمۇ ئەپسانىلەرنىڭ تەلتۆكۈس يوقىلىپ كەتكەنلىكىدىن دېرەك بەرمەيتتى»[3]. ئىنسانىيەتنىڭ ئەپسانە ئېڭى ئەڭ گۈللەنگەن مەزگىللەردە ئەپسانە يالغۇز تەبىئەت دۇنياسىنىڭ يارىلىشى، ئىنسانىيەتنىڭ بارلىق شەيئى ـ ھادىسىلەرنىڭ ئۆزگىرىشى، ھەرىكىتى ھەققىدىكى پۈت باسماس قۇرۇق گەپ ـ سۆز دۆۋىسىلا ئەمەس ئىدى، بەلكى «ئىپتىدائىي ئەپسانىلەر ئىشارەت، ئۇسۇل، مۇراسىم، ناخشا ـ قوشاق، ھەتتا بېزەكچىلىك، سىزمىچىلىق، ئويمىچىلىق قاتارلىق ئىپتىدائىي سەنئەت شەكىللىرى بىلەن ئايرىلماس بىر گەۋدە بولۇپ يۇغۇرۇلۇپ كەتكەنىدى»[4]. ئىنسانىيەتنى نەچچە ئەسىرلەپ شۇ

① يې شۇشيەن «ئەدەبىيات ئىنسانشۇناسلىقى»، ئىجتىمائىي پەنلەر ۋەسىقىلىرى نەشرىياتى، 2003ـ يىل نەشرى 132 ـ بەت.

② ۋاڭ دېباۋ : «ئەپسانىنىڭ كەلمىشى»، جۇڭگو خەلق ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2004 ـ يىل نەشرى 194 ـ بەت.

③ يې شۇشيەن: «ئەپسانە — ئەسلىي تىپ تەنقىدچىلىكى»، شەنشى پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1987 ـ يىل نەشرى 396 ـ بەت.

④ شيې شۇەنجۈن: «ئەپسانە ۋە مىللىي روھ»، شەندۇڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەشرىياتى، 1986 ـ يىل نەشرى 9 ـ بەت.

قەدەر چىرايلىق، گۈزەل، ساماۋى تەسەۋۋۇر قاينىمىدا ئەللەيلىتىپ، ئىنساننىڭ نەپسى ـ تىنىقىنى تەبىئەت ۋە تەبىئەت دۇنياسىدىكى ھەممە شەيئىنىڭ مەۋجۇتلۇق مەنىسىگە قەدەر بىرلەشتۈرۈپ يۇغۇرۇۋەتكەن، ئىنساننىڭ ئەڭ ئىپتىدائىي مەدەنىيەت پىسخىكىسىنى شەكىللەندۈرگەن ۋە تەبىئەتكە، دۇنياغا بولغان چۈشەنچىلىرىنىڭ بىردىنبىر نېگىزىگە ئايلانغان ئەپسانىۋى ئاڭنىڭ ئۇنداق ئوڭايلا يوقاپ كېتىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئەپسانىۋى ئاڭ گۈللەپ ـ ياشنايدىغان مۇھىت ـ تۇپراقنىڭ تارىيىشى، ئەقلىيلىكنىڭ باش كۆتۈرۈشىگە ئەگىشىپ، ئەپسانە ئەنئەنىسى شىددەت بىلەن ئاجىزلىغان، خىرەلەشكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئىنسانىيەتنىڭ مەنىۋى دالاسىدا يەككە ـ يېگانە ئۆسۈپ قالغان تەنھا دەرەخ ئەمەس ئىدى. ئۇ بىراقلا قۇرۇپ ئىنسانىيەتنىڭ ئاڭ قىرغىقىدىن ئۈن ـ تىنسىز، پاك ـ پاكىز يوقاپ كەتمەيتتى. ئۇ بەلگىلىك كوللېكتىپنىڭ يوشۇرۇن ئېڭىغا چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ كەتكەن ئالاھىدە مەدەنىيەت ھادىسىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىنتايىن كەڭ، چوڭقۇر يوشۇرۇن كۈچكە ۋە مەۋجۇتلۇق مەنىسىگە ئىگە ئىدى. شۇنداق قىلىپ ئىنسانىيەتنىڭ ئاشۇ گۈزەل، سىرلىق «ئەپسانە ئېڭى ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ باشقا شەكىللىرى ئىچىگە قاراپ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشقا باشلىدى»[①].

ماركس: «تەبىئەت كۈچلىرىنىڭ ھەقىقىي بويسۇندۇرۇلۇشى بىلەن ئەپسانىمۇ يوققا چىقىدۇ» دېگەنىكەن. ۋەھالەنكى، ئىنسان نۇرغۇن تەبىئەت ھادىسىلىرىنىڭ تېگىگە يەتتى، سىرىنى يەشتى، ئەمما ئاشۇ نەرسىلەرگە بولغان سىرلىق باغلىنىش، يەنە ھەم تەئەججۇپلىنىش، ئۇنىڭ بىلەن روھىي جەھەتتىن مەھكەم بېقىندىچىلىق مۇناسىۋىتىنى ساقلاشقا ئۇرۇنۇشتەك ئەڭ ساددا ھېسسىيات ـ ئىستىكىنى يوقىتىپ قويمىدى ھەم يوقىتالمىدى.

① يې شۇشيەن: «ئەدەبىيات ئىنسانشۇناسلىقى»، 132 ـ بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى uyghurkitap.com

يەنە كېلىپ ئىنساننىڭ تەبىئەت دۇنياسىدىكى بارلىق شەيئى ـ ھادىسىلەرنىڭ سىرىنى ئېچىپ ئۇنى ھەقىقىي يوسۇندا بويسۇندۇرالىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. ئىنسان تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇپ ئەمەس، ئۇنىڭ بىلەن ئۈزۈلمەس دىئالوگىنى، يېقىن ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىنى ساقلاپ قالالىغاندىلا ئاندىن تەبىئەتتىن ئىبارەت بۇ ھاياتلىق تۇپرىقىدا ئۆزىنىڭ ياشاش ھوقۇقىنى ساقلاپ قالالايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىنسان تەبىئەت دۇنياسىنىڭ مۆجىزىلىك قۇدرىتى ئالدىدا ھامان ئاجىز، ئەرزىمەستۇر. ئۇ تەبىئەت بەرگەن ئۇرۇقنى تېرىشقا قادىركى، ئەمما ئۇرۇق يارىتىشقا، ئۇرۇقنى ئۈندۈرۈشكە، ئۆستۈرۈشكە، ئۇنىڭدىن رەڭگارەڭ گۈل ـ چىمەنلەرنى پەيدا قىلىشقا ئەسلا قادىر ئەمەس، تۇپراقتىن پايدىلىنىشنى بىلگەن ئىنسان خاكى ـ تۇپراقنىڭ ئالدىدىمۇ بىقۇۋۇلدۇر. شۇنداق، تەبىئەتنىڭ مۇقەددەس قانۇنىيىتى ئالدىدا ئىنسان ھامان تەسەۋۋۇر، فانتازىيە، خىيال، ئارزۇ ـ ئىستەكنىڭ يەنى قۇيۇق ئەپسانىۋى ئاڭنىڭ بېقىندىسىدۇر. ئىنسان مەيلى قانچىلىك تەرەققىي قىلىپ، قانچىلىك شانلىق مەدەنىيەت سەھىپىلىرىنى ياراتسۇن، ئۇ تەبىئەتنى يارىتالمايدۇ، بويسۇندۇرالمايدۇ، كۆللى كائىناتنىڭ سىر ـ تەكتىگە يېتىمەن دەپمۇ يېتىپ بولالمايدۇ. دېمەككى، ئىنساندا، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدە ئەپسانە ئۈزۈلمەيدۇ، ئۇ ھەر بىر زاماندا ئوخشىمىغان شەكىل ـ مەزمۇندا ئىپادىلىنىپ تۇرۇۋېرىدۇ. چۈنكى، ئەپسانىۋى ئاڭ ئىنسانىيەتنىڭ تۇنجى ئېڭى، شۇنداقلا بۈگۈنكى بارلىق مەنىۋى سەمەرىلەرنى كۆكلەپ، ياشناتقان تۇپراق.

شۇنداق، ئىنسانىيەتنىڭ ئەپسانە دەۋرى كەلمەسكە كەتتى، لېكىن ئىنساندىكى ئەپسانىۋى ئاڭ يوقاپ كەتمىدى، بەلكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت، تۈرلۈك ئۆرپ ـ ئادەت، مۇراسىم، دىن قاتارلىق ساھەلەرگە تەرەققىي قىلدى ۋە ياكى شۇ خىل

شەكىللىدىكى ئىجتىمائىي ئالاھىدە فورماتسىيە پائالىيەتلىرىگە يوشۇرۇن ئالاھىدە تەرەققىياتىدا سىڭىپ كىردى ھەمدە ئوخشىمىغان دەۋر كىشىلىرىنىڭ ئالاھىدە تەپەككۇرىدا ئوخشاش بولمىغان تۈستە ئىپادىلىنىپ تۇردى. نەتىجىدە، ئەپسانە بىلەن ئەدەبىيات ـ سەنئەت ھادىسىلىرىنىڭ مۇناسىۋەت سىستېمىسى شەكىللىنىشكە باشلىدى ـ دە، يېقىنقى زامان دۇنيا ئەدەبىياتىدا ئەپسانە، رىۋايەت، ئەپسانىۋى ئالاھىدە ـ تۈيغۇ ـ تۈس شەكىللىرىنى ئاساس قىلغان ھالدا ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ مىسلىسىز گۈللىنىشى مەنزىرىسى بارلىققا كەلدى. ماركس: «يۇنان ئەپسانىلىرى يۇنان سەنئىتىنىڭ خەزىنىسىلا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ مەۋجۇت بولۇش تۇپرىقىدۇر» دېگەنىكەن. بۇگۈن بىز شۇنداق دېيىشكە ھەقلىقمىزكى، ئەپسانە يالغۇز ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ مەۋجۇت بولۇش تۇپرىقىلا ئەمەس، بەلكى بارلىق ئىلىم ـ پەن ھادىسىلىرىنىڭ تەرەققىياتىدا كەم بولسا ئەسلا بولمايدىغان خېمىرتۇرۇچقا ئايلاندى. ئۇچار گىلەمدىن ھاۋا قاتنىشىغىچە، جاھاننەما ئەينىكىدىن ئەڭ يېڭى پەن ـ تېخنىكا ئىختىرالىرىغىچە بولغان تۇرلۇك ـ تۈمەن جەريانلاردا ئىنساننىڭ ئەپسانىۋى ئېڭى، ساماۋىي ئوي ـ خىياللىرىنىڭ قانچىلىك مۇھىم رول ئوينىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس. ئۇچار گىلەم، ياغاچ ئات ھەققىدىكى ئەپسانىۋى ئالاھىدە بولمىغان بولسا، ئىنسانىيەتنىڭ ھاۋا قاتنىشى ھەققىدىكى ئىزدىنىشىنىڭ بارلىققا كېلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بىز ئەقلىيلىكنىڭ ناھايىتى يۇقىرى باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە پەن ـ تېخنىكا، ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەتقىقاتىدا ئىنساننىڭ پسىخىك دۇنياسىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا يوشۇرۇن ۋە ئۆزگىچە شەكىللەردە ساقلىنىپ، داۋاملىشىپ كەلگەن ئەپسانە ئېڭىنىڭ ئاجايىپ زور رول ئويناۋاتقانلىقىنى بايقاپ يېتەلەيمىز. ئاددىيسى، ھەربىر مىللەت ئەدەبىياتىدا بارلىققا كەلگەن ئەڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرگە قاراپ باقىدىغان بولساقلا، ئۇ ئەسەرلەردىن تەبىئىي هالدا گۇپۇلدەپ پۇراپ تۇرغان، شۇ مىللەتكىلا خاس بولغان ئەپسانە پۇرىقىنى هېس قىلىپ يېتەلەيمىز. هومېرنىڭ «ئىلىئادا» ۋە «ئودىسسا» داستانلىرى يۇنان ئەپسانىلىرى ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن بولسا، دانتىنىڭ «ئىلاھ كومېدىيىسى»، شېكسپىرنىڭ دراما، تراگېدىيىلىرى، گيوتىنىڭ «فائۇست»ى، فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە»سى، نەۋائىينىڭ خەمسە ـ داستانلىرى، گارسىيە ماركۇسنىڭ «يۈز يىل غېرىبلىق»ى، ئايتماتوفنىڭ «قىيامەت»، «ئالا ئىت قىياسى»، «ئاق پاراخوت» قاتارلىق مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرى ئۆز نۆۋىتىدە ئۆزلىرى ياشاپ تۇرغان ئېتنىك تۇركۇمىنىڭ مەدەنىيەت، ئەپسانە ئېڭىنى ئەڭ زور دەرىجىدە مەنبە، تۇتقا قىلغانىدى ۋە ئەپسانە ئېڭى ئارقىلىق زامانىۋى ئاڭنى، شۇ دەۋر كىشىلىرىنىڭ مەنىۋى قىياپىتىنى ئاجايىپ چوڭقۇر ئېستېتىك مەنىدە ئەكس ئەتتۇرۇپ بەرگەنىدى. ئۇلارنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىنى ئەسەرلىرىدىكى ئەپسانىۋى مۇھىت، تۈيغۇ، ئاڭدىن، بايان سەنئىتىدە ئىزچىللاشقان ئەپسانىۋى تەكىبلەردىن ئايرىپ تەسەۋۋۇر قىلىش هەرگىز مۇمكىن ئەمەس. بولۇپمۇ ئايتماتوف «ئاق پاراخوت»، «ئالا ئىت قىياسى»، «قىيامەت»، «ئەسىردىن هالقىغان بىر كۈن» قاتارلىق ئەسەرلىرىدە قىرغىز خەلقىنىڭ مەدەنىيەت پسىخىكىسىغا چوڭقۇر يىلتىز تارتقان ئەپسانىۋى ئاڭ ـ تۈيغۇلارنى ۋايىغا يەتكەن بەدىئىي دىت بىلەن بىر تەرەپ قىلىپ زامانىۋىلىق ئىچىدىكى كىشىلەرنىڭ مەنىۋى قىياپىتىدىكى ياتلىشىش تۈيغۇلىرىنى يۈكسەك ئېستېتىك سەۋىيىدە ئېچىپ بېرىپ زور ئۇتۇق قازاندى.

يەنە كېلىپ دۇنيا مەدەنىيەت ساھەسى ئاللىقاچان ئۇسلۇب ۋە بەدىئىيلىك جەھەتتىن ئەپسانە سىستېمىسىنى ئۆزىنىڭ ئىنتايىن مۇھىم چىقىش نۇقتىسى قىلغان هالدا، مىسلى

كۆرۈلمىگەن گۈللەپ ـ ياشناش دەۋرىگە قەدەم قويدى. ئەپسانە بىلەن رېئاللىق ئايرىغۇسىز دەرىجىدە بىر گەۋدىلەشتۈرۈۋېتىلگەن ئەسەرلەر ئەڭ ئالقىشقا ئېرىشتى، يەر شارى خاراكتېرلىك قايتا بىر قېتىملىق ئەپسانە قىزغىنلىقى قوزغالدى. «ئەدەبىيات ـ سەنئەتتە ئەپسانە قىزغىنلىقىنىڭ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشى، ياتلىشىش جەريانىنى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان هازىرقى زامان ئادەملىرىنىڭ ئوبيېكتىپ تەلىپىنى يەنە بىر قېتىم نامايان قىلدى. هازىرقى زامان ئەدەبىيات ـ سەنئىتى ئەپسانىلەردىن پايدىلىنىپ، ئىنسان روهىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا يوشۇرۇنۇپ كېلىۋاتقان قەدىمكى خاتىرىلەرنىڭ قالدۇق پارچىلىرىنى ئاشكارىلاپ، ئازابلىق كەيپىيات ئىچىدە ئىنسان ماهىيىتىنى ئىپادە قىلدى»[1]. «خاررى پوتتېر» كەبى ئەسەرلەرنىڭ دۇنياۋى مىقياستا كەڭ كۆلەمدە قىزغىنلىق قوزغىشى ۋە غەرب دۇنياسىدا «ئىنجىل»دىن قالسىلا ئەڭ كۆپ سېتىلىشتەك غايەت زور ئىستېمال قىممىتى يارىتىشى هەمدە هولليۋود فانتازىيىلىك فىلىملىرىنىڭ ئىزچىل ئەڭ قىزغىن ياقتۇرۇشقا ئېرىشىشى ئىنسانلارنىڭ ئەپسانىۋى ئاڭ، فانتازىيىلىك تەپەككۇرغا مەڭگۈلۈك سېزىك ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم تولۇق ئىسپاتلاپ بەردى.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتى بولسا تالاي ئەگرى ـ توقاي تەرەققىيات مۇساپىسىنى بېسىپ ئۆتۈپ ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىغا كەلگەندە ئاندىن ئەدەبىياتنىڭ هەقىقىي ئېستېتىك ئۆلچەم ـ پرىنسىپلىرىغا چوڭقۇرلىغان ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىگە ئاستا ـ ئاستا قەدەم باستى ۋە بىر خىل ئىجادىيەت ئۇسۇلى تەرىقىسىدە ئەپسانە ـ رىۋايەت قۇرۇلمىسىغا ئىچكىرىلەپ كىرىشكە باشلىدى. ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۇچۇن نەچچە مىڭ يىللاردىن بېرى ئەنئەنە

① ئەسەد سۇلايمان: «ئۇيغۇر توتېم مەدەنىيىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001 ـ يىل نەشرى 341 ـ، 342 ـ بەتلەر.

بولۇپ داۋاملىشىپ كەلگەن رومانتىزم، فانتازىيە، ئەپسانىۋى تۈس ئارقىلىق غايىۋى جەمئىيەت لايىھىسى ھەققىدە ئىزدىنىش خاھىشى ھەمدە دۇنياۋى ئەدەبىياتتىكى ئەپسانىگە قايتىش، قەدىمىي ئەپسانىلەرنى رېئاللاشتۇرۇش، زامانىۋى رېئاللىقنى ئەپسانىلەشتۇرۇش، رېئاللىق بىلەن ئەپسانىلەرنى ئۇستىلىق بىلەن بىرلەشتۇرۇۋېتىش ۋە شۇ ئارقىلىق بۈگۈننى، زامانىۋى كىشىلەرنىڭ مەنىۋى قىياپىتىنى ئېچىپ بېرىشتەك مۇنداق بەدىئىي يول بۈگۈنكى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا قايتىدىن رېئاللىشىشقا باشلىدى. يەنە كېلىپ ئىپتىدائىي ئاڭ ـ تەپەككۇردىن تېخىچە قۇتۇلۇپ كېتەلمىگەن، دۇنيا قارىشى سىرلىق، غايىۋى، ئەپسانىۋى قاراش، ئادەتلەر بىلەن لىپمۇلىق تولۇپ كەتكەن بىز دەك خەلققە بۇ خىل ئىپادىلەش ئۇسۇلىنىڭ دەررۇ يېقىپ قېلىشى تېخىمۇ تەبىئىي ئىدى. «شەرقنىڭ ئەدەبىياتى تا بۈگۈنگىچە ئەپسانە ـ رىۋايەت قۇرۇلمىسىدىن يىراقلاپ كەتكىنى يوق»[①]. «ئوغۇزخان»، «بوٚكوٚخان»، «چىن توٚمۈر باتۇر»، «مەختۇمسۇلا»، «ئۇچار گىلەم»، «ئۇر توقماق»، «ياغاچ ئات»... قاتارلىق تالايلىغان ئەپسانە ـ رىۋايەت، چوٚچەكلەردە ئەكس ئەتكەن چوڭقۇر توتېم ئېڭى، مۇستەھكەم دىنىي ئاڭ، مول مەدەنىيەت تىندىنسىيىسى ھەربىر ئۇيغۇرنىڭ ئېستېتىك ئېڭىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىغىچە يىلتىز تارتقان بولۇپ، قاغجىراپ ياتقان پايانسىز دەشت ـ قۇملۇق؛ سىرلىق، تىمتاس، جىمجىت، بېكىنمە مۇھىت؛ ھە دېسىلا شىددەتلىك بوران ياكى قۇم بالاسىنىڭ خەۋپ ـ دەھشىتىنى كوٚرسىتىپ تۇرىدىغان چوٚل؛ سۇ، يامغۇر ـ يېشىن تولىمۇ ئاز بولىدىغان قۇرغاقچىلىق بۇ ئەلنىڭ ئاڭ ـ پسىخىكىسىنىمۇ ئېغىر دەرىجىدە قۇرغاق، روھىي تەشنالىققا ۋە غىدىقلاشقا زار ـ زار تەشنا قىلىپ

① يې شۇشېن: «ئەدەبىيات ئىنسانشۇناسلىقى»، 130 ـ بەت.

قويغانـدى. ئۇلار ئۇزۇن، جىمجىت ئايدىڭ كېچىلەردە چاراقلاپ تۇرىدىغان ساناقسىز يۇلتۇزلار بىلەن قاپلانغان پايانسىز ئاسمان بېتىگە قاراپ ئولتۇرۇپ تا ھازىرغىچە ئەپسانە چۆچەك ۋە رىۋايەت، چۆچەك ئارقىلىق سۆزلەش، يېشىلمىگەن قەلب ـ ۋۇجۇدىنى نەمدەيتتى. بۇ ھال تەبىئىيلا بىزدە ئەپسانە بىلەن بىر گەۋدىلەشكەن بەدىئىي ئىپادىلەش ئۇسۇلىنىڭ تېزلا باش كۆتۈرۈشىگە يېتەرلىك زېمىن ھازىرلىغاندى.

دېگەندەكلا، ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىدا ئەپسانىگە قايتىش ياكى ئەپسانە ئارقىلىق بۈگۈننىڭ روھىيەت ئارخىپىنى ئېچىشقا ئۇرۇنۇشنى بەدىئىي ئىپادىلەش ۋاستىسى قىلغان بىر تۈركۈم ئېسىل ئەسەرلەر ئارقا ـ ئارقىدىن مەيدانغا كەلدى ۋە قىزغىن قارشى ئېلىنىشقا ئېرىشتى. بىز مۇھەممەد باغراشنىڭ «ئاپئاق ئېچىلغان سۆگەتگۈلى»، «تۆتقولاق»، «ئاقساق بۇغا»، «يورەكتاغ»، «كەلكۈن» قاتارلىق ھېكايە ـ پوۋېستلىرىدىن؛ توختى ئايۇپنىڭ «بۆشۈك»، «مۇڭگۈز»، «بۆرە ئانا» قاتارلىق ئەسەرلىرىدىن؛ مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ «قۇم باسقان شەھەر» رومانىدىن؛ ئابدۇللا ساۋۇتنىڭ «تۇمارىس»، «شىراق»، «تەڭرىنىڭ ئوغلى» قاتارلىق تارىخىي ھېكايىلىرىدىن؛ خالىدە ئىسرائىلنىڭ شېئىردەك يېقىملىق، مۇزىكىدەك لىرىك ئەپسانىۋى تۈس بىلەن تويۇنغان «قۇملۇقنىڭ چۈشى» پوۋېستى؛ نۇرمۇھەممەت توختىنىڭ «چۆل ئوغلى»، ئابباس مۇنىيازنىڭ «كۆيلەر كۆزى»، «ئاخىرقى ئوۋ» قاتارلىق ئەسەرلىرى، رىزۋانگۈل يۇسۇپنىڭ ئەپسانىۋى تەركىبىنى ئەمەس، بەلكى ئەپسانىۋى مۇھىت ۋە تۈسنىڭ گۈزەللىكىنى بەكرەك نەزەرگە ئالغان قىسقا، يېقىملىق، گۈزەل ھېكايىلىرى ۋە ئابدۇكېرىم قادىرنىڭ يېقىندىن ئېلىپ بېرىۋاتقان بىر قىسىم ئىزدىنىشلىرىدىن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئەپسانە تېمىسىغا ياندىشقان ئىزدىنىشنىڭ خېلىلا سەمەرىلىك

www.uyghurkitap.com

مېۋىلىرىنى ھېس قىلىپ يېتەلەيمىز. بەلگىلىك ئىستېتىك قىممەت ۋە بەدىئىي چوڭقۇرلۇقتا ئىگە يۇقىرىقى ئەسەرلەر ئوقۇرمەنلەرنىڭ قىزغىن ياقتۇرۇپ ئوقۇشىغا سازاۋەر بولدى ـ دە، ئەدەبىياتىمىزنىڭ مەنىۋى ھاۋاسىنى رەڭگارەڭلىككە ئىگە قىلدى. بىزگە ئەدەبىياتتىكى ئىزدىنىش مۇمكىنچىلىكىنىڭ چەكسىزلىكىنى ئايان قىلىپ بەردى.

خوش، يەر شارى خاراكتېرلىك ئەپسانىگە قايتىش، ئەپسانىۋى ئاڭ ـ تۇس موتىپ قۇرۇلمىسىنى مەنبە قىلغان ھالدىكى بۇ يۈزلىنىشنى زادى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟ يۇكسەك دەرىجىدە زامانىۋىلىشىش ۋە ئەقلىيلىشىش، تۇرمۇش رىتىمىنىڭ غايەت زور دەرىجىدە تېزلىشىشى، ياشاش بېسىمىنىڭ شىددەت بىلەن ئارتىشى كىشىلەردە تەبىئىي ھالدا مەنىۋى بېسىم، ھارغىنلىق، چۈشكۈنلۈك، غېرىبلىق، ياتسىراش كەبى تۈرلۈك پسىخىك مەسىلىلەرنى پەيدا قىلدى. كىشىلەر ھەممە تېپىلىدىغان يېتەرلىك مەئىشەت ۋە ھەممىنى ئەقلىي دەلىللىك نۇقتىنەزىرى بىلەن ئۆلچەيدىغان مېخانىك تۇرمۇش ئەندىزىسى ئىچىدە بارا ـ بارا چىدىغۇسىز روھىي قۇرغاقچىلىق ۋە مەنىۋى سىقىلىش ھېس قىلىشقا باشلىدى. مانا شۇ دەقىقىدە تولىمۇ سىرلىق، غايىۋى، شېرىن، خىيالىي، فانتازىيىلىك تۇسكە ئىگە ئەپسانىۋى ئاڭ ئۆزىنىڭ ئىنسانىنىڭ يوشۇرۇن ئېڭىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا كۆمۈلۈپ ياتقانلىقىنى ۋە گېزى كەلسە ئىنسانىنىڭ مەنىۋىيىتىدىكى روھىي ئاچارچىلىق، قۇرغاقچىلىققا بەرھەم بېرەلەيدىغانلىقىنى ئاستا ـ ئاستا ئايان قىلىشقا، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىدە ئۆزىنىڭ تەڭداشسىز سېھرىي كۈچىنى نامايان قىلىشقا باشلىدى. تەتقىقاتچىلار ئەپسانىنىڭ ئەدەبىياتقا كىرىشى، ياشىشى ۋە ئۆزگىچە ئىستېتىك قىممەتتە ئەدەبىياتتىن ھالقىپ چىقىشىغا قايتىدىن نەزەر سېلىشقا باشلىدى.

بروتون: «ئەپسانىنىڭ ئۆزى ئەمەلىيەتتە بىر دىن، دىن ئەپسانىدىن كېلىپ چىققان ئەمەس، بەلكى ئەپسانىلەر دىندىن كېلىپ چىققان»[1] دېسە، فرازېر قەدىمكى دىنلار مەيدانغا كېلىشتىن ئىلگىرىلا ئىنسانلار ھەر خىل سېھىرگەرلىك ئاساسىدىكى مۇراسىملارنى ئۆيۈشتۇرۇپ كەلگەن، زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ مۇراسىملار ئىلاھلاشقان ئەپسانىلەرگە، دىنغا ۋە باشقا تۈرلۈك مۇراسىم، سەنئەت شەكىللىرىگە تەرەققىي قىلغان، دەپ قارايدۇ. تايلور ھەتتا «ئارىيان تىلىدىكى ھەربىر سۆز بىر ئەپسانىدۇر» دەيدۇ ۋە بارلىق تىل، مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنىڭ ئېتمولوگىيىسىنى بىۋاستە ھالدا ئەپسانىگە باغلايدۇ[2]. لىۋى ستراۋس ھېكايىنى ئەپسانە تۈسىنى يوقاتقان ئەپسانە دەپ قارايدۇ، ئېمىل دۇركىم بولسا ھېكايىنىڭ مەنبەسىنى داستانغا، داستانىنىڭ مەنبەسىنى ئەپسانىگە باغلايدۇ. ئەپسانە ــ ئەسلىي تىپ تەنقىدچىلىكىنىڭ ئاساسچىسى، كانادالىق ئەدەبىي تەنقىدچى نورسروپ فراي (Northrop Frye) بولسا: «شېئىر پەقەت باشقا شېئىردىنلا تۇغۇلىدۇ، ھېكايىمۇ يەنە بىر ھېكايە ئاساسىدىلا مەيدانغا كېلىدۇ. ئەدەبىيات ۋە ئۇنىڭ شەكىللىرى سىرتقى كۈچ، ئامىللار تەرىپىدىن ئەمەس، دەل ئەدەبىياتنىڭ ئىچكى مەنبەسىدىن كېلىدۇ»[3] دەپ قاراپ، ئەدەبىياتنىڭ ۋە ئۇنىڭ تۈرلۈك شەكىللىرىنىڭ ۋە ھەتتا ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىدىكى مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنىڭ سۇژېت ـ قۇرۇلمىسىنىڭ كېلىش مەنبەسىنىمۇ ئەڭ ئىپتىدائىي ئەپسانە ـ

① تۇرسۇن قۇربانىنىڭ «ئەپسانە تەتقىقاتىنىڭ مەدەنىيەت تەتقىقاتىدا تۇتقان ئورنى» ناملىق ماقالىسىگە كەلتۈرۈلگەن نەقىل، «مىراس» ژۇرنىلى 1999 ـ يىل 5 ـ سان.

② يۇقىرىقى ماقالە.

③ نورسروپ فراي: «تەنقىد ئاناتومىيىسى»، بەيخۇا ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەشرىياتى، 2006 ـ يىل نەشرى 139 ـ بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

رىۋايەتلەرگە ۋە ئۇنىڭدىكى موتىفلارغا باغلايدۇ ھەمدە ئەپسانىۋى ئاڭنىڭ ئىزچىللىقى نۇقتىسىدىن تۇرۇپ غەرب ئەدەبىياتىدىكى ئەڭ مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرگە ئەپسانە — ئەسلىي تىپ نۇقتىسىدىن قايتىدىن باھا بېرىپ، ئەدەبىيات - سەنئەت تەنقىدچىلىكىنى يېڭى مېتود ۋە ئۇسۇل بىلەن تەمىنلەيدۇ. بىز ئەپسانە نۇقتىسىدىن چىقىپ ئەدەبىياتقا ئومۇمىيۈزلۈك باھا بېرىشنى ئاساس قىلغان ئەپسانە — ئەسلىي تىپ تەنقىدچىلىكىنىڭ نەزەرىيىۋى قاراشلىرىغا قاراپ باقساقلا ئەدەبىياتقا كىرىشنىڭ بۇ يېڭىچە ئۇسۇلىنىڭ ئۆزىگە خاس ئۆزگىچە تەرەپلىرىنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلالايمىز.

فرازېر ئۆزىنىڭ «ئالتۇن شاخ» ناملىق ئەسىرىدە مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىقى نۇقتىسىدىن تەھلىل يۈرگۈزۈپ: «ئىنسان بىلەن تەبىئەت ئوتتۇرىسىدا باشتىن - ئاخىر بەلگىلىك ئورتاق تەسىر مۇناسىۋىتى بولۇپ كەلدى، كىشىلەر سىمۋوللۇق ھەرىكەت ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ھېسسىيات، ئارزۇ - ئىرادىلىرىنى تەبىئەتكە ئىپادىلەپ، قارشى تەرەپنى كونترول قىلىش مەقسىتىگە يېتىشكە ئۇرۇنۇپ كەلدى»[1]دەپ قارىدى ھەمدە تۈرلۈك مۇراسىم - ئادەتلەرنى ۋە بۇنىڭ ئەپسانىۋى ئاڭغا، توتېمغا، دىنغا تەرەققىي قىلغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى. كارل جۇڭ بولسا ئاشۇ ئەپسانىۋى ئاڭنى «ئەسلىي تىپ» نۇقتىسىدىن كۆزەتتى ھەمدە ئەپسانىۋى ئاڭنىڭ نېمە ئۈچۈن مىڭ يىللاپ ئۆزگەرمەي، يوقالماي داۋاملىشىپ، ئىنسانىيەتنىڭ مەنىۋى پائالىيەتلىرىدە ئۆزلۈكسىز كۆرۈلۈپ تۇرىدىغانلىقىنى روھىي ئانالىز، كوللېكتىپ ئاڭسىزلىق، يوشۇرۇن ئاڭ نۇقتىسىدىن چىقىپ تۇرۇپ شەرھلەپ بەردى. ئۇ ئەپسانىنىڭ ئۆزگەرمەس سېھرىي كۈچى ئۈستىدە ئانالىز يۈرگۈزۈپ مۇنداق دەيدۇ:

---

[1] چيۇ يۈنخۇا: «ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ئۇسۇل - ئۆرنەكلەر» بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2006 - يىل نەشرى 113 - بەت .

«ئەسلىي تىپ كوللېكتىپ ئاڭسىزلىقتا كەم بولسا ئەسلا بولمايدىغان ئۇقۇمدۇر. ئۇ روھتىكى بەلگىلىك شەكىل، فورمىلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا قارىتىلغان بولۇپ، ئۇ ھەرقانداق ماكان ـ زاماندا ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت بولغۇچى موتىۋفتۇر، ياكى مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئەپسانىۋى ئوبرازدۇر»[1]. ئۇ ھەرقانداق بىر مىللەتتە ئۆزىگە خاس ئەپسانە، ئەپسانىۋى ئوبراز، ئەپسانىۋى ئاڭنىڭ مەۋجۇت بولىدىغانلىقى ۋە بۇلارنىڭ پۈتكۈل كوللېكتىپنىڭ يوشۇرۇن ئېڭىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا ئىزچىل ساقلىنىدىغانلىقى، ھەر زامان ئۆزلۈكسىز باشقىچە شەكىل، تۈس، قىياپەتلەردە ئاشكارىلىنىپ، ئىپادىلىنىپ تۇرىدىغانلىقىنى بايان قىلدى. «ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ سېھرىي كۈچىنىڭ تۆۋەنلىمەي كېلىشىدىكى سەۋەب ئۇنىڭ كوللېكتىپ ئاڭسىزلىقنىڭ ئەسلىي تىپىنى ئىپادىلىگەنلىكىدە. ئەسلىي تىپ (ئەپسانە، ئەپسانىۋى ئىماگ ـ ئوبراز) بىزنى ئاسان ھاياجانغا سالىدۇ. ئۇ بىزنىڭ ئاۋازىمىزدىن نەچچە ھەسسە كۈچلۈك سادا چىقىرالايدۇ. ئىپتىدائىي ئىماگلارنى دەستەك قىلىپ سۆزلىگەن ئادەم نەچچە مىليون ئادەم سۆزلىگەنگە باراۋەر»[2]. كارل جۇڭنىڭ ئەپسانە ئەسلىي تىپىنىڭ كوللېكتىپ ئاڭ شەكلىدە ئىپادىلىنىپ چىقىدىغانلىقى ھەققىدىكى قارىشى ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەزەرىيىسى ۋە تەتقىقاتىغا ئاجايىپ زور تەسىر كۆرسەتتى، شۇنداقلا بۇ ساھەدىكى تەتقىقاتنى مۇھىم نەزەرىيىۋى ئاساس بىلەن تەمىنلىدى.

كارل جۇڭدىن كېيىن نورسروپ فراي ئەپسانىدىن ھازىرقى زامان مەنىسىدىكى ئەدەبىياتقىچە بولغان پۈتكۈل جەريانغا ئومۇمىيۈزلۈك تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق ئەپسانە ـ

---

① كارل جۇڭ: «پسىخولوگىيە ۋە ئەدەبىيات»، ئۈچ بىرلەشمە كىتابخانىسى، 1987ـ يىل نەشرى 120ـ بەت.

② يې شۇشيەن: «ئەدەبىيات ئىنسانشۇناسلىقى»، 127 ـ بەت.

ئەسلىي تىپ تەنقىدچىلىكىنى رەسمىي شەكىللەندۈردى ھەمدە ئەدەبىياتقا ئۇنىڭ كىلىش مەنبەسىدىن باشلاپ قاراپ چىقىپ، ئوبراز، قۇرۇلما، موتىفلارنىڭ ئۆزگىرىش، تەرەققىي قىلىش جەريانىنى شەرھلەپ چىقتى. ئۇ ئۆزىنىڭ «ئەدەبىيات ئىنسانشۇناسلىقى تەنقىدچىلىك نەزىرىيىسىنىڭ دەستۇرى» دەپ تەرىپلەنگەن مەشھۇر ئەسىرى «تەنقىد ئاناتومىيىسى»دە ئۆزىنىڭ ئەپسانە ـ ئەسلىي تىپ تەنقىدچىلىك نەزىرىيىسىنى سىستېمىلىق شەرھلەپ چىقتى ۋە ئەدەبىيات، ئەدەبىي ئەسەرنى يەككە، تاق لىنىيىدىن ئەمەس، بىر پۈتۈن گەۋدە سۈپىتىدە تونۇپ تەتقىق قىلىشنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلىدى. ئۇ: «ھەرقانداق بىر ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ ئۆزىگە خاس ئەپسانىسى بولىدۇ. ئەدەبىيات دەل مۇشۇ ئەپسانىنىڭ راۋاجى، ئۆزگىرىش تەرەققىياتى»، «ئەدەبىيات تەتقىقاتى ئەگەردە ئەدەبىيات يىلتىزى تارتقان ئەپسانىنىڭ مەدەنىيەت، تارىخ ئىقىمىدىن ئايرىلىپ قالىدىكەن، مۇنداق تەنقىد ئاسانلا گۇم بولىدۇ»[①] دەپ قارىدى. ئۇ بۈگۈنكى دەۋر ئەدەبىياتىدىكى بارلىق ژانىرلار دەل قەدىمىي ئەپسانىلەردىن تەرەققىي قىلىپ كەلگەن، ھەتتا ئەسەرلەرنىڭ، پېرسوناژلارنىڭ موتىپ قۇرۇلمىسىمۇ ئاساسەن ئۆزگەرمەي كەلگەن. ئىپادىلەش شەكلى، مەزمۇنىدا ئاز ـ تولا پەرق باردەك قىلغىنى بىلەن، ئەمما تۈپ قۇرۇلمىدا ئالاھىدە چوڭ ئۆزگىرىش بولغىنى يوق، دەپ قارىدى. ئۇنىڭچە، تەبىئەت ھادىسىلىرى بىلەن ئادەملەرنىڭ ھاياتلىق مەۋجۇدىيىتىدە، ھەتتا ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىياتىدىمۇ ئوخشاش قۇرۇلمىلىق دەۋرىي قانۇنىيەت مەۋجۇت بولۇپ، كۈننىڭ چىقىشى، پېتىشى، ھاۋارايىنىڭ ئۆزگىرىشى، تۆت پەسىلنىڭ ئايلىنىشى ۋە ئىنسان ھاياتىنىڭ دەۋرىي قىلىپ ئايلىنىشىدىمۇ ئوخشاشلىق بار ئىدى. ئەپسانىلەرنىڭ بايان قۇرۇلمىسى ۋە كېيىنكى باشقا شەكىللەرگە ئۆزگىرىش، تەرەققىي

① يې شۇشيەن: «ئەدەبىيات ئىنسانشۇناسلىقى»، 127 ـ بەت.

قىلىش قانۇنىيىتىنى يۇقىرىقى ئوخشاشلىق ئارقىلىق چۈشەندۈرۈشكە بولاتتى. يەنى تەبىئەتتىن قۇياش، دەل ـ دەرەخنى ۋە ئادەمزاتتىن ئىلاھىي ياكى ئەپسانىۋى ئوبرازلارنىڭ دەۋرىيلىشىش قانۇنىيىتىنى تۇتقا قىلغاندا، ئەپسانىلەرنىڭ ئۆزگىرىش ھالىتى تۆۋەندىكىچە بولۇپ چىقاتتى:

**سەھەر — باھار — تۇغۇلۇش:** ئالەمنىڭ يارىتىلىشى، مەۋجۇداتلارنىڭ ئويغىنىشى، قەھرىمانىنىڭ تۇغۇلۇشى، يەنى زۇلمەتنىڭ، قىشنىڭ، ئۆلۈمنىڭ مەغلۇپ بولۇشىنى مەنبە قىلغان ئەپسانىلەر — چۆچەك، رىۋايەت، فانتازىيىلىك ھېكايىلەرنىڭ ئەسلى تىپى.

**چۈش — ياز — توي — غەلىبە:** ئەۋلىيا ـ ئەنبىيالار، جەننەت ھەققىدىكى ئەپسانىلەر — دراما، قوشاق، مەدھىيە تىپىدىكى ئەسەرلەرنىڭ ئەسلى تىپى.

**شام — كۈز — ئۆلۈم:** يىمىرىلىش، مەغلۇپ بولۇش، زوراۋانلىق، قۇربان بولۇش ھەققىدىكى ئەپسانىلەر — تراگېدىيە، مەرسىيە تىپىدىكى ئەسەرلەرنىڭ ئەسلى تىپى.

**زۇلمەت — قىش — ھالاك بولۇش:** قەھرىمانىنىڭ ھالاك بولۇشى، ئاممىۋى روھنىڭ بەربات بولۇشى ھەققىدىكى ئەپسانىلەر — مەسخىرە بىمەنە تىپىدىكى ئەسەرلەرنىڭ ئەسلى تىپى①.

فراينىڭ قارىشىچە، ئەپسانە ئەمەلىيەتتە بىر خىل فورماتلىق شەكىلدىن ئىبارەت بولۇپ، ئەپسانىۋى شەخسنىڭ تۇغۇلۇش، يېتىلىش، سىناقلارغا دۇچ كېلىش، غەلىبە قىلىش، قىيىنچىلىققا ئۇچراش، ئۆلۈش، تىرىلىشىگىچە بولغان جەريان كېچە بىلەن كۈندۈز، تۆت پەسىلنىڭ ئالمىشىشىغا ئوخشاشلا

---

① فراي: «ئەدەبىياتتىكى بىرقانچە ئەسلى تىپ»، «ھازىرقى زامان غەرب ئەسەرلە ـ رىدىن تاللانما» ناملىق توپلامغا كىرگۈزۈلگەن. شاڭخەي تەرجىمە نەشرىياتى، 1984 ـ يىل نەشرى، 344 ـ، 345 ـ بەتلەر.

www.uyghurkitap.com

مۇكەممەل دەۋرىي ھېكايىدىن ئىبارەتتۇر. ئەپسانىۋى ئوبرازنىڭ تۇغۇم ـ ئۆلۈمى ۋە كېيىنكى جەريانلار ئەدەبىياتتىكى بارلىق ھېكايە ئامىللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. «يىغىپ ئېيتقاندا، ئەدەبىيات ئەپسانىنىڭ كۆچۈشىدۇر، ئەدەبىيات ئەپسانىنىڭ داۋامى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئەپسانە ئەدەبىياتقا ئايلانغان ۋە ئەپسانىۋى ئوبرازلار ئەدەبىياتتىكى تۈرلۈك پېرسوناژلارغا ئالماشقان.»[1]

ئۇ بۇ خىل قاراش بويىچە ھازىرغىچە بولغان ئەدەبىيات تارىخىدىكى پېرسوناژلار تىپىنى مۇنداق بەش تۈرگە بۆلۈپ تۇرۇپ ئۇنىڭ رېئاللىشىش دەرىجىسىگە باھا بەردى:

باش قەھرىمان باشقىلاردىن ۋە مۇھىتتىن، تەبىئەتتىنمۇ ھالقىغان مەۋجۇتلۇق ـــ ئىلاھ (ئەپسانىلەردە كۆرۈلىدۇ).

باش قەھرىمان باشقىلاردىنمۇ، مۇھىتتىنمۇ ھالقىغان تىپىك ئەپسانىۋى قەھرىمان، لېكىن ئىلاھ ئەمەس، بەلكى ئادەم (چۆچەك، رىۋايەتلەردىكى قەھرىمانلار).

باش قەھرىمان باشقىلاردىن ئۈستۈن، لېكىن تەبىئەتنىڭ ئەزەلىي قانۇنىيىتىدىن ئاجىز (داستان، تراگېدىيىلەردىكى داھىي، قەھرىمان، يولباشچىلار).

باش قەھرىمان باشقىلاردىنمۇ، تەبىئەتتىنمۇ ھالقىمىغان ھەممىگە ئوخشاشلا ئادەم. ئۇنىڭ بارلىق ئىش ـ ئەمەللىرى نورمال ھاياتلىق مەنتىقىسىگە ئۇيغۇن (رېئالىزم تىپى)[2].

باش قەھرىمان ئىقتىدار، ئەقىل جەھەتتە بىزدىن ـــ نورماللىق دەرىجىسىدىكى ئادەملەردىن تۆۋەن. دەلتە، ھاڭۋاقتى، بىمەنە، ساراڭ، چۈشكۈن (مەسخىرە تىپى).

ئۇنىڭچە، ئەپسانىدىن مەسخىرە ـ بىمەنىلىك ئەدەبىياتىغىچە

---

① چيۇ يۇنخۋا: «ئەدەبىي تەنقىدتىن ئۇسۇل ـ ئۆرنەكلەر» 118 ـ بەت.

② نورسروپ فراي: «تەنقىدنىڭ ئاناتومىيىسى»، بېيجىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەشرىياتى، 2006 ـ يىل نەشرى.


بولغان ئەدەبىيات ھادىسىلىرىدىكى باش قەھرىمانلارنىڭ ئىلاھىي تۈستىن ئاستا ـ ئاستا رېئاللىشىپ ئادەتتىكى ئادەمگە، ھەتتا تولىمۇ بىچارە، ئاجىز، چۈشكۈن، مىسكىن ھالغا چۈشۈشى دەل بۈگۈنكى دەۋر ئەدەبىياتىدىكى «قەھرىمانسىزلاشتۇرۇش»تىن ئىبارەت ئىدى.

فراي يۇقىرىقى قاراشلىرى بويىچە ياۋروپا ئەدەبىياتىنىڭ تىپ، فورمىسىغا باھا بېرىدۇ ھەمدە ئەدەبىياتتىكى ئىنسان ئوبرازىنىڭ تەرەققىيات سخېمىسى ئارقىلىق پۈتكۈل مەدەنىيەت ھادىسىلىرىگە قايتىدىن قاراپ چىقىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئەدەبىياتنىڭ تۈپ مەنبەسىنى مەدەنىيەتنىڭ تەگ ـ يىلتىزى، مىللىي كىملىك، ئۆزلۈك تۈيغۇسىنىڭ ئىپتىداسىغا قايتۇرۇپ تۇرۇپ مۇھاكىمە يۈرگۈزىدىغان بۇ خىل تەھلىل ـ تەتقىقات ئۇسۇلى بىزگە بىر پارچە ئەسەر يوشۇرۇپ ياتقان چوڭقۇر مەدەنىيەت تىندۇرمىسىنى چۈشىنىش ۋە بىر پارچە ئەسەردىن چىقىپ شۇ مىللەتنىڭ ئەپسانە، مەدەنىيەت ئاڭ ـ تۈيغۇسىغا چوڭقۇرلاپ كىرىش ئىمكانىيىتى بەخش ئېتىدۇ. ئەدەبىي ئەسەرنىڭ مىللەتنىڭ كىملىك، مەدەنىيەت، تەۋەلىك تۈيغۇسىنى خېلى زور دەرىجىدە ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغانلىقىنى ۋە ئەپسانە ئېڭىنىڭ كۈچى بىلەن بىر مىللەتنىڭ مەنىۋى ئېكولوگىيىسىگە تارىخىي قاتلام يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ ئويلىنىش، ئىپادىلەش ئېلىپ بېرىش مۇمكىنچىلىكىدىن ئۇچۇر بېرىدۇ. بىز بۇ نۇقتىدىن چىقىپ ئەسەرلىرىمىزنىڭ بەدىئىي قىممىتى ۋە تەسىرلەندۈرۈش كۈچى ھەققىدە قايتىدىن ئويلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشىمىز.

مەيلى ساپ ئەپسانە بولسۇن ياكى ئەپسانىۋى ئاڭنى تۈتقا، مەركەز قىلغان ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرى بولسۇن ۋە ياكى ئەدەبىياتنى ئەپسانە ـ ئەسلىي تىپ نۇقتىسىدىن كۆزىتىش ئۇسۇلى بولسۇن، ھەممىسى تۈپ نېگىزىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا،

ئىنساننىڭ ئۆزى ۋە دۇنيا ھەققىدىكى ئىزدىنىشىنىڭ مەلۇم بىر كۆزنىكىدۇر. بىز بۇ خىل ئۇرۇنۇشلاردىن ئىنساننىڭ ئۆزلۈكىنى ئىزدەش، يىلتىزىنى ئىزدەش ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى كىملىكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇشقا ئىنتىلىشلىرىنى ھېس قىلالايمىز. مەيلى ئايتماتوفنىڭ، گارسىيە ماركوزنىڭ ياكى مۇھەممەد باغراش، مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ ئەپسانىگە مۇراجىئەت قىلىشى بولسۇن، ھەممىسى يىغىپ ئېيتقاندا، مۇئەييەن بىر كىملىكنىڭ ئەسلىيىتى ھەققىدىكى ئىزدىنىشتۇر. چوڭقۇر ئەپسانىۋى قاينام قايناپ تۇرغان بۇ ئەسەرلەر تەبىئىي ھالدىلا ئوقۇرمەن قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىغا كۆمۈلۈپ ياتقان «ئەسلىي تىپ»نى ئويغىتىدۇ ـ دە، كىتابخاننى تولىمۇ ئىپتىدائىي ۋە ئۇلۇغۋار بولغان ئەسلىي كىملىككە قايتۇرىدۇ. كوللېكتىپ ئاڭنىڭ يوشۇرۇن قاتلىمىدا ساقلىنىپ ياتقان «ئەسلىي تىپ»لارنىڭ يازغۇچىنىڭ (يەككە) ئېستېتىك ئېڭى ئارقىلىق ئەسەر سۈپىتىدە ئاشكارىلىنىپ ئوقۇرمەننىڭ ھوزۇرىغا بېرىشى ئارقىلىق ئوقۇرمەنمۇ (بۇ يەردە ئوقۇرمەن ئاللىقاچان يەككە ئەمەس، بەلكى كوللېكتىپقا ئايلىنىدۇ) بىر پۈتۈن ئىجتىمائىي توپنىڭ يوشۇرۇن ئېڭى. ئۇنىڭدا ساقلانغان مەڭگۈ ئۆچمەس ئوبرازلار ۋە ئۇنىڭ بۇ ئىجتىمائىي توپنىڭ مەۋجۇتلۇق تەقدىرى، ھازىرى ۋە كەلگۈسىدىكى قىممىتىنى دەڭسەشكە باشلايدۇ. نەتىجىدە، بۇ يەردە ئۆتمۈشتىكى ئوبرازلار بۈگۈننىڭ چەمبىرىكىگە كىرىپ «ئەسلىي تىپ»نىڭ قىممىتىنى دەڭسەشكە باشلايدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۆتمۈشتىكى ئوبرازلار بۈگۈننىڭ چەمبىرىكىگە كىرىپ «ئەسلىي تىپ»نىڭ قىممىتىنى يېڭىلايدۇ. بۇ چاغدا ئۇ ئاللىقاچان ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇق بوشلۇقىنى كەلگۈسى زامانىنىڭ كوللېكتىپ ئېڭىغا تىكلەپ بولغان بولىدۇ. بۇ يەردە «ئەپسانە ـ ئەسلىي تىپ»، يەنى مەلۇم بىر توپنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك مەدەنىيەت جۇغلانمىسىنى دەۋر قىلغان ھالدا كۆپ

قاتلاملىق تەپەككۇر ـ ئويلىنىش هادىسىسى مەيدانغا چىقىدۇ. بۇ ئويلىنىش يازغۇچىنىڭ ئىستېتىك تۇيغۇسىنىڭ «ئەسلىي تىپ»تىن ئۆزۈك ئېلىشى ۋە ئۇنى هازىرقى زامان كىشىلىرىنىڭ ئېيتىم چۈشەنچىسى، مەدەنىيەت كونتېكىستىغا تەققاسلىشى نەتىجىسىدە روياپقا چىقىدۇ. يازغۇچى بۇ جەرياننى «ئەسلىي تىپ»تىن ئىلهاملىنىش، «ئەسلىي تىپ» تىن كەلگەن روھ، ئوبرازلارنى هازىرنىڭ تۇرمۇش رېئاللىقى ئىچىگە قويۇش ئارقىلىق مەيدانغا چىقارسا ۋە بۇ جەرياندىن هازىرغا بولغان بەلگىلىك بەدىئىي سۇبيېكتىپ چۈشەنچىسىنى ئوتتۇرىغا قويسا، ئەسەر ئوقۇرمەننىڭ هۇزۇرىغا كىرگەندىن كېيىن ئېھتىمۇ كەڭ، ئومۇمىيۇزلۇك ۋە كۆپ قاتلاملىق دەۋرىي ئويلىنىش هادىسىسىنى مەيدانغا چىقىرىدۇ. بولۇپمۇ ئەسەر ئوقۇرمەننىڭ قەلبىدىكى «ئەسلىي تىپ» ۋە ئۇ ساقلاپ ياتقان ئەسلىي كىملىكنىڭ قېتىنى ئاچقاندا، «ئەسلىي تىپ» مۆكۈنگەن يوشۇرۇن ئاڭنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىن ناهايىتى كۈچلۈك قايتۇرما سوراق، سوتلاش ئىنكاسى ئېتىلىپ چىقىدۇ ـ دە، ئوقۇرمەننى توختاۋسىز رەۋىشتە ئۆزى، ئۆزىنىڭ هازىرى ۋە كەلگۈسى ھەققىدە ئويلاندۇرىدۇ. بۇ ۋاسىتە هالدا ئوقۇرمەننىڭ «هازىر، بۈگۈن»



ئېڭىغا، كىملىك، تەۋەلىك تۇيغۇسىغا زور تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئايتماتوفنىڭ «ئەسىردىن ھالقىغان بىر كۈن» رومانىدا تەسۋىرلەنگەن «ماڭقۇرت» رىۋايىتىنىڭ ئاخىرىدىكى ئۆز ئوغلى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن ئانىنىڭ ئاق ياغلىقى قۇشقا ئايلىنىپ ئۇچۇپ كەتكەندە پىغان بىلەن توۋلاپ سايراپ كەتكەن ئاۋازنى «ئەسلىي تىپ» تىن قاڭقىپ تۇرىدىغان قىيامەتلىك سوراقنىڭ تىپىك سىمۋولى دېيىشكە ھەقلىقمىز: «ئويلاپ كۆرگىن، سەن كىمسەن؟ ... سېنىڭ ئاتاڭ دۆنەباي، دۆنەنباي...»[1] يازغۇچىنىڭ بەدىئىي تەپەككۇرى كۆپ ھاللاردا ئوقۇرمەنلەر توپى ئارىسىدا «ئەسلىي تىپ» رادىئاتسىيىسى تۈپەيلى شەكىللىنىدىغان ئوي ـ تەپەككۇرنىڭ ئالدىدا ئاجىز كېلىپ قالىدۇ. گارسىيە ماركوس «يۈز يىل غېرىبلىق»نى مەيدانغا چىقارغاندا شەخسەن ئۆزى بۇ ئەسەرنىڭ قىممىتىنى ئۇنچىۋالا چوڭ دەڭسىيەلمىگەن بولۇشى مۇمكىن. ئەمما، ئۇ مەيدانغا چىقارغان ئويلىنىش تەقەززاسى لاتىن ئامېرىكىسىدا «ئەدەبىي يەر تەۋرەش»نى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ۋەھالەنكى، بۇ يەر تەۋرەشنى گارسىيە ماركوس پەيدا قىلمىدى، «يۈز يىل غېرىبلىق»مۇ مەيدانغا چىقارمىدى. گارسىيە ماركوس بىلەن « يۈز يىل غېرىبلىق بۇ پارتلاشنىڭ پەقەتلا پىلتىسى، خالاس. «ئەسلىي تىپ»قا ۋە ئۆزلىرىنىڭ مەۋجۇت رېئاللىقىغا قارىتا كەسكىن ئويلىنىش ئېلىپ بارالىغان ھەمدە تېخىمۇ مۇھىمى ئەتىسى، كەلگۈسى ھەققىدە تەخىرسىز ئويلىنىش كرىزىسىنى ھېس قىلغان لاتىن ئامېرىكا ئوقۇرمەنلىرى دەل بۇ زىلزىلىنىڭ چوڭ پارتلاشنىڭ ئىجراچىلىرىدۇر. ئەگەردە كوللېكتىپنىڭ يوشۇرۇن ئېڭىغا چوڭقۇر يىلتىز تارتقان «ئەسلىي تىپ» ۋە بۇ «ئەسلىي تىپ»نىڭ كەلمىش ـ كەتمىشىگە ۋىجدان بىلەن مۇئامىلە قىلىشنى بۇرچ دەپ بىلىدىغان

---

① چىڭغىز ئايتماتوۋ: ئەسىردىن ھالقىغان بىر كۈن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2007 ـ يىل 216 ـ بەت.

ئوقۇرمەنلەر بولمىغىنىدا ئىدى، «يۈز يىل غېرىبلىق»تىن مىڭ ھەسسە مۇقەددەس، ئۇلۇغ ئەسەر مەيدانغا چىققان تەقدىردىمۇ، بەلكىم ھېچكىم كۆزىنى مىتمۇ قىلىپ قويماس ئىدى. ئۇلۇغ ئەسەرنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئۇلۇغ ئوقۇرمەنىنىڭ تۇغۇلۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. دېمەككى، كوللېكتىپ ئاڭدىكى مۇنداق «ئەسلى تىپ»لارنىڭ تەسىرلىك بەدىئىي يول بىلەن قايتا زاھىرلىنىشى، دەۋرىيلىنىشى نەتىجىسىدە، بىر مىللەتنىڭ كىملىك ئۇقۇمى تەكرار ـ تەكرار ئەسكەرتىلىپ تۇرۇلۇش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشىدۇ. (مەن كىم؟)؛ مەدەنىيەت، تارىخ، ئادەت، مۇراسىم، ئېتىقاد، تۇرمۇش شەكىللىرى ئاڭ ـ ئەستە قايتىلىنىدۇ ( مەن قانداقسىگە مەندۇرمەن؟) ئەدەبىياتنىڭ مىللىي تىنىقى شەكىللىنىدۇ...

يەنە بىر جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئەپسانە ئەنئەنىسىگە باغلانغان ئەسەرلەر مەلۇم مەنىدە ئورتاق ئۆزلۈك ئىزدەش پائالىيىتىدىن ئىبارەت. ئاپتورنىڭ قازغان، ئىپادىلىگىنى ھەرگىزمۇ بىر ئۆزىگىلا تەۋە ياكى ئۆزى توقۇپ چىققان، باشقىلارغا مۇتلەق ناتونۇش ئەپسانە ـ رىۋايەت بولماستىن، بەلكى ھەممىگە تونۇشلۇق، مەلۇم بىر ئىجتىمائىي توپنىڭ كوللېكتىپ ئېڭىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ كەتكەن ئورتاق بىر مەنىۋى بايلىقنى قىدىرىش پائالىيىتىدۇر. دېمەككى، ئاپتورنىڭ قىدىرغىنى ئۆزىنىڭ ئېستېتىك ئېڭىلا ئەمەس، بەلكى ھەممىنىڭ ئورتاق تۇيغۇسىدۇر. ئوقۇرمەنىنىڭ زوقلىنىش پائالىيىتىمۇ ئۆزىگە مۇتلەق ناتونۇش بىر دۇنيانىڭ بەدىئىي خەرىتىسى ئەمەس، مەلۇم مەنىدە ئۆزىنىڭ روھىي دۇنياسىنىڭ نېگىزىنى يوشۇرۇن تۇستە تەشكىل قىلغۇچى ئاڭ قاتلىمىنىڭ يېيىلىشىدۇر. ئوقۇرمەن ئۆزىنىڭ ۋۇجۇدىدا ئاللىقاچان شەكىللىنىپ بولغان، ئەمما ئۆزى ئاڭلىق رەۋىشتە ھېس قىلىپ يېتەلمىگەن «ھەقىقىي مەن» — ئۆزىنى ئەسەر ئارقىلىق تېخىمۇ

ھېس قىلىدۇ ۋە ئۆزىنىڭ ئەسلىي قانداق، ھازىر قانداق ئىكەنلىكى، كەلگۈسىدە قانداق بولۇش كېرەكلىكى ھەققىدە بەلگىلىك بەدىئىي چۈشەنچە ھاسىل قىلىدۇ.

ئەدەبىياتتىكى ئەپسانە بىزنىڭ تۇيغۇمىزنى ئەسلىگە قايتۇرىدۇ ۋە ساددا، گۆدەك، غەرەزسىز، بۇلغانمىغان ئىنسانىي ۋىجدانىمىز بويىچە دۇنياغا، ئىنسانغا، ئۆزىمىزگە قارىشىمىز كېرەكلىكىنى ئەسكەرتىدۇ. بىز بۇئىندىيە جەمەتىنىڭ مەۋجۇتلۇق تەزكىرىسى پۈتۈلگەن ماكاندۇ كەنتىنىڭ ئەپسانىۋى ئىماگىدىن لاتىن ئامېرىكىسىنىڭ مەنىۋى ئارخېئولوگىيىسىنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇق. ئايتماتوف شېئىردەك گۈزەل بىر تۈركىي ئەسەرلىرىنىڭ چوڭقۇر مەدەنىيەت تىندىنىسىيىسىنى ھاسىل قىلغان «بۇغا ئانا رىۋايىتى»، «ياۋا ئۆردەك لۇۋېر»، «پەرىزات بېلىق ئەپسانىسى»، ئانا بېيت قەبرىستانلىقىدىكى «ماڭقۇرت» رىۋايىتى ئارقىلىق بىزگە ئىنسانىيەتنىڭ يىلتىز ـ كىملىك تۇيغۇسىدىن، ساپ، پاكىز، بىغۇبار بالىلىق ۋىجدانىدىن ئەسلا ۋاز كەچمەسلىكى كېرەكلىكىنى، ئىنسانىي ئەسلىيەتنىڭ ئەڭ مۇقەددەسلىكىنى دەپ بەردى. مۇھەممەد باغراش «سۇ پەرىسى» ئەپسانىسى(«كەلكۈن» دىكى)، «يۇرەكتاغ» رىۋايىتى («يۇرەكتاغ»دىكى)، «ئوغۇزخان» رىۋايىتى («ئاقساق بۇغا» دىكى) ۋە «ئاپئاق ئېچىلغان سۆگەتگۈلى»دىكى ئاتىلانىڭ ئېچىنىشلىق تراگېدىيىسى ئارقىلىق ئىنساننى ئۆزىنىڭ ئەسلىيىتىنى ئۇنتۇماسلىق، ھاياتتا ئىنساننى ھەرقانداق ئادەت، قىلىق، ھەرىكەتتىن ئېيمەندۈرۈپ، تەپتارتقۇزۇپ، چەكلەپ تۇرىدىغان مۇقەددەس، بۇزۇلسا، سەل قارالسا ئەسلا بولمايدىغان بىر مىزاننىڭ جەزمەن بولۇش كېرەكلىكىنى ئايان قىلىپ بەردى...

دۇنيا يەر شارىلاشماقتا، مەدەنىيەت، ئەدەبىياتمۇ يەر شارىلاشماقتا. لېكىن، بۇ ھال مىللەتلەر ۋە يازغۇچىلاردىن ئۆزىگە خاس كىملىك، يىلتىز ۋە مەدەنىيەت ئېڭىنى تېخىمۇ

مۇستەھكەملەش ۋە يەنىمۇ كۈچلۈك ئىپادىلەش، ئايان قىلىشنى تەلەپ قىلماقتا. بىز بۇ نۇقتىدا ئۆزىمىزنىڭ مول تارىخىي ئۆتمۈشىمىزگە، كۆپ خىل مەدەنىيەت تىندۇرمىمىزغا ۋە ئۇزۇن مەزگىللىك ئىجادىيەت ئەنئەنىمىزگە قايتىدىن قاراش ۋە ئۆز خاسلىقىمىزنى تېخىمۇ نامايان قىلالايدىغان نۇقتىلاردىن چىقىش يولى تېپىشىمىزغا توغرا كېلىدىغانلىقىنى ھېس قىلماقتىمىز. ئۆزىدە كۆپ قاتلاملىق مەدەنىيەت ئۇچۇرى، دىنىي ئاڭ، ھاياتلىق چۈشەنچىسى، مۇراسىم شەكىللىرى ۋە ئېستېتىك تۇيغۇ جۇغلانغان ئەپسانە، رىۋايەت، چۆچەكلىرىمىز چوقۇمكى، ئەدەبىياتىمىزغا ئۆزىنى ئىپادىلەيدىغان ئۆزگىچە تىل بەرگۈسى.

2007 ـ يىل دېكابىر، ئۈرۈمچى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ھەقىقەتنى نەدىن ئالىمىز

ئابلىكىم خېۋىرنىڭ «مەۋجۇدىيەت ۋە 21 ـ ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى» سەرلەۋھىلىك ماقالىسى باشقا نۇرغۇن ئوقۇرمەنلەرگە ئوخشاش ئۆز نۆۋىتىدە مېنىڭمۇ دىققىتىمنى قوزغىدى. ماقالىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، مەنمۇ خۇددى ئابلىكىم خېۋىردەك «ئەپسۇس» دەپلا تۇرۇپ قالدىم. «ماقالە»نىڭ بەزى جايلىرىدىكى نامۇۋاپىق پىكىرلەر، «ئەدەبىيات ۋە مەۋجۇدىيەت»تىكى مەسىلە تەتقىق قىلىشنىڭ ماھىيىتىنى چۈشەنمەيلا ئىنكار قىلىشلار ۋە ئۆزىنى ئۆزى ئىنكار قىلىپ تۇرىدىغان نامۇۋاپىق جۈملىلەر قاتارىدا «بىر ئەسىرلىك ئەدەبىياتىمىزغا مەسئۇل بولۇشتەك بۇرچ تۇيغۇسى بىلەن 21 ـ ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى نەگە بارىدۇ؟ دېگەن مەسىلىنى يورۇتۇپ» بەرمەكچى بولغان ئابلىكىم خېۋىرنىڭ كۆز قاراشلىرىغا قارىتا مېنىڭمۇ ئۆز كۆزقاراشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويغۇم كەلدى.

ئاپتور ماقالىسىنىڭ بېشىدىلا ئاساسسىزلا «گۆڭگا شېئىر»غا قارىتا سوغۇق، بىر تەرەپلىمە كۆزقارشىنى قىستۇرۇپ قويغاندىن كېيىن، مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ئىنساننىڭ ئۆزىنى بىلىشى، ئىنسان مەۋجۇدىيىتىنىڭ قىممىتى پەقەت 20 ـ ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىلا مەركىزىي ئورۇنغا قويۇلۇشقا باشلىدى. ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى ئەدەبىياتىمىزدا بولسا، خۇدا، سىرلىق 1 رەقىمى،

يارىلىشىنىڭ ئۆزۈڭدىن دىگەن دىنىي پەلسەپە، يەنى ئالەم بىلەن ئادەمنى سوپىزمچە چۈشەندۈرۈش مەركىزىي ئورۇنغا قويۇلۇپ كەلگەنىدى». ئاپتورنىڭ 20 ـ ئەسىردىن بۇرۇنقى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئىنسان مەۋجۇدىيىتىنىڭ قىممىتىنى ۋە ئىنسانىنىڭ ئۆزىنى بىلىش مەزمۇنلىرىنى يىپىنىكلىك بىلەن ئىنكار قىلىپ تاشلىشىدا ئۇنىڭ مەۋجۇدىيەت توغرىسىدىكى ھىسسىي چۈشەنچىلىرى ئەڭ ئاساسلىق رول ئوينايدۇ. بىز ئۇنىڭ يۇقىرىقى قاراشلىرىنى ئوپىراتسىيە قىلىشتىن ئىلگىرى ئاپتورنىڭ ئابدۇقادىر جالالىدىن سىپىلىشتۇرما قىلغان ۋە ئوتتۇرىغا قويغان مەۋجۇدىيەت قاراشلىرىنى رەددىيە قىلىش يولى بىلەن بايان قىلغان «مەۋجۇدىيەت» توغرىسىدىكى چۈشەنچىلىرىنى ئوپىراتسىيە قىلىپ كۆرسەك تېخىمۇ ئەرزىيدۇ.

ئاپتور مۇنداق دەپ يازىدۇ: «قورسىقىڭ ئاچسا قورساقىنى تويغۇزۇشنىڭ، چاڭقىساڭ ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرۇشنىڭ ئامالىنى قىلىسەن! ئارقىدىن كېلەر قېتىملىقىنىڭ، ئەتىنىڭ روزىغارى ئۈچۈن ھەرىكەتلىنىسەن. ئىنسان شۇ يوسۇن، كېلەر قېتىملىقىنىڭ ۋەياكى ئەتىنىڭ غېمى بىلەنلا ياشايدىغان مەخلۇق. كېلەر قېتىم ۋە ئەتە ئىنسان ئۈچۈن تۈگىمەيدىغان، ئايىغى چىقمايدىغان ئوقەت ئۇقۇمى، مەڭگۈ تۈگىمەيدىغان ۋاقىت ۋە ھەرىكەت ئۇقۇمى. ئىش شۇقەدەر ئاددىي، شۇنداق بىر ئەبەدىيەت، مېڭىپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان يول. ئىنسانغا ماددىي دۇنيادا بەش ئامىل زۆرۈر: سۇ، ھاۋا، نان، ماكان، يېمەك ـ ئىچمەك. مۇشۇلار تەل بولغاندا ياكى تەل بولۇش مۇمكىنچىلىكى بولغاندا، ئادەملەر ئاندىن ئەۋلاد قالدۇرۇش، ئېتىقاد، دىن، ئىلىم ـ پەن، كۆڭۈل ئېچىش قاتارلىقلارنى ئويلاشقا ۋاقىت چىقىرالايدۇ. ئىنسانىنىڭ بۈگۈنى ۋە ئەتىسى ئۈچۈن ئاشۇ بەش ئامىل زۆرۈر بولۇپلا قالماستىن، ئۇنىڭ ئەۋلادىغىمۇ ئاشۇ بەش نەرسە زۆرۈر.

ئىنسانلار ئالدى بىلەن ئاشۇ بەش نەرسە ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىدۇ، پىكىر قىلىدۇ ۋە ئىزدىنىدۇ. مانا بۇ ئىنسانىنىڭ مەۋجۇدىيىتى».

بۇنى تېپىك ئابلىكىم خېۋىرچە «مەۋجۇدىيەت» ئۇقۇمى دېيىشكە بولىدۇ ۋە ئۇنىڭ بۇ كۆزقارىشىنى ئىنسانلىقنىڭ قەيەردىلىكىنى تاپالماي ئاخىر يەپ ـ ئىچىپ، ئويناپ ـ كۈلۈپلا دۇنيادىن بىر ـ بىرلەپ كېتىۋاتقان سان ـ ساناقسىز «ھايات تەلۋىلىرى»نىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى ۋە ئۆزگىنى ئالداشتىكى تەڭداشسىز سەپسەتىسى دېيىشكە تامامەن بولىدۇ. كارل ماركس «پەلسەپە نامراتلىقى»دا: «دۇنيا لاتاپەتلىك بىر كىتاب، شۇنداقلا بۇ كىتابنى ئوقۇشنى بىلمەيدىغانلار ئۈچۈن تاۋار» دېگەنىدى. ئابلىكىم خېۋىرنىڭ «مەۋجۇدىيەت» قارىشىدىكى «ئوقەت ئۇقۇمى» بىلەن كارل ماركس كۆرسىتىپ ئۆتكەن «تاۋار» ماھىيەتتە بىر ـ بىرىنى تولۇقلايدىغان ئىزاھ، خالاس. ئەگەر ئىنسانىنىڭ مەۋجۇدىيىتىنى كۆرۈنۈپ تۇرغان ماددىي دۇنيانىڭ مەرھەمىتى ۋە ئۇنىڭ يالتىراق شۆھرەتلىرىگە ئېرىشىش ئۈچۈنلا كۈرەش قىلىش دەپ چۈشەندۈرىدىغان بولساق، بۇ ئىنسانىنىڭ ئۆزلۈكى، روھى، قىممىتى، ئىدرىكى ۋە ئىنسانىنىڭ ئىنسانىي پەزىلىتىگە ھاقارەت كەلتۈرۈش بولىدۇ. ئىنسان تۇغۇلغاندىن تارتىپ بىر خىل قىزغىن ئىستەك ئىچىدە ياشايدۇ. ئىدراكىنىڭ غايەت زور تىلسىمى بەزىدە ئىنسان تەپەككۇرىدا قوملۇقتىكى سۇمۇرغ تۇخۇمىدەك يالتىدە بىر لەھزە پارلىنىش ئاتا قىلسا، كۆپ ھاللاردا ئىستەكتىكى بىر غايىۋى مەنزىرە، بوشلۇق، كېلەچەك ئۇنى تىنىمسىز ھەرىكەتلەندۈرۈپ تۇرىدۇ. روھنىڭ بۇ خىل تىنىمسىز پائالىيىتى ئادەمگە تىنىمسىز ئويلىنىش، كۈرەش قىلىش تەقەززاسى ئاتا قىلىدۇ. «روھنىڭ قانداق قانات يېيىشى، نېمىنى ئايان قىلىدىغانلىقى ھازىرغا قەدەر بىر سىر» (ئوشۇ). ئادەم ئىدراكىتىكى، ئىنسانىي چىنلىقتىكى بۇ خىل تىلسىملىق

ئىستەك ۋە تەپەككۇردىكى مۇمكىنچىلىكلەرنىڭ غىدىقلىشى نەتىجىسىدە رېئال ھاياتتا دادىل ھەرىكەت ئېلىپ بارالايدۇ. ئاندىن بۇ جەرياندا ئابلىكىم خېۋىر «مەۋجۇدىيەت»نىڭ بۇيۇك گەۋدىسى سۈپىتىدە كۆتۈرۈۋالغان «نان، سۇ، ھاۋا، ماكان، كىيىم ـ كېچەك»كە موھتاج بولىدۇ. لېكىن، بىلىش كېرەككى، ماددىي موھتاجلىق ھەرگىزمۇ ئىنسانىيەتنىڭ بىردىنبىر مەۋجۇدىيىتى بولالمايدۇ. ئۇ بۇرۇنمۇ شۇنداق بولۇپ كەلگەن، ھازىرمۇ شۇنداق، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ جەزمەن شۇنداق بولىدىغان ئەمەلىيەت. ئابلىكىم خېۋىرنىڭ «بەش ئامىل تەلىماتى» ئەمەلىيەتتە قەدىمكى جۇڭگونىڭ بەش ئېلېمېنت كۆز قارىشىدىكى «سۇ، توپا، ئوت، مېتال، ياغاچ» ئامىللىرىدىن ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيدۇ ھەمدە كىشىنى قورساق ئۈچۈنلا ياشايدىغان ھەلەپبايلاردىن پەرقسىز، يېيىش، كىيىش ئۈچۈنلا يارالغان ۋە ياشاۋاتقان بىر توپ سامان قورساقلارنىڭ نەق ئۆزىگە ئايلاندۇرۇپ قويۇپ، خىزمەت قىلىش، كۆڭۈل ئېچىش، ئېتىقاد قىلىش، ۋىجدان بىلەن ياشاش قاتارلىقلارنىمۇ يەنىلا ياخشى يېيىش، كىيىش ئۈچۈن ئۇرۇنۇش دەۋېلىپ، دۇنيانىڭ، ئىنسانىيەتنىڭ ماھىيىتىنى بىردىنلا چوشقا قوتىنىنىڭ نەق ئۆزىگە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ.

ئىچكىرىلەپ مۇھاكىمە يۈرگۈزىدىغان بولساق، «بەش ئامىل تەلىماتى» ئىنساننىڭ غايە، ھوقۇق، ئىرادە، جاسارەت كۈچىنى پۈچۈق يارماققا ئەرزىمەيدىغان داشقال سۈپىتىدە پايخان قىلىپلا قالماي، ئىنساننىڭ تەپەككۇر ـ تەسەۋۋۇرى، خىيالى، مەنىۋى ئېھتىياجى، گۈزەل ئىستەك ـ ئارزۇسى، ئىنتىلىشلىرى، ئىنسانىي مېھىر ـ مۇھەببىتى، ھوقۇق، ياشاش ئۈچۈن قىلىدىغان تىنىمسىز كۈرەشلىرى، كىشىلىك قەدىر ـ قىممەت، مائارىپ، سەنئەت... دېگەنلەرنى سىرۇ ـ توقاي قىلىپ «بارسا كەلمەس» ئۆتەڭلەرگە ئىتتىرىۋېتىدۇ. ئەگەر ئابلىكىم خېۋىر دەپ ئۆتكەندەكلا ئىنساننىڭ ياشىشىغا بولغان ماددىي زۆرۈرلۈك

ئىنسانىنىڭ بىر دىنبىر مەۋجۇدىيىتى سانىلىدىغان بولسا، يەر شارىدا قوي پادىسىدەك مىغىلدىشىپ يۈرگەنلەرنىڭ ھەممىسى يەپ ـ ئىچىش ۋەسۋەسىسىدىلا قاتراپ كەلگەن بولىدۇ. بىزنىڭ ئابلىكىم خېۋىردىن تۆۋەندىكىلەرنى سوراپ باققۇمىز كېلىدۇ: «بىر ـ بىرىنى رىقابەت، ھوقۇق مەسىلىلىرىدە شەپقەتسىزلەرچە تالان ـ تاراج قىلىشۋاتقان، زومىگەرلەرچە ھاكىممۇتلەقلىق قارا قانىتىنى يېيىشۋاتقانلارنىڭ ھەممىسىلا ئەتىدىكى يېيىش، ماددىي ئېھتىياج ئۈچۈنلا كەتمەن چېپىشۋېتىپتۇ ـ دە؟! يەن ـ تېخنىكا، سەھىيە، مائارىپ، ئىلمىي تەتقىقات ئورۇنلىرىدىكى مۆلچەرلىگۈسىز تەتقىقاتلارنىڭ ھەممىسى ئەتىنىڭ يېيىش ئېھتىياجى ئۈچۈنلا بولىدىكەن ـ دە ! دۇنيانىڭ جاي ـ جايلىرىدا ئاشلىق يېتىشمەسلىك، تەبىئىي ئاپەت، ئۆي ـ ماكانسىزلىق رەنجىدە كۆزىدىن ياش ئەمەس قان ئېقىتىپ، مېھىر ـ شەپقەت، ئۆملۈك تىلەپ بۇ ئالەمگە خورسىنىش بىلەن كۆز تىكىشۋاتقان سان ـ ساناقسىز مۇساپىر، سەرگەردانلار پەقەت ياخشىراق يەۋېلىپ، كىيىۋېلىپ، ياخشىراق ئولتۇرۇۋېلىپ ئاندىن ئۆلۈش ئۈچۈنلا، ئاچارچىلىق بىلەن تىغمۇتىغ كۈرەش قىلىپ كەپتۇ ـ دە!». ئەگەر ئابلىكىم خېۋىرنىڭ «بەش ئامىل تەلىماتى»نى تېخىمۇ چوڭقۇر ھالدا ياشاش ھالەتلىرىگە تەتبىقلايدىغان بولساق «يېيىش، كىيىش ئۈچۈنلا ياشاش» دەيدىغان بىمەنە سەپسەتىلەرنىڭ پور كۆتەكتەك چوقچىيىپ ئالدىمىزدا پەيدا بولۇشى ئېنىق گەپ. ئۇ ۋاقىتتا «ھامىنى ئۆلىدىغان ئىش بولغاندىكىن، يەنە كېلىپ بۇ، ھاياتلىقتىكى ئىنسان مەۋجۇدىيىتى يېيىش، كىيىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغان ئىش بولغاندىكىن ...» دەپلا بىرەر ۋاخ ئېسىل تاماقتىن كېيىن ئۆزىنى غىپپىدە بوغۇۋالىدىغان ئىشنىمۇ ئەقىل كۆزىمىزدىن نېرى قىلىشقا ئامالسىزمىز. بۇ ۋاقىتتا «بەش ئامىل تەلىماتى» ئىنسانىنىڭ بارلىق ياشاش مۇددىئالىرىنى چەتكە قاقىدىغان

سەپسەتىنىڭ نەق ئۆزىگە ئايلىنىدۇ ـ دە، ئۆزىنى ئۆزى ئىچىدىن ئىنكار قىلىشقا باشلايدۇ.

ھەقىقەتەنمۇ «ئىش شۇقەدەر ئاددىي» ئەمەس. دۇنيادا مەۋجۇدىيەتنى ھازىرغا قەدەر خىلمۇخىل شەرھلەپ كېلىشتى. ھېلىمۇ ئوخشاش بولمىغان، بىر ـ بىرىنى ئىنكار قىلىپ تۇرىدىغان مەۋجۇدىيەت قاراشلىرى تەڭ نىسبەتتە مەۋجۇت. ئۇلارنىڭ ياقلىغۇچىلىرىمۇ ئۆزىگە يارىشا. لېكىن «مەۋجۇدىيەت» ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزگەندە شۇ نۇقتىنى ئەستە تۇتۇش كېرەككى، ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ ياكى بىرەر قوۋمنىڭ ۋە ياكى بىرەر شەخسنىڭ «مەۋجۇدىيەت» قارىشى ئۆزىگىلا خاس بولغان مىللىي ئاڭ، دىنىي ئاڭ، مەدەنىيەت ئېڭى، ياشاش ئېڭى، ھوقۇق ئېڭى قاتارلىق نۇرغۇن تەرەپلەرگە چېتىلىدۇ. غەربنىڭ مەۋجۇدىيەت قارىشى بىلەن قويۇق ئىسلام مۇھىتى ئىچىدە ياشاۋاتقان ئەللەرنىڭ «مەۋجۇدىيەت» قارىشىدا مۇئەييەن ئورتاقلىق بار دېسەكمۇ، لېكىن مۇئەييەن دەرىجىدە يەنىلا پەرق مەۋجۇت. بۇنى ئىلمىي چۈشەنمەي، ھەربىر ئادەمنىڭ مەۋجۇدىيەت قارىشىغا ھۆرمەت قىلماي بولمايدۇ. شۇنداقلا ھەركىمنىڭ باشقىلارنىڭ ئىدىيىسىنى يەنە باشقىلارغا زورلاپ تېڭىشقا ھەققى ۋە ھوقۇقى يوق. بۇ ھەقتە بىزنىڭ ئىسلاھات روھىغا باي مەرھۇم رەھبىرىمىز دېڭ شياۋپىڭ ناھايىتىمۇ ئوبرازلىق قىلغان ھالدا: «ماركسىزم، لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى ئەقىدە قىلىۋالماسلىق لازىم» («پارتىيە لۇشيەنىدە چىڭ تۇرايلى، خىزمەت ئۇسۇلىنى ياخشىلايلى» 1980 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى) دەپ كۆرسەتكەنىدى. بۇ ھازىرغىمۇ، كەلگۈسىگىمۇ، دۆلەتنىڭ سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىغىمۇ، مىللەتنىڭ مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىگىمۇ، ھەتتا شەخسنىڭ ئائىلە ئىشلىرىغىمۇ مەڭگۈ باب كېلىۋېرىدىغان ئىلمىي قاراشتىن ئىبارەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مىلان كۇندىرا: «مەۋجۇدىيەت يۈز بېرىپ بولغان ئىش ئەمەس. مەۋجۇدىيەت ئىنساننىي مۇمكىنچىلىكلەرنىڭ مەيدانى. ھەممە ئادەم ئۇنىڭغا ئايلىنالايدۇ ھەم ئۇنى بىجىرەلەيدۇ» دېگەنىدى. ئۇ بۇ سۆزى ئارقىلىق ئىنساننىڭ ئىنساننىي چىنلىقىغا، ئىنساننىڭ ھەقىقىي ئىنساننىي ماھىيىتىگە چوڭقۇرلاپ كىرىشنى ئىستىدى. كوللىڭۋۇئود: «ھەرقانداق تارىخ ئىدىيە تارىخىدۇر» دېدى؛ ۋېلس: «ئىنسانىيەت تارىخى ماھىيەتتە ئىدىيە تارىخى» دېدى. ئۇلارنىڭ تارىخ توغرىسىدىكى بۇ سۆزلىرى ئىتالىيىلىك يېڭى گېگىلىزمچى كىروچىنىڭ «تارىخ ھەربىر شەخسنىڭ ۋۇجۇدىدا مەۋجۇت» دېگەن سۆزىنى ئېسىمىزگە سالىدۇ ۋە بىزنى مەۋجۇدىيەت ھەربىر شەخسنىڭ ۋۇجۇدىدا مەۋجۇت، شۇنداقلا ئۆزگىچە تۇستە مەۋجۇت دېگەن، ئەقلىي خۇلاسىگە ئەكېلىدۇ.

ئابلىكىم خېۋىرنىڭ «بەش ئامىل تەلىماتى»غا ئېيتىمىز: ھون تەڭرىقۇتلىرىنىڭ مۇبارەك سىيماسى بىزگە مۇئەمما، ئۇ ئاللىقاچان تۇپراققا قوشۇلۇپ كەتكەن. ھون تەڭرىقۇتلىرى ھەققىدە گەپ ئېچىلسا ھەممىمىز ئۇلارنى ئوخشىمىغان تۇستە كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرۈشىمىز مۇمكىن. مانا بۇ ھەربىر قەلبتە ئەكس ئەتكەن ھون تەڭرىقۇتلىرىنىڭ مەۋجۇدىيىتى. ئەمدى ئۇنىڭ ھەقىقىي سىيماسى بولسا ئۇ رېئال ھون تەڭرىقۇتلىرىدۇر. ئەگەر بىز مەسىلىنى «ئىش شۇقەدەر ئاددىي» دەپلا يېنىكلىك بىلەن كۆزىمىز كۆرگەن، تۇتقىلى، سەزگىلى بولىدىغان نەرسىلەرنى «چىن مەۋجۇدىيەت»، «جەۋھەرلەشكەن مەۋجۇدىيەت» دەپ قارايدىغان بولساق، ھون تەڭرىقۇتلىرى، ھەتتا «بېيجىڭ ئادىمى» ئىنسانىيەتنىڭ نەچچە مىليون يىللىق تارىخي تەرەققىياتى ھەققىدىمۇ ئابلىكىم خېۋىردىن تەلىم ئېلىپ باقمىساق بولمايدۇ. ئىنسانىيەتنىڭ نەچچە مىليون يىللىق ھاياتى پائالىيىتىنىڭ ئىزىدىن بىرىمۇ بىزگە مەلۇم ئەمەس. دىنوزاۋرنى كىم كۆرۈپتىكەن؟ يەنە ئۇنىڭدىن باشقا تۈمەنلىگەن نەسلى

قورۇغان ھايۋانلارنىمۇ كىشىلەر ئاز ـ تولا تاشقاتما، قالدۇق ئىزلارغا تايىنىپ تەتقىق قىلىپ مەۋجۇتلۇق ھالىتىنى قىياس، تەتقىق قىلىۋاتامدۇ؟!

بىز ئۇلارنى كۆرمىگەن دەپلا «مەۋجۇدىيەت» سەھنىسىدىن قوغلاندى قىلالامدۇق. ئىنسان ئاشۇنداق بىر خىل ھېسسىي رېئاللىقتىن ھالقىغان مۇمكىنچىلىكلەرگە، ئىنسان مەۋجۇدىيىتىدىكى ئېھتىماللىقلارغا دادىل يۈزلەنگەن ۋە ئۇنىڭغا تاشلانغان. نەچچە مىڭ يىللار ئاۋۋالقى ئۇچار گىلەم بۈگۈنكى ئاۋىئاتسىيە قاتنىشىنىڭ خەلقىمىزنىڭ ئىپتىدائىي چۆچەك ئېڭىدا ئەكس ئەتكەن مەۋجۇدىيىتى. جاھانىنەما ئەينەكلىرى بۈگۈنكى كومپيۇتېر ۋە يۇقىرى پەن ـ تېخنىكىنىڭ مەۋجۇدىيەتلىك سايىسى. ئەجەبا، بىز بۇ يەردە ئىنساندىكى مەۋجۇدىيەتنى تەلتۆكۈس چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدىغان ئىدراك، چىنلىق تەپەككۇرلارنى «بەش ئامىل تەلىماتى» بىلەنلا ئىنكار قىلىپ تاشلىيالامدۇق؟ ئىنسانىيەتنىڭ گۈزەل ئەتىسىگە كۆزىمىزنى يۇمۇۋالالامدۇق؟ ئەگەر پەقەت شۇنداق قىلىشلا ھەق بولىدىغان بولسا، سوتسىيالىزمنىڭ بۈيۈك غايىۋى دۆلىتى بولغان كوممۇنىزمنى ۋە بۇ جەرياندىكى ئاللىقاچان ئوتتۇرىغا چىقىپ ئۈلگۈرگەن گۈزەل تەسەۋۋۇرلارنىمۇ مەۋجۇدىيەتنىڭ جەۋھىرى بولمىش «بەش ئامىل تەلىماتى» سايىسىدە قەد كۆتۈرۈپ ياتقان «چوشقا قوتىنى»غا ئەكىرىپ چەللە ـ سامان ئورنىدا چۈشەپ قويۇشقا توغرا كېلىدۇ. ئۇنى رېئاللىققا ئايلانمىغىنى، كۆز كۆرمىگىنى ئۈچۈنلا «مەۋجۇدىيەت» ئەمەس، دەپ ئىنكار قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ۋەھالەنكى، كوممۇنىزم ئۆز بۈيۈكلىرىنىڭ تەپەككۇرىدا ئاللىقاچان پىشىپ يېتىلگەن. مانا بۇ ئابدۇقادىر جالالىدىن ئۆزىنىڭ «سوپىزمچى» مەۋجۇدىيەت قارىشىدا كۆرسەتكەن «مەۋجۇدىيەتنىڭ بىر تەرىپى پانىي، يەنە بىر تەرىپى باقىي» دېگەن ھەقىقەت. ئابلىكىم خېۋىردەك ئۇنى يوق، بولۇشى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەسلا مۇمكىن ئەمەس، دەپ قارىساقمۇ بولۇۋېرىدۇ. بۇمۇ بىر خىل «مەۋجۇدىيەت». بىز ئۇنىڭغىمۇ ھۆرمەت قىلىشقا مەجبۇرمىز. لېكىن، ئەستە تۇتۇش كېرەككى، بىز كۆزىمىز بىلەن كۆرۈۋاتقان، سەزگۈمىز بىلەن سېزىپ، بىلىپ تۇرۇۋاتقان تاشقى دۇنيا مەۋجۇدىيەتنىڭ بىردىنبىر نەق ئۆزىلا ئەمەس.

ئەمدى بىز باشتىكى «ئىنساننىڭ ئۆزىنى بىلىشى، ئىنسان مەۋجۇدىيىتىنىڭ قىممىتى پەقەت 20 ـ ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىلا مەركىزىي ئورۇنغا قويۇلۇشقا باشلىدى» دېگەن ھۆكۈمنى مۇھاكىمە قىلىپ باقىدىغان بولساق، ئاپتورنىڭ مۇتلەقلەشتۈرۈپ ئېيتقان بۇ سۆزى كىشىدە كۈچلۈك گۇمان ۋە مۇنازىرە قوزغىماي قالمايدۇ. ئەڭ ئالدى بىلەن جۈملىدىكى ئېغىر لوگىكىلىق خاتالىقنى تەكشۈرسەك، ئىنساننىڭ ئۆزىنى بىلىشى، ئىنسان مەۋجۇدىيىتىنىڭ قىممىتى پەقەت ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىلا، 20 ـ ئەسىرگە كەلگەندىلا مەركىزىي ئورۇنغا قويۇلدىمۇ؟ ئابلىكىم خېۋىر كۆككە كۆتۈرگەن ئىنساننىڭ مەۋجۇدىيىتى ھازىرغا قەدەر باشقا ئەل ئەدەبىياتلىرىدا زادىلا مەركىزىي ئورۇنغا قويۇلۇپ باقمىدىمۇ؟ دېگەن سوئال تۇغۇلىدۇ. بۇنىڭغا ئابلىكىم خېۋىرنىڭ مىت قىلالمايدىغانلىقى بەرھەق. چۈنكى، ئۇ غەرب ئەدەبىياتىنى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىن بەكرەك بىلىدۇ، چۈشىنىدۇ. ئىنسان مەۋجۇدىيەتنىڭ قىممىتى 20 ـ ئەسىرگە كەلگىچە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا راستىنلا زادىلا ئىپادىلىنىپ باقمىدىمۇ؟ مەركىزىي ئورۇنغا قويۇلۇپ باقمىدىمۇ؟

گەپنى يەنىلا يىراقتىن، كەڭ دائىرىدە باشلاشقا توغرا كېلىدۇ. ئابلىكىم خېۋىرنىڭ «20 ـ ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئىنسان مەۋجۇدىيىتى ۋە تەقدىرىنى جەمئىيەتكە باغلاپ چۈشەندۈرۈشى» گە، «ئىنسان مەۋجۇدىيىتىنى ئىنساننىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرىدىن ئىزدەش»كە تولىمۇ ئىخلاس قىلىشى، 20 ـ ئەسىردىن بۇرۇن ياشاپ ئۆتكەن «يۇسۇپ خاس

ھاجىپ، نەۋائىي، شاھ مەشرەپلەرنى ئەدىب، ئالىم، سۆز سەنئەتكارى دەپ سۈپەتلىسىمۇ، قەدىرلىسىمۇ، ئۇلاردىن مۇتەپەككۇر ھېسابىدا ئۆگىنىدىغان جايلارنىڭ ئۇنچە كۆپ ئەمەسلىكىنى» جاكارلىشى، ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىدىكى «سوپىزمچە تۇتەك»نى قايرىپ تاشلاشنى تەشەببۇس قىلىشى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ مىڭ يىللىق تىندىنىسىيىسىنى ئۈزۈپ قويغانلىقىنى 20 ـ ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق تۆھپىسى دەپ قاراشلىرىدىن بىۋاسىتە ھالدا كۆرۈۋېلىش مۇمكىنكى، ئاپتور تارىخقا، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ دىن بىلەن بولغان قانداشلىقىغا كۆز يۇمۇپ تۇرۇپ، بەدىئىي ئەدەبىيات مىراسلىرىنى خالىغانچە دەپسەندە قىلىشتەك ئەخلاقسىزلىق بىلەن شۇغۇللانغان. بىزنىڭ مەسىلىنى ئاپتورنىڭ دىن ھەققىدىكى قارىشىدىن تارتىپ مۇھاكىمە قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

«دىن بىر خىل خاتا قىياسلارنىڭ توپلىمى»، ئۇ «ئىنساننىڭ ئازاد پىكىرلىرىنى بوغۇپ، پۇت ـ قولىنى چۇشەيدۇ». ئاپتورنىڭ دىن ھەققىدىكى بۇ قاراشلىرى بىزگە ھەرگىزمۇ يېڭى ئەمەس ھەم بىزمۇ بىلمەيمىزمۇ ئەمەس. بىز ناھايىتى ياخشى بىلىمىز. ئۇ ماركسىزمنىڭ دىن ھەققىدىكى ئاساسلىق تەلىماتى. لېكىن، بىز ئىلمىي بولغان دۇنيا قاراش ۋە دىننىڭ ئاممىۋىلىقى، تەسىرچانلىقى نۇقتىسىدا، ئۇنىڭ ئەينى دەۋر ئىدېئولوگىيە، سەنئەت ساھەسىدىكى مۆلچەرلىگۈسىز تەسىرى نۇقتىسىدا تۇرۇپ مۇھاكىمە يۈرگۈزسەك، ھەرگىزمۇ خاتالاشقان، توغرا بولغان ئومۇمىي نىشان ئېڭى ۋە مەقسەت قاراشتىن تەۋرىنىپ كەتكەن بولمايمىز. بۈگۈنكى مىسلىسىز تەرەققىيات پەلسەپە، ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى ئالەمشۇمۇل يۈكسىلىشلەردە دىننىڭ بىۋاسىتە، ھەتتا غايەت زور ئىجابىي تەسىرى بار. بۇ ئىنكار قىلىشقا بولمايدىغان بۈيۈك ھەقىقەت. «ئۆتمۈشنى ئۇنتۇش

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئاسىيلىقتىن دېرەك بېرىدۇ».

«دىن بىلىشنىڭ بىر خىل شەكلى» (لېنىن). ھىندىستاننىڭ 20 ـ ئەسىردىكى بۈيۈك مۇتەپەككۇرى، مەشھۇر پەيلاسوپى ۋە ناتىقى ئوشۇ: «ھەقىقىي دىن بىر ئادەمنىڭ تۇرمۇشتا ئۆزىنى ئېچىۋېتىشىدۇر» دېگەنىدى ۋە تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا: «مەن دىنىنى ياشاش سەنئىتى دەپ ئاتايمەن» دەپ ئىزاھلىغانىدى. لىۋى ستراۋس، نورسروپ فراي قاتارلىق تەتقىقاتچىلار بولسا دىن، دىنىي مۇراسىم، دىنىي ئاڭنى بارلىق ئەدەبىيات ـ سەنئەت، مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنىڭ ئانا يىلتىزى سۈپىتىدە قارىغانىدى. 20 ـ ئەسىردىن بۇرۇنقى مىڭ يىللىق ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئىسلام دىنى مۇھىتى ئىچىدە ياشىدى ۋە قويۇق ئىسلام ئېتىقادىغا بۆلەنگەن ئەدەبىلەرنى ياراتتى. ئۇلار ئىنساننىڭ مەۋجۇدىيىتىنى ھەقىقەتەنمۇ ئاللاغا باغلاپ چۈشەندۇردى. بۇ يولدا مىسلى كۆرۈلمىگەن ئىجادىيەت مۆۋەپپەقىيەتلىرىنى روياپقا چىقاردى. لېكىن، ئۇلار ئۆز ئەسەرلىرىدە ھەرگىزمۇ ئىنساننىڭ ئۆزىنى بىلىشنى، ئىنسان مەۋجۇدىيىتىنىڭ قىممىتىنى مەركىزىي ئورۇنغا قويمىدى ئەمەس. دىنىنىمۇ ھەرگىزمۇ ئىنساننىڭ تەپەككۇرىنى، پۇت ـ قولىنى بوغۇپ چۈشەيدىغان شوينا ئورنىدا ئەمەس، ئىنسانىي تەپەككۇرنى غىدىقلايدىغان، قاناتلاندۇرۇپ ئىنساننى تەپرىقچىلىق، پاسكىنىچىلىق، دۇنيا مەئىشەتلىرىگە تايىنىپ ئىنسانىيلىقنى تەرك ئېتىدىغان تۇزكورلۇقتىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئىنساننى ساغلام شۇكۇر ـ قانائەت، پاك، سەمىمىي ـ ساداقەت بىلەن بولغان ئارىلىقنى يېقىنلاشتۇرىدىغان ئىلاھىي ئېتىقاد ۋاستىسىگە ئايلاندۇردى. ئەدەبىياتقا ئاجايىپ زور دەرىجىدە رەڭ بەردى. بۇ جەرياندا ئىسلامدىكى نۇرغۇن قاراش، ئادەت، ئەھكام، مىزان، تەشەببۇسلار بىلەن قوشۇلغان ھالدا تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىدىن ئىبارەت بۇ ئېقىممۇ ئۆزىنىڭ رەڭدار، ئېستېتىك تۇيغۇغا، تراگېدىيىگە، ئىنسانىي كاملىلىقنى

ئىستەيدىغان مۆجىزىلىرىگە باي جەلىپكارلىقى بىلەن ئەينى دەۋر كىشىلىرىنى ئىدىيە جەھەتتىن يېڭى بىر ئىدىيىۋى مەنزىلگە باشلاپ كىردى. تەسەۋۋۇپنىڭ ئىسلام ئەقىدىسى بىلەن بىرلەشكەن ساپ مەنىسىنى چۈشەنمىگەن غاپىللارنى بولسا ھەيرانۇھەس، مەستانۇمەست، كۆزلىرىنى ئەلەس قىلىپ چەكچەيتىپ تاشلىدى.

ئابلىكىم خېۋىر ئىسلامنىڭ باشقا تەرەپلىرىنى ئەمەس، بىر قىسىم زاھىتلارنىڭ سوپىستىك تەشەببۇسلىرىنىلا كۆرىدۇ ۋە پۈتكۈل ئىسلامنىڭ ئورنىغا سوفىزمنى قويۇپ تۇرۇپ يېنىكلىك بىلەن: «سوپىزم قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىسلەردە ھېچقانداق ئاساسى بولمىغان، دۇنيادىن بىزار بولۇشنى تەشەببۇس قىلىدىغان، ئىنسانلارنى ياشاشتىن ۋاز كەچتۈرىدىغان بىر خىل زاھىتلارچە دۇنيا قاراشلارنىڭ ئەبجەش توپلىمىدۇر» دەيدۇ ۋە ئابدۇقادىر جالالىدىننىڭ قاراشلىرىنى «سوپىزمچى» قاراش دەيدۇ. ئەمما بىزگە مەلۇمكى، بەزىلەر تەسەۋۋۇپنى سوپىزم دەپ چۈشەنسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتى كېيىنكى مەزگىللەردە ئايرىپ، ئۆزگىرىپ، تەركىدۇنياچىلىقنى مەركەز قىلىنغان سوپىتىك قاراشلار بىلەن پەرقى بەك چوڭ. «تەسەۋۋۇپ دۇنيادىكى تۈرلۈك خەلقلەرنىڭ ئىجتىمائىي، پەلسەپىۋى، بەدىئىي تەپەككۇرىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان كۆپ تارماقلىق مۇرەككەپ تەلىمات... تەسەۋۋۇپنىڭ بىر قانىتى مىستىتىزم بولسا، يەنە بىر قانىتى ئاسكىتىزم، يەنى زاھىتلىق ۋە تەركىدۇنياچىلىقتۇر. بىراق، ئۇنىڭ مەركىزىدە پانتېئىزم، يەنى ۋەھدەتى ۋۇجۇد (ھەق ۋۇجۇدىغا ئىنسان ۋۇجۇدىنىڭ قوشۇلۇشى) غايىسى ياتىدۇ» (ئىبراھىم ھەققۇلوف)، يەنە كېلىپ «تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسى تىپىك ئىنسان مەركەزلىك پەلسەپە» (نەجدەت ئەكچى). ئۇ ئۆزىنىڭ بارلىققا كېلىش، تەرەققىي قىلىش ۋە باشقىلار تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىش جەريانلىرىدا ئىزچىل تۈردە ئۆزگىرىپ تۇرغان. زاھىتلىقنى تەرغىب قىلىش،

تەركىدۇنياچىلىقنى تەشۋىق قىلىش تەسەۋۋۇپ تەرىقەت ـ سۇلۇكلىرىنىڭ كۆپىنچىسىدە ئۇچرايدۇ. لېكىن، بىز بۇنىڭلىق بىلەنلا ئۇنى «ئەبجەش توپلام» قاتارىغا چىقىرىۋېتىشكە ئامالسىزمىز. ئۇنى «قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىسلەردە ھېچقانداق ئاساسى بولمىغان» ئېقىم دەپ تونۇساق تېخىمۇ خاتالاشقان بولىمىز.

ئەينى دەۋردە ھاكىمىيەت، خانىدانلىقلارنىڭ چىرىكلىشىش، ئەيش ـ ئىشرەتكە بېرىلىپ كېتىپ، ھاكىمىيەتنى چىرىتىشكە قارشى تۇرۇش مۇددىئاسىدا تەشۋىق قىلىنغان قىسمەن زاھىتلىق قاراشلىرىنى، تەركىدۇنياچىلىق ئىدىيىلىرىنى پۈتكۈل تەسەۋۋۇپنىڭ ئۇستىگە دەسسىتىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ ئىنسانىنى ئىنسانىي چىنلىقتا يېتەكلەيدىغان بارلىق ئىجابىي تەرەپلىرىنىمۇ رەھىمسىزلىك بىلەن سۈپۈرۈپ تاشلاش بىر تەرەپلىمىلىكتىن باشقا نەرسە ئەمەس. تەسەۋۋۇپتىن ئىبارەت ئەخلاقنى بىرىنچى ئورۇنغا قويىدىغان پەلسەپىنىڭ شەنىگە قىلىنغان ھاقارەتتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئۇنىڭ ئۇستىگە تەسەۋۋۇپ تەلىماتىنىڭ بۈيۈك پېشۋالىرىمۇ تامامەن زاھىتلىقنى تەرغىب قىلمايدۇ. ئۇلاردىن ھاياتنى چەكسىز قىزغىن سۆيگەن كلاسسىك شائىرىمىز مەشرەپ، غەززەلىدەك بۈيۈكلەرمۇ ئۆتكەن. يەسسەۋىيدەك «قۇل خوجا ئەھمەد زاھىت بولما، ئاشىق بولغىل» دەپ جار سالىدىغانلارمۇ، ئەلىشىر نەۋائىيدەك:

«تەسەۋۋۇپ ئەمەس، زۇھدۇ تەقۋىيۇتائەت،
كى ئاندا رىيا يول تاپار بىقەۋۋەققۇف.»

دەپ تەسەۋۋۇپنىڭ مەنىسىنىڭ رىياغا يول ئاچىدىغان زۇھدۇ تەقۋا ئەمەسلىكىنى جاكارلاپلا تۇرىدىغان ھەزرەتلەرمۇ تالاي ـ تالاي ئۆتكەن. تەسەۋۋۇپنىڭ مەركىزىي ھالقىسىدا زاھىتلىق

ئەخلاق، دىيانەت، پاكىز ئېتىقاد، ساپ دىيانەت، ئىنسانىي چىنلىق ياتىدۇ.

20 ـ ئەسىردىن بۇرۇنقى مىڭ يىللىق ئەدەبىياتىمىزدا تەسەۋۋۇپنى يۇقىرىقىدەك يول بىلەن تونۇش ۋە ئۇلۇغلاش، تەسەۋۋۇپنىڭ ئىنسانىي مەۋجۇتلۇققا بولغان قاراشلىرىنى ئەدەبىياتقا كىرگۈزۈش بىر مەزگىللىك گۈللىنىش مەنزىرىسىنى بارلىققا كەلتۈردى. ئەدەبىيات يۈكسەك ئېستېتىك قاينام ئىچىدە كىشى ۋۇجۇدىنى لەرزىگە كەلتۈرگۈدەك دەرىجىدە پەلسەپىۋى تىندۇرما بىلەن تويۇندى. بالاغەتكە يەتكەن تراگېدىيە ئەسەرلەرنى قەغەز ـ سىياھتىن ئەمەس، قان ـ ياشتىن پۈتكۈزدى. ئۇلارنىڭ ئاجايىپ ھېكمەتكە تويۇنغان ئاۋازى شۇ دەۋرنىڭ چەكلىمىلىرىدىن بۆسۈپ ئۆتۈپ ھەربىر تارىخىي قاتلامنىڭ ئۆركىشىگە تىترەتكۈچ سوققا، ئويغاتقۇچ سادا بېرىپ ئۆتتى. مەنسۇر ھەللاج «ئەنەلھەق، مىنەلھەق» دېپ چۇقان سالغاندا ۋە دار ئالدىدا ئۆزىگە ئەمەس، نادان قالغان بىچارە كىشىلەرگە ئىچ ئاغرىتىۋاتقاندا؛ جالالىدىن رۇمى «ئاياسىز جان چېكىپ ھەرلەھزە ئىزدەيسىز ئىلاھىنى، ئانى ئىزدەشكە ھاجەت يوق، ئىلاھى سىز، ئىلاھى سىز» دەپ چۇقان كۆتۈرگەندە ۋە ئەرەب ساقچىلىرىغا ئاچچىق بىلەن «تەڭرىدىن كېلىمىز، تەڭرىگە بارىمىز، ئاللانىڭ سەلتەنىتىدىن بۆلەك سەلتەنەت يوق، غايىبتىن چىقىپتۇق، غايىبقا يەتكەيمىز» دەپ جاۋاب بېرىۋاتقىنىدا؛ نەۋائىي ئېستېتىك تراگېدىيىنىڭ قاندەك قىزىق چوغلىرىنى بەدىنىگە سۈركەپ ئولتۇرۇپ «مەندە يارەب قويما مەنلىكتىن نىشان» دەۋېتىپ ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا يۈكسەك ئىنسانىيلىققا تەلپۈنگەندە؛ يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۇلۇغ بىر ئازابنىڭ ئالدىدا يۈكۈنۈپ تۇرۇپ «ئىگەمنى ئىستەيمەن، كۆزدە ئۇيقۇم يوق، تاپسامۇ نىشانىنى ھېچ كۆرگىنىم يوق» دەپ سۆزۈك ياشقا چۆمۈلگەندە؛ مەشرەپ: «يارسىز ھەم بادەسىز مەككىگە بارماق نە كېرەك، ئىبراھىمدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قالغان ئول ئەسكى دۇكاننى نە قىلاي؟» دەپ ھەقىقىي ئىنسانىيلىقنى قارا تۇتەك ئىچىدە ئىزدەۋاتقاندا ھەقىقىي ئىنسانىي قىممەتنى، ئىنسانىي مەۋجۇدىيەتنى پەلسەپىۋى تۇستە ۋايىگە يەتكۈزۈپ ئىپادىلەپ بەرگەنىدى. نەۋائىينىڭ «فەرھاد ـ شىرىن»، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك»، ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ «رابىيە ـ سەئدىن» ئەسەرلىرىدە ۋە ئىبن سىنا، مەشرەپ، زەلىلى... قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرىدە ۋە ھايات قاراشلىرىدا ئىنساننىڭ ئۆزىنى بىلىشى، بولۇپمۇ ئابلىكىم خېۋىر جان ـ جىنىدىن تەشنا ماددا مەركەز رېئالىستىك روھمۇ ئىنسان مەۋجۇدىيىتىنىڭ قىممىتىمۇ «مەركەز قىلىنمىدى» ئەمەس، بەلكى ۋايىگە يەتكۈزۈلۈپ مەركەز قىلىنىدى. دىنىنىڭ تەسىرى تۈپەيلىلا ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىدىكى بار بولغان نەرسىنىمۇ يوق دەپ ئىنكار قىلىۋېتىش روھىي قارىغۇلۇقتىن باشقا نەرسە ئەمەس. لېكىن، بىر ئابلىكىم خېۋىر ئۇچۇنلا ئۇ ئەسەرلەردىكى «سوپىزمچى تۇتەك»لەرنى قايرىپ تاشلاپ تۇرۇپ، «ئىنساننىڭ مەۋجۇدىيىتىنى جەمئىيەت ۋە سىنىپ بەلگىلەيدۇ» دەپ كەسكىن قاراپ تۇرۇپ مۇھاكىمە يۈرگۈزۈپ چىقاندىمۇ، «قۇتادغۇ بىلىك»تىكى ئىنساننىڭ جەمئىيەت، كىشىلىك مۇناسىۋەت، ئەخلاق، ئائىلە ئىشلىرىدىكى قەدىر ـ قىممەت، ھايات خاھىشلىرى، ئىنساننىڭ سەۋەب ـ نەتىجىلىك مۇناسىۋەتلەردىكى مۇقەررەر ئاقىۋەتلىرىگە كۆرسىتىلگەن ئاجايىپ ئاقىلانە ھېكمەت، يول، پەند ـ نەسىھەت يوللىرىنىڭ ئۆزىلا ئىنساننىڭ قىممىتىنى، مەۋجۇدىيىتىنى مەركەزنىڭ مەركىزىگە قويۇپ، ۋايىگە يەتكۈزۈپ ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغانلىقىغا پولاتتەك پاكىتتۇر. نەۋائىي قەلىمىدە يارىتىلغان فەرھادنىڭ ئەرمەنىيە مەلىكىسى شىرىنىنىڭ ۋەسلىدە يۈرت كېزىپ مۇشەققەت تارتىشى، بىستون تېغىنى يېرىپ سۇ باشلاپ كېلىشى ئۇنىڭ ئىنسانىي قىممىتىنى، ئۆزىنى بىلىش مەزمۇنلىرىنى ئەكس

ئەتتۇرۇپ بېرەلمەمدۇ؟ ئۇنىڭ ھاياتتا ئۆزىگە، جەمئىيەتكە يۈزلەنگەنلىكىنى ئىپادىلەپ بەرمەمدۇ؟ بۇ ۋايىگە يەتكەن بېيىنەلمىلەلچىلىك (ئىنتېرناتسىئونالىزم)، ئىنسان قىممىتىنى، كۆچىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرەلەيدىغان، تۈزدەك تېتىملىق پاكىت ئەمەسمۇ؟ ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ قەلىمىدە يارىتىلغان رېئالىستىك ئەدەبىياتنىڭ چوغدەك يالىلداپ تۇرىدىغان جۇلاسى بولمىش رابىيە بىلەن سەئىدىنىنىڭ پاجىئەسىچۇ؟ نۇزۇگۇم، سادىر پالۋانلارنىڭ يالقۇنلۇق قوشاقلىرى ئەجەبا ئىنساننىڭ مەۋجۇدىيىتىنى ئابلىكىم خېۋىرگە «ئابلىكىم خېۋىرچە مەۋجۇدىيەت يولى» بىلەن چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەمدىكىنە؟ مەشرەپنىڭ ئاپاق خوجا تەرىپىدىن سەرسانلىق دالاسىغا تاشلىنىشى ۋە زامان زۇلمىغا، ئۆلۈم دەھشىتىگە كۈلۈپ تۇرۇپ يول بېرىپ: «چۈن مۇبارەك بولسۇن، ئەي مەشرەپ، قىزىل قانىڭ سېنىڭ، خوپ ئىش بولدى ساڭا بۇ جان بەرگىنىڭ ئافەت ئەمەس» دېگىنىچە سەرگەردانلىق بىلەن ئۆلۈمگە يۈزلىنىشى، ھەتتا ئۆزىنى ئۆزى دارغا تاشلاشلىرى ئۇنىڭ ئىنسانىي قەدىر - قىممەتكە يۈزلەنگىنىنى ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان، يىمىرىلمەس پاكىت بولالمامدىكىنە؟ ياكى ئەدەبىياتىمىزنىڭ گۈللەنگەن شۇ دەۋرلىرى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا مەنسۇپ ئەمەسمىكىن؟ 20 - ئەسىردىن بۇرۇنقى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەۋەلىك كاتېگورىيىسىگە سىغالمامدىكىن؟ ۋە ياكى ئابلىكىم خېۋىر دىنىنىڭ تەسىرىنى دەپلا ئەدەبىياتىمىزنىڭ مىسلىسىز مۇۋەپپەقىيەتلىرىنىمۇ ئىنكار قىلىپ، تارىخنىڭ بەدىئىي سەھنىسىدىن ئۇنىمۇ قوغلاپ چىقارماقچىمىكىن؟ ياكى ئۇنىڭ نەزىرىدە ھەرقانداق دىنىنىڭ تەسىرىدىن تازىلانغان، «كۆرگەننى كۆردۇم» دەيدىغان، تاشقى ھادىسىلەرنى ئەينەكتەك ئۆلۈك ئەكس ئەتتۈرۈش بىلەنلا كۇپايىلىنىپ، ماھىيەتلىك چوڭقۇرلۇققا بۆسۈپ كىرەلمىگەن ھادىسەن ئەدەبىياتلا ئىنساننىڭ ھەقىقىي

مەۋجۇدىيىتىنى ئەكس ئەتتۇرۇپ بېرىدىغان «تۆھپىكار» ئەدەبىيات بولامدىكىن؟...

ئېنىقكى، بۇ ئاپتورنىڭ مەسىلىگە دىئالېكتىكىلىق ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزمنىڭ بېرەدىكلىكى نۇقتىسىدىن، ئەنئەنە بىلەن زامانىۋىلىقنىڭ، سەنئەت، پەلسەپە بىلەن تارىخىي رېئاللىقنىڭ ئورتاقلىقى نۇقتىسىدىن مۇئامىلە قىلالماي، ئۇقۇملاشتۇرۇلغان، ئاللىقاچان ۋاقتى ئۆتكەن قېلىپ بويىچىلا تەپەككۇر قىلىش ئەندىزىسىنىڭ «مەھسۇلاتى»دىن ئىبارەت. ۋەھالەنكى، ئەدەبىياتقا قېلىپ ئەمەس، قەلب كېرەك. ھەرقانداق بىر نەرسىنى «قوبۇل قىلىشتا ياخشى ئاشقازان بولۇشى كېرەك» (نىتزى). بىر مىللەتنىڭ مىڭ يىللىق ئەدەبىياتىدىكى ئىنساننىڭ مەۋجۇدىيەت قارىشى بىلەن ئۆزى ئەگىشىۋالغان، ھەتتا ئۆزىمۇ تولۇق چۈشەنمەيدىغان «مەۋجۇدىيەت» قاراشلىرىنى ئاددىي ھالدا سېلىشتۇرۇپ قويۇپلا، شۇ دەۋردىكى دىنىنىڭ تەسىرىنى تۇتۇۋېلىپلا مەۋجۇت نەرسىلەرنىمۇ ئەتەي يوققا چىقىرىپ ئۆنىڭدىن يۈز ئۆرۈش، تارىخقا ئارقىسىنى قىلىۋېلىش ھەرگىزمۇ ئاقىلانىلىك ئەمەس. يۈسۈپ خاس ھاجىپ، نەۋائىي، شاھ مەشرەپلەرنى سۆز سەنئەتكارى، ئالىم، ئەدىب دەپ سۈپەتلەپ قويۇپلا، ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر ئىدېئولوگىيە ساھەسىگە تىكلەپ بەرگەن، بىز مەڭگۈ ياداتاش سۈپىتىدە كۆزىمىزگە سۈرتۈپ پەخىرلىنىدىغان بەدىئىي مۇنارلىرىنى 20 ـ ئەسىرنىڭ كۆل ـ توزانلىرىغا كۆمۈپ تاشلاش دەل مىللىي ئىماننىڭ ئاجىزلىشىۋاتقانلىقىنىڭ تىپىك ئىپادىسىدىن ئىبارەت.

بىز ھەرقانداق نەرسىگە باھا بەرگەندە قۇلىقىمىزغىلا، ساختا نەرسىلەرنى كۆرۈۋېرىپ ئەلەسلىشىپ كەتكەن كۆزىمىزگىلا ئەمەس، ھەقىقىي يۈرەكنىڭ چىن سوقۇشلىرىغىمۇ ئىشىنىپ باقايلى. دىنىنىڭ ئەينى دەۋر خەلقىنىڭ مەدەنىيەت ـ سەنئىتىدە

ئۇينىغان رولىنى ئىبتىراپ قىلىش ھەرگىزمۇ جىنايەت ئەمەس، ۋە ياكى پارتىيىنىڭ قائىدە ـ نىزام، قانۇن ـ سىياسەتلىرىنىڭ رولىنى ئاجىزلاشتۇرمايدۇ. ئۇنىڭغا قارشى تۇرغانلىقمۇ بولمايدۇ. دىنىنىڭ ئەدەبىياتىمىزدىكى رولىنى ئىبتىراپ قىلىش دىنني تەرغىب قىلغانلىقمۇ ئەمەس. تارىخنى تارىخنىڭ كۆزى بىلەن كۆرۈش بىزنى ھەقىقەتكە ئەڭ يېقىنلاشتۇرىدۇ. مەيلى قايسى دەۋرنىڭ، قايسى مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىياتى بولسۇن، ئۇ، شۇ دەۋردىكى دىنىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانىكەن، ئۇنى دىنىنىڭ تەسىرى بىلەن قوشۇپ مۇھاكىمە قىلىش، دەۋرنىڭ ساداسىدىن ئايرىپ تاشلىماسلىق كېرەك. مانا بۇ ئەدەبىيات، ئېستېتىكا، مەدەنىيەت تەتقىقاتىدىكى ئەڭ ئەقەللىي ئىلمىي تەلەپ، پرىنسىپ. بىزمۇ «غەربكە ساياھەت»تە شۇەنزاڭنىڭ بۇددا نومىنى ئېلىپ كېلىش سەپىرىنى بۇددا دىنىنىڭ ئەمىر ـ مەرۇپ، قائىدە ـ ئەھكاملىرى بىلەن قوشۇپ قوبۇل قىلدۇق، تېخىمۇ فانتازىيىلەشتۇرۇپ، ماركسىزم يوق دەپ قارايدىغان جىن ـ شەيتان، ئالۋاستى، مۇئەككەللەرنى يۆكلەپ قويۇپ قايتا ـ قايتا ئىشلىدۇق. ھەرگىزمۇ ماركسىزم دىنغا قارشى تۇرىدۇ، دىنىنى «ئەبجەش تۇپلام»، «بۇرمىلانغان قاراش»، «خاتا قىياس» دەپ قارايدۇ ... دەپ قارىغۇلارچە يەرگە قاراپ ئولتۇرۇۋالمىدۇققۇ؟! ئىبتىراپ قىلىش، توغرا تەشۋىق، تەتقىق قىلىش كېرەك. شۇنىڭغا ئوخشاشلا ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەسەرلىرىدىكى ۋە دۇنيا قارىشىدىكى «سوپىزمچە تۇتەك»نىمۇ توغرا چۈشىنىش، شۇنى دەپلا بار ـ يوقنى چۈرۈۋەتمەسلىك كېرەك. مانا بۇ ئەدەبىيات ـ سەنئەتتىكى ئىلمىيلىق، دەۋرگە دەۋر بويىچە قىلىنىدىغان ھۆرمەت. مەسىلىنى مانا مۇشۇنداق دىئالېكتىكىلىق ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزم بويىچە تەھلىل قىلساق يۈسۈپ خاس ھاجىپ، نەۋائىي، شاھ مەشرەپ قاتارلىق ئۇلۇغلار نامى ئۆلمەس مۇتەپەككۇرلار قاتارىدا قەد كېرىپ تۇرۇۋېرىدۇ. بىز

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇلاردىن ئۆگىنىدىغان جايلارنىڭ ئاز ئىكەنلىكىنى ئەمەس، ئۇلاردىن ئۆگىنىدىغان جايلارنىڭ تولىمۇ كۆپ ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ ئۆزىمىزنىڭ تىنىقى، قېنىمىزنىڭ شاۋقۇنى بولۇش سۈپىتى بىلەن، مۇستەھكەم ئىدېئولوگىيە سىستېمىسى، شانلىق ئەدەبىيات ئەنئەنىسى شەكىللەندۈرىدىغان ماھىيەتلىك ئارتۇقچىلىقى بىلەن مەڭگۈ كۆمۈلمەس، يېشىلىپ بولماس بۈيۈك ھېكمەت، پەلسەپە، ئېستېتىك قاراشلار ھېسابلىنىدىغانلىقىنى جاكارلايمىز.

ئاپتور يەنە دىنىنى بىر تۇتاش ئوق يىلتىز قىلغان «قاراش»لىرىنىڭ داۋامىدا باقى تراگېدىيىسىنى سۆزلەپ كېلىپ مۇنداق يازىدۇ: «دىنىي دالالەتلەر سانسىز باقىلارنىڭ، ھېلىقى بېشى كېسىلگەن 370 مۇسۇلماننىڭ ۋە ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ روھىغا تىنچ ياقالامدۇ؟ تەسەللى بېرەلەمدۇ!». بىز ئابلىكىم خېۋىرنىڭ ئالدىمىزغا مۇنداق بىمەنە سوئال تاشلىغىنىدىن ئۇنىڭ دىن ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرىنىڭ تولىمۇ مۇجمەل، چاكىنا، تۇتۇرۇقسىز، پەسكەش ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا كۆرۈپ يېتەلەيمىز. بىلىش كېرەك، مەيلى سانسىز باقىلارنىڭ ياكى 370 ئەمەس، 3 مىليون 700 مىڭ باقىنىڭ، بىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئەمەس، مىڭلاپ ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ قېنى ئاقسۇن، بېشى كېسىلسۇن، ھېلىغۇ بىر - ئىككى مو يېرىدىن ئىكەن، ئەجەللىك يېرىدىن، پۈتكۈل ئەسلىي - ۋەسلىدىن ئايرىلسۇن، بۇنى دىنىنىڭ ياكى قايسىدۇر بىر ئىدېئولوگىيە سىستېمىسىنىڭ گۇناھى قىلىپ قويۇش ھەقىقەت ئالدىدا ئىلمىيلىق ئەمەس، بەلكى ئەقىل قوبۇل قىلماس پەسكەش بىمەنىلىك. توغرا بولغان ھەقىقەت قەيەردە بولسا قوغداش كېرەك. دىندا ھەرگىزمۇ يېرىڭنى تارتقۇزۇپ قوي، دۈشمەن كەلسە ئۆلۈمگە سۈكۈت قىل، دەيدىغان گەپ يوق. قېنى كىم ئىسلام دىنىنىڭ قايسى مۇقەددەس كىتابىدا، قايسى ھەدىسىدە

ئۆلۈمگە سۈكۈت قىل، يېرىڭنى تارتقۇزۇپ قوي، دۈشمەن ئالدىدا ئۆل، خورلۇق، خارلىققا، زۇلۇمغا جىمجىت سۈكۈت قىل، ئۆلتۈرىمەن دېسە قاراپ تۇر، نامرات ئۆت... دەيدىغان گەپلەرنىڭ بارلىقىنى كۆرۈۋېتىكەن؟ ۋە ياكى قايسى ئۆلىما شۇنى تەرغىب قىپتۇ؟ ئەگەر شۇنداقلا بولسا، شۈبھىسىزكى، ئۇ دىنىي دالالەت ئەمەس. تۇرمۇشتا مەغلۇپ بولغانلار، بالا ـ قازاغا يولۇققانلار دىنغا ئېتىقاد قىلغانلىقى ئۈچۈن بۇرنىغا يېگەن ئەمەس، بەلكى دىننى توغرىسى بىلەن قوبۇل قىلىپ، يولىدا ئىشلىتەلمىگەن، خالاس. بۇ نۇقتىدىن ئۆلارنىڭ گۇناھىنى دىن ئەمەس، بەلكى شۇلار دىن ئالدىدىكى جاۋابكارلىقنى ئۈستىگە ئالسا ئاندىن توغرا بولغان بولىدۇ.

گېزى كەلگەندە ئەسكەرتمەي بولمايدۇكى، ئىنسان ۋۇجۇدىدىكى بارلىق چۈشكۈنلۈك، تەركىدۇنياچىلىق، ئىتائەتمەنلىك، ھۇرۇن ـ ئاڭقاۋلىق، تىرىشماسلىق، دۇنيانى بىلىشكە، ئۆزىنى ئىپادىلەشكە، ئۆز قۇدرىتىنى نامايان قىلىشقا ئىنتىلمەسلىك... قاتارلىق ھەممە، ھەممە سەۋەنلىكلەرنى دىنغىلا ئارتىپ تۇقۇم قىلىپ قويۇپ، ئۇنى «پاسكىنا نەرسە» قاتارىغا چىقىرىۋېتىش مەنىۋى ئاجىزلىقنىڭ، ئىلىمسىزلىكنىڭ دەلىلىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. بىز نېمىشقا دىندىكى ئىنسانىي ھەقىقەتكە، ئىنسانىيلىققا، ياخشى ياشاشقا، گۈزەل ئەخلاققا، پاكىز ۋۇجۇدقا، ئۈمىلۈك، ئىنتىلىپاقلىق، تىرىشچانلىققا يېتەكلەيدىغان نەرسىلەرنى تەڭ ئېتىراپ قىلالمايمىز؟ نېمە ئۈچۈن ھە دېسىلا ۋۇجۇدىمىزدىكى رەزىللىكلەرنى تاشقى مۇھىتتىن ئىزدەش بىلەنلا بولدى قىلىپ، ئۆزىمىزنىڭ توغرا ھەقىقىتى بىلەن قوبۇل قىلالمىغانلىقىمىزدىن كۆرەلمەيمىز؟ نېمە ئۈچۈن ئۆز ـ ئۆزىمىزنى ئېتىراپ قىلىشتىن قورقىمىز؟ ۋەھالەنكى، بۇ روشەن مەنىۋى ئاجىزلىقنىڭ بېشارىتى، ۋۇجۇدىمىزدىن ھەق نۇرىنىڭ بارا ـ بارا ئۆچۈۋاتقانلىقىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بەلگىسى. ئەگەر بىزمۇ مەسىلىنى ئابلىكىم خېۋىرچە «يۈكلىمىچىلىك» بىلەن مۇھاكىمە قىلساق، يەنى ئىنساننىڭ مەۋجۇدىيىتىنى جەمئىيەت ۋە سىنىپنىڭ تەسىرى نۇقتىسىدىنلا ئىزدىسەك، بۇ تېخىمۇ ئېغىر بولغان چۈشكۈنلۈك، تەقدىرچىلىك خاھىشىنىڭ يىلتىزى بولىدۇ. ئىنساننىڭ ئۆزلۈكى چەتكە قېقىلىدۇ، ئىنسانىي ئۇلۇغلۇق ۋە قۇدرەت، غۇرۇر ۋە ئەخلاق... دېگەنلەر ئېغىر خىرىسقا، كرىزىسقا مۇپتىلا بولىدۇ. شۇ نۇقتىدىن ئىنسانىي ۋىجدان، مەسئۇلىيەت بىلەن مۇھاكىمە قىلىپ كەلسەك، ئۆز مەۋجۇدىيىتىنىڭ قىممىتىنى چۈشىنەلمەي، بارلىق توغرا بولغان ئىدىيە - قاراشلارنىمۇ بۇرمىلاپ، دىنىنى ئۆزلىرىنى چۈشەيدىغان كىشەنگە ئايلاندۇرۇۋالغان، ئۇشۇ ئېيتقان «تۇرمۇشقا ئۆزىنى ئېچىۋېتىش»قا يۈزلىنەلمەي، تۇرمۇشنى ئۆزىگە ئېچىۋېتىپ يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارغا چاتراقتىن قاراپ كۆنۈككەن سان - ساناقسىز باقىلارنىڭ، يېرىدىن ئەمەس، ئەڭ مۇھىمى ئىنسانىي قەدىر - قىممىتىدىن، كىشىلىك ھوقۇقىدىن، غۇرۇرىدىن، ۋىجدانىدىن ئايرىلىپ قالغان سان - ساناقسىز باقىلارنىڭ زادى ئۆزى ئېتىقاد قىلغان (ئەمەلىيەتتە ئۇ ئېتىقاد مەنىسىگە ياتمايدۇ) دىنغا تىك بېقىش - باقالماسلىق، تەسەللىي بېرىش - بېرەلمەسلىك مەسىلىسىنى ئوبدان ئويلىنىپ كۆرسە تازا ئەرزىيدۇ. مانا بۇ ئابلىكىم خېۋىرنى قارشى قۇتۇپتىن سەكرەتكەن نەرسە، مانا بۇ بۈگۈنكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ پاجىئەلىك ئاقىۋىتىنىڭ نېگاتىپى، ئۇنى ھەممە ئادەم ئۆزىنىڭ تەپەككۇر ئېڭىدا يۇيۇپ، ئۆز رەسەتخانىسىدا كۆزىتىپ كۆرۈپ بېقىش كېرەك.

ئاپتور ئۆزىنىڭ يۇقىرىقى بىر قاتار قاراشلىرىنىڭ جەۋھىرى بولغان «مەۋجۇدىيەت» توغرىسىدىكى چۈشەنچىلىرىدە گەرچە ماركسىزملىق دۇنيا قاراشنى ئىنسان «مەۋجۇدىيىتى»نىڭ

نامايەندىسى سوۋېتىدە تىلغا ئالغان بولسىمۇ، لېكىن باشتىكى «نەيزە بىلەن قالقان» ئويۇنىنى يەنە قىزغىنلىق بىلەن داۋاملاشتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ مەيدانسىز، تۇراقسىز، تۇتۇرۇقسىز بولغان بىر «ئەبجەش توپلام» ئىكەنلىكىنى ھەقىقىي ھالدا ئاشكارىلىغان. ئۇ باشتا «ئالەمدىن ماددا بىلەن ماددىنىڭ كىشى مېڭىسىدىكى ئىنكاسىدىن باشقا ئۇچىنچى بىر نەرسىنى تاپقىلى بولمايدۇ، ئۇنىڭ بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس» دەيدۇ، ئارقىدىنلا «ھايات مەلۇم بىر ئادەم ئۇچۇن بىرىنچى نۇقتا ۋە ئاخىرقى. ئەمما، ئىنسانلار ئۈچۈن بىرىنچى نۇقتا بولۇشى مۇمكىن، ھەرگىزمۇ ئاخىرقى نۇقتا ئەمەس» دېگەن قاراشنى يورۇتىدۇ - دە، ئۆزى مىڭ تەستە قوپۇرغان «ئەقلىي تام»نىڭ تۈۋىگە پالتا ئۇرىدۇ.

ئەمدى 21 - ئەسىردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ زادى قانداق ھالدا ئوتتۇرىغا چىقىش مەسىلىسىگە كەلسەك، ئابلىكىم خېۋىر ئابدۇقادىر جالالىدىنىنىڭ «21 - ئەسىردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى مۇستەقىل ئۆز ئىدىيىسىنى يوقاتمىغاندىلا ئوتتۇرىغا چىقىدۇ» دېگەن قارىشىغا «مېنىڭچە بۇ مۇمكىن ئەمەس» دەپ قارايدۇ ھەمدە «بىز سوپىزمنى ئوقۇپ 21 - ئەسىرگە يۈزلىنەمدۇق؟ 21 - ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى سوپىزمنى قىبىلىنەما قىلالمايدۇ. جاۋاب شۇ دەرىجىدە ئاددىي» دەپ يازىدۇ. لېكىن، جاۋاب ئۇنداق ئاددىي ئەمەس. چۈنكى، ئۇ بىرلا ئادەم ياكى بىرنەچچە ئادەم ئارقىلىقلا بىر كاتاگنى چۆرىدەپ مېڭىۋەرگىلى بولىدىغان، ھەيدەپ كەتكىلى بولۇۋېرىدىغان ئىشەك ھارۋىسى ئەمەس. ئۇ ئىجادكارلارنىڭ دۇنيا قارىشىغا، سەنئەت قارىشىغا باغلىق مەسىلە. بىرىنچىدىن، ئابدۇقادىر جالالىدىن 21 - ئەسىردە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى سوفىزمنى قىبىلىنەما قىلىدۇ، دېگىنى يوق. ئۇ پەقەت مۇستەقىل ئىدىيىنى تەكىتلەۋاتىدۇ. بۇ «مۇستەقىل ئىدىيە»نى سوفىزمنى دەپ چۈشىنىۋېلىش

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىلمىيلىق ئەمەس، بەلكى كلاسسىك ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ھەققىدىكى ساۋاتسىزلىق، خالاس. يەنە بىر تەرەپتىن ئالغاندا، شۇ نەرسىنى ھەر ۋاقىت، ھەر زامان ئېسىمىزدە مەھكەم تۇتۇشىمىز كېرەككى، 21 ـ ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى مۇستەقىل ئىدىيىنى يوقىتىدىكەن ۋە ياكى ئۇنىڭدىن ئادىشىپ كېتىدىكەن، ئۇ نىسبىي گۈللىنىش باسقۇچىنىلا باشتىن كەچۈرۈشى مۇمكىن. لېكىن، ئۇنىڭ بالاغىتىدىن ئۈمىد كۈتۈش ئارتۇقچە. ھەقىقەتەن بىزگىمۇ ياكى دۇنياۋى نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا دۇنياغىمۇ ئۇيغۇردىن ئۇيغۇرچە ئاڭ، ئىدىيە، كۆزقاراش، مەدەنىيەت شولىلىرى كېرەك. ھەرگىزمۇ باشقا ئەل مەدەنىيەت ـ ئەدەبىياتىنىڭ ۋارىيانتى كېرەك ئەمەس. ھەممەيلەن ساپلىقنى ئىزدەيدۇ. ئۇيغۇرمۇ ئۆزلىرىنىڭ شانلىق قەدەملىرىنى ۋە ئېستېتىكىغا، ئەخلاققا، تراگېدىيىگە تويۇنغان ئەدەبىيات ـ سەنئىتىگە، ئۆزىگە خاس تەپەككۇرىغا كۈچلۈك سېغىنىش تەقەززاسىنى ئىپادىلەيدۇ. مىڭ يىللىق ئەدەبىيات ـ سەنئەت، تۇرمۇشىدىكى ئۆز ئىدىيىسىنى، نەچچە مىڭ يىللىق ئار ـ نومۇسىنى، دۇنيا قاراشلىرىنى ئەتىۋارلايدۇ، قىبلىنەما قىلىدۇ. دۇنياغا يۈزلىنىدۇ. دۇنيادىن ئىلغار ئامىل، قاراشلارنى قوبۇل قىلىدۇ. ئەمما، ئۆز خاسلىقىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، ئىپادىلەشنى توپ نىشان قىلىپ ئىلگىرىلەيدۇ. پەقەت مۇستەقىل ئىدىيىلا بىزنىڭ جېنىمىز، پەقەت مۇستەقىل كۆزقاراشلا بىزنىڭ قېنىمىز. «قۇم باسقان شەھەر»نىڭ چەكسىز كېڭىيىشچان ئوتوپىيىلىرىدە بىز قانداق مەست بولمىدۇق ؟! «يېگانە ئارال»دىكى خېنىيا سايىت نېمە ئۈچۈن كۆز ئالدىمىزغا ئۆز ئەسلىيىتىنى ساقلاپ قالالىغان ھەقىقىي بىر ئىنساننىڭ ئوبرازىنى تاشلىيالىغانلىقى بىلەن قەلبىمىزنى لەرزىگە سالدى. «لېيىغان بۇلاق»چۇ؟ «مەمتىلى ئەپەندى» نېمە ئۈچۈن بىزنى

ياشاشنىڭ ئىككى تەرەپكە سوزۇلغان پاسىلىنىڭ نەق ئۈستىگە تاشلاپ قويۇپ، بىزنى كىملىكنىڭ، ئۆزلۈكنىڭ سورىقىغا تارتالايدۇ؟ كونسېرى ئەۋج ئالغان تارىخىي ئەسەرلەرگە، مىللىي كىملىك ھەققىدە ئويلاندۇرىدىغان ئىلمىي ئەسەرلەرگە بولغان قىزغىنلىقنىڭ كۆچىيىشى زادى نېمىدىن دالالەت بېرىدۇ؟ خەلقىمىزنىڭ رېئال ئەھۋالىنى ھالال ۋىجدان بىلەن كۆزىتىپ غورۇر بىلەن سۆزلىگەن بىر تۈركۈم ياشلىرىمىز ۋە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى نېمە ئۈچۈن شۇنچىۋالا تېز ھۆرمەت سۇپىسىغا چىقىپ قالىدۇ؟ سوئاللار تالاي ــ تالاي. لېكىن، كۆڭۈلنى شادلىق، سۆيۈنۈش ھېسسىياتىغا باشلايدىغان يېرى شۇكى، ھەر نېمە بولسا بۇ سوئاللارغا جاۋاب بېرىش تولىمۇ قىيىن بولسىمۇ، ئادەمگە بىر خىل خۇش كەيپ، روھىي ئازادلىك ۋە تەخىرسىزلىك تۇيغۇسى ئاتا قىلىدۇ. ئۇ باشقا قەرزدار سوئاللارغا قارىغاندا باشقىچە سۆيۈملۈك... چۈنكى، ئاشۇ سوئاللارنىڭ ھەممىسى توپ نىگىزىدىن ئالغاندا، «مۇستەقىل ئىدىيە» كىملىك، ئۆزلۈك ھەققىدىكى ئىزدىنىشكە تۇتاشقان. ئېنىقكى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى بىر ئەر شەخسنىڭ ياكى بىرەر ئىدىيىنىڭ ئىرادىسىگە باقمىغان ھالدا ئۆزىنىڭ شارقىراتمىسىنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىدۇ. مۇستەقىل ئىدىيىنى قېزىشنى قىبىلىنەما قىلىدۇ. چۈنكى، ئەنە شۇ خاسلىقتىلا ئۇيغۇرنىڭ ھەممە نېمىسى بار. ئۇيغۇر ئەدەبىياتى بولۇش ئۈچۈنمۇ ھەم ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس ئېستېتىك سىستېمىسىغا يۈزلەنمەي ئامال يوق.

ئابلىكىم خېۋىرنىڭ «ماقالە»سىگە بولغان تەنقىدىي مۇلاھىزەم ھازىرچە مۇشۇنچىلىك. چوڭ ــ چوڭ مەسىلىلەر تۇرغان يەردە «ئىنكارچىلىق زىيانلىق پەلسەپە»، «سارترىنىڭ مەۋجۇدىيەت ھەققىدىكى تەلىماتى ئەگەر ئاپتور ئېيتقاندەك كۆزنىڭ مەۋجۇتلۇقى سېنىڭ مەۋجۇتلۇقىڭدۇر دېگەن مىسراغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئوخشاش بولسا، ئۇنداقتا ئەما ئۇچۇن ئەمانىڭ مەۋجۇتلۇقى يوق بولامدۇ؟»، «ئەدەبىي ئەسەرلەرنى كىتابخانىنىڭ ئوقۇپ چۈشىنەلەيدىغان بولۇشى ئەڭ ئەقەللىي تەلەپ»، «تىندىنسىيەدىن ئەخمەتجان ئوسمان، ئەركىن ئىبراھىملارغا يازغىدەك ھېچنېمە قالمىدى» دېگەندەك ئاساسسىز، قالايمىقان سۆزلەشلەر ۋە بەدىئىي ئىجادكار بىلەن ھۆنەرۋەن ـ كاسىپلارنى نامۇۋاپىق ھالدا سېلىشتۇرۇپ چىقىپ، ئەدەبىياتتا «ئىستاژ»، «خىزمەت تارىخى»، «ئىخلاسمەن مۇرىت»لىقلارنى ئېغىزدىن ماغزاپ چاچرىتىپ سۆزلەش ... دېگەندەك لوگىكىلىق، مەنتىقلىق خاتالىق ـ كېسەللىكلەرنى چەتتە قويۇپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولۇپ قالدىم. (ئەسلىي، مۇھاكىمىگە ئەرزىيدىغان تېمىلار ئىدى.) لېكىن، ماقالىنىڭ مەزمۇنىنىڭ ھەددىدىن زىيادە چۇۋالچاق بولۇپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن توختاشقا مەجبۇر بولدۇم. كىتابخانلارنى توغرا چۈشىنىدۇ، ئابلىكىم خېۋىرنىڭ پۈتكۈل قاراشلىرىغا توغرا مەيدان، توغرا يۈنىلىش بويىچە ياندىشالايدۇ، دەپ ئىشىنىمەن.

2001 ـ يىل ئاپرېل، قاراقاش ـ پاۋا.

# كۆزىمىزدە سوغۇق نۇر

— شەھەر ھەققىدە قايتا ئويلىنىش

## 1

ئېسىمنى بىلسەم مەھەللىمىزدىكىلەر ناھىيە بازىرىنى «شەھەر» دەپ ئاتاپ ئادەتلەنگەنىكەن. ئۇلار ھېلھەم ئاشۇ قايناق ناھىيە بازىرىنى «شەھەر» دەپ ئېغىزىغا چوڭ ئالىدۇ. سىرتتىن كەلگەنلەر، ناھىيە، شەھەر، ۋىلايەت دېگەندەك مەمۇرىي ئۇقۇملارنىڭ چەك - چېگرىسىنى ئېنىق ئايرىپ مۇئامىلە قىلىدىغانلارنىڭ بۇنىڭدىن سەل - پەل غەيرىيلىك ھېس قىلىشى تۇرغانلا گەپ. ئەمما، بىزچە چۆلىي ئەزىمىنىڭ يىراق بىر قەرىنىگە قارىغاندا قايناق، ھەيۋەتلىك، زامانىۋى كۆرۈنگەن قاراقاش ناھىيە بازىرىنى «شەھەر» دېسە گەرزىيىتتى. بىزنىڭ ساددا كاللىمىزدا شەھەر دېگەننىڭ دەسلەپكى ئوبرازى ئەنە شۇ ئاساستا شەكىللەنگەنىدى. كىشىلەر، توغرىسىنى ئېيتقاندا، يېزىلىق - سەھرالىقلار ئۇنىڭ بىرقەدەر رەتلىك، ئازادە، ئاسفالتلاشتۇرۇلغان، كەچلىكلىرىمۇ يورۇپ تۇرىدىغان يول، كوچا، ئىمارەت، دۇكان - سارايلىرىغا قانداقتۇر ئېيتىپ بولغۇسىز قىزىقسىنىش، ھەۋەس، تەلپۈنۈش بىلەن قارايتتى، تىل چاكىلدىتاتتى. ئەمما، ئۇلارنى ھەممىدىن بەك تارتىپ - سۆرەيدىغىنى، يۈرىكىگە ئېيتىپ تۇ-

www.uyghurkitap.com

گەتكۈسىز ھاياجان سالىدىغىنى ئاجايىپ قايناق، ھەممىگە داڭلىق يەكشەنبە بازىرى ئىدى. ئادەم پاتماي مىغىلدىشىپ كېتىدىغان بازارنىڭ قايناقلىقى، ئاۋاتلىقى، گۇرۇلدەپ تۇرىدىغان جۇشقۇنلۇقى، ھەريەر ـ ھەريەردىن كەلگەن كىشىلەرنىڭ قىزغىنلىق ئىچىدىكى تىرىكچىلىك ئىزدىنىشى ماھىيەتتە قاراقاشتىن ئىبارەت بۇ «شەھەر»نىڭ كاللىسىغا مەھكەم ئورناپ كەتكەن شەھەر ئوبرازى ئىدى. ئۇلار مانا شۇ قايناقلىقنى، ھاياجاننى ئىزدەيتتى. ئۇنىڭغا سودا، ئىنسانىي ئالاقە، دوست ـ بۇرادەرلىك، تۇغقاندارچىلىق، يالغانچى ـ كاززاپلىق، مۇتتەھەملىك، پۇختىلىق، پەسكەشلىك، ئاق كۆڭۈللۈك، بايلىق، دۆۋانە ـ كەمبەغەللىك... ھەممە ـ ھەممە نەرسە مۇجەسسەملەنگەنىدى.

قاراقاشلىقلارنىڭ نەزىرىدىكى بۇ «شەھەر» بەجايىكى مىسلىسىز بىر ئىنسانىي قاينام ئىدى. سىز ئۇنىڭدىن جىمىكى لازىم نەرسىگىزنى تاپالىشىڭىز مۇمكىن ئىدى. كىشىلەر قىستىلىشىپ يۈرۈپ دۇغاپ ئىچەتتى. ناۋايخانىلارنىڭ ئىسلاش چەللىسىنىڭ ئاستىدا ئولتۇرۇپ شورپىسى ئېقىپ تۇرغان گۆشگىردىلەرنى ئاۋايلاپ پۇۋلەپ يېيىشەتتى؛ ئۆيى «شەھەر»نىڭ قاق ئوتتۇرىسىدىكىلەرنىڭمۇ كوچىغا چىقىپ كىشىلەر بىلەن قىستىلىشىپ يۈرۈپ شاپتۇل ـ قوغۇن يەۋاتقىنىنى كۆرەتتىڭىز؛ قاراقاشنىڭ 17 يېزا ـ بازىرىدىنلا ئەمەس، گۇما، خوتەن، لوپ، ھەتتا بەزىدە قەشقەر ـ قاغىلىق، چەرچەن ـ چاقىلىقتىن كەلگەن خېرىدار، ئېلىپ ـ ساتارمەنلەرنىمۇ ئۇچرىتىش تامامەن مۇمكىن ئىدى. ئەنە شۇ يەرلەردىن كەلگەن تۈرلۈك ـ تۈمەن ئۇچۇر، خەۋەر، گەپ ـ سۆز، مەدەنىيەت، ئادەت مانا بۇ بازارغا — «شەھەر»گە جۇغلىناتتى ـ دە، يەنە تەرەپ ـ تەرەپكە تارايتتى.

ئەقلىمنى بىلگۈدەك چاغلاردا «شەھەر»نىڭ ھاياجانلىق تەرىپى ھەممىنىڭ ئېغىزىدا ئىكەن. ئۇ چاغلاردا ماتورلۇق قاتناشنىڭ تايىنى بولمىغاچقا، كىشىلەر كېچىلەپ ھارۋىدا، ئات ـ ئېشەكتە،

شەھەردىن كەلگەنلەرنى چوڭ بىلەتتى، ئۇلارغا دەرد ئېيتىپ باققۇسى كېلەتتى، شەھەرگە بارغانلارمۇ ئۆزىنى يوغىناپ قالغاندەك سېزەتتى...

مەھەللىمىزدىكىلەرنىڭ شەھەرنى ئەنە شۇنداق زوق - ھەۋەس بىلەن تەرىپلىشى، شەھەرگە چىقىپ كىرگەنلەرنىڭ كېرىلىپ، ئېغىزىنى تامشىتىپ سۆزلىشى ۋە ئامالىنىڭ بارىچە شەھەرگە چىقىپ - كىرىش كويىدا بولۇشى مېنىڭ بالىلىق قەلبىمدىمۇ ئاجايىپ شېرىن - لەززەتلىك ئوي - خىيال ئويغاتقانىدى. رەھمەتلىك ئانامغا ئەگىشىپ يۈك ماشىنىسىدا نەچچە قوينىڭ ئارىسىدا تۇنجى قېتىم «شەھەر»گە ماڭغاندىكى بالىلارچە ساددا قىزغىنلىقىم ۋە شۇ چاغدا كاللامدا شەھەر توغرىسىدا ھاسىل بولغان ئوبراز - تەسىرات ھېلىھەم ئېسىمدىن چىقمايدۇ.

كېيىن تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزىدىغان چاغلاردا مۇئەللىملەرنىڭ شەھەر، شەھەردىكى مەكتەپلەر ھەققىدىكى تېخىمۇ «جەلپ قىلارلىق» — قىزىقتۇرغۇچى گەپلىرىنى ئاڭلىدۇق. ئۇلار شەھەرلەرنىڭ ئازادىلىكى، ئىمتىھاندىن ئۆتۈۋالساقلا ئويۇن دېگەن شەھەردىكى مەكتەپلەردە ئىكەنلىكى، دەرسكە چىقامسەن - چىقمامسەن ھېچكىمنىڭ كارى يوقلۇقى، ھەتتا ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇئەللىملەرنى ئەخمەق قىلىپ، يالۋۇرتۇپ يۈرىدىغانلىقى ھەققىدە تالاي گەپ ساتقانىدى. بىزنىڭ كاللىمىزدا چوڭ شەھەر، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئەنە شۇنداق بىر كۆرۈنۈش - ئوبرازى يېزا ئاتلىماي تۇرۇپلا شەكىللەنگەنىدى. ۋەھالەنكى، بىز كېيىنچە ئالدانغانلىقىمىزنى، ئۇلارنىڭ بىزنى ئىمتىھانغا ياخشىراق تەييارلىق قىلدۇرۇش ئۈچۈنلا ئاشۇنداق رېئاللىقنى بوياپ كۆرسىتىش ئويۇنى ئوينىغانلىقىنى بىلدۇق. ئەمما، خېلى كۆپ ۋاقىتىمىز كاللىمىزدا بۇرۇنلا شەكىللەندۈرۈپ قويۇلغان شەھەر، شەھەردىكى مەكتەپلەرگە تەلپۈنۈش بىلەن ئۆتتى. كاللىمىزدا بۇرۇنلا شەكىللىنىپ قالغان ئاشۇ ئېزىتقۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تۇمانلاردىن خالاس بولۇپ، ھەقىقىي رېئاللىقتا يۈزلىنىپ بولغىچە بىز خېلى كۆپ ۋاقىت، زېھنىنى بەدەل قىلغان، ھەتتا، ياق، مەكتەپ دېگەن ئاشۇنداق بولۇشى كېرەكتىغۇ، دەپ ئاغرىنغانىدۇق. ئادەم مەلۇم بىر نەرسىنى كۆرمەي تۇرۇپ كاللىسىدا بۇرۇن شەكىللەندۇرۇۋالغان نۇرغۇن ئوبراز - تەسىرات ھەقىقەتەنمۇ كېيىنكى رېئاللىقنى توغرا تونۇش، ئۇنىڭغا مۇئامىلە قىلىشتا ئويلاپ باقمىغان قىيىنچىلىق - توسالغۇلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

2001 - يىلى سېنتەبىردە، مەن تۇنجى قېتىم ئۈرۈمچىگە، مۇنداقچە ئېيتقاندا، دىيارىمىزدىكى مەركىزىي شەھەرگە قاراپ يولغا چىقتىم. ۋەھالەنكى، كاللامدا ئاللىبۇرۇنلا ئۈرۈمچى ھەققىدە غايىۋى شەھەر شەكىللىنىپ بولغانىدى. كىتابلاردىكى ئۈرۈمچى ۋە شەھەر ھەققىدىكى بايان - تەسۋىرلەردىن، ئەڭ مۇھىمى، ئۈرۈمچىدە ئوقۇپ كەلگەن ساۋاقداش، دوست - بۇرادەرلىرىمنىڭ ئېغىزىدىن ئاڭلىغان ئاجايىپ - غارايىپ ھېكايە، گەپلەردىن تەدرىجىي شەكىللەنگەن بۇ كۆرۈنۈش تولىمۇ خۇنۈك، شەپقەتسىز، قاراڭغۇ، مۇزدەك سوغۇق تۇيغۇلار بىلەن مەزمۇنلانغانىدى. ئۈرۈمچىگە بارغۇچە يول - ئۆتەڭلەرنىڭ قايسىبىرىدىكى ئۆكتەم - مۇتتەھەم ئاشپەز؛ ئاشخانىغا خېرىدار باشلىغۇچى لۈكچەك مىجەز زوراۋان كۇتكۇچى؛ بىر ماشىنا يولۇچىنى مەلۇم بىر ئاشخانىغا مەجبۇرىي تۆكۈپ بېرىپلا ھەقسىز غىزالىنىدىغان كۆرەڭ شوپۇر؛ قايسىبىر ئۆتەڭنىڭ ھاجەتخانىسىغا مۆكۈنۈپ تۇرۇپ بۇلاڭچىلىق قىلىدىغان خەنجەر - پىچاقلىق قارا يۈز ئوغرى - قاراقچى؛ قورقۇنچلۇق تاغ - داۋان؛ دەھشەتلىك ماشىنا ۋەقەلىرى؛ قۇشلىرىمۇ قارىداپ كەتكەن، قىش - ياز قار - يامغۇر ئۆكسىمەيدىغان، ئىس - تۈتەك دەستىدىن ئاسمانىنىمۇ، كۈنىنىمۇ كۆرگىلى بولمايدىغان تۇمانلىق ئۈرۈمچى؛ لاي - پاتقاقلىق كوچىلار؛ ئادەم تىقما - تىقما قاينايدىغان

دۆڭكۆۋرۈك؛ قايناق بازار؛ بازاردىكى تەپتارتماس ئوغرىلار؛ ئاشكارا خېرىدار چاقىرىدىغان پاھىشە سەتەڭلەر؛ كېچىلىك كۈلۈب ـ كىنوخانىلار؛ ئوغۇل ـ قىزلار كۈندۈزى ئاپئاشكارا سۆيۈشۈۋاتسىمۇ كارى يوق ئادەملەر؛ كۈندۈزى بوش قالىدىغان دەرسخانىلار؛ سىنىپتا ئۇخلاپ ئولتۇرىدىغان ئوقۇغۇچىلار؛ جۈپ ـ جۈپلەر بىلەن توشۇپ كېتىدىغان مەكتەپ قورۇسى، باغچىلار؛ كىملەرنىڭدۇ ئوقۇپ تۇرۇپ سىرتتىن ئۆي تۇتۇپ ئولتۇرغانلىقى، بويىدا قالغانلىقى، تۇغۇپ قويغانلىقى؛ بالىلارنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنى ئالداپ پۇل ئېلىپ خەجلەيدىغانلىقى؛ ياتاقلاردىكى ئەپسانىۋى گەپلەر؛ ئىچىش، چېكىشۋازلىق، ئولتۇرۇش؛ ئوقۇغۇچىلارنىڭ كوللېكتىپ ئۇرۇشۇپ كەتكەنلىكى، ھەتتا نەچچە ئوقۇغۇچىنىڭ ئۆلگەنلىكى، ئۆزىنى بىنادىن تاشلىۋالغانلىقى... ئۇرۇمچىگە كېلىشتىن ئىلگىرى تولا ئاڭلىغان بۇ پارچە ـ پۇرات ۋەقەلىكلەرنى بىرلەشتۈرگەندە قورقۇنچلۇق، قاباھەتلىك، خۇنۇك، رەزىل، ئىپلاس بىر كارتىنا كۆز ئالدىمدا پەيدا بولاتتى ـ دە، مەندە خۇددى تېررورلۇق فىلىملىرىدەك تەسىرات قالدۇراتتى. مەھەللىمىزدىكى ساددا دېھقانلار ئۆتتەك قىزنىقىش ۋە قانداقتۇر يوشۇرۇن ئۈمىد ـ ئىستەك بىلەن تەلپۈنىدىغان خوتەندىكى «شەھەر»دىن چىقماي تۇرۇپلا ئۈرۈمچىدىن ئىبارەت بۇ شەھەر ھەققىدە تولىمۇ ۋەھىملىك بىر تۇيغۇ كاللامنى قالايمىقان قىلىپ تۇراتتى. ھەتتا شۇ مەزگىلدە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە خوتەندە ئېچىلغان «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى»نى تارقىتىش يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن ئۈرۈمچىدىن كەلگەن ھۆرمەتكە سازاۋەر بىر يازغۇچىمىز: «بارىمەن دەپ تەييارلىق قىپسىز، ياخشى بوپتۇ، بېرىڭ. ئەمما، ئەقىدىڭىز بەركامىل بولغاي. بولمىسا، ئۇ شەھەر سىزنى تېزلا يەپكېتىدۇ» دېدى تولىمۇ كۆيۈنگەن ئاھاڭدا. «ياللا، — دېدىم ئىچىمدە، — قانداق شەھەر ئۇ؟»... كاللامدا ئۈرۈمچى، شەھەر ھەققىدىكى ئوي ـ كۆرۈنۈش تولىمۇ مۇرەككەپلىشىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كەتكەنىدى. ئۇ ئاساسەن ئېزىتقۇ، قاباھەتلىك — تەگسىز بىر قاينام سۈپىتىدە زاھىر بولماقتا ئىدى...

ھەقىقەتەنمۇ ئۈرۈمچىگە كەلگىچە بولغان ئارىلىقتا دەككە ـ دۈككە، نامەلۇم قورقۇنچ، يوشۇرۇن ۋەھىمە ئىچىدە ئولتۇرغىنىم؛ ھاجەتكىمۇ قانداقتۇر ئەنسىزلىك ئىچىدە بارالماي قىينالغىنىم؛ دادام قايتا ـ قايتا تاپىلاپ ئىزمىلاپ ئېتىۋەتكەن يانچۇقۇمدىكى پۇلنى يول بويى ئۈستىدىن بىسىۋېلىپ ماڭغىنىم؛ ئاشپەز ـ كۆتكۈچىلەرگە ئەيمىنىپ قارىغىنىم ھەق ـ راست. سەپەر، شەھەر ھەققىدىكى ئاشۇ ۋەھىملىك گەپلەر ۋۇجۇدۇمغا ئورناپ كەتكەچكىمىكىن، ھېلىھەم سەپەرگە چىقسامۇ ئاشۇ قورقۇنچلۇق بايانلار ئېسىمگە چۈشسە، مېڭىمدا كۆلۈپ سالىمەن.

ئۈرۈمچىگە قەدەم باسقىنىمدىن تارتىپ ھېسابلىغاندا، مانا ھەش ـ پەش دېگۈچە ئالتە يىل بوپقاپتۇ. بۇ يىللاردا ئۈرۈمچىگە كېلىپ ـ كېتىپ تۇردۇم. شەھەر توغرۇلۇق ئۆزۈمگە تۇشلۇق تەسىرات ـ خۇلاسىگە ئېرىشتىم. بۇ شەھەرگە كېلىشتىن بۇرۇن باشقىلارنىڭ پاراڭلىرى تەسىرىدە كاللامدا شەكىللەنگەن ھېلىقى كۆرۈنۈش بىلەن مەن كۆرگەن، ھېس قىلغان شەھەر رېئاللىقى ئارىسىدا خېلىلا پەرق، زىددىيەت بار ئىدى. بىرى ئۇنىڭغا تەلپۈنەتتى، ئۇنىڭدىن نېمىلەرنىدۇر ئېرىشىشنى ئىزدەيتتى. ئەمما، يەنە بىرلىرى شۇ شەھەردە ياشاپ تۇرۇپمۇ ئۇنى بولۇشىچە تىللايتتى، ئۇنى ئەڭ قاباھەتلىك تۈستە سۈرەتلەيتتى. بۇ ھال مەلۇم مەنىدە شەھەر، شەھەرلىشىش، تەرەققىيات مەسىلىلىرىگە كىشىلىرىمىزنىڭ قايتۇرغان ئىنكاسىنىڭ بىر قىسمى ئىدى. بىز بۇ ھەقتە ئەستايىدىل پىكىر يۈرگۈزۈپ باقمىساق بولمايدىغاندەك قىلاتتى.

## 2

دۇنيادىكى تۇنجى شەھەرنىڭ زادى قاچان پەيدا بولغانلىقى

ھەققىدە ئېنىق ئۇچۇرغا ئىگە ئەمەسمىز. ئەمما، ئۇ مەيلى قاچان شەكىللەنگەن ۋە قانداق يوسۇندا تەرەققىي قىلغان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، شۈبھىسىزكى، شەھەر ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيلىشىش، تەرەققىي قىلىش يولىدىكى ئىزدىنىشىنىڭ كاتتا نەتىجىلىرىنىڭ بىرىدۇر. ئامېرىكىلىق شەھەرشۇناس لۇئىس ۋۇنفورت: «شەھەر ئەڭ دەسلەپتە سودا ياكى ئۇستىخانىلار جەملەنمىسى شەكلى بىلەن ئەمەس، بەلكى دىنىي مۇقەددەسلىك ئورنى بىلەن مەيدانغا چىققان. ئۇ ئەڭ ئالدى بىلەن مەنىۋى كونترول مەركىزى»[①] دەيدۇ ھەمدە شەھەرلەرنىڭ ئەڭ ئىپتىدائىي مەنبەسىنى ئۆلۈكلەر شەھىرى — قەبرىستانلىققا باغلايدۇ. ئۇنىڭچە، ئەڭ دەسلەپكى شەھەرلەر دىن، قەبرە، چېركاۋلارنى مەركەز قىلىپ گۈللەنگەن. «قەدىمكىلەر ئۆلگەنلەرنىڭ لايىقىدا دەپنە قىلىنىشىغا ئەڭ كۆڭۈل بۆلگەن. ئۆلۈمگە بولغان ۋەھىمە ۋە قورقۇنچ ئۆلارنى ئاۋۋال ئۆلگەنلەر ئۇچۇن مۇقىم، كۆڭۈلدىكىدەك جاي تاللاشقا مەجبۇرلىغان... مانا شۇ تەرىقىدە قەبرىستانلىق، مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۆلۈكلەر شەھىرى، يەنى تىرىكلەر شەھىرىنىڭ دەسلەپكى ئومۇرتقىسى، يادروسى شەكىللەنگەن»[②]. خەنزۇ تەتقىقاتچىسى دەي جۇنلياڭ بولسا مۇداپىئەلىنىش پسىخىكىسىنى تۇتقا قىلىپ تۇرۇپ: «شەھەر ئوخشاش بولمىغان جايلاردا ئوخشاش بولمىغان شەكىللىنىش، گۈللىنىش باسقۇچىنى بېسىپ ئۆتكەن بولسىمۇ، ئەمما ھەممىسى ئوخشاش ۋەزىپە ئۆتەپ كەلدى. يەنى ھەممە شەھەر مۇداپىئە، قوغدىنىش مەقسىتى ئۇستىگە قۇرۇلغان»[③] دەيدۇ. ھەقىقەتەنمۇ، بۇ خىل مۇداپىئە پسىخىكىسى، قوغدىنىش

---

① سۈن جۇنلىڭ، چېن جيەنشياڭ: «چەت ئەللەرنىڭ شەھەرشۇناسلىق ئەسەرلە-رىدىن تاللانما»، گۈيجۇ خەلق نەشرىياتى 1984- يىل نەشرى 46- بەت.

② لۇئىس ۋۇنفورت: «شەھەر تەرەققىيات تارىخى»، جۇڭگو قۇرۇلۇش سانائىتى نەشرىياتى 1989- يىل نەشرى 4- بەت.

③ دەي جۇنلياڭ: «جۇڭگو شەھەر تەرەققىيات تارىخى»، خېيلۇڭجياڭ خەلق نەش-رىياتى 1992- يىل نەشرى 28- بەت.

www.uyghurkitap.com

ئېھتىياجى بىلەن شەھەر قۇرۇش ئوتتۇرا ئەقلىمدىكى ھەدېسىلا شىمالدىكى ئاتلىق مىللەتلەرنىڭ تاجاۋۇزىغا ئۇچراپ تۇرىدىغان مىللەتلەردە شەھەرنىڭ مەيدانغا كېلىشىدىكى ئاساستۇر. «گېرمانىيىلىك جەمئىيەتشۇناس ماكس ۋېبىرمۇ جۇڭگودىكى شەھەرلەرنىڭ پەيدا بولۇش ۋە گۈللىنىشى كارخانىچىلارنىڭ رولىغا تايىنىپ ئەمەس، بەلكى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئورگانلىرىنىڭ پىلانلىشى ئارقىسىدا بولغان. پات ـ پات يۈز بېرىپ تۇرىدىغان سىياسىي ئۆزگىرىشلەر ۋە سۇلالىلەرنىڭ ئالمىشىشلىرى ھۆكۈمرانلارنىڭ مۇداپىئەلىنىش ئېھتىياجىنى كۈچەيتىپ، شەھەرلەر قېلىن سېپىللار بىلەن قورشالغان. نەتىجىدە، پۇقرالار شەھەر ئىچىگە بېكىنىپ ياشاپ، ئەركىن سودا كارۋانلىرىغا ئايلىنالمىغان، دەپ شەرھلەيدۇ»[1]. دېمىسىمۇ، غەربتە شەھەر ئۇقۇمى خەنزۇ تىلىدىكى شەھەر سۆزى ئۆز ئىچىگە ئالغان «سېپىل، قەلئە، بازار، قورغان» مەنىلىرىدىن ئىبارەت مەدەنىيەت كونتېكىستلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالماستىن، بەلكى پۇقرا ۋە ئۇ بەھرىلىنىدىغان ھوقۇق ئىبارىسىدىن شاخلىنىپ كەلدى ھەمدە يەنىمۇ بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا مەدەنىيەت ئۇقۇمىغا باغلاندى. ئەرەب تىلىدىكى «مەدەنىيەت»، «مەدەنىي» دېگەن ئاتالغۇلارمۇ ئەڭ دەسلەپ شەھەرلىشىش مەنىسىدىن كېلىدى. شەھەر سۆزى بىزگە پارسچىدىن كىرگەن بولۇپ، «تۈركىي تىللار دىۋانى»غا ئاساسلانغاندا قەدىمدە «كەند، بالىق، ئوردا» ئاتالغۇلىرى شەھەر مەنىسىدە ئىشلىتىلگەن ھەمدە «شەھەر، قەلئە، ئوردا، خان شەھىرى» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرۈپ كەلگەن[2]. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەسكى، خەلقىمىز شەھەر ئۇقۇمىنى بىۋاسىتە ھالدا ھاكىمىيەت، ھوقۇق، دۆلەت

① ئابدۇقادىر جالالىدىن: «مەدەنىيەت ئېڭىنىڭ ياتلىشىشى»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 1997ـ يىل 5ـ سان؛ «ئابدۇقادىر جالالىدىن ماقالىلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000ـ يىل نەشرى 127ـ، 128ـ بەتلەر.

② مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى» I توم، خەلق نەشرىياتى 1981 ـ يىل، 447ـ، 448 ـ، 449 ـ، 491 ـ، 492 ـ بەتلەر

ئۇقۇمى بىلەن باغلاپ چۈشەنگەن. ئۇنىڭدىنمۇ ئىلگىرىكى مەنبەلەرگە، مىسالەن «ئوغۇزنامە»، «مەڭگۈ تاشلار پۈتۈكلىرى»دىكى بايانلارغا قاراپ باقساق، قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزدا شەھەرگە سولىنىپ ياشاپ ھاكىمىيەت تەشكىللەش ياكى مۇداپىئەلىنىش پىسخىكىسىنى دۆلەت، شەھەر ھاياتىنىڭ باش مىزانى قىلىشتەك مۇنداق ھالنى ئاساسەن ئۇچرىتالمايمىز. تارىخىي مەنبەلەردە خەلقىمىزنىڭ تۈركىي قەۋملار ئىچىدە ئەڭ بالدۇر شەھەر ھاياتىنى باشلىغانلىقى ھەمدە بۇ يەرلەردە شەھەر ھاياتىنىڭ ئىنتايىن جۇش ئۇرۇپ راۋاجلانغانلىقى بايان قىلىنىدۇ. دېمىسىمۇ، ھەربىر تارىخىي پاكىت بىزگە بۇ زېمىندا تالايلىغان سەلتەنەتلىك شەھەر مەدەنىيىتىنىڭ بولۇپ ئۆتكەنلىكىدىن دېرەك بېرىپ تۇرىدۇ. مەدەنىيەت جەھەتتىكى يېتەكچىلىك، سودىدىكى ئاكتىپ تەمىنلەش، ئىدىيە جەھەتتىكى تەپمۇتەڭ دىئالوگ پەقەت مەدەنىيەت، ئىجتىمائىي ھاياتتا ئۈستۈن ئورۇندا تۇرغۇچىلارنىڭ قولىدىنلا كېلەتتى. يۈك ئارتىلغان تۆگە كارۋانلىرىغا قوشۇلغان ھالدا ھەرقايسى بوستانلىقلاردىكى خەلقلەرنىڭ مەدەنىيىتى بىر ـ بىرى بىلەن ئۆزئارا ئۇچراشقانىدى. تەشەببۇسكار، قىزغىن ھاياتىي كۈچ ئىچىدىكى بۇ خىل ئىنتىلىش تەبىئىي ھالدا خەلقىمىزنىڭ گۈللەنگەن شەھەر مەدەنىيىتىنىلا ئەمەس، شەھەر، شەھەر ھاياتىغا، مەدەنىيلىشىشكە، شەھەرلەردە كەڭ كۆلەمدە ئەمەلگە ئاشالايدىغان مەدەنىيەتلەر ئۇچرىشىشىغا بولغان ئوتتەك قىزغىنلىقىنىمۇ دەلىللەپ تۇرۇپتۇ. بىز فارابىينىڭ «پەزىلەتلىك شەھەر» ھەققىدىكى ئاجايىپ ئۆزگىچە ئىجتىمائىي غايىسىدىن ۋە يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك»تە چوڭقۇر پەلسەپىۋى پىكىر ئاساسىدا ياراتقان ئوتۇپىك جەمئىيەت لايىھىسىدىن شەھەر مەدەنىيىتىنىڭ خېلىلا تەرەققىي قىلغانلىقىنى، شەھەرگە بولغان قىزغىنلىق، كۆڭۈل بۆلۈشنىڭ ئەقلىي بالاغەت دەرىجىسىگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يەتكەنلىكىنى بايقايمىز. بۇ ھەرگىزمۇ مۇنداقلا قىزغىنلىق، كۆڭۈل بۆلۈش ئەمەس، بەلكى ۋايىغا يەتكەن شەھەر مەدەنىيىتىدىن دالالەتتۇر. ھەقىقەتەنمۇ قوچۇ، كۇسەن، كىروران، نىيا قەدىمىي شەھەر خارابىلىرى، قەشقەردىكى ۋە يەنە باشقا جايلاردىكى تالاي قەدىمىي ئىز، پاكىت، يازما ھۆججەت ـ ۋەسىقە ئاشۇ پارلاق شەھەرلەرنىڭ سودا، ھاكىمىيەت، ھوقۇق، دىن، مائارىپ، ئىدىيە، ئەدەبىيات ـ سەنئەت مەركەزلىرىگە ئايلانغانلىقىنى، بۇ شەھەرلەردە گۈللەنگەن مەدەنىيەت ئويغىنىشى ھەرىكەتلىرىنىڭ مەيدانغا كەلگەنلىكىنى مۇنازىرىسىز دەلىللەپ تۇرۇپتۇ.

دېمەككى، شەھەرلىشىشنىڭ ئىپتىداسىنى ئەسلەپ كۆرگەن ھەرقانداق ئادەم بىزدە شەھەر، شەھەر ھاياتىغا نىسبەتەن بىر خىل ئاكتىپ ئىنتىلىشنى كۆرىدۇ ھەمدە بىزدىكى شەھەرلەرنىڭ مۇداپىئەلىنىش، قوغدىنىش ئېھتىياجى ئۈستىگە ئەمەس، بەلكى زوراۋانلىق، باستۇرۇپ بېرىشنى ئادەت قىلغان يىراق زاماندىكى ئاتلىق مىللەتلەرنىڭ بىر خىل ئەركىن تۇرمۇش سىستېمىسىغا ئىنتىلىش پسىخىكىسى ئاساسىدا شەكىللەنگەنلىكىنى ھېس قىلالايدۇ.

شۇنداق. شەھەر ئەنە شۇ يوسۇندا شەكىللەندى ۋە تەرەققىي قىلىپ مەدەنىيەتنىڭ، مەدەنىيلىشىشنىڭ بالىياتقۇسىغا ئايلاندى. ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ بۈيۈك مەدەنىيەت مۆۋەپپەقىيەتلىرى شەھەرلەرنى ئاساس قىلغان ھالدا بارلىققا كەلدى ۋە كېڭەيدى. پېتېر بۇركىي: «شەھەرلەر بولمىغان بولسا، ئەدەبىي ئويغىنىشمۇ بولمىغان بولاتتى»[1] دەيدۇ. شەھەرلەر بولمىغان بولسا مەدەنىيەتمۇ بولمىغان بولاتتى. بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئەسىرلەردىن

---

① ئەسەد سۇلايمان: «نەۋائىي دەۋرى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ئەدەبىي ئويغىنىشى» گە كەلتۈرۈلگەن نەقىل، «تارىم قوۋۇقى چېكىلگەندە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2002ـ يىل نەشرى 230ـ بەت.

كېيىنكى دۇنيانىڭ تەرەققىياتىدا شەھەرلەرنىڭ ئوينىغان رولى مىسلىسىز بولدى. شەھەر بارلىق ئىجتىمائىي ئىنقىلاب، سىياسىي بۇرۇلۇش، تېخنىكا يېڭىلىنىشى، مەدەنىيەت ئۆزگىرىشىنىڭ ئاۋانگارت سەھنىسى بولدى. ھەم مانا شۇ دەۋردىكى شەھەرلەرنى بەلگە قىلغان ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەر نۇرغۇن ئەلنىڭ كېيىنكى نەچچە يۈز يىللىق تەقدىر ـ ئىستىقبالىنى، دۇنياۋى رىقابەتتىكى ئورنىنى بەلگىلەپ قويدى. رىم، فلورېنسىيە قاتارلىق شەھەرلەرنى مەركەز قىلغان ياۋروپا ئەدەبىي ئويغىنىشىغا تەڭكەش بولغان ھالدا شەرقتە سەمەرقەند، ھىرات قاتارلىق شەھەرلەرنى مەركەز قىلغان ئوتتۇرا ئاسىيا ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرى مەيدانغا كەلگەن بولسىمۇ[1]، لېكىن «شۇنىڭدىن كېيىنكى ئوتتۇرا ئاسىيا جايلارنى ئۆز ئالدىغا بۆلۈشۈۋالغان، راۋاج تاپمىغان مۇسۇلمان پادىشاھلارنىڭ تەسىر دائىرە تالىشىش سەھنىسى بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ رايوننىڭ ھەممىلا يېرىدە توختاپ قېلىپ ئالغا باسماسلىق ھالىتى شەكىللىنىپ، باشقا مىللەتلەرنىڭ ئىلغار مەدەنىيەتلىرىنى قوبۇل قىلىش پۇرسىتى قولدىن كېتىپ قالدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە دۇنيا ۋەزىيىتىنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالىمۇ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ يەككە ـ يېگانە ھالىتىنى كۈچەيتىۋەتتى»[2]. ياۋروپادا باشلانغان ئىدىيىۋى ئويغىنىش ناھايىتى تېزلا ئادەمىيەت پەنلىرى ۋە تەبىئەت پەنلىرىگە تەرەققىي قىلدى ـ دە، كېيىنچە ئاڭ ئىنقىلابى پارتلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ھالدا سانائەت ئىنقىلابىغا تەرەققىي قىلدى. ۋەھالەنكى، ئوتتۇرا ئاسىيا ئايىغى چىقماس ئىچكى تەپرىقىچىلىك، تاشقى سىڭدۈرمىچىلىك ۋە توختاۋسىز نىزا ئاسارىتىدە ئەسلىدىكى شانۇ شەۋكىتىنى توپىغا

---

① يۇقىرىقى مەنبە، 230 ـ بەت.

② خاندا تورۇ: «غەربىي يۇرت مەدەنىيەت تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1985 ـ يىل نەشرى 187 ـ، 188 ـ بەتلەر.

كۆمگىنىچە ئۆزىنىڭ سىرلىق، خىلۋەت، تار، بېكىك ئىچكى ئېقىنىغا بېشىنى تىقىپ ئىچكىرىلەپ كېتىۋەردى ـ دە، چۈشكۈنلۈك بۇ زونىدىكى ئەللەرنىڭ كېيىنكى نەچچە ئەسىرلىك تارىخىي قىسمىتىنىڭ خۇلاسىسى بولۇپ قالدى. مەدەنىيەت ئوچاقلىرىنىڭ سىمۋولىغا ئايلانغان ئاۋات شەھەرلەر خارابىلىككە ئايلاندى؛ كېچە ـ كۈندۈز ئىلىم ـ مەرىپەت ھەققىدە تۈگىمەس ئىلمىي مۇتالىئە ـ تەلقىنلەر بىلەن قىزىپ تۇرىدىغان مەدرىسە ـ مۇتالىئە سورۇنلىرى «جاھالەت پىرلىرى» بولمىش تەلۋە، ئەسەبىي سوپى ـ ئىشانلارنىڭ ھەلقە ـ ساما، «ھۇم ـ ھۇم»لىرى بىلەن تولىمۇ قورقۇنچلۇق، «ئاللاغا مەدھىيە ئوقۇماستىن، ئەكسىچە كىمگىدۇر تەھدىت سېلىۋاتقاندەك»① تۇيۇلىدىغان ۋەھىمىلىك چاچراندىلىرىغا لىق تولدى؛ كۇتۇپخانا، رەسەتخانىلار، دەستە ـ دەستە كىتابلار گۇرۇلدىتىپ كۆيدۈرۈلدى؛ تامامى ئەھلىي ئىلىمنىڭ ساقاللىرىدىن سۆرەپ چىقىرىلدى؛ ئەلنىڭ يۆلىكى، يۈرىكى بولمىش ساخاۋەتلىك مۆتىۋەر بايلارنىڭ ھەممىۋا بايلىقلىرى بۇلاپ ـ تالاندى؛ جەسەت ـ كاللىلاردىن مۇنار تىكلەندى، قانلار دەريا بولۇپ ئاقتى... بۇ خىل ئىلىمنى، ئالىمنى، باينى، بايلىقنى، مەرىپەت، مەرىپەت ئەھلىنى، كىتاب ـ كۇتۇپخانىلارنى دەپسەندە قىلىش، تۈگىتىش ھەرىكىتى تاكى 20 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە، ھەتتا سولچىل سىياسىي ھەرىكەتلەر تۈپەيلىدىن جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىنمۇ تۈگىمەي تاكى 1970 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىغىچە ئۈزۈلمەي داۋاملاشتى. ھەيھاتكى، ھېلىمۇ بۇ ئەلدە ئالىم تولىكەن، ئىلىم تولىكەن؛ چىدام تولىكەن، ئۈمىد ـ ئارمان تولىكەن! دۇنيا تارىخىدا مۇنداق نەچچە ئەسىرلەپ ئالىم ـ ئۆلىمالىرى ئۆلتۈرۈلگەن، كىتاب ـ دەستۇرلىرى كۆيدۈرۈلگەن،

① ئادىل ياقۇپوۋ: «ئۇلۇغبەگ خەزىنىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2006 ـ يىل 2 ـ نەشرى 6 ـ بەت.

## خەلقى شەپقەتسىزلەرچە قىرغىن قىلىنغان ئەل بەكمۇ، بەكمۇ كەم ئۇچرايدۇ!

ئەپسۇس، مىڭ ئەپسۇسكى، ئاشۇ خورلۇق، بۇلاڭ ـ تالاڭ بىلەن ئۆتكەن ئەنسىز يىللار خەلقىمىزدىن دۇنياۋى رىقابەتكە تەشەببۇسكار ئورۇن، ئاكتىپ روھ، ئۇستۇن ئەۋزەللىك بىلەن قاتنىشىدىغان ساپا ـ خىسلەتنى ئېلىپ كەتتى. ئۇلار قاتمۇقات زۇلۇم ئىسكەنجىسى ئاخىر سەل ـ پەل بوشاپ، دېمىنى ئېلىپ دۇنياغا باققىنىدا باشقىلار «سۇدا ئۈزۈپ، كۆكتە ئۇچۇپ» (ئابدۇخالىق ئۇيغۇرى) يىراققا ئۇزاپ كەتكەن، «ئۆتمۇشتە ئىلىم ۋە مەدەنىيەتنىڭ مەركىزى بولغان بۇ ئانا يۇرت نۇرسىز، يولسىز، سۇسىز قېلىپ خارابلاشقانىدى»①. بىر ئەلنىڭ تەرەققىيات ئەندىزىسىنى بەلگىلەپ ماڭغۇچى سەرخىللارنىڭ تايىنى قالمىغان؛ ئىگىلىك، سانائەت، ئىقتىساد، ئىدىيە ھارۋىلىرىنىڭ چاقى سۇغۇرۇۋېلىنغان، شوتىسى سۇندۇرۇۋېتىلگەن؛ تەرەققىيات ھارۋىسىنى ئىتتىرىپ ماڭغۇچى ئاۋامنىڭ ئاڭ ـ ساپاسىدا قۇرغاق ھاياجاندىن ئۆزگە چوڭقۇر ئەقلىي تەپەككۇرنىڭ ۋەزنى يوقىغان بىر ھالدا بىز ئاللىقاچان ھەقىقىي مەنىدىكى زامانىۋى شەھەرلىشىش، سانائەتلىشىش، يەر شارىلىشىش دولقۇنىدا شىددەت بىلەن غۇلاچ تاشلاپ كېتىۋاتقان تاشقى دۇنيانىڭ رەھىمسىز رىقابىتىگە دۇچ كەلدۇق. ھەممىدە ئۇرغۇپ تۇرغان ھاياجان بار ئىدى، ئەمما قولدىكى، كاللىدىكى ئەقىل ـ تەجرىبە، خۇلاسە، پىلان ـ لايىھىنىڭ تايىنى يوق ئىدى. مىڭ بىر بالالىقتا ئېرىشكەن بۇ ئىمكانىيەتلەردىن پايدىلىنىپ ئاجايىپ زور ئىشلارنى قىلىۋەتكۈسى بار ئىدىيۇ،

① ھاجى مۇھەممەد ئەلىنىڭ 1914 ـ يىلى 30 ـ نويابىر «ۋاقىت» گېزىتىگە بېسىلغان «قەشقەر» ناملىق ماقالىدىن ئۈزۈندە. شىنچىرۇۋنىڭ: «نوشىرۋان يائۇشېفنىڭ ساياھىتى ھەققىدە» ناملىق ماقالىسىگە كەلتۈرۈلگەن نەقىل، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى 2004 ـ يىل 2 ـ سان.

بۇنىڭغا ۋاقىت، جەريان، جۇغلانما كېرەك ئىدى. ھەممىنىڭ تاشقى ئالەم بىلەن باراۋەر دىئالوگلىشىپ ماڭغۇسى بار ئىدىيۇ، ئەمما ماغدۇر، قۇۋۋەت، كۈچ لازىم ئىدى...

ئۇزاق مۇددەت بېكىنىكتە تۇرغان خەلقىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن كېيىنكى شەھەرلىشىشكە دۇچ كەلگەندىكى پسىخىكىسى تولىمۇ مۇرەككەپ بولدى. ئۇلار تاشقى دۇنيا ۋە ئۇنىڭ يۈزلىنىشى ھەققىدە ئېنىق چۈشەنچە تۇرغۇزۇپ بولغۇچە، نۇرغۇن يېڭىلىق تۇرمۇشىمىزغا كەلكۈندەك باستۇرۇپ كەلدى ـ دە، ئۇمۇميۈزلۈك جەمئىيەتلىشىشكە باشلىدى. دېمەككى، شەھەرلىشىش ئۇيغۇرلاردا بۇ ھەقتە ھېچقانداق تەييارلىق يوق، شەھەرلىشىشكە قاتناشقۇدەك ئىقتىدار ـ ساپا ھازىرلانمىغان، ھەتتا شەھەرلىشىش جەريانىدا نېمىلەرگە دۇچ كېلىش، نېمىنى قوبۇل قىلىش، ئۆزىدىكى قانداق ئېلمېنتلارنى ساقلاپ قېلىش ھەققىدە ئاڭ ـ ئوي شەكىللەنمەي تۇرۇپلا خۇددى «توققۇز قىزنىڭ تولغىقى تەڭ تۇتقان» دەك باشلىنىپ كەتتى. بىز ئاكتىپ قىزغىنلىق، تەشەببۇسكار ئورۇن، قىزغىن ئىشتىراكچىلىق ھوقۇقى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئاڭلىق، ئاڭسىز ھالدىكى ئەگىشىش، خالىغانچە دوراش، پاسسىپ قوبۇل قىلىش مەيدانى بىلەن قاتناشتۇق. بۇ ھال تەبىئىيلا ئاستا ـ ئاستا نۇرغۇن مەسىلە، ئويلىنىشنى ئېلىپ كەلدى.

ھەرقانداق يېڭىلىق ھەرقانداق بىر ئەلدە ئۆزىگە يارىشا ئىنكاس ـ تەسىراتلارنى پەيدا قىلغىنىدەك، يېڭىدىن گۈللەنگەن شەھەر ۋە شەھەرلىشىش بىزدىمۇ ئوخشاش بولمىغان ئىنكاسلارنى شەكىللەندۈردى. دەسلەپكى مەزگىلدە ئۇ ناھايىتى ئاددىيلا بىردە ئەنئەنىنى تۇتقا قىلىۋېلىپ ھەممىنى قارىغۇيۇق ئىنكار قىلىش ياكى بولمىسا يېڭىلىق دەپلا يېپىشقىنىچە ھەممىسىنى قوبۇللاۋېرىش شەكلىدە زاھىرلانغان بولسىمۇ، لېكىن بارا ـ بارا شەھەر، شەھەرلىشىش جەريانىدا پەيدا بولغان تەسىرلەرنى نوقۇل

سوغۇق نەزەر بىلەن كۆزىتىش خېلىلا ئەۋج ئېلىپ كەتتى. بىر چاغلاردا يىپەك يولىنى بويلاپ تارقالغان ھەرقايسى بوستانلىقلاردا يۇلتۇزدەك چاقنىغان شەھەر ـ ئۆتەڭلەردە ئۆزلىرىدىكى تەشەببۇسكار، ئاكتىپ قىزغىنلىق بىلەن گۈللەنگەن شەھەر مەدەنىيىتىنى روياپقا چىقارغان ئەل ـ خەلقنىڭ بۈگۈنكى ئەۋلادلىرى شەھەر، شەھەرلىشىشتە تەشەببۇسكار مەيداندىن ئايرىلىپ قالغاننىڭ ئۈستىگە يەنە بۇ خىل مۇقەررەر يۈزلىنىشكە شۈبھى، گۇمان، ئەندىشە، ئەيىبلەش، يىرگىنىش بىلەن نەزەر تاشلاۋاتقاندەك، ئۇنىڭدىن ئۆزلىرىنى ئەپقېچىۋاتقاندەك بىر ھالنى شەكىللەندۈرۈپ قويۇۋاتاتتى. بىز، ھەتتا مەندەك تەنتەك ھەۋەسكاردىن تارتىپ تونۇلغان ئەدىبلىرىمىزگىچە شەھەرنى «تاش» دەپ تولىمۇ سوغۇق، خۇنۇك، مېھرىسىز، غېرىبلىق، چۈشكۈنلۈك، زۇلمەتكە تولغان بىر تەرزدە بولۇشىچە سۈپەتلىگەندۇق. شەھەر ئەڭ گۈزەل ئەخلاق، ئەنئەنە، ۋاپا، دىيانەت، مۇھەببەت، سەمىمىيەت، كىشىلىك قەدىر ـ قىممەت، ئىنسانىي غۇرۇر، پەزىلەتلەرنى دەسسەپ ـ چەيلەيدىغان، كىشىلەرنى يولدىن چىقىرىدىغان، قىزلارنى بۇزىدىغان، ئەر ـ يىگىتلەرنى كاردىن چىقىرىپ ناجىنس مەخلۇقلارغا، خانىم ـ قىزلارنى شاللاق، ھاياسىز، رەسۋا، بۇزۇقلارغا، بالىلارنى تەبىئەتتىن ئايرىپ ھېچقانداق ئەقەللىي ئەخلاق، ئادەت، ئار ـ نومۇسنى بىلمەيدىغان، خېنىم مىجەز، لاتا غىلاپ، غىتمەك، بىر توپ قېچىر ئەۋلادقا ئايلاندۇرۇپ قويىدىغان بىر سېسىق دەرگاھ سۈپىتىدە تەسۋىرلەندى. شەھەر كۆپىنچىمىزنىڭ ئېڭىدا بارلىق بىمەنىلىك، رەزىللىك، ئىپلاسلىق، ھاياسىزلىق، بۇزۇقچىلىق، شەھۋەتخورلۇق، مەنپەئەتپەرەسلىك، روھىي قۇلچىلىق، خېنىم مىجەزلىك، زەھەر، پاھىشىنىڭ ئۇۋىسىغا ئايلىنىپ قالدى. مەن بۇ يەردە بىزنىڭ ئەسەرلىرىمىزدىكى بۇ ھەقتىكى تەسۋىرلەرنى، فىلىملىرىمىزدىكى كۆرۈنۈشلەرنى بىرمۇبىر تىزىپ، ساناپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇلتۇرۇشنى ھەققەتەنمۇ ئەپسىز كۆردۇم. ئەمما، بىز شەھەر تېمىسى، شەھەر ھاياتىغا بېغىشلانغان ھەرقانداق بىر يازما ياكى فىلىمنى كۆرۈپلا بايقىشىمىز تەس ئەمەسكى، بىز ھەققەتەنمۇ شەھەرنى تولىمۇ قورقۇنچلۇق ۋەھىمىلىك قاينام، ھەتتا دوزاخ سۈپىتىدە تەسۋىرلەپتىمىز. ھەرقانداق بىر غەيرىي، بىنورمال، بىمەنە ئىجتىمائىي ئادەتنىڭ سەۋەبىياتى ئۈچۈن بىز ئالدى بىلەن شەھەر، شەھەرلىشىشنى جاۋابكارلىققا تارتىپتىمىز. تۇساتتىن چۆچۈپلا كەتتىم: بىز نېمە ئىش قىلىۋاتىمىز ـ ھە؟! شەھەر قانداق جاي؟ ئۇ راستىنلا جىمى جىنايى ـ جاھالەت، زىنايى ـ زالالەتنىڭ ئۇۋىسىمۇ؟ بىزنى ئىجتىمائىي قاباھەتلەرگە سۆرىگىنى راستىنلا شەھەر، شەھەرلىشىشمۇ؟ شەھەر، شەھەرلىشىشنى بۇنچە ۋەھىمىلىك تەسۋىرلەيدىغان ئاڭ بىزگە نەدىن كەلدىيۇ، نېمە ئېلىپ كەلدى؟

## 3

«شەھەرلىشىش قوش بىسلىق پىچاق»①. شەھەرلىشىش سېپى ئۆزىدىن زىددىيەتلىك جەريان. چۈنكى، شەھەرنىڭ ئۆزى يارىتىش ۋە ۋەيران قىلىشتىن ئىبارەت زىددىيەتلىك توقۇنۇش ئۈستىگە قۇرۇلغان. شەھەردىن، شەھەرلىشىشتىن ئۆرلەپ تۇرىدىغان مۇنداق زىددىيەتلىك تۇيغۇ ۋە ئاھاڭنى كېلىشتۇرۇش، ماسلاشتۇرۇپ ئېلىپ مېڭىش تولىمۇ قىيىن، ھەتتا بەزىدە مۇمكىن ئەمەس!

شەھەر شەكىللەنگەن دەقىقىدىن باشلاپلا ئۇ ئۆزىدىكى زىددىيەتلىك تەرەپتىن سىرت تەبىئىي ھالدا يەنە بىر ئاپئاشكارا سېلىشتۇرما مەنبەگە، كىشىلەر ھاياتىنىڭ قات ـ قېتىغا ئورناپ

① ئانتونىي گىددېنس: «جەمئىيەتشۇناسلىق»، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2003ـ يىل نەشرى 567ـ بەت.

كەتكەن ئەنئەنىۋى كۆچتىن بىر ىگە دۆچ كەلدى. ئۇ بولسىمۇ يېزا ـ سەھرا ! شەھەر، شەھەر ھاياتىغا دۆچ كەلگەن كىشىلەر ئۆزلىرى نەچچە ئەسىرلەپ ئۇن ـ تىنسىز ياشاپ كەلگەن ئەسلىنى بوشلۇقىغا قايتىدىن سەپسېلىشقا ۋە بۇ يېڭى شەيئىگە تېخىمۇ ئۆتكۈر تەنقىدىي نەزەردە قاراشقا، ئىككىسىنى سېلىشتۇرۇشقا باشلىدى. بۇ ئەلۋەتتە ھەرقانداق بىر يېڭىلىق دۆچ كېلىدىغان مۇقەررەر جەريان. ئەمما، يېزا ـ سەھرانىڭ كىشىلەرنىڭ قەلبىدىكى ئورنى شەھەرنىڭ مەيدانغا كېلىشى، بولۇپمۇ سانائەت ئىنقىلابىدىن كېيىنكى شىددەت بىلەن كېڭەيگەن زور شەھەرلەرنىڭ قەد كۆتۈرۈشى بىلەن تېخىمۇ ئېنىق ھالدا گەۋدىلىنىشكە باشلىدى ـ دە، پۈتكۈل دۇنيادىكى ھەممە زاتى ئىنسانىنىڭ ئاڭ ـ تەپەككۈرىدا مۇنداق شەكىلدىكى روشەن سىمۋوللۇق سېلىشتۇرما باش كۆتۈرۈپ چىقتى:

شەھەر — دوزاختەك رەزىل؛ سەھرا — جەننەتتەك گۈزەل؛

شەھەر — شاۋقۇن ـ سۈرەنگە تولغان؛ سەھرا — ئارامبەخش، جىمجىت؛

شەھەر — ئىس ـ تۈتەككە تولغان؛ سەھرا — ساپ ھاۋالىق، پاكىز؛

شەھەر — غېرىبلىق، ياتلىشىش، شەخسىيەتچىلىك، مەنپەئەتپەرەسلىككە تىمسال؛ سەھرا — ئۈملۈك، قوشنىدارچىلىق، تۇغقانىدارچىلىق، كوللېكتىپ ھەمكارلىق، ئوچۇق قول مەردلىككە سىمۋول؛

شەھەر — ئەخلاق ـ ئەنئەنىلەرنى ئاياغ ئاستى قىلغۇچى رەزىل ماشىنا، ئىنساني تۇيغۇلارنى كاردىن چىقارغۇچى سېسىق ئازگال؛ سەھرا — ئەخلاق ـ ئەنئەنە، پاكىز تۇيغۇلارنى يۇيۇپ چايقاپ جۇلالاندۇرغۇچى سۈزۈك بۇلاق؛

شەھەر — پۇل، ھوقۇقنىلا تونۇيدۇ؛ سەھرا — ئىنسانىي مۇناسىۋەت ئۈستىگە قۇرۇلغان؛

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

شەھەر — شەھۋەتكە يېقىن؛ سەھرا — ئىپپەتكە ھەمراھ؛
شەھەر — ئاياللىق نازاكەتنى، ئەۋرىشىملىكنى بەكرەك تەلەپ قىلىدىغان، ئەركەكلىكنى ئۆلتۈرىدىغان مودىش سولاق؛ سەھرا — ئەركەكلىكنى، باتۇرلۇقنى، ئادىمىيلىكنى يېتىلدۈرىدىغان مۇنبەت تۇپراق؛
شەھەر — تەبىئەتتىن يىراق، سۈنئىي، يالتىراق خالتا؛ سەھرا — كائىناتنىڭ تىنىقىنى تىڭشاپ ياتقان بەردەم بوۋاي، تەبىئىي، يەرلىك...
بۇ خىل سېلىشتۇرما يەنە ئۆز نۆۋىتىدە بىر - بىرىنىڭ بەزىبىر ئارتۇقچىلىق ۋە چەكلىمىلىكلىرىنى تارتىپ چىققان ھېسابتا تۆۋەندىكىدەك ئەكسى سېلىشتۇرمىۋى ئۇقۇم سىستېمىسىنى تىزىپ چىققان بولدى:
«شەھەرنىئەزىم، سەھرايىقىيامەت»
شەھەر — رىقابەتكە تولغان؛ سەھرا — لايغەزەل، سۆرەلمە؛
شەھەر — ئەڭ سەرخىل كۆچلەر جۇغلانغان مەركەز؛ سەھرا — ياۋاش، ئاجىز، جىق نەرسە بىلمىسەڭمۇ بولۇۋېرىدۇ؛
شەھەر — ئۇچۇر مەركىزى؛ سەھرا — ئۇنتۇلغان بۇلۇڭ؛
شەھەر — ھوقۇق، ھۆكۈم چىقارغۇچى قازىكالان؛ سەھرا — ئىتائەتمەن ئىجراچى؛
شەھەر — ئەركىنلىككە ئىشارە؛ سەھرا — قاتمۇقات ئەخلاق - ئادەت زەنجىرىدە كىشەنلىنىۋېتىلگەن، نېمە ئىش قىلساڭ يامان بولىدۇ؛
شەھەر — زامانىۋى، ئىلغار، يېپيېڭى؛ سەھرا — خوراپىي، كونا، زاماننىڭ كەينىدە قالغان، قالاقلىقنا ئىشارە؛
شەھەر — چىرايلىق ياسانغان، ھەممە يېرىدىن ياشلىق، شاشلىق، ھاياجان تەپچىپ تۇرىدىغان تولغان سەتەڭ؛ سەھرا — مەھكەم پۇركىنىۋالغان، بېشىنى يەردىن كۆتۈرمەيدىغان خېنىم - چوكان؛

شەھەر — ياش يىگىت؛ سەھرا — ئاقساقال بوۋاي؛

شەھەر — پۇرسەت، ئىمكانىيەتلەر ئېشىپ - تېشىپ تۇرىدۇ؛ سەھرا — پۇرسەت، ھالقىش، ئۆرلەش بوشلۇقى كەم، بىر ئىش قىلماق تەس؛

شەھەر — تۇرمۇش قۇلاي، نېمە ئىزدىسەڭ تېپىلىدۇ؛ سەھرا — خاپىلىق تولا، «دېھقان بولماق تەس»؛

شەھەر — ئويۇن، نېمە ئويناىسىز؟؛ سەھرا — زېرىكىشلىك؛

شەھەر — قايناق؛ سەھرا — بۇرۇقتۇرما.

......

بىز تەبىئىي شەكىللەنگەن بۇ ئىككى خىل ياشاش بوشلۇقى ئۈستىدە كىشىلىرىمىزنىڭ كاللىسىدا ئوتتايلا شەكىللىنىدىغان يەنە نۇرغۇن سېلىشتۇرما تىزمىسىنى تىزىپ چىقالىشىمىز مۇمكىن. ئەمما، شۇ نەرسە ئايانكى، تاياقنىڭمۇ ئىككى ئۇچى بار. ھەرقانداق نەرسىدە ئىككى ھال مەۋجۇت. بىز شەھەر ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزگىنىمىزدىمۇ ئۇنىڭ ھەر ئىككى يۈزى ھەققىدە ئەستايىدىل ئويلىنىپ بېقىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. ئەمما، بۇ يەردە شۇنداق بىر مەنتىقىي ھۆكۈم كاللىمىزدا ئېنىق بولۇشى كېرەككى، شەھەر بىر ياشاش بوشلۇقى بولۇش سۈپىتى بىلەن بۇزمايدۇ ھەم تۈزمەيدۇ، ئۇرمايدۇ ھەم قۇرمايدۇ. ئۇ پەقەتلا ھېسسىز ماكان، سۆكۈتتىكى جىمجىت باياۋان. ئۇنى ھەرىكەتكە، مەنىگە، ئۆزگىرىشكە، گۈزەل ماكانغا ياكى ئىپلاس جاھانغا ئايلاندۇرىدىغىنىمۇ ئەنە شۇ شەھەرنىڭ ئەھلىي پۇقراسى، ئىنسان، ئادەم! سىز ئۇنى دوزاخقا ئوخشاتسىڭىز، چوقۇمكى ئۇ ۋەيلۇنغا ئايلىنىدۇ. جەننەت كەبى ئىللىق بىر ئائىلىگە ئايلاندۇرۇش نىيىتىدە ۋە ھەرىكىتىدە بولسىڭىز چوقۇمكى، بۇ شەھەر دىللارنى خۇرسەن قىلغۇچى ئارامبەخش ماكانغا ئايلىنىدۇ. دېمەك، شەھەرنى نېمىگە، قانداق مەنىدىكى يەرگە ئايلاندۇرۇش ئەڭ ئالدى بىلەن شۇ شەھەردە ياشىغۇچى خەلقنىڭ

ھەربىرىنى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. شەھەرگە گۈل قويسىڭىز باغ بولىدۇ، كۆل تۆكۈپ، ئوت قويسىڭىز تاغ بولىدۇ. شۇ شەھەرنىڭ ھەقلىق جامائەسىگە خاس سالاھىيەت بىلەن ئۇنىڭ قۇرۇلۇشى، تەرەققىي قىلىشى، سىزگە تەۋە مىللىي ئۆزلۈك ئىچىدە گۈللەپ ياشنىشىغا دادىل قاتناشسىڭىز ئۇ سىز ئۇچۇن ئاجايىپ زور مەۋجۇتلۇق مەنىسىگە ئىگە بولىدۇ. بولمىسىچۇ؟

شەھەر — زىددىيەتلىك جەريان. ئۇنىڭغا قۇرۇش، يارىتىش، بەرپا قىلىش روھى، شۇنىداقلا يەنە بۇزۇش، ۋەيران قىلىش خۇسۇسىيىتى تەڭ مۇجەسسەملەنگەن. مانا مۇشۇنداق زىددىيەتلىك جەريان كىشىلەردىمۇ شەھەرگە قارىتا زىددىيەتلىك تونۇش، پوزىتسىيىنى مەيدانغا چىقارغان. بولۇپمۇ كىشىنى ئوڭايلا گاڭگىرىتىدىغان كۆپ قۇتۇپلۇق زىددىيەت سانائەت ئىنقىلابىدىن كېيىنكى ياۋروپا جەمئىيىتىدە بارا - بارا روشەن گەۋدىلىنىپ چىقىشقا باشلىدى. مۇھىت، ئىجتىمائىي ئالاقە، كىشىلىك ھايات، ياشاش ئۇسۇلى، تۇرمۇش تەرتىپى قاتارلىق جەھەتلەردە ئۇنىڭدىن بۇرۇن شەھەر بىلەن يېزا - سەھرا ئوتتۇرىسىدا ئۇنچىۋالا زور پەرق، زىددىيەتنىڭ بولغانلىقى خاتىرىلەردە ئانچە كۆپ ئۇچرىمايدۇ. ئەمما، ماشىنىلىشىش، سانائەتلىشىشنىڭ تۇرتكىسىدە شەھەرلەر شىددەت بىلەن كېڭەيدى، كۆمۈر سانائىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشى تەرەققىياتنى تېخىمۇ زور كېرەكلىك ئېنېرگىيە مەنبەسى بىلەن تەمىنلىدى. زاۋۇت - فابرىكىلارنىڭ قۇرۇلۇشى ئىنتايىن كۆپ ساندىكى ئەمگەك كۈچىنى شەھەرلەرگە مەركەزلەشتۈردى. بۇنىڭ بىلەن شەھەرلەر ئېگىز تۇرخۇنلار، زاۋۇت بىنالىرى، زىچ ئولتۇراق ئۆيلەر بىلەن قورشالدى. 18 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا كەشىپ قىلىنغان ۋاكسىنا ئۆلۈم نىسبىتىنى زور دەرىجىدە ئازايتىپ، نوپۇسنىڭ شىددەت بىلەن كۆپىيىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. قىستا - قىستاڭچىلىق، مەينەتچىلىك، قالايمىقانچىلىق، ۋاراڭ - چۇرۇڭ، شاۋقۇن -

سۈرەن، ئىس ـ تۈتەك مەلۇم مەنىدە شەھەرلەرنىڭ بەلگىسىگە ئايلىنىپ قالدى. ئادەمنىڭ كۆپ بولۇشى تەبىئىي ھالدا شەھەردىن ئىبارەت بۇ تار بوشلۇقتا نۇرغۇن مەسىلىنى سۆرەپ كىردى. رەھىمسىز سودا رىقابىتى، كەسكىن ئۇستۇنلۇك تالىشىش، مەنپەئەت ئۇرۇشى، تىرىكچىلىك غېمى تۈپەيلى شەھەردىكى ئىنسانىي مۇناسىۋەت بەزى ھاللاردا جىددىي، رەھىمسىز، ھەتتا ھايۋانىي تۈس ئېلىشقا باشلىدى. ئەخلاقىي چۈشكۈنلۈك، ئالدامچىلىق، ئىپپەتنى سېتىش، زەھەرلىك چېكىملىك، بىر ـ بىرىنى ئېزىش دېگەندەك مەسىلىلەرمۇ باش كۆتۈردى. بولۇپمۇ 18 ـ ، 19 ـ ئەسىرلەردىن كېيىنكى ياۋروپا جەمئىيىتىدە شەھەرلەردىكى مۇنداق ھال خېلىلا ئەۋجىگە چىقتى. ئىنسان تېخنىكىنىڭ ئالدىدا بىچارە، ئەرزىمەس ھالغا چۈشۈپ قالغاندەك، ئىنسان ئارىسىدىكى نورمال ھېسسىي مۇناسىۋەتلەر تامامەن بىتچىت بولغاندەك، كىشىلەرنىڭ قەلبىدە خۇدانىڭ ئىناۋىتى، ئورنى، ئىمتىيازى قالمىغاندەك چەكسىز كۆڭۈلسىز، ئۈمىدسىز بىر ھال باش كۆتۈرۈشكە باشلىدى. شەھەرنى ئىنسانىي تۇيغۇلارنى چەيلەپ ـ دەپسەندە قىلغۇچى چىركىن ماشىنا، بارلىق رەزىللىك ـ ئىپلاسلىقنىڭ ئۇۋىسى، ئۆلۈم كۆلەڭگىسى ئەگىپ يۈرگەن، خۇدا، ئادەم ئۇنتۇلغان قورقۇنچلۇق باياۋان، جەزىرە، ھەتتا ئىپلاس دوزاخ سۈپىتىدە تەسۋىرلەش شۇقەدەر ئومۇمىيۈزلۈك ھادىسە بولدىكى، مۇشۇ دەۋردە ۋە شۇنىڭدىن كېيىن مەيدانغا كەلگەن ھەرقانداق بىر ئەسەر تىغ ئۇچىنى بىۋاسىتە ھالدا ئەۋج ئېلىپ كېتىۋاتقان ئىجتىمائىي جاراھەتلەرگە قارىتىپ بولۇشىچە قويۇۋەتتى. «زولانىڭ قەلىمى ئاستىدىكى پارىژ گوياكى دوزاخنىڭ تەققاسىغا، مەدەنىيەت تونى ئاستىدىكى چىركىنلىكنىڭ سىمۋولىغا ئايلاندى»①. ھېيوگو، بالزاكلار فرانسىيە جەمئىيىتىنىڭ

① چېن شياۋلەن: «ئەدەبىياتتا پارىژ ۋە شاڭخەي»، گۇاڭشى پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2006 ـ يىل نەشرى 86 ـ بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىنسانىدەك ياشاي دەيدىغانلارنى ئەسلا سىغدۇرمايدىغان، ئىپلاسلىقلارغا تولۇپ كەتكەن يىرگىنىچلىك قاراڭغۇ تەرىپىنى هارماي تەسۋىرلەپ چىقتى. مۇپاساننىڭ نەزىرىدە پارىژ بۇزۇقچىلىق قاپلاپ كەتكەن بىر سېسىق ئازگالغا ئوخشاپ قالغانىدى. «ئۇلار هېچقاچان بويىدا قالماي تۇرۇپ توي قىلغىنى يوق، بۇ ئىش بۇ يەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى بولۇپ قالدى»[1] دەپ يازىدۇ ئۇ. زولا، بالزاك، هيوگو، مۇپاسانلارنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى پارىژ — پاهىشە دېگەن سۆزنىڭ تىمسالىغا ئايلىنىپ قالغانىدى. ھەقىقەتەنمۇ، «18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا پارىژ پاھىشىلىرى 30 مىڭغا، 19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا 50 مىڭغا يەتكەنىدى»[2]. كۆرۈنمەس چۈشكۈنلۈك ۋە ھەممىلا نەرسىگە سوغۇق نەزەر، ئەھمىيەتسىز تەرزدە تىكىلىش بىر فرانسىيىنىڭلا ئەمەس، پۈتكۈل ياۋروپا جەمئىيىتىنىڭ 19 ـ ئەسىردىن كېيىنكى مەزگىللىك ئىجتىمائىي ھاياتىغا چوڭقۇر سىڭىپ كەتتى ھەمدە شۇنىڭدىن كېيىنكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت، پەلسەپە، ئېستېتىك ئىدىيىلەرنىڭ خېمىرتۇرۇچىغا ئايلاندى. نېچشى، سارتېرىي، كامۇ، بودلېر، ئېلىئوت، كافكا... قاتارلىق نۇرغۇن يازغۇچىنىڭ نەزىرى يۈكسەك دەرىجىدىكى تېخنىكىلاشقان، شەھەرلەشكەن مۇھىتتىكى كىشىلەرنىڭ روھىدىكى غېرىبلىق، ئايىنىش، تەنهالىق، خۇداسىزلىق قاتارلىق تەرەپلەرگە مەركەزلەشكەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ مەيۈس كۆزلىرىدىن ئېغىر پەرىشانلىق، نارازىلىق، مۇدھىش سوغۇق نۇر چاقناپ تۇرىدۇ. گەرچە ئۇلار «ئۆلۈملا ھەقىقىي نەرسە»، «ھايات پۈتۈنلەي بىمەنە، ئۆلۈمدىن باشقا ھەممە نەرسە يالغان، بىمەنە، رەزىل، مەنىسىز، ئەھمىيەتسىز»، «بارلىق ئەنئەنە — ئەڭ مۇدھىش،

---

① مۇپاسسان: «ھايات»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1983 ـ يىل نەشرى 160 ـ بەت.

② چېن شياۋلەن: «ئەدەبىياتتا پارىژ ۋە شاڭخەي» 100 ـ بەت.

ئىپلاس توسالغۇ»... دېگەندەك بەزىبىر چەكتىن ئاشقان ئەسەبىي ئىدىيىلەرنى مەيدانغا چىقارغان بولسىمۇ، بىز بۇلارنى شەھەرلىشىش، سانائەتلىشىش جەريانىدا كېلىپ چىققان تۇرلۇك ـ تۇمەن ئىجتىمائىي مەسىلىگە قايتۇرۇلغان شۇ دەۋر كىشىلىرىنىڭ ئىنكاسى سۈپىتىدە چۈشىنىشىمىزگە، ئۇنىڭدىن ئۆزىمىزگە خاس تەجرىبە، خۇلاسە ئېلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

دېمەك، شەھەر، شەھەرلىشىش جەريانىدا مەيدانغا چىققان زىددىيەت ناھايىتى تېزلا كىشىلەردە نارازىلىق، غەزەپ، ھەتتا يىرگىنىش ھېسسىياتلىرىنى پەيدا قىلدى. بىزدىمۇ باشقا ئەللەردىكىگە ئوخشاشلا كۆپ ئۆتمەيلا مەسىلىلەر ئاشكارىلىنىشقا باشلىدى. «مانتا كۆرمىگەن قەلەندەر قاسقانغا دۈم چۈشۈپتۇ» دېگەندەك، بىزمۇ يېڭىلىق، يۈزلىنىش نامىدا نۇرغۇن نەرسىنى قوبۇل قىلغان بولدۇق. ئەمما، بىزدىمۇ تېزلا شەھەرلىشىش ھەققىدە ئويلىنىش باش كۆتۈردى ـ دە، باشتا قەيت قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك مەسىلىگە ئېسىلىۋېلىپلا ئۇنى تولىمۇ سوغۇق نەزەردە تەھلىل قىلىش ھەمدە شەھەرنى بىر قورقۇنچلۇق ـ ۋەھىملىك قاينام سۈپىتىدە تەسۋىرلەش ئۇسۇلى باش كۆتۈردى. گەرچە بۇ خىل تەھلىل ئۇسۇلىنىڭ ئەڭ تۈپكى چىقىش نۇقتىسى يەنى مىللەتتىكى ئىللەتنى تۈگىتىپ ساغلام تەرەققىي قىلىش، مەدەنىيلىشىشنى تەشەببۇس قىلىشتىن ئىبارەت ئىدىيىۋى غايە شەك ـ شۈبھىسىز توغرا بولسىمۇ، لېكىن شەھەر بىزنىڭ تەرەققىياتىمىز، يۈكسىلىشىمىز ئۈچۈن ئىنتايىن ۋەيران قىلغۇچ رول ئويناۋاتقاندەك، شەھەرلىشىش ئاخىرقى ھېسابتا بىزگە زىياندىن، مەدەنىيەت جەھەتتە شالغۇتلىشىش، يوقىتىشتىن ئۆزگە تەقدىر ئېلىپ كەلمەيدىغاندەك بىر تەسىرات ـ تۇيغۇنىڭ شەكىللىنىپ قالغانلىقىمۇ ھەق ـ راست. ئىشەنمىسىڭىز قاراپ بېقىڭكى، سوغۇق بىر نەزەر، رەنجىش، قايغۇرۇش، ئۈمىدسىزلىك، تۇگىمەس قاقشاش، زارلاش، تاپا ـ

تەنە، دوق بىزدىكى مۇتلەق كۆپ قىسىم ئەسەرنىڭ ئومۇمىي ئاھاڭى، مۇتلەق كۆپ قىسىم كىشىنىڭ ئەڭ دائىملىق ھالەت پسىخىكىسى! ھەممە نەرسىنىڭ يامان تەرىپىنى تارتىپ چىقىرىپ زارلىغۇچىلىق بۇگۈنكى ئۇيغۇر روھىيەت پسىخىكىسىنىڭ ئەڭ نېگىزلىك قىسمى بولۇپ قالماقتا. بىز بۇنى دۇنياۋى تەرەققىيات بىلەن ئارىمىزدىكى يوغان ھاڭدىن كېلىپ چىققان كۆڭۈلسىز كەيپىيات ۋە ئارىمىزدا باش كۆتۈرۈۋاتقان بەزىبىر ئەخلاقىي چۈشكۈنلۈك، مەنىۋى پاجىئە، ئېغىرلاۋاتقان ئائىلە كرىزىسى، ياشلىرىمىزدىكى ئاينىش، شىددەت بىلەن كېڭىيىۋاتقان نىجىس بالايىئاپەت بولمىش ئەيدىز، زەھەرلىك چېكىملىك، ئىناۋىتىمىزنى يەرگە ئۇرۇۋاتقان پاسىق ئوغرىلىق، تىلەمچىلىك، ساپاسىزلىق، بوشاڭلىق قاتارلىق ئىللەتلەرگە بولغان نارازىلىق تۇيغۇسى شەكىللەندۈرگەن پسىخىك ھالەت دېيىشىمىز مۇمكىن. ئەمما كۆيۈنۈش، كۆڭۈل بۆلۈش ئاساسىغا قۇرۇلغان بۇ پسىخىك كەيپىياتىمىز بىزنىڭ نورمال ئالغا بېسىش، تەرەققىي قىلىش يولىمىزنى توسۇپ قويىدىكەن، بۇ پاجىئە ئۇستىگە ھەسسىلەپ يۈكلەنگەن تېخىمۇ ئېغىر تراگېدىيە، مەسىلىسىز چوڭ يوقىتىش بولۇپ قالىدۇ! ھەرقانداق بىر مىللەت مۇنداق روھىي ئاينىش قىسمىتىگە دۈچ كەلگەن، ھەتتا بىزدىن بەتتەر ئېغىر مەنىۋى، ئەخلاقىي يوقىتىش قىسمىتىدە جان تالىشىۋاتقان ئەل ـ قوۋملارمۇ نۇرغۇن. ئەمما، مەسىلىگە قاراپلا ئولتۇرۇۋېلىش، كىشىلەرنى چۆچۈتۈۋېتىش خاھىشى باشقا ئەللەردە قانچىلىك سادىر بولۇپ، قانچىلىك داۋاملاشتى، بۇ ماڭا قاراڭغۇ. بىزنىڭ ئەمدىكى ئاقىلانە تاللىشىمىز ــ مەسىلە ئۇستىدىمۇ ئىزدىنىش، ئەمما ئەڭ مۇھىمى ئۇنۇملۇك تەرەققىيات يولى توغرىسىدا ئىزدىنىش، كىشىلەرنى شۇ تەرەپكە باشلاش، مۇمكىن بولسا، يوقىتىش جەريانىدا ئېرىشكەنلىرىمىز ھەققىدىمۇ مۇھاكىمە يۈرگۈزۈش بولسا كېرەك. بەلكىم بىز ھەرقاچان

چەرەندىلەر بىلەن تولسۇن، ئۇ بىزنىڭ ئۆي - ئېگىمىزدىكى شەھەرگە مەيلى قانچىلىك ئوخشىسۇن ياكى ئوخشىمىسۇن، بىز ئۇنىڭدا ئۆز ئورنىمىزنى مەيلى قانچىلىك تاپايلى ياكى تاپالمايلى، ئەمما «كېچەلمەيمەن سېنىڭدىن ۋەتەن» — مانا بۇ ھەممىمىزنىڭ نەپسى ۋۇجۇدىدىن پارتلاپ تۇرىدىغان ئورتاق سادا، ئوتلۇق نىدا! ئەمما، يۇرت - شەھەرگە بولغان مۇھەببەتنى قۇرۇق قەسىدە شەكلىدە ئەمەس، رېئال ھەرىكەت شەكلىدە ئىپادىلىگىنىمىزدە بىز تەبىئىي ھالدا مۇنداق دوقالغا دۈچ كېلىمىز: ئىنسان ياشايدىغان زېمىن يېزا - سەھرا ۋە شەھەردىن ئىبارەت مۇنداق ئىككى خىل تىرىكچىلىك بوشلۇقىغا كەسكىن ئايرىلغان زاماندا، بىز زادى قايسىسىنى مەركەز ۋە ئۆزلەش، تەرەققىي قىلىش پەللىسى قىلىپ تاللىۋالىمىز ھەمدە شۇ ئاساستا كېيىنكى مەۋجۇتلۇق تەقدىرىمىز ئۈستىدە ئىزدىنىمىز؟

بۇ ئەلۋەتتە ئىككىنىڭ بىرىگىلا تۇرۇپ، يەنە بىرىنى تاشلىۋېتىشنى تەكىتلەيدىغان تاق تاللاش ئويۇنى ئەمەس. بەلكى بىرىنى مەركەز قىلىپ تۇرۇپ يەنە بىرىگە تايىنىش ئارقىلىق ئومۇمىيۈزلۈك ئورۇن — سالاھىيەت تىكلەش، تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقىنى ئىگىلەش لايىھىسىدۇر. مۇنداق زور تاللاشقا بىر ئادەمنىڭ ھەممىنى قايىل قىلغۇدەك جاۋاب - خۇلاسە چىقىرالىشى مۇمكىن ئەمەس. بۇ ھەقتە سەرخىللارنىڭ ئەستايىدىل مۇھاكىمىسىگە قۇلاق سالماي بولمايدۇ. ئەمما، پېقىرنىڭ ئاددىي كاللىسىنىڭ ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ نۆۋەتتىكى ئەھۋالىنى كۆزىتىشىچە، خەلقىمىزنىڭ كۆپ قىسىم ئاھالىسى يېزا - سەھرالاردا دېھقانچىلىق بىلەن ياشايدۇ. نوپۇسنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان تېرىلغۇ يەر كۆلىمى بارغانسېرى ئازايماقتا، سۇ مەنبەسىنىڭ يېتەرسىز، ھۆل - يېغىنىنىڭ كەم بولۇشى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا يەر ئېچىشنى چەكلەپ تۇرماقتا؛ يېزىلاردا زاۋۇت - كارخانا قۇرۇش

ئىمكانىيىتىنىڭ كەم بولۇشى تۇپەيلى يېزىلاردا ئىنتايىن زور كۆلەمدىكى مېۋە - چېۋە، يېمەكلىكلەر ئاساسەن چوڭ ئىقتىسادىي قىممەتكە ئايلىنالمايۋاتىدۇ. گەرچە يېزىلاردىكى بۇ بېھېساب بايلىق مەنبەلىرى ئەمدىلەتىن دىققەتنى تارتىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن سېپىپ، قۇرۇپ، خوراپ كېتىۋاتقان خام ئەشيالارنىڭ ھەددى - ھېسابىنى ئېلىپ بولۇش مۇمكىن ئەمەس. دېمەككى، يېزىلاردا ئىشىنچا ئەمگەك كۈچى، بىكار ۋاقىت، ئىشىنچا خام ئەشيالار كۆپىيىشكە باشلىدى. كۆپ بولمىسىمۇ بىر تۈركۈم دېھقانلار بوش - بىكار ۋاقىتلىرىدا ئاكتىپلىق بىلەن يېزا - رايون، ئۆلكە - شەھەر ئاتلاپ ئىشلەشكە، سودا قىلىشقا باشلىدى. ھەتتا ئاپتونوم رايون مەخسۇس ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى ئادەم ئېھتىياجلىق ئورۇنلار بىلەن ئالاقىلىشىپ بەزى جايلاردىن مەخسۇس ئىشلەمچىلەر قوشۇنى تەشكىللەپ ئىچكى ئۆلكىلەرگە ئەۋەتكەنمۇ بولدى. ۋەھالەنكى، شۇنداق بىر قارا يۇمۇر كۆز ئالدىمىزدا تۇرۇپتۇكى، ستاتىستىكىلارغا قارىغاندا، ئىچكى ئۆلكىلەردىن شىنجاڭغا پۇرسەت، ئىش، ئەمگەك، بوشلۇق ئىزدەپ چىقىۋاتقان ئىشلەمچىلەرنىڭ سانى يىلدىن - يىلغا ھەسسىلەپ كۆپىيىۋاتىدۇ ۋە بۇ ئىشلەمچىلەر تېزلا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تامامىي يېزا - قىشلاقلىرىغىچە يېتىپ باردى - دە، تۇرلۇك - تۈمەن يول - ۋاسىتە بىلەن، ھەتتا ئەخلەت تېرىپ سېتىپ بولسىمۇ تېزلا قەد كۆتۈردى، بېيىدى. خوش، شىنجاڭدا ئىش بارمۇ؟ بار. بېيىش مۇمكىنمۇ؟ شۇنىمۇ سورامسىز! پۇرسەت بارمۇ؟ ئېشىپ - تېشىپ تۇرۇپتۇ. نەدە؟ ھەممە يەردە. كىمگە؟ ئىجتىھات قىلىشنى بىلىدىغان ھەرقانداق تىرىك جانغا.

بىز باشقا نەرسىگە قايىل بولمىساقمۇ، ئەمما نۇرغۇن ئەمگەك كۈچىنىڭ بىكاردىن - بىكار خوراپ ياتقانلىقى، ھەتتا ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتكۈزۈپ بارغان كۈرمىڭلىغان ياشنىڭ ئاساسەن لاغايلاپ يۈرۈۋاتقانلىقىدەك مۇنداق بىر رېئال پاكىتقا كۆز

يۈمالايمىز. نېمىشقا بىراۋلارنىڭ تېزلا روناق تېپىپ، يەنە بىراۋلارنىڭ تېخىچە چاپىنى تىزىدىن ئاشمايۋاتقانلىقىدەك ئەمەلىيەتكە نەزەر سالساقلا يۈرىكىمىز ئاچچىق بولىدۇ. سەۋەب نەدە؟ نۇرغۇن سەۋەبنى قاتىرىسىغا تىزىشىمىز مۇمكىن. ئەمما، ھەممىدىن مۇھىم شۇنداق بىر پاكىت باركى، بىز تېخىنىكىدا، سودا رىقابىتىدە، ئىگىلىك تىكلەشتە، پۇرسەتنى بايقاش، تۇتۇشتا، ئىشلەشتە، تىرىشىشتا، چىدامچانلىقتا، بىرلىشىش - ھەمكارلىشىشتا بەكلا ئاجىز. بۇ بەلكىم ئۇزاق مۇددەتلىك بېكىنمىچىلىك يېتىلدۈرگەن ئاجىز پسىخىكا، بىزدىكى تەجرىبىنىڭ كەملىكى سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان ئەھۋالدۇر. ئەمما، شۇنداق بىر گەپ بار: «مەغلۇپلارنىڭ باھانە كۆرسىتىش ھوقۇقى يوق» ھەم پايدىسىمۇ يوق. يېزىلاردا ئەمگەك كۈچى ئارتۇق، پۇرسەت، ئۆرلەش بوشلۇقى ھەم كەمچىل مۇنداق شارائىتتا ئەمدى بىزنىڭ قىلىدىغىنىمىز يېزىلاردا يېتەرلىك ئەمگەك كۈچىنى ساقلاپ، ئۇ يەردىكى ئەۋزەل خام ئەشيا بازىلىرىمىزنى تېخىمۇ مۇستەھكەملىگەن ھالدا، ئارتۇق بارلىق كۈچىمىز بىلەن شەھەرلەرگە يۈزلىنىشتۇر. شەھەرگە كىرىش، ئېغىر - يېنىك، ئاز - جىق، ياخشى - يامان، پاكىز - پاسكىنا دېمەي ھالاللىكى ئىش بولىدىكەن، ئىشلەش، قىلىش؛ قانداقلىكى تېخنىكا بولىدىكەن، جان چىقىسىمۇ ئىگىلەش، ئۆگىنىش، قولغا كەلتۈرۈش؛ قۇرغىلى بولىدىغانلىكى زاۋۇت - كارخانا، ئىگىلىك شەكىللىرىنى كۆپلەپ مەيدانغا چىقىرىپ بۇ ساھەدىكى ئورۇن، بوشلۇقنى ئىگىلەش، ھەتتا مونوپول قىلىش؛ ئىش ئورنى يارىتىش؛ ئەسلىي - ۋەسلىمىزنى سېتىپ بولسىمۇ ئوقۇش، ئۆگىنىش؛ ئىلىم - تېخنىكىنىڭ ھەممە ساھەلىرىگە يۈرۈش قىلىش؛ ئۆز ساھەسىدە نوپۇزلۇق پىكىر بايان قىلالىغۇدەك سالاھىيەت ھازىرلىغىچە بوشاشماي تىرىشىش؛ ئىزچىللىقنى ساقلاش؛ مەغلۇپ بولسىمۇ دەس تۇرۇش؛ ئاچلىق، خارلىق - خورلۇقتا قالسىمۇ ۋىجدانى بىلەن ياشاش... مانا بۇلار بىزنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مۇقەددەس مىزانىمىز بولماي تۇرۇپ بىز ھېچقانداق بايلىق، ئورۇن، پۇرسەت، ھوقۇققا ئېرىشەلمەيمىز. مانا مۇشۇنداق جان ـ جەھلىمىز بىلەن شەھەرلىشىشنى مەركەز قىلغان چېغىمىزدىلا، تېخنىكا، سانائەت، سودا ـ سېتىق، ئىستېمال بازارلىرىدا تۈزۈك پۇت دەسسەپ تۇرالىغان چېغىمىزدىلا يېزىلاردىكى ئەۋزەل ئورنىمىز بىلەن ئۇنى بىرلەشتۈرۈپ تېخىمۇ كۆڭۈلدىكىدەك تەرەققىياتقا ئېرىشەلەيمىز ھەمدە يېزىلاردىكى ئىشلەپچىقىرىش، ھاياتنىڭمۇ گۈللىنىشىنى قولغا كەلتۈرەلەيمىز. تەتقىقات، تېخنىكا، ئىشلەپچىقىرىش، ياساش سانائىتى، سودا ـ سېتىق سىستېمىسىدا بەلگىلىك ئورۇن تۇتماي تۇرۇپ، يېزىلاردىكى ئەۋزەل ئورنىمىزنى ساقلاپ قالالىشىمىزمۇ نائېنىق بىر گەپكە ئايلىنىپ قالىدۇ.

— خوش، بىز شەھەرگە يۈزلىنىشىمىز كېرەكمۇ؟

— ھەئە!

— بىز شەھەرلىشىشكە قاتنىشىشىمىز كېرەكمۇ؟

— ھېلىمۇ كۆپ كېچىكتۇق!

— شەھەر، شەھەرلىشىش بىزنى بۇزماسمۇ؟

— بۇزۇلغانلارنىڭ تۈزۈلۈش ھوقۇقىمۇ ئۆزىدە!

— شەھەرلىشىش بىزنى يەپ كەتمەسمۇ؟

— «يۇتسىمۇ تېز،

قىلتىرىق بىز

بوغۇزىدا دۇنيانىڭ»①.

«دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ شەھەرلەرگىمۇ ھېچقاچان بۈگۈنكىدەك مۇنداق زور ھوقۇق، كاتتا بايلىق، بىھېساب پۇرسەت، شۇنداقلا نامراتلىق، زۇلۇم، تەڭسىزلىك سىغدىلىپ باقمىغان»②.

---

① ئادىل تۇنىيازنىڭ «بىلىق تازىلاش» ناملىق شېئىرىدىن، «چۈمبەلدىكى كۆز»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2003ـ يىل نەشرى 367ـ بەت.

② ئانتونىي گىددېنس: «جەمئىيەتشۇناسلىق» 547ـ بەت.

شەپقەتسىز، كىشىلەرنىڭ بىر - بىرى بىلەن پەرۋايى پەلەك، كىشىلەر بىر - بىرىگە شۈبھى، گۇمان، ئىشەنمەسلىك بىلەن قاراۋاتقاندەك سوغۇق تۇيۇلىدۇ. ئەمما، مۇنداق تۇقتىنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇ. ئىدۋارد كرۇپات ئېيتقاندەك: «شەھەر پوستى قاتتىق بىر تۇخۇمغا ئوخشايدۇ. بۇ يەردە ئۆزئارا تونۇشۇش پۇرسىتى ۋە مۇھىتى كەم. ئەمما بىكەت، ۋوگزال، قەھۋەخانا، ئاشخانا ئىشكلىرىدە ئۆزئارا دوقۇرۇشۇپ قالىدىغان ئاشۇ كىشىلەر ئەمەلىيەتتە تونۇش ناتونۇشلاردىندۇر. بەزىلەر ئالاقە ماھارىتىنىڭ ناچارلىقى، تەشەببۇسكارلىقىنىڭ كەملىكىدىن تامامەن چەتتە قېلىشى مۇمكىن. لېكىن، كىشىنى قايىل قىلىدىغىنى شۇكى، ناتونۇشلارنىڭ كۆپ بولۇشىنىڭ ئۆزىلا ئۇلارنىڭ يوشۇرۇن دوستلۇقىنى دەلىللەيدىغان پاكىتتۇر. ئۇلاردا تۇرمۇش ئۇسۇلى، قىزىقىشىنىڭ كەڭرىلىكى جەھەتتە ئوخشاشلىق بار ھەم بۇ كىشىلەر شەھەرگە ئاساسەن كۆچمەندۇر. شۇ سەۋەبلىك مەلۇم بىر توپ ياكى تور ئىچىگە كىرگەن ھامانلا ئۇلار ئۆزلۈكسىز كېڭىيىشچان مۇناسىۋەت قۇرۇلمىسى بەرپا قىلالايدۇ»[①]. سىز. تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقىڭىزنى ساقلىيالىسىڭىزلا شەھەردە دوست - بۇرادەر، تۇغقان، سىرداش - مۇڭداشتىن تولا نېمە يوق. جامائە ئېڭى ناھايىتى كۈچلۈك بىزدەك خەق ئۈچۈن تۇرمۇش رىتىمى تېز شەھەرنىڭ سوغۇق تۇيۇلغانلىقىنى چۈشىنىشكە بولىدۇ. ئەمما، جاھاننىڭ تەرەققىيات سۈرئىتى بىزنىڭ رايىمىزغا باقمىغان ھالدا گۈلدۈرلەپ كېتىۋاتقان بىر زاماندا يەنە شۇ تۇگىمەس بېرىش - كېلىشلەر، ھال - مۇڭ بولۇشلارنىڭ بىزنىڭ مەۋجۇتلۇق تەقدىرىمىز ئۈچۈن قانچىلىك رولى، ئەھمىيىتى، قىممىتى بارلىقىنى دەڭسەپ باقماي

① ئىدۋارد كرۇپات: «شەھەردىكى كىشىلەر»، كامبرىج ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1985- يىل نەشرى ، ئانتونىي گىددېنسنىڭ «جەمئىيەتشۇناسلىق» ناملىق كىتابىدا كەلتۈرۈلگەن نەقىل، 551- بەت.

شەھەر ــ ئۇ ھوقۇقتۇر. ئۇ يالغۇز سىياسىي مەنىدىكى ھوقۇق ئەمەس، بەلكى بۈگۈنكى دەۋر يېزا ـ سەھرالىرى رېئاللاشتۇرۇپ بېرىشى بەزىدە خېلى تەسكە توختايدىغان ھەقىقىي مەنىدىكى ئىنسانىي ياشاش ھوقۇقى، رىقابەت ھوقۇقى، ئىجتىمائىي ئورۇن ھوقۇقى، سودا ھوقۇقى، مەدەنىيەت ھوقۇقى، ئۆز ـ ئۆزىنى ئىپادىلەش ھوقۇقى، بەھرىمەن بولۇش ھوقۇقى، ھەتتا ئۆلۈش ھوقۇقىغىچە بولغان نۇرغۇن ھوقۇق ـ ئىمكانىيەتنى رېئاللاشتۇرۇشنىكى غايىۋى مەركەزگە ئايلاندى؛

شەھەر ــ بايلىق جۇغلىنىدىغان سېھىرلىك مەركەز. بايلىق مەنبەلىرى بۇ مەركەزگە جۇغلاندى ھەمدە ماتا مۇشۇ مەركەز ئارقىلىق تەقسىملەندى، كېڭەيدى. ئۇ ھەم ئىشلەپچىقىرىش، ھەم ئەڭ چوڭ ئىستېمال بازىرى بولۇشتەك مۇنداق زور بايلىق تەڭشەش فۇنكسىيىسى ئارقىلىق ھەممىنى جەلپ قىلدى. قابىلىيىتى، كۈچى، بىلىمى بارلار، يول ئېچىپ مېڭىشنى بىلىدىغانلىكى بەندە ئۈچۈن شەھەر بېيىشتىكى ئەڭ كۆڭۈلدىكىدەك سورۇنغا ئايلاندى؛

شەھەرــ قولىدىن ئىش كېلىدىغانلىكى، مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئىش قىلىشنى خالايدىغانلىكى ھەرقانداق بىر ئىنسان ئۈچۈن پۇرسەت تولۇپ ياتقان بىر بوشلۇقتۇر. مېھنەت قىلىشنى بىلىدىغانلىكى تىرىك جان بۇ بوشلۇقتىن مېھنىتىگە يارىشا قىممەتكە ئېرىشەلەيدۇ؛

شەھەر ــ ئەڭ يېڭى بىلىم ـ تېخنىكا جۇغلانغان تەربىيىلىنىش، ئۆگىنىش سورۇنى.

شەھەر ــ ئەركىن بوشلۇق. پاھىشىخانىغا كىرەمسىز ياكى مەسچىت ۋە مەكتەپكىمۇ؟ بۇ سىزگە قالدۇرۇلغان.

يەنىچۇ؟

راست، بىز ئاغرىنغاندەك بۇ يەردە قوشنىدارچىلىق سۇس، تۆمۈر ئىشىكلەر ھەم ئېتىلگەن، تۇرمۇش رىتىمى شۇقەدەر تېز،

مۇقەددەس مىزانىمىز بولماي تۇرۇپ بىز ھېچقانداق بايلىق، ئورۇن، پۇرسەت، ھوقۇققا ئېرىشەلمەيمىز. مانا مۇشۇنداق جان ـ جەھلىمىز بىلەن شەھەرلىشىشنى مەركەز قىلغان چېغىمىزدىلا، تېخنىكا، سانائەت، سودا ـ سېتىق، ئىستېمال بازارلىرىدا تۈزۈك پۇت دەسسەپ تۇرالىغان چېغىمىزدىلا يېزىلاردىكى ئەۋزەل ئورنىمىز بىلەن ئۇنى بىرلەشتۈرۈپ تېخىمۇ كۆڭۈلدىكىدەك تەرەققىياتقا ئېرىشەلەيمىز. ھەمدە يېزىلاردىكى ئىشلەپچىقىرىش، ھاياتنىڭمۇ گۈللىنىشىنى قولغا كەلتۈرەلەيمىز. تەتقىقات، تېخنىكا، ئىشلەپچىقىرىش، ياشاش سانائىتى، سودا ـ سېتىق سىستېمىسىدا بەلگىلىك ئورۇن تۇتماي تۇرۇپ، يېزىلاردىكى ئەۋزەل ئورنىمىزنى ساقلاپ قالالىشىمىزمۇ نائېنىق بىر گەپكە ئايلىنىپ قالىدۇ.

— خوش، بىز شەھەرگە يۈزلىنىشىمىز كېرەكمۇ؟
— ھەئە!
— بىز شەھەرلىشىشكە قاتنىشىشىمىز كېرەكمۇ؟
— ھېلىمۇ كۆپ كېچىكتۇق!
— شەھەر، شەھەرلىشىش بىزنى بۇزماسمۇ؟
— بۇزۇلغانلارنىڭ تۈزۈلۈش ھوقۇقىمۇ ئۆزىدە!
— شەھەرلىشىش بىزنى يەپ كەتمەسمۇ؟
— «يۇتسىمۇ تېز،
قىلتىرىق بىز
بوغۇزىدا دۇنيانىڭ»[1].

«دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ شەھەرلەرگىمۇ ھېچقاچان بۈگۈنكىدەك مۇنداق زور ھوقۇق، كاتتا بايلىق، بىھېساب پۇرسەت، شۇنداقلا نامراتلىق، زۇلۇم، تەڭسىزلىك سىغدىلىپ باقمىغان»[2].

① ئادىل تۇنىيازنىڭ «بېلىق تازىلاش» ناملىق شېئىرىدىن، «چۆمبەلدىكى كۆز»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2003- يىل نەشرى 367- بەت.

② ئانتوني گىددېنس: «جەمئىيەتشۇناسلىق» 547- بەت.

يوٴمالمايمىز. نېمىشقا بىراۋلارنىڭ تېزلا روناق تېپىپ، يەنە بىراۋلارنىڭ تېخىچە چاپىنى تەرىدىن ئاشمايۋاتقانلىقىدەك ئەمەلىيەتكە نەزەر سالساقلا يۈرىكىمىز ئاچچىق بولىدۇ. سەۋەب نەدە؟ نۇرغۇن سەۋەبنى قاتىرىسىغا تىزىشىمىز مۇمكىن. ئەمما، ھەممىدىن مۇھىم شۇنداق بىر پاكىت باركى، بىز تېخىچە، سودا رىقابىتىدە، ئىگىلىك تىكلەشتە، پۇرسەتنى بايقاش، تۇتۇشتا، ئىشلەشتە، تىرىشىشتا، چىدامچانلىقتا، بىرلىشىش – ھەمكارلىشىشتا بەكلا ئاجىز. بۇ بەلكىم ئۇزاق مۇددەتلىك بېكىنمىچىلىك يېتىلدۈرگەن ئاجىز پسىخىكا، بىزدىكى تەجرىبىنىڭ كەملىكى سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان ئەھۋالدۇر. ئەمما، شۇنداق بىر گەپ بار: «مەغلۇپلارنىڭ باھانە كۆرسىتىش ھوقۇقى يوق» ھەم پايدىسىمۇ يوق. يېزىلاردا ئەمگەك كۈچى ئارتۇق، پۇرسەت، ئۆزلەش بوشلۇقى ھەم كەمچىل مۇنداق شارائىتتا ئەمدى بىزنىڭ قىلىدىغىنىمىز يېزىلاردا يېتەرلىك ئەمگەك كۈچىنى ساقلاپ، ئۇ يەردىكى ئەۋزەل خام ئەشيا بازىلىرىمىزنى تېخىمۇ مۇستەھكەملىگەن ھالدا، ئارتۇق بارلىق كۈچىمىز بىلەن شەھەرلەرگە يۈزلىنىشتۇر. شەھەرگە كىرىش، ئېغىر – يېنىك، ئاز – جىق، ياخشى – يامان، پاكىز – پاسكىنا دېمەي ھالاللىكى ئىش بولىدىكەن، ئىشلەش، قىلىش؛ قانداقلىكى تېخنىكا بولىدىكەن، جان چىقسىمۇ ئىگىلەش، ئۆگىنىش، قولغا كەلتۈرۈش؛ قورغىلى بولىدىغانلىكى زاۋۇت – كارخانا، ئىگىلىك شەكىللىرىنى كۆپلەپ مەيدانغا چىقىرىپ بۇ ساھەدىكى ئورۇن، بوشلۇقنى ئىگىلەش، ھەتتا مونوپول قىلىش؛ ئىش ئورنى يارىتىش؛ ئەسلى – ۋەسلىمىزنى سېتىپ بولسىمۇ ئوقۇش، ئۆگىنىش؛ ئىلىم – تېخنىكىنىڭ ھەممە ساھەلىرىگە يۈرۈش قىلىش؛ ئۆز ساھەسىدە نوپۇزلۇق پىكىر بايان قىلالىغۇدەك سالاھىيەت ھازىرلىغىچە بوشاشماي تىرىشىش؛ ئىزچىللىقنى ساقلاش؛ مەغلۇپ بولسىمۇ دەس تۇرۇش؛ ئاچلىق، خارلىق – خورلۇقتا قالسىمۇ ۋىجدانى بىلەن ياشاش... مانا بۇلار بىزنىڭ

بولمايدۇ. چەت ئەللەرگە چىقىپ باققان كىشىلەر تېخى بىزنىڭ شەھەرلىرىمىزدىكى بېرىپ ـ كېلىش، تۆغقانـدارچىلىق، قوشنىدارچىلىق، مېھماندارچىلىق ئادەتلىرىمىزنىڭ دۇنيانىڭ يەنە باشقا يېرىدە قالمىغان بىر ئېسىل ئادەت ئىكەنلىكىنى بايان قىلىشىدۇ. بۇ ھەرگىزمۇ بۇ ئادەتلىرىمىزنى چەتكە قاققانلىق ئەمەس، ئۇلارنى ئەلۋەتتە ساقلاپ قېلىشىمىز كېرەك. لېكىن، بۇ ئادەتلەر بىزنىڭ دۇنياغا تېخىمۇ رېئال، ئەمەلىي نەزەر بىلەن مۇئامىلە قىلىشىمىزغا توسقۇن بولۇپ قالماسلىقى كېرەك. مەنغۇ بىزنىڭ بۇ شەھەرلىرىمىزنىڭ، توغرىسى شەھەردىكى كىشىلىرىمىزنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلى، رىتىمىنى تېز ئەمەس، ھەتتا تولىمۇ بىغەم دەپ قارايمەن. دۇنيانىڭ تەرەققىيات رىتىمىغا سېلىشتۇرغاندا بىز تېخى سۆرەلمە، لامزەللە، ھۇرۇن، تىرىشماس، بوشاڭ. بۇ شەھەرنىڭ جىددىيچىلىكىدە بەرىكەت، ئۇنۇم، قىممەت بولۇشى كېرەك ئىدىغۇ؟! بەرىكەت بولمىغان مۇنداق جىددىيچىلىكنى پاتپاراقچىلىق دېيىشلا مۇمكىن. ئەگەر بىز ئۇنى مۇۋاپىق يوسۇندىكى مەنە ـ مەزمۇن بىلەن بېزىسەك ۋە ئېسىل ئادەمگەرچىلىكلىرىمىزنى تېخىمۇ ئەھمىيەتلىك، زامانغا ماسلاشقان تەرزدە ئېلىپ ماڭساق، بۇ بەلكىم قالتىس ئېسىل شەھەرلىشىش مەدەنىيىتىنىڭ ئۇلگىسىگە ئايلىنىشى مۇمكىن.

شەھەردىكى ھايات رىقابەتنىلا تونۇيدۇ. ئۇ تولىمۇ شەپقەتسىز، رەھىمسىز جەڭگاھ. ئۇ بوشاڭلىقنى، لامزەللىلىكنى، ساختىپەزلىكنى كېرەك قىلمايدۇ. بۇ جەڭگاھتا ئاخىرقى ھېسابتا كۈچلۈكلەر، يەنى روھتىمۇ، تەندىمۇ كۈچلۈكلەر يېڭىدۇ. شەھەر ئەنە شۇنداق خىرىسقا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان، كۈچلۈك رىقابەتكە دەرمانى يېتىدىغانلار كۆكلەيدىغان، ئۆرلەيدىغان، ئاجىزلار رەھىمسىزلىك بىلەن سۈپۈرۈپ تاشلىنىدىغان سەھنە بولۇپ قالدى. دېمەككى، شەھەرلىشىش مەلۇم مەنىدە ھەرقانداق بىر ئىنسان ۋە قوۋمنىڭ ھاياتلىق

ئىقتىدارىنى سىناپدىغان ئۆتكۈر سىناققا ئايلاندى. مۇنداق چاغدا شەھەردىن، شەھەرلىشىشتىن ئۆزىنى ئەپقېچىش جەڭدىن قورقۇپ مۆكۈۋالغانغا ئوخشايدۇ. سىز مەيلى قاتنىشىڭ ياكى قاتناشماڭ، بۇ جەڭ ئاللىقاچان باشلىنىپ بولدى ھەم سىزنىڭ پۈتكۈل تۇرمۇش ئۇسۇلىڭىز، روھىيىتىڭىز، ھاياتىڭىز، كۈندىلىك ئىشلىرىڭىزنىڭ ئەڭ ئىنچىكە ھالقىلىرىغىچە سىڭىپ كىرىپ بولدى. بۈگۈنكى دۇنيادا ئۇنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمىغان بىرەر ئىنسانىنىمۇ تېپىش بەك تەس. دېمەككى، مۇنداق زور دولقۇن ئالدىدا بىزنىڭ بىردىنبىر تاللىشىمىز شائىرانە نازۇك - يىغلاڭغۇ ھېس - تۇيغۇلارنى چۆرۈۋېتىپ، مەردانىلىك بىلەن ئۇنىڭغا يۈزلىنىش ۋە بىر ئامالارنى قىلىپ تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈشتۇر. ئەمدىكى مەدەنىيەتلەرنىڭ مۇنداق چوڭ ئۇچرىشىشىدا، ئەقىل، ئەخلاق، بايلىق، ئىدىيە - قاراشلارنىڭ مىللەت، دىن، ئىرق ئۇقۇملىرىدىن ھالقىپ مۇنداق كەڭ كۆلەملىك يۇغۇرۇلۇشىدا بىزنىڭ مەۋجۇتلۇقىمىزنى ساقلاپ قالالايدىغان، نامايان قىلالايدىغان بىردىنبىر يول پەقەت ۋە پەقەتلا بارلىق كۈچىمىز بىلەن شەھەرلىشىش، يەر شارىلىشىش دولقۇنىغا يۈزلىنىشتۇر؛ تىل، مەدەنىيەت، ئۆرپ - ئادەت مىراسلىرىمىزنىڭ ئەۋزەللىكىنى مۇشۇ چوڭ قاينام ئىچىدە، تەرەققىياتقا يۈزلەنگەن سۈپەتتە قايتىدىن نامايان قىلىشتۇر. «تالاي يىللار زۇلمەتتە تىنىپ خار بولدۇق»[①]، تارىخنىڭ تالاي سىلكىنىپ تاشلىنىشلىرى، يەكلەپ - ئەخمەق قىلىنىشىغا ئۇچرىدۇق. ئەمما، كولۇمبىيىلىك يازغۇچى گارسىيە ماركوز نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىنى قوبۇل قىلىش مۇراسىمىدا سۆزلىگەن نۇتقىدا ئېيتقاندەكلا: «ئېزىلىش، تالان - تاراج ۋە تاشلىنىۋېتىش ئالدىدا بىزنىڭ جاۋابىمىز داۋاملىق ياشاش. مەيلى

① مەمتىلى ئەپەندىنىڭ «بىز- مۇئەللىم» ناملىق شېئىرىدىن، «مەمتىلى ئەپەندى شېئىرلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000- يىل نەشرى 38- بەت.

كەلكۈن ياكى ۋابا بولسۇن، مەيلى ئاچارچىلىق ياكى ئىجتىمائىي ـ سىياسىي داۋالغۇشلار بولسۇن، ھەتتا نەچچە ئەسىرلەردىن بېرى داۋاملىشىۋاتقان ئۇرۇشلارمۇ ھاياتنىڭ ئۆلۈمنى بېسىپ چۈشىدىغان قەيسەرانە كۈچىنى ئاجىزلىتالىغان ئەمەس»[1]. خەلقىمىزنىڭ ھەرقانداق مىسلىسىز خورلۇق، بالايىئاپەت ئالدىدىكى مەيدانى ئىنچىل ھالدا ئۈمىد بىلەن ياشاش، ھەتتا پۇرسەت تاپسىلا ئامال قىلىپ ئۆزىگە خاس مەۋجۇتلۇق روھى، كىملىك قىممىتىنى نامايان قىلىش بولۇپ كەلگەن. دېمەككى، بۇ ئەلدە، بۇ يەردە شۇنداق بىر ھېكمەتلىك، قىممەتلىك روھ باركى، ئۇ ئوڭايلىقچە سولمايدۇ ھەم سۇنمايدۇ، ئۆڭمەيدۇ ھەم ئۆلمەيدۇ، ئۆچمەيدۇ ھەم كۆچمەيدۇ! ھەتتا 1858 ـ ، 1859 ـ يىللىرى قەشقەرگە تەكشۈرۈشكە كەلگەن رۇسىيىنىڭ قازاق ئوفىتسېرى چوقان ۋەلىخانوف شۇ پاراكەندىچىلىك، ئېزىلىش، قىرىلىش، مەھكۇملۇق مۇھىتىدا تۇرغان خەلقىمىزنىڭ چۈشكۈن تۇرقىنىڭ چوڭقۇر تەكتىدە لاۋۇلداپ تۇرغان بىر چوغنى كۆرۈپ ھەيرانلىق ئىلكىدە شۇنداق يازغانىدى: «بۇ مىللەتتە باشقا مىللەتلەرگە نىسبەتەن بولمىغان شۇنداق بىر سېھرىي كۈچ باركى، ئەگەر بۇ مىللەت باشقىچە بىر ئەۋزەل شارائىتقا ئىگە بولالىسىلا، ئۆزلىرى بىلەن بىر دىندىكى باشقا مىللەتلەرنى ئارقىدا قالدۇرۇپ ھەممىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتكەن بولاتتى»[2]. شۇنداق بىر ئەمەلىيەت ھەممىمىزگە ئېنىق بولۇشى كېرەككى، بۈگۈنكى دەۋر رېئاللىقىنى ئۇيغۇرلارنىڭ يېقىنقى زاماندىكى نەچچە ئەسىرلىك

① گارسىيە ماركوزا: «نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىنى قوبۇل قىلىش مۇراسىمىدا سۆزلىگەن نۇتۇق: «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 1998 ـ يىل 2 ـ، 3 ـ سان (قوشما)

② چوقان ۋەلىخانوفنىڭ «ئالتە شەھەر خاتىرىلىرى»دىن دوكتور ئەسەد سۇلايمانىڭ «تارىم قوۋۇقى چېكىلگەندە» ناملىق ماقالىسىگە كەلتۈرۈلگەن نەقىل، «تارىم قوۋۇقى چېكىلگەندە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2002ـ يىل نەشرى 41ـ، 42ـ بەتلەر.

هاياتىغا قارىغاندا تەرەققىيات ئۇچۇن خېلىلا ياخشى دەۋر دېيىشكە بولىدۇ. بۇ بەلكىم چۇقان ۋەلىخانوف ئويلىغان ئاشۇ «ئەۋزەل شارائىت» شۇدۇر ياكى ئەمەستۇر. ئەمما، ئاشۇ قاراڭغۇ ئۆتمۈشكە سېلىشتۇرغاندا بۈگۈننى مىڭ ھەسسە ياخشى، كاتتا ئەۋزەل شارائىت، پۇرسەت دەپ تونۇساق ھەرگىز خاتالاشقان بولمايمىز. بەزىلەرنىڭ «ئىمكانىيەت يار بېرىپ، بۇنىڭدىنمۇ ئوبدان زامانلار كەلسە...» دېگەندەك تولىمۇ غۇۋا، ئەپسانىۋى خىياللار بىلەن قورشالغان ئۇلۇغ قۇرۇق پىلانلىرىنى ئاڭلاپ قالىمەن. ئوبدان، ياراتقۇچى نېسىپ قىلسۇن! ئەمما، خام خىيال قىلماڭكى، ھەرقانداق ئادەم ئۈچۈن بۈگۈندىنمۇ ئارتۇق پۇرسەت، ھازىردىنمۇ كاتتا بايلىق، مۇشۇ دەقىقىدىنمۇ ئەۋزەل شارائىت يوق ھەم بەلكىم مەڭگۈ كەلمەسلىكى مۇمكىن. بولۇپمۇ بىز ئۈچۈن تېخىمۇ شۇنداق. ئەگەر كەلگەندىمۇ ئۇ بۈگۈنكىلەرنىڭ ھازىرنى چىڭ تۇتۇپ قىلغان خىزمەتلىرى نەتىجىسىدە مەيدانغا كېلىدۇكى، ئۇڭدا يېتىپ بەڭگىنىڭ خىيالىنى قىلىش بەدىلىگە كەلمەيدۇ. بۈگۈن ئېرىشەلمىگەن نەرسىگە ئەتە ئېرىشەلىشىمىز ناتايىن. ئېرىشكەن تەقدىردىمۇ ئۇ چوقۇمكى، بۈگۈنكىدەك قىممەت يارىتالمايدۇ. ئەتە ـ ھۇرۇنلارنىڭ غايىسى، ئاجىزلارنىڭ تەسەللىسى! ئەتە بەلكىم شەھەرلىشىش، يەر شارىلىشىشنىڭ تەسىرى بىزنى تېخىمۇ ئېغىر سىناقلارغا قىستىشى مۇمكىن، مەۋجۇتلۇقىمىز بۈنىڭدىنمۇ جىددىي كرىزىسلارغا يولۇقۇشى مۇمكىن. ئۇ چاغدا تەرەققىي قىلىمەن، پۇل تاپىمەن، ئورنۇمنى تىكلەيمەن، كىشىلەرگە ئۆزۈمنى تونۇتىمەن، دېيىش تېخىمۇ شەپقەتسىز بەدەللەرنى تەلەپ قىلىدۇ، تېخىمۇ ئېغىر يوقىتىشلارنى ئېلىپ كېلىدۇ. ئەتىنىڭ ساماۋى تۆشەكلىرىگە ئەمەس، بۈگۈننىڭ نەق ئۆزىگە يۈزلىنىش، رېئال ھەرىكەت ئېلىپ بېرىش بىزنىڭ مەيدانىمىز بولۇشى كېرەك. بۈگۈنكىدەك كەسكىن رىقابەت ئىچىدە پۇل تاپالىغانلار، يول تاپالىغانلار

ھەقىقىي نوچىلاردۇر. مۇشۇنداق رەھىمسىز قاينام ئىچىگە قورقماي سەكرەپ كىرەلىگەنلەر ۋە ئۆزىگە تۇشلۇق ئورۇن، ئىمتىياز، سالاھىيەت تىكلىيەلىگەنلەرنىڭ ئەتىسىدىن ئەنسىرەش ئارتۇقچە! ئەنسىرەشكە، ئەپسۇسلىنىشقا توغرا كەلسە جەڭگە چۈشەلمىگەنلەردىن، جەڭدىن قورقۇپ بېشىنى ئىچىگە تىقىۋالغانلاردىن ئەنسىرىگۈلۈك! ئەيىبلەشكە توغرا كەلسە ئەھلىي جامائەسىنى قەتئىي ئىشەنچ، زەربىدارلىق بىلەن جەڭگە باشلاپ ماڭغان قوماندانىدىن ئەمەس، ئۇرۇشنىڭ ۋەھىمىسىنى كۆككە كۆتۈرۈپ، ئالامانى يۇرەكئالدى قىلىۋەتكەن سەركەردىدىن ئاغرىنغۇلۇق!

## 4

كۆزىمىز، نەزىرىمىزدىكى سوغۇق نۇر ھەققىدە قايتىدىن ئويلىنىپ باقمىساق، خەلقىمىزگە ھەدىسىلا يىغلاڭغۇ، مىسكىن قاقشاش ئەمەس، بەلكى روھلۇق، ئۈمىدۋار، جۇشقۇن يۈزلىنىش ھەققىدە چوڭقۇر مۇھاكىمە بەرمىسەك بولمايدىغاندەك قىلىدۇ. توۋا، ھاياتقا ئەزەلدىن ئۈمىد، قالتىس ھاياجان بىلەن قاراپ كەلگەن بىزگە نېمە بولدى ـ ھە؟! ئەجەبا، جۇشقۇنلۇق، شوخ ـ ئۈمىدۋارلىق بىزنىڭ ناخشا ـ ئۇسسۇللىرىمىزدىلا قېپقېلىپ، ئىدىيە ـ تەپەككۇرىمىزنى ئېغىر غەم بۇلۇتلىرىلا قاپسىۋالدىمۇ؟ ھەقىقەتەنمۇ، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، مەھمۇد كاشغەرىي، نەۋائىيدىن كېيىن ھېچبىر ئەدىب ئۇنداق مەردانىلىك بىلەن مەيدە قېقىپ باقماپتۇ. بۇنى كېيىنكى قىسمەتلەرگە باغلاپ چۈشەنگەندىمۇ، ئەمما ئۇيغۇرنىڭ ھەرقانداق مۇشكۈلچىلىك ئىچىدىنمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق خۇشلۇق، ئۈمىد تېپىپ جار سېلىپ چىقىپ كېتەلەيدىغان ئۇستۇن، كۆتۈرەڭگۈ، مەغرۇر روھىيەت مىجەز ـ پىسخىكىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، مۇنداق كۆڭۈلسىز

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كەيپىيات ھەقىقەتەنمۇ بىزگە يات، ناتونۇشتۇر. قارىغاندا، ئاشۇ سوغۇق كۆزلىرىمىزگە يەنە بىر مەرتە سوغۇق قانلىق بىلەن نەزەر سېلىپ بېقىش زۆرۈردەك قىلىدۇ. پۇتكۈل ئەسەرلىرىمىز، فىلىملىرىمىزدىن مىش ـ مىش يىغىلا پۇراپ تۇرسا (چوڭقۇر ئەقلىي تەپەككۇر بىلەن تويۇنغان بولسا كاشكى)، شەھەر تېمىسى چىقسىلا بۇزۇقچىلىق، ئاينىش، ياتلىشىش دەۋالساق، بۇ، خەلق چوقۇم يۇزلىنىشى كېرەك بولغان ئېقىم ھەققىدە جەزمەنكى يامان تەسىر پەيدا قىلىپ قويىدۇ. دېمىسىمۇ، مەن نۇرغۇن ئاتا ـ ئانىنىڭ، ھەتتا بىر چاغلاردا شەھەر ھەققىدە مېنىڭ قەلبىمگىمۇ ئۇنتۇلغۇسىز ئوت ـ تۇيغۇ سالغان مەھەللەمدىكىلەرنىڭمۇ شەھەر، شەھەردە ئوقۇپ كەلگەنلەرگە ئىشەنمەسلىك، يىرگىنىش، نارازىلىق ئىلكىدە قاراۋاتقىنىنى بايقاپ قالدىم. ھەتتا بىرنەچچە يىلنىڭ ئالدىدا يېقىن بۇرادىرىمىزدىن بىرى: «كېچە ـ كۈندۈز خۇدادىن ئۇرۇمچىگە چىقىپ باقمىغان بىر قىزنى خوتۇنلۇققا نېسىپ قىلىسىكەن دەپ تىلەيمەن» دېگەنىدى ماڭا. ئەمدى ئويلاپ ئۆزۈممۇ تىترەپ كەتتىم. مانا بۇ تېخى خوتەن تەۋەسىدىن ئاتلاپ باقمىغان بىر ئادەمنىڭ شەھەر، ئۇرۇمچى ھەققىدىكى تەسىرات ـ تونۇشى ئىدى. مەيلى، بىر تۇركۇملەر ئاشۇنداق بۇزۇلدى، يولدىن چىقىپ كەتتىمۇ دەيلى، ئەمما بۇنىڭلىق بىلەنلا مۇنداق زور يۇزلىنىشكە ئارقىمىزنى قىلىۋالغىلى بولامتىمۇ؟ دەريادىن ئۆتۈش سەن ئۈچۈن قېپقالغان بىردىنبىر تاللاشقا ئايلانغاندا، بىرنەچچە ئادەمنىڭ سۇغا تۇنجۇقۇپ كەتكىنىنى دەپلا سۇغا سەكرىمەسلىك ئاقىلانىلىكمۇ ياكى بىخەتەر قارشى قىرغاققا ئۆلىشىدىغان ئامال ـ چارە ئۈستىدە ئىزدىنىش كېرەكمۇ؟ مەھرۇم بولغانلىرىمىزدىن، سادىر قىلغان خاتالىقلىرىمىزدىن ئىبرەت ئېلىپ ئۆزىمىزگە خاس يول بىلەن شەھەر ياراتقان كاتتا ئىمكانىيەتلەردىن بەھرىلىنىش ۋە شۇ يوسۇندا ئۆزىمىزنىڭ مىللىي كىملىكىنى قايتا جۇلالاندۇرۇش بىزگە قالدۇرۇلغان ئاخىرقى تاللاش ۋە

ھوقۇقتۇر. فارابىي ھەزرەتلىرى: «ئاھالىلىرى پەقەت بەختكە ئېرىشىش مەقسىتىدە ئۆزئارا ھەمكارلاشقان شەھەر پەزىلەتلىك شەھەردۇر. پۈتكۈل شەھەرلىرى بەختكە ئېرىشىش يولىدا قول تۇتۇشۇپ تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بىر مىللەتمۇ پەزىلەتلىك مىللەتتۇر»[1] دېگەنىكەن. بىز پەزىلەتلىك شەھەر ئەھلى، پەزىلەتلىك مىللەت بولۇشنى چىن كۆڭلىمىزدىن خالايمىز ۋە شۇنىڭ ئۈچۈن تىرىشىشنى ئىزدەيمىز. كۆزىمىزگە، ئۆزىمىزگە مىسكىن، سوغۇق نۇر ئەمەس، تەشەببۇسكار، ئۈمىدۋار، جەڭگىۋار، جۇشقۇن روھ يار بولسۇن!

2007 ـ يىل 13 ـ نويابىر، ئۈرۈمچى.

① فارابىي: «پەزىلەتلىك شەھەر ئاھالىسى»، شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى 2006 ـ يىل نەشرى 88 ـ بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

# مانا بۇنى قايتىش دېگۈلۈك

(نۇرمۇھەممەد توختىنىڭ «فەرھاد ـ شېرىن» قىسسىسى ھەققىدە)

مۇھتەرەم يازغۇچىمىز نۇرمۇھەممەد توختىنىڭ مۇبارەك قەلىمىدىن پۈتۈپ چىققان «فەرھاد ـ شېرىن» («تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنىڭ 2007 ـ يىللىق 3 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان.) نامىدىكى بىئوگرافىك قىسسىنى ھوزۇرى لەززەت بىرلە سۈمۈردۈم ـ دە، كلاسسىك روھىي ئىشتىياق بۇلاقلىرىدىن نەملەنگەن پىكىر ـ زىكىر لەھزىلىرىنى بۈيۈك ئەللامە نەۋائىي ھەزرەتلىرى يېگانە خوجا ـ شاھىستانلىق قىلىپ كېلىۋاتقان شېئىرىي روھ باغىستانىغا تاشلاپ مەستخۇشلارچە قىيسايدىم. تىلىنىڭ پاساھەت ـ بالاغىتى دىلىنىڭ پاراغىتىنى چىللايتتى. شۇقەدەر شېرىن سۆخەن بىر بايانى ئەزىم بارغانسېرى ئەبجەشلىشىپ سېھرىي نازاكىتى، جازىبىسىنى يوقىتىۋاتقان تىل قۇرغاقلىقىدىن شەكىللەنگەن دىل چۆلىستانىغا مۇزدەك سوغۇق، بۇلاق سۈيىدەك سۈزۈك راھەتبەخشلىكىنى قۇيماقتا ئىدى. لەۋزەئىي ھالاللىقىم بىلەن ئېيتىمەنكى، مەن بۇنداق پاكىز ھوزۇرلىنىپ باقمىغىلى بەك ئۇزۇن بولغانىدى. چەشمە بۇلاقتا يۇيۇنسامىمۇ مۇنداق راھەت تۇيغۇ باسماستى دەيمەن. گۈزەل تىل ـ تەسۋىرگە ئورالغان بايانى ئەزىم ئەڭ نازۈك تىنىق ـ تۇيغۇلىرىڭغىچە سىڭىپ كىرگەندە سەن گوياكى قۇشتەك

يەڭگىل، سۆدەك سۆزلۈك، ئاپتاپتەك پارلاق بىر خۇشاللىقنىڭ ۋۇجۇدۇڭنى نۇرغا تولدۇرۇۋاتقىنىنى سېزىسەن. بۇنداق پاكىز تۇيغۇ ئالدىدا نېمە دېيىش، نېمە قىلىشنى بىلەلمەيلا قالىسەن. زوق - ھاياجان گاھىدا كىشىنىڭ تىلىنى بوغۇپ گەپ قىلالماس قىلىپ قويىدۇ. راست، مەن بۇ ھاياجان ھەققىدە نېمە دېيىشنى بىلەلمەي خېلىغىچە گاراڭ يۈردۈم. تىل ئالدىدا تىللار ئامالسىز ئىدى. ئىچ - ئىچىمدىن قايناپ تۇرغان قايىللىق بىلەن «بارىكاللا» دەيتتىمۇ، بۇ ئىزھارغا كۆڭلۈم قانمايتتى. نۇرغۇن گەپلەرنى دېگۈم بار ئىدىيۇ، نېمە دېيىشىمنى، قانداق دېيىشىمنى بىلەلمەي قىينىلاتتىم. نۇرغۇن ھاللاردا ئاپتور تاشلىغان ئوي - پىكىرنى خۇسۇسىي ھېس - تۇيغۇدىلا تەلقىنلەشكە، ئۇنىڭدىن بەھرىلىنىشكە بولىدۇ. بەزى پىكىرلەرنىڭ ئەھمىيىتىنى يەشمەكچى بولدۇڭمۇ، بەس، ئۇ تولىمۇ تومتاق، ئەھمىيەتسىز، دىداكتىك پەند - نەسىھەتكە ئايلىنىپ قالىدۇ - دە، ئېستېتىك قىممىتىمۇ گۇم بولىدۇ، ھەتتا ئاپتورنىڭ بەدىئىي ئىستېدات پېچىدا قايناتتىپ پىشۇرۇۋېتىلگەن بەزى قىممەتلەرنى يايماقچى بولساڭ نازۇك ئىجتىمائىي قۇرۇلما ئۇنى كۆتۈرەلمەي قالىدۇ.

«فەرھاد - شېرىن»نى مەن بىر سۆزلۈك روھىي ئېقىم دەپ بىلدىم. ئۇنىڭ بىر ئۇچى پايانسىز كلاسسىك مەنىۋى قاتلامغا سوزۇلغان، يەنە بىر ئۇچى روھىيەتنىڭ كەلگۈسى ئۇپۇقىغا غۇلاچ تاشلىغان. ئۇ شۇ ئارىدا ئۆزگىچە ماس كېلىپ - كېتىش، بېرىش - يېنىش، ئۆرلەش - پەسلەش، چىقىش - چۈشۈش، قايتىش پەلسەپىسىنى تەكرار - تەكرار يارىتىپ تۇرىدۇ. پىكىر قىلىشنى ۋىجدان دەپ بىلىدىغان ئىنسان بۇ قايتىش قانۇنىيىتىنىڭ ئىشارەتلىك قاتلىمىدىن ئۆزگىچە مۇناسىپ ۋەھدەتلەرنى تاپشۇرۇۋالايدۇ.

«فەرھاد - شېرىن» ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە يېقىن شەرق خەلقلىرى ئارىسىدا كەڭ تارقالغان ئەنئەنىۋى تېما. بۇ تېما قويۇق شەرقچە تراگېدىيە، شەرقچە مۇھەببەت، شەرقچە ئېستېتىك قاراشلارنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۆزىگە جۇغلىغان مەدەنىيەت ھادىسىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن شۇنچىلىك كەڭ ئومۇملاشتىكى، «فەرھاد ـ شېرىن» تېپىدىكى مۇھەببەت تراگېدىيىلىرىنى بەلگە قىلغان بايان، موتىۋ قۇرۇلمىسى مۇشۇ كەڭ رايونلاردا ياشىغۇچى بارلىق مىللەتلەرنىڭ روھىيەت ئەنئەنىسىدە ئۆزۈلمەس ئىقىن ھاسىل قىلىپ تا بۈگۈنگىچە ئۇلاشتى. ھەتتا مەدەنىيەتلەر كۆپ قۇتۇپلۇق گىرەلەشمە ئۆتۈشۈش سەھنىسى ھازىرلىغان بۇ مۇقەددەس زونادا شۇنداق ئاجايىپ ئۆزۈلمەس ئىقىن شەكىللەندىكى، شەرقچە مۇھەببەت قارىشىغا تويۇنغان ھېكايە ـ بايان ئەنئەنىسى ۋە موتىۋ قۇرۇلمىسى بۇ رايوندا ياشىغۇچى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ يۇتكۇل ئاغزاكى ۋە يازما ئەدەبىياتىنىڭ، ھەتتا كېيىنكى 20 ـ ئەسىر ئەدەبىياتىنىڭمۇ غول ئومۇرتقىسىنى تەشكىل قىلدى. قىرىغىچە پەرزەنت كۆرەلمەسلىك، تەڭرىدىن پەرزەنت تىلەش، سىرلىق ھالدا ھامىلىدار بولۇش، قاتتىق تولغاق، ئالاھىدە تۇغۇلۇش، غەيرىي ئۆسۈپ يېتىلىش، بالاغەتلىك سىناق، تۇيۇقسىز كۆيۈپ قېلىش، توسقۇنلۇق، ۋىسالغا يېتىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىش، قىزنىڭ باشقا بىرىگە ياتلىق قىلىشقا مەجبۇرلىنىشى، قىزنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىشى، ئارىغا دەللال سۈپەت بىرىنىڭ پەيدا بولۇشى، يىگىتنىڭ ئېغىر سىناققا دۇچ كېلىشى، خەتەرنى يېڭىپ سىناقتىن ئۆتۈش، ئەمما ئەڭ يېقىنلىرى تەرىپىدىن ياكى سۈيىقەست يولى بىلەن قەستكە ئۇچراش، بىر يەرگە دەپنە قىلىنىش دېگەندەك بىرقەدەر قېلىپلاشقان موتىۋ قۇرۇلمىسى شەرق ئەدەبىياتىدىكى مۇتلەق كۆپ قىسىم مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىياتىغا ئورتاق بولغان ھادىسىدۇر. بىز ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا «ئوغۇزنامە»دىن تارتىپ ياكى 20 ـ ئەسىردە ئەڭ زور ئالقىشقا، ئېتىراپقا، خەلقنىڭ ياقتۇرۇپ ئوقۇشىغا سازاۋەر بولغان ئېسىل ئەسەرلەرنىڭ جىمىسىنىڭ موتىۋ، سۇژېت قۇرۇلمىسىنى ئىنچىكىلەپ تەتقىق قىلىدىغان بولساق ھامان ئاشۇ خىل موتىۋ قۇرۇلمىسىنى ياكى شۇنىڭغا ئالاقىدار ئېچكى تەركىبلەرنىڭ

كۆپىنچىسىنى ئۇچرىتىمىز. ئوخشاش تىپتىكى بىر خىل بىر ياكى بىرنەچچە خىل، موتىۋ قوللىنىلغان بىر ئەل ئەدەبىياتىدا نەچچە ئون ئەسىرلەپ داۋاملىشىپ كېلىشى كۆپ پەنلەر كېسىشمە نۇقتىسىدا تۇرۇپ ئىنچىكە تەتقىق قىلىپ بېقىشقا تېگىشلىك تېما، ئەلۋەتتە.

شۇنداق، تارىخنىڭ سىرلىق ئېقىمىدا تالاي قىسسىلەر ئېيتىلدى، داستانلار پۈتۈلدى. ئوخشاش بىر تېمىنى تەكرار يېزىش ياكى مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئەدەبىياتتىكى «نەزىرە باغلاش ھادىسىسى»① دۇنيادىكى نۇرغۇن ئەل ئەدەبىياتىغا ئورتاق ھادىسە بولغان كەبى بۇ كەڭ مەدەنىيەت بەلۋېغىدا ياشىغۇچى ئەل - خەلقلەرگىمۇ ئورتاق ھادىسە بولدى ۋە جۈملىدىن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىمۇ ئۆزگىچە خاس ئەنئەنە، ئەسەر، يازغۇچىلار قوشۇنى، ئۇسلۇب، ئېقىم شەكىللەندۈرگەن ھادىسە بولۇش سۈپىتى بىلەن نەچچە ئەسىرلەپ داۋاملىشىپ، كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئۆزگىچە خاس يارقىن ئالاھىدىلىكىنىڭ بىرىگە ئايلاندى. نەۋائىيغا كەلگۈچە ئوبۇلقاسىم فىردەۋسى، نىزامى گەنجىۋى، خىسراۋ دېھلىۋى قاتارلىق ئونلىغان شائىرلار بۇ موتىۋ قوللىنىلمىسىنى چۆرىدىگەن ھالدا ئىجادىيەت ئېلىپ باردى ۋە كېيىن بۇ تېمىلارنى راۋاجلاندۇرغان ئەدىبلەر بىلەن قوشۇلۇپ پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيا، يېقىن شەرق ئەللىرىنىڭ ئەدەبىياتىدا «يەتتە جۈپ ئاشىق - مەشۇق»نىڭ ئىشق - مۇھەببەت تراگېدىيىسىگە

① نەزىرە — ئەرەبچە سۆز بولۇپ، «ئوخشاش»، «بىردەك» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. ئەمما، كلاسسىك ئەدەبىيات ئەنئەنىسىدە «تەقلىد قىلىش» دېگەن مەنىدە قوللىنىلىدۇ. يەنى، يېزىلىپ بولغان ئەسەرگە تەقلىد قىلىپ ئىجادىيەت ئېلىپ بېرىش ھادىسىسى «نەزىرە باغلاش» دەپ ئاتىلىدۇ. ئەمما، بۇ ئاددىي ھالدىكى تەقلىد، كۆچۈرۈش بولماستىن، ئەسلىي ئەسەرنىڭ تېما، سۇژېت، ئوبراز، بايان، قۇرۇلما ئالاھىدىلىكلىرىگە قارىتا زور يېڭىلاش ئېلىپ بېرىش ئاساسىدىكى ئىجادىيەتتۇر. مۇھەممەت ئىمىن جاپپار تۈزگەن «ئەدەبىيات لۇغىتى»گە قارالسۇن. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1996- يىل نەشرى، 131- بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بېغىشلانغان نۇرغۇن خەمسە ـ داستانلار مەيدانغا كەلدى. يەنى «فەرھاد ـ شېرىن»، «لەيلى ـ مەجنۇن»، «غېرىب ـ سەنەم»لەردىن باشقا يەنە بىر دە رايون خاراكتېرى كۈچلۈك بولغان «بەھرام ـ دىلئارام»، «ھۆرلىقا ـ ھەمراجان»، «مەھزۇن ـ گۈلنىسا»، «تاھىر ـ زۆھرە» دېگەندەك تالايلىغان ئاشىق ـ مەشۇق تراگېدىيىلىرى تەكرار ـ تەكرار يېزىلدى. كېيىن يېزىلغان، شۇ خىل تېمىدىكى تالايلىغان خەمسە ـ داستانلارنىڭ ئىسمى ئۆزگەردى، پېرسوناژلىرىنىڭ ئىسمى ـ جىسمى ھەر خىل بولدى، ئەدىبلىرىمىز ئالدىنقىلارنىڭ ئىجادىيىتىدىن ئېشىپ چۈشمەك ئۈچۈن تەكرار ـ تەكرار «نەزىرە باغلاش»تىيۇ، ئەمما راستچىللىق بىلەن ئېيتقاندا، مەدەنىيەت قاتلىمىنىڭ تەگ ـ تېگىگە سىڭىپ كەتكەن ئېستېتىك قاراش، تراگېدىك تۇيغۇ، قۇرۇلما، كلاسسىك روھ، ئەنئەنىۋى ئېقىمنى ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۆزگەرتەلمىدى ھەم مۇنداق چوڭقۇر يىلتىز تارتقان مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنىڭ چەمبىرىكىدىن ھالقىپ چىقالىشىمۇ تەس ئىدى. بولۇپمۇ سۇژېتلارنى بىر تەرەپ قىلىش جەھەتتىكى موتىپ قۇرۇلمىسىدا ئۆزگەرتىش، ھالقىش ئېلىپ بارالمىدى، نەۋائىي ھەزرەتلىرى «تۆت ئاناسىر» سۈپىتىدە تەرىپلىگەن زاتلارنىڭ ئىجادىيىتىدىن ئاشۇرۇپ يازالمىدى (نەۋائىي نىزامى گەنجىۋىنى ئوتقا، ئەمىر خىسراۋ دېھلەۋىنى ھاۋاغا، ئابدۇراخمان جامىنى سۇغا، ئۆزىنى تۇپراققا ئوخشاتقان).

ئېقىم ئۆزۈلمىدى، قۇرۇلما چوڭ ئۆزگەرمىدى، موتېپ شۇ پېتى داۋاملاشتى، ئەمما ھەر زاماننىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق ھېكايىسى بار ئىدى. ھەر زاماننىڭ ئۆزىگە خاس «فەرھاد ـ شېرىن»ى بار ئىدى. ئاشۇلارنىمۇ يېزىش، ئېيتىش، پۈتۈشكە توغرا كېلەتتى. شۇنداق قىلىپ، «فەرھاد ـ شېرىن» تالاي قېتىملاپ يېزىلدى ۋە خەلقنىڭ ئېستېتىك ئېڭىدىكى ۋاپادارلىق، پىداكارلىق، قەھرىمانلىق، ئىنسانپەرۋەرلىك قاتارلىق يۈكسەك گۈمانىزملىق روھ بىلەن سۇغىرىلغان مۇھەببەت ئەندىزىسىنى تۇرغۇزدى.

«فەرھاد ـ شىرىن» نەۋائىيدىن كېيىنمۇ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئىزچىل، ئەڭ كۆپ يېزىلغان مودا تېمىغا ئايلاندى. 18 ـ ئەسىردە خوتەندە ئۆتكەن شائىر مەھزۇن خوتەنى «فەرھاد ـ شىرىن» داستانىنى «شاھزادە فەرھاد ۋە مەلىكە شىرىن» دېگەن نام ئاستىدا نەسرىيلەشتۈرۈپ چىقتى. 18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى 19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئۆتكەن يەركەنلىك ئەدىب ئۆمەر باقى يەركەندى «فەرھاد ـ شىرىن»نى نەسرىي شەكىلدە قايتا يېزىپ چىقتى. 19 ـ ئەسىردە موللا سىدىق يەركەندى نەۋائىي ھەزرەتنىڭ قەلىمىدە ۋايىگە يەتكەن ئاشۇ گۈزەل قىسسىسىنى تېخىمۇ ئويرازلىق، ئاددىي تىل بىلەن نەسرىيلەشتۈرۈپ چىقىپ خەلققە تېخىمۇ يېقىنلاشتۇردى. نەۋائىيدىن كېيىنكى ئەڭ ھوسۇللۇق شائىر، شۇنداقلا يېقىنقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى يەنە بىر نۇرلۇق نامايەندە — شائىر ئابدۇرېھىم نىزارىمۇ «فەرھاد ـ شىرىن» داستانىنى تېخىمۇ يەرلىك پۇراق، مىللىي، دەۋرىي تۈس قوشقان ھالدا ئىجادىي بېيىتىپ يازدى ـ دە، بۇ كلاسسىك تېمىنىڭ يەنە بىر بەدىئىي جۇلاسىنى رويايقا چىقاردى. 20 ـ ئەسىرنىڭ 40 ـ يىللىرىدا نىمشېھىت «مىڭئۆي ۋە فەرھاد ـ شىرىن» تېمىسىدا ئاشۇ كلاسسىك تېمىنى يېڭىچە ئىزدىنىش نۇقتىسىدىن بايان قىلدى. ئۇ فەرھادنى خوتەن شاھزادىسى، شىرىننى شەھرىيار مەلىكىسى سۈپىتىدە سالاھىيەتلەپ تۇرۇپ، «مىڭئۆي»دىن ئىبارەت بۇ تارىخىي ئابىدىنىڭ ئارخېئولوگىيىسىنى مانا شۇ ئىككى ئاشىق ـ مەشۇقنىڭ ۋىسال سىنىقىدىن ئىبارەت موتىپ قورۇلمىسىغا باغلىدى ـ دە، ئۆزىگە خاس ۋەتەنپەرۋەرلىك خاھىشىنى ئىپادە قىلدى. ئەمما، مەيلى نىمشېھىت ياكى ئۇنىڭدىن بۇرۇن مۇشۇ تېما خۇسۇسىدا قەلەم تەۋرەتكەن ئەدىب ـ ئۆلىمالار بولسۇن ۋە ياكى «فەرھاد ـ شىرىن»دىن باشقا ئىسىم ـ تېمىلار بىلەن ئاتالغان مۇھەببەت قىسسىسى، ئاشىق ـ مەشۇق تراگېدىيىسى ھەقىقىدە قەلەم

www.uyghurkitap.com

تەۋرەتكەنلەر بولسۇن، نەۋائىي ھەزرەت ۋايىگە يەتكۈزگەن ئاشۇ كلاسسىك ئابىدىنى باشقىچىرەك يول بىلەن شەرھلەپ بايان قىلىپ چىقتى، خالاس. ئەمما، ئومۇمىي ئۇدار، ئاھاڭ، ئىقىم، ئۇسلۇب، تراگېدىيىلىك يۇزلىنىش، سۇژېت، بايان قۇرۇلمىسى، پېرسوناژلارنىڭ تەقدىرىنى بىر تەرەپ قىلىشتا ئاساسەن ئۆزگەرتىش، يېڭىلاش ئېلىپ بارمىدى. كېيىنكىلەر «پەقەت ئالدىنقىلارغا چوقۇندى، ئۇلارنىڭ پىكرىنى تەكرارلىدى، ئۇسلۇبىنى كۆچۈردى، تەقلىد قىلىپ يازدى. قىسقىسى، ئۇلار پەقەت ئۆز ئۆتمۈشىنىڭ بۈيۈك ئەللامىلىرىگە تالىپ، سۆز ـ ئىبارىلىرىگە كاتىپ بولالىدى، خالاس»[1]. ۋەھالەنكى، 21 ـ ئەسىرنىڭ «فەرھاد ـ شېرىن»ى (بىز بۇ يەردە ئەسەرنىڭ ئېلان قىلىنغان ۋاقتىنى دەۋاتىمىز، ئەمما ئەسەر 20 ـ ئەسىرنىڭ ئېيتىم چۈشەنچىسىدىن شاخلانغان) پۈتكۈل كلاسسىك روھىي ئېقىندىن ئاجايىپ زور ئۆزگىچىلىكى بىلەن پەرقلىق يوسۇندا ئاجراپ چىقتى ـ دە، بىزنى ھەيرانۇ ھەس قالدۇردى. نۇرمۇھەممەد توختىدىن ئىبارەت بۇ ساقال قويمىغان ۋەزمىن ئاقساقال مەسىلىلەرنى ئۆتمۈشتىن بۈگۈنگىچە بولغان روھنىڭ تارىخىي شەجەرىسىگە قويۇپ تۇرۇپ سىلىشتۇرۇپ تەھقىقلەشكە ماھىر سوغۇق قانلىقى بىلەن مىڭ يىل ئاۋۋالقى ئاشىق ـ مەشۇقلارنى ۋە ئۇلارنىڭ روھىي ئەرۋاھىنىڭ مىڭ يىلدىن كېيىنكى 72 ـ ئۇرۇق پۈشتىنىڭ جىسمىغا كۆچكەندىكى ھال ـ ئەھۋالىغا كۆز تاشلىغىنىدا، شۇنچىلىك ئۆزگىچە بىر قىسسەئى بايان ئۇرغۇپ چىقتىكى، «قايتىش» دېگەن ئاشۇ بىرلا سۆزگە يىغىنچاقلانغان ھېكمەت، قىسمەت، قىسمەت بىزگە چوڭقۇر ئويلىنىش زۆرۈرىيىتىنى ھېس قىلدۇردى. بۇ «قايتىش»

[1] ئەسەت سۇلايمان: «مەركىزىي ئاسىيانىڭ روھىيەت دىئالېكتىكىسى»، «تەكلىماكانغا دۈملەنگەن روھ»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 ـ يىل نەشرى، 407 ـ بەت..

ناھايىتى كەڭ ۋە چوڭقۇر پەلسەپىۋى ھېكمەتنى خۇرۇچ قىلغان بولۇپ، ئۇ بىزنى دەماللىققا ئەسەر، ئاپتور، ئوقۇرمەنلىككە نىسبەتەن گۇمانغا ئېلىپ بارىدۇ. ھەقىقەتەنمۇ، بەدىئىي بالاغىتى مەلۇم دەرىجىدە چېكىنىپ تەپسىلىي خەۋەر تەرىقىسىدىكى ھاياجانسىز قوغلاشماق ۋەقەلىك تىزمىلىرى قاپلاپ كەتكەن ئەدەبىياتىمىزدا بۇ يىللاردا «فەرھاد ـ شىرىن»دەك ئۆزگىچە بەدىئىي دىت، قايناق ھېسسىيات، پاساھەتلىك تىل، ئۆتكۈر پەلسەپە، كۈچلۈك ۋارىسلىق، شۇنداقلا يېڭىچە، ھېچكىمگە ئوخشىمايدىغان ۋە ھەتتاكى ھېچكىم ئوخشىتالمايدىغان ئىجادىيلىق، زامان ھالقىغان قاراتمىلىق گۈپۈلدەپ تۇرىدىغان بىر ئەسەرنى كۆرەلىشىمنى مەن تەسەۋۋۇر قىلىپمۇ باقمىغانىدىم. كۆز چىمچىقلىتىشقا مەجبۇرلىقىمىز شۇ ۋەجىدىن. ۋەھالەنكى، گۇمانلىنىشقا ئورۇن يوقكى، 21 ـ ئەسىر ئۆزىنىڭ «فەرھاد ـ شىرىن»نغا ئېرىشتى. يېڭى «فەرھاد ـ شىرىن» تارىختىن بېرى يېزىلغان بارلىق ئەسەرلەردە قېلىپلىشىپ بۇزۇلماس ئەندىزە، يىمىرىلمەس قورۇلمىغا ئايلىنىپ قالغان «فەرھاد ـ شىرىن»نىڭ مۇنتىزىم قېلىپىغا «ئاسىيلىق قىلىش» روھى بىلەن مەيدانغا چىقتى، ئاشۇ بۇزۇلماي كەلگەن ئەندىزىنى بۇزۇۋەتتى. بىز ئاشۇ قورقماي «ئاسىيلىق قىلىش»، مەردانە «بۇزۇۋېتىش»تىن ھەم ئەنئەنىگە قايتىشنىڭ ساداقىتىنى، ھەم يېڭىلىققا يۈزلىنىشنىڭ جاسارىتىنى، ھەم كلاسسىزمغا بولغان چەكسىز تەلپۈنۈشنى ۋە ھەم زامانىۋىلىققا بولغان كۈچلۈك ئىنتىلىشنى، ئەدەبىياتقا، رېئاللىققا قايتىشنىڭ نەمۇنىسىنى كۆرگەندەك بولدۇق.

بىز نۇرمۇھەممەد توختىنىڭ ئەنئەنىۋى «فەرھاد ـ شىرىن»نىڭ قۇرۇلما ئەندىزىسىنى بۇزۇۋېتىشىنى ئاشۇ بۈيۈك قىسسىنىڭ ئاخىر رېئاللىققا قايتىپ كېلىشى، غايىۋى فەرھاد ئوبرازىنىڭ ساماۋى كۆكتىن چۈشۈشى، ئەپسانىۋى شىرىن

سۈرىتىنىڭ ئىشق - مۇھەببەتنىڭ ياسىداق قەسىرىدىن چىقىپ ھەقىقىي، چىن رېئاللىقتىكى، ئاددىي تۇرمۇشتىكى، ئاۋامنىڭ ئارىسىدىكى فەرھاد سىيماسىغا يۈزلىنىپ بېقىشى دەپ چۈشىنىمىز. نۇرمۇھەممەد توختى نىزامى دەۋرىدە باشلانغان ۋە نەۋائىي ئىجادىدا بالاغەتكە يەتكەن، ئۆزىدىن كېيىنكى ئەدىبلەرمۇ تالاي مېھنىتىنى سەرپ قىلىپ، غايىۋى ئۇلۇغلىغان ئاشۇ ئىككى ئۆلمەس ئاشىق - مەشۇقنى ئاخىر ساماۋى تەختتىن چۈشۈردى، ھۇزۇرى بەختتىن كۆچۈردى. كلاسسىك ۋاپا - مۇھەببەت ئەپسانىسىنى زامان تەجرىبىلىرىدىن ھەقىقىي رېئاللىستىك روھ بىلەن ئۆتكۈزۈپ بېقىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلغاندەك ئىدى...

فەرھاد كۆكتىن چۈشكەندە ئۇنىڭ تەڭداشسىز سۇمباتىدىن، يېتۈك ئىستېداتىدىن، ئىقلىمدىن تېپىلماس ئېسىل پەزىلىتى، كامالەتلىك ئىقتىدارى، ۋۇجۇدىغا سىڭگەن يۈكسەك ئىنسانىي ئۇلۇغلۇق، مېھرىبانلىق، دۇنياغا بولغان كۆيۈم، ئىلىمگە بولغان ئىشتىياق، ئاتا - ئانىغا بولغان ۋاپادارلىق، دۆلەت - خەلققە بولغان مەسئۇلىيەت، يارۇ - نازىنىنغا بولغان بىباھا سۆيگۈ - ساداقەت، يار ۋەسلى بىلەن ئىنسان ئەسلىي بىر گەۋدىلىشىپ كەتكەن ئۇلۇغ گۇمانىزملىق روھ، تەبىئەت، ئىلاھىيەت، كائىنات، ئىنسانىيەت ئارىسىدىكى ئىلاھىي دىئالوگ، سىرلىق رىشتە - باغلىنىش ... دېگەنلەردىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى. مىڭ يىل بۇرۇنقى ئاشۇ تەڭداشسىز ئىشق، ۋاپا، ئادىمىيلىك، غالىبلىق - ئالىيلىقنىڭ يېگانە ئۈلگىسى ئويلىسىمۇ كىشى چۆچۈگۈدەك بەتبەشىرە ھالدا دۇنياغا دەسسىگەنىدى. بىلگەن ئادەم ئۇچۇن بۇ، فەرھاد ئوبرازىنىڭ رېئاللىققا قايتىپ كېلىشىلا ئەمەس، ساماۋى ئارزۇ - ئىستەك بىلەنلا ئۆزىنى بەزلەپ، ئاۋۇندۇرۇپ كەلگەن بىر توپ خەلقىنىڭ غايە - روھىنىڭ رېئاللىققا قايتىپ كېلىشىدۇر.

پەرزەنت ئىشتىياقىدا كېچە - كۈندۈز دۇئايى - تىلاۋەتتە،

خەير ـ ساخاۋەتتە تىپىرلاپ پەرزەنت تىلىگەن ئاتا ـ ئانىنىڭ نۇرمۇھەممەد توختى قەلىمىدىكى ۋارىيانتىدا تىلىمىسىمۇ، ئويلىمىسىمۇ، ئاززۇ ـ ئارمانلاپ كەتمىسىمۇ بالا پەرزەنت تۇغۇلۇۋېرەتتى، تۇغۇلۇۋەرگەندى. بىر ئەمەس، سەككىزى ۋە ھەتتا فەرھاد توققۇزىنچىسى بولۇپ. «كىچىنى يورۇتقۇچى مەرۋايىت، بەلكى جاھاننى ئۆرتىگۈچى گۆھەر» سۈپىتىدە يورۇق ئالەمگە زىنىنەتۇ سۈپەت قوشۇپ تۆرەلگەن ئەزىزانە فەرھادنىڭ روھى ـ ئەرۋاھى ئەسىر ـ ئىبرا ئاتلاپ كۆچكەندە ئۇ خار ـ زارلىقنىڭ ئەسكى كەپىسىگە يىغلاپ چۈشكەندى. شاھزادە فەرھاد تۇغۇلغاندا پەرزەنتىنىڭ تۇغۇمىدىن شادلانغان ئاتا ـ ئانا پۈتكۈل خاقانى چىننى بېزەپ ياساپ، مۇبارەك يېڭى جاننىڭ تەنتەنىسىنى ئالەم ئارا ياڭراتقان بولسا، مانا ئەمدى يىرتىق كەپە، پۇچۇق كەتمەن، ئەسكى چەكمەن، قۇرۇق تاغار، غاشا پاسارىدىن ئۆزگە نېمىسى قالمىغان يەنە بىر جۈپ ئاتا ـ ئانا يېڭى جاننى يۆگەيدىغان يۆگەكمۇ تاپالماي سەرگەز تامبالنى يىرتىپ يۆگىگەن، ھېچ ئىش بولمىغاندەك، بۇ ئالەمگە ھېچ كىشى كەلمىگەندەك، گوياكى تۆرەلگىنىنىڭ قىممەت ـ قىممىتى ئۆزلىرى بىلەن ئالاقىسىزدەك پەرۋايى پەلەك ھالدا تۇراتتى. تامامى ئىبسىل تەۋسىپ ـ سۈپەتلەردىن تاللاپ ئىبلىنغان ھەرپلەرنىڭ جۇغلانمىسىدىن پۈتۈپ چىققان ئىسىم ئەمدى پەرۋاسىزلىقنىڭ ئازگىلىغا تاشلاپ قويۇلغاندى ... ئەڭ ئىبسىل تەربىيە بىلەن جاھاننى تاڭ قالدۇرغۇدەك گۈزەل سۈبات، كامىل ئەقىل، ئىبسىل خۇلقتا يېتىلگەن شاھزادە ئەمدى كاللىسىنى يېغىر قاپلىغان ئالا گەدەن تازغا ئايلانغان، ئۇقۇش، ھايات، ئىنسان، دۇنيا ھەققىدە چۈشەنچە ئىبلىشتىن مەھرۇم قالغاندى... دەۋرنىڭ قەھرىمانى، زاماننىڭ ئەركىسى قالمىغان، ئۇنىڭ ئورنىغا پوكىنى بىلەن چاترىقنىڭ ئارىسىدىكى ئەيش ـ ئىشرەتنىڭ ھايۋانى ھۇزۇرىغا مەستۇ ـ مۇستەغرەق بولغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئاددىي ئادەم قىيپقالغانىدى. مانا مۇشۇنداق دەۋرنىڭ ئاددىي پوقراسىنىڭ جەندىسىدىن چىقىپ تۇرۇپ بويۇك تىمىنىڭ دۇمبىقىنى قايتا چېلىش، ماھىيەتتە ھەقىقىي چىنلىقنا، رېئاللىقنىڭ پەردازلانمىغان بەشرىسىگە قايتىش ۋە شۇنىڭدىن چىقىش ھېسابلىناتتى. فەرھاد شۈبھىسىزكى، ھەقىقىي ياشىشى كېرەك بولغان ۋەتىنىگە قايتىپ تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ئەسلىي كىملىكىدىن چىقىپ كېلىۋاتاتتى. نۇرمۇھەممەد توختىنىڭ قەلىمىدىكى فەرھادنىڭ كىملىكى دەۋرنىڭ كۆپ قاتلاملىق، كۆپ قىرلىق ئېيتىم (Discourse، 语话) چۈشەنچىسى ۋە كىشىلەرنىڭ ئاشۇ خىل كونتېكستلاردىكى خىلمۇخىل تىپىرلاشلىرىنى يۇكسەك دەرىجىدە ئومۇملاشتۇرۇپ كۆرسىتىپ بېرىش خاراكتېرىگە ئىگە.

نۇرمۇھەممەد توختىنىڭ ئاشۇ گۈزەل كلاسسىك تېمىغا «قايتىش»ى، بايان سەنئىتىدىكى ئۆزگىچە پاساھەت ـ بالاغىتى كىشىنى سۆيۈندۈرسە، كۆزىتىش نۇقتىسى ۋە فەرھاد سالاھىيىتىنى يارىتىشتىكى ۋەھشىيلىكى كىشىنىڭ يۈرىكىنى مۇزلىتىۋېتىدۇ. نورغۇن يىل ئالىي مەكتەپ تەبىئىي پەن ئوقۇتۇشى بىلەن شۇغۇللانغان ئاپتورنىڭ ماتېماتىكىلىق لوگىكىلىق پرىنسىپ ۋە قارشىسىدىن چىقىپ ئىسپاتلاشتەك ئەقلىي ھۆكۈم ئىقتىدارىنى ئەدەبىياتتا ئىزچىللاشتۇرۇشى كىشىنى خېلىلا چوڭقۇر ئويلىنىشقا مەجبۇر قىلىدۇ. ھەقىقەتەنمۇ ھەممە غايىۋىلەشتۈرۈپ، كۆكتە ئۇچۇرۇپ، تىل ـ دىللاردا داستان قىلىپ كەلگەن ئاشۇ ۋاپادار ئاشىق ـ مەشۇقنى ھەر دەۋرنىڭ كونتېكسىغا قان ـ گۆشى بار ئادىمىي مەۋقە، ئىنسانىي سالاھىيەت ۋە سالاپەتتە قويۇپ بېقىش قىممەتلىك ۋە ھېكمەتلىك ئىش ئىدى. فەرھاد ـ شېرىن ئادىمىي سالاھىيەتتە مەيدانغا چىقسا ئۇ ھەر دەۋرنىڭ پۈتكۈل ئىجتىمائىي قاتلىمىنى كۆرسىتىپ بەرگۈچى كۆزگۈ ـــ ئەينەككە ئايلىنىدۇ. ئۇنىڭدا

ئىنسان، ئائىلە، جەمئىيەت، دۆلەت، مىللەت، ئىجتىمائىي ئالاقە، دىپلوماتىيە، بىناكارلىق، مەدەنىيەت ـ سەنئەت، ھەربىي ئىشلار، ئىستىراتېگىيە، ھاكىمىيەت، ھۈنەر ـ تېخنىكا، بىلىم...گە ئائىت كۆپ قاتلاملىق مەدەنىيەت ئۇچۇرى بار. ئۇ ماھىيەتتە شۇ بىر دەۋرنىڭ پۈتكۈل ئىجتىمائىي خەرىتىسىدۇر. بىزنىڭ كلاسسىك ئەدەبىياتىمىز ۋە يازغۇچىلىرىمىز ھەممىلا نەرسىگە رومانتىزملىق فانتازىك ئۇسلۇب ۋە ھەممىلا نەرسىنى غايىۋىلەشتۈرۈش يولى بىلەن ئەمەس، سەل ئەمەلىيەتچىلىك پەلسەپىسى بىلەن قەلەم تۇتۇشنى ئەدەبىي ۋىجداننىڭ يەنە بىر پەرزى سۈپىتىدە بىلگەن بولسا ئىدى، بىز «فەرھاد ـ شېرىن»دىن پۈتكۈل تارىخنىڭ ئومۇمىي دوكلاتىغا ئېرىشەلىگەن بولاتتۇق. خەيرىيەتكى، ئۇ دەۋرنىڭ ئىجتىمائىي نازۇكلۇقىنى نەزەرگە ئالغان زامان ـ ماكان، تۇيغۇ رەڭلىرىنى سەل ـ پەل خىرەلەشتۈرگەن ھالەتتە ئاخىر ھۇزۇرىمىزدا ھازىر بولدى.

كۆردۇقكى، ئۇلارنى ساقلاپ تۇرغىنى چاھارباغ، ئىززەت ـ ئىكرام، شاھانە قەسىر، ھەممە مۇمكىنچىلىك ھازىرلانغان مۇتلەق مەئىشەت ئەمەس ئىدى. فەرھاد كۆكتىن چۈشكەندە، شېرىن ياسىداق ھۇجرىدىن چىققاندا مۇزدەك سوغۇق رېئاللىق ئۇلارنىڭ تېنىنى شۈركەندۈرۈۋەتتى. فەرھاد تاز بېشىغا تەلپەكنى چۆكۈرۈپ كىيگىنىچە قورقۇپ تىترەپ ھاشارغا ماڭدى. شېرىن تاتۇق يۈزىنى، مايماق پۇتىنى يوشۇرغىنىچە قاراڭغۇ قازناقتا مەھكۇم بولدى... قېپقالغان ھەممە بارلىقنى ھەم ئۆزگە يارىشا مەسخىرىلىك قىسمەتلەر رەھىمسىز قىسمىقىغا ئالدى... نەۋائىي مۆھۈرنى سۇندۇردى، قەلەم ـ دۇۋەتنى ئاتتى. ئۇ «مۇمكىنمۇ؟» دەيتتى ھۆركىرەپ ياقا يىرتىپ. نۇرمۇھەممەد توختى دەمدەردەك بۇقۇلداپ ئۇلتۇرۇپ رېئاللىقنىڭ دەھشىتىگە باش چايقايتتى توختىماي.

بىزدە روھنىڭ تارىخى ئارزۇدىن پۈتتى. خەلقنىڭ روھىي

ئىشتىياقى ئەپسانىدىن قاناتلانغان غايىۋى ئىستەكتىن سۇ ئىچىپ كەلدى. لەۋلىرى گەز باغلاپ چاك - چاك ئېتىلغان، ئاچلىقتىن پۇتلىرى دىرىلداپ تىترىگەن، يۈز - كۆزى مۇدھىش رېئاللىقنىڭ شەپقەتسىز تىرنىقىدا مورلىنىپ ۋاقىتسىز ئىزغا تولغان بوۋاينىڭ خارابىلەردە توپا توزىتىپ كېتىۋېتىپ خىيالىدا گۈل - چىمەنگە تولغان، ئېرىقلىرىدا شەربەت ئېقىپ تۇرغان شاھانە باغىنى، ئىشق - ھەۋەسنىڭ خۇمارىدا ئەس - ھوشىنى بىلمىگۈدەك دەرىجىدە مەستخۇشلىشىپ، ئاشىقلىقتىن ياتالماي، ۋۇجۇدىغا پاتالماي قان يۇتۇپ يۈرگەن ئاق ئاتلىق شاھزادىنى، نېپىز يىپەك لىباسلارنىڭ ئىچىدە تالدەك تولغىنىپ، قىلدەك ئۆلغىنىپ، كۆككە بېقىپ ئاھ تارتىپ ياتقان گۈزەل نازىنىننىڭ ۋە ئۇلارنىڭ تەسىرلىك مۇھەببەت قىسسىسىنىڭ ھۇزۇرىنى سۈرۈپ مېڭىشى ھەرگىز سەۋەنلىك ئەمەس. تارىختىكى ھەربىر ئىنسان قوۋمىنىڭ غايىۋى ئارزۇ - ئىستەك بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئوتۇپىك ئىنسان، دۆلەت، جەمئىيەت قۇرۇلمىسىنى تەسەۋۋۇر قىلىش، بېكىتىش ھوقۇقى بار ۋە شۇنداق ئىنسانىي ۋاپا، مۇھەببەت، كىشىلىك ئالاقە مىزان چۈشەنچىلىرى ئارقىلىق ئىجتىمائىي قۇرۇلما قېلىپىنى تۇرغۇزۇپ چىقىش مەجبۇرىيىتى ھەم بار. ئۆز ئەپسانە - رىۋايەت، چۆچەك، قىسسە، ناخشا - قوشاقلىرى ۋە شۇنىڭغا سىڭگەن ئارزۇ - ئىستەكلىرى ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ كەلگۈسى غايىۋى جەمئىيەت لايىھىسىنى تۇرغۇزالمىغان خەلقنىڭ كېلەچىكىدىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس. ئەپسانە - رىۋايەتلەر، چۆچەك - قوشاقلارغا شۇ دەۋر كىشىلىرىنىڭ ئەنە شۇنداق ئارزۇ - ئىستەككە تولغان ئىنسان، دۇنيا، دۆلەت، جەمئىيەت ھەققىدىكى چۈشەنچىسى سىڭىپ كەتكەن بولىدۇ. ۋەھالەنكى، ۋە يەنە ئەگەر بىر خەلقنىڭ جەمئىيەت ھەققىدىكى چۈشەنچە قارىشى ئەنە شۇنداق غايىۋى خىيال، ساماۋى ئارزۇ - ئىستەككە تولغان ئەپسانە - رىۋايەت،

چۈچەك قۇرۇلمىسىدىن ھالقىپ ئەمەلىي، رېئال، كونكرېت لايىھە - چۈشەنچىلەرگە تەرەققىي قىلالماي ئارزۇلۇق ئەپسانە تۇسىدىلا توختاپ قالسا، بۇ كىشىنى بەزلەپ، ئاۋۇندۇرۇپ، تىلىنى تاتلىق، دىلىنى شادلىققا ئورايدىغان ئەپسانىۋى خىيال پېتى قېلىۋېرىدۇ - دە، بۇ خەلقتە رېئاللىققا جىددىي، كەسكىن مۇئامىلە قىلىدىغان سوغۇق قان ئەقلىي تەپەككۇر پىشىپ يېتىلمەيدۇ. غايىۋى ئىستەك گۈزەل رېئاللىققا، ساماۋى چۈش ھەقىقىي ئەمەلىيەتكە ئايلىنالمايدۇ. كالپۇكلار يېرىلىۋېرىدۇ، ماغدۇرسىزلىق بېسىۋېرىدۇ.

ئەپسانە - رىۋايەت ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئۆزۈلمەي داۋاملاشتى، گۈزەل ئىشق - مۇھەببەت داستانلىرى تەكرار - تەكرار يېزىلدى، ئېيتىلدى. ئەمما، شەپقەتسىز رېئاللىق ئەپسانىگە باقماي داۋاملىشىۋەردى، يامانلىشىۋەردى. ئەمدى ئاشۇ رېئاللىققا قايتىش، غايىۋى ئادەملەرنىڭ ئەپسانىۋى قىسسىلىرى ھەققىدىلا ئەمەس، ھايات ياشاۋاتقانلارنىڭ تەقدىر - ئىقبالى ھەققىدىمۇ تېرەن ئويلارغا چۆكۈپ بېقىش كېرەك ئىدى. رېئاللىق غايىدىن مەڭگۈ ئۇستۇن تۇرىدۇ. مېنىڭچە، فەرھاد شۇ خىل ئوينىڭ تۇرتكىسىدە كۆكتىن چۈشكەن، كۆرگىلى، تۇتقىلى، ھېس قىلغىلى، يېقىنلاشقىلى، ھەتتا ئۆزىمىزنى ئۇنىڭ ئورنىغا قويۇپ باققىلى بولىدىغان رېئال سالاھىيەتتە ئارىمىزغا قايتىپ كەلگەندى. بۇنى دادىللىق دېگىلى بولاتتى ھەم بۇ «قوش قايتىش»نى ئىپادىلەپ بېرەتتى. ئۇنىڭغا فەرھادنىڭ قايتىشى، غايىنىڭ رېئاللىققا ئايلىنىشى، نۇرمۇھەممەد توختىنىڭ ئۇسلۇبىتا كلاسسىزمغا، خاھىشتا رېئالىزمغا قايتىشى دېگەندەك نۇرغۇن قايتىش قاتلاملىرى سىڭىپ كەتكەندى.

كلاسسىك كۆي زامانىۋى ئۇدارغا، زامانىۋى مۇڭ كلاسسىك بايانغا، كلاسسىك روھ بۈگۈنگە، بۈگۈننىڭ مەۋجۇدىيىتى ئۆتمۈشنىڭ تارىخىي پۇتۇكلىرىگە، ئەجدادىنىڭ قېنى ئەۋلادىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تومۇرىغا، ئەۋلادىنىڭ نەپسى ئەجدادىنىڭ تىنىقىغا قايتقان، ئۇلاشقان ئاشۇنداق سەرخۇش ھاياجانلىق، دەرد ـ پىغانلىق دەملەرنىڭ بىرىدە خىيالىمدا نىمىشقىدۇر نەۋائىي ھەزرەت بىلەن نۇرمۇھەممەد توختىنىڭ روھىي دىدارى مۇلاقىتى زاھىر بولۇپ قالدى. تەپەككۇر تۇيغۇمنىڭ چوڭقۇر بىر يېرىدىن ئۇلارنىڭ ئاۋازى كېلەتتى.

— نېمە ئىشلارنى قىلىۋەتتىڭ، ھەي گاداي! — دەيتتى نەۋائىي ھەزرەت چۆچۈگەن ئاۋازدا.

— كەچۈرگەيلا، ھەزرىتىم. ھەددىمدىن ئېشىپ تەقسىر ئۆمۈرلۈك مېھنىتى بەدىلىگە بىنا قىلىغان شاھانە قەسرىنى لاي پاچاقتا بۇلغىدىم.

— توۋا ـ تەۋەززۇنى قويۇپ، ئېيتقىنچۇ، فەرھاد — مەن پۈتۈن ئىشقىم بىلەن تىكلەپ چىققان ئاشۇ سۇباتلىق، پەزىلەتلىك، مۇھەببەتلىك شاھزادەم قېنى؟

— مانا شۇ، ھەزرىتىم. مىڭ يىل ئاۋۋالقى فەرھادنىڭ ئەسىر ـ ئېرادىن كېيىنكى روھىي ئەرۋاھىنىڭ كۆچكەن ھال ـ ئەھۋالى شۇدۇر... مەندە نە ئىلاج؟ ئۇنى ياساپ ـ تارىغۇم كەلمىدى. تازنىڭ گەدىنىگە ئىپار چاچايمۇ؟ مەدىكاردەك، كالىدەك، ئېشەكتەك ئىشلەشتىن باشقىنى بىلمەيدىغان، ئاڭ، تەپەككۇر، ئەقىل ـ ئويدىن ھوش ـ خۇشى كەتكەن، ۋۇجۇد كالامىغا ئۆزلە زوق ـ ھەۋەس، مۇھەببەت بىلەن جۇغلىغان «ئەسەبىي مۇتلەق»لەردىن سەيلە، ئويۇن ـ تاماشا، ئەيش ـ ئىشرەتكە خۇشتارلىقلا قېپقالغان، فەريادقا تەڭكەش بۇ فەرھادنى ھەييارلىق، مەككارلىق، كاززاپلىق بىلەن ئۆزلەگە بوياپ ـ ياساپ تەڭداشسىز قىلىپ كۆرستەيمۇ؟... ھەقنى ھەق سۆزلەشنى مىزان بىلگەن ئۆزلەنىڭ ئالدىدا پېقىر ئاجىزنىڭ ھەقنى باتىلغا ئارىلاشتۇرغۇسى كەلمىدى، ھەزرىتىم ... يىللار ئۇنىڭ قەددىنى پۈكۈپتۇ، تۈگىمەس تالان ـ تاراج ئەقلىنى يەپتۇ. ئاچلىق ھالىنى

قويماپتۇ. ۋەھىمە ۋۇجۇدىغا كۆمۈلگەن خىسلەتلەرنى تېخىمۇ كۆمۈپ تاشلاپتۇ، ئىستىبدات بۇلاقلىرىنىڭ كۆزىگە قۇم ـ توپا تولۇپتۇ... مەندە نە ئامال؟... ھەقىقەتەنمۇ، ئۇنىڭ روھىي ئەرۋاھىدىن «ئاراملىق خۇددى بەتقا قۇشنىڭ تۇخۇمىدەك غايىب بولدى. تىنچلىق سۇمۇرغ قۇشىدەك كۇھىقاپنىڭ ئىچىدىن ۋەتەن تۇتتى»①.

— مەن ئۇنىڭغا ئاجايىپ ئۇلۇغ ئىلىم ـ ھېكمەتنى، قەدىر ـ قىممەتنى بەرگەنىدىم ...

— ھەئە، ھەزرىتىم. ئۆزلە ئۇنى كامىل ئىنسان، بەدىئىي زېمىننىڭ يېتۇك نەمۇنىسى سۈپىتىدە تىكلەپ بەرگەنىدىلە. ئۇنىڭ ئۇلۇغلۇقىغا ھېلىھەم ئاسمان ـ زېمىن، ئادەم ـ مەخلۇق تىل ـ دىلى بىلەن قايىل. ئەپسۇسكى، مەن ئۇنىڭ بۈگۈنىنى يازاي دېگەندە، ئۇ ئۇلۇغ تۇرۇپمۇ ئۆز ئۇلۇغلۇقىنى بىلمەس ھالدا تۇرۇپتۇ. ئۇلۇغ تۇرۇپمۇ ئۇلۇغلۇقىنى سېزەلمىسە، بىلەلمىسە، بۇ مىسلىسىز پاجىئە ئىكەن، ھەزرىتىم... نە ئەجەبكى، بۇ گۇناھ مېنىڭدە بولسا ـ ھە؟! مەن ئۇنىڭ قايتىش قانۇنىيىتى، قايتىش ھېكمىتىدىكى ئۆرلەش، بېرىش، قېچىش، چۈشۈش، كۆتۈرۈلۈش، يۈكسىلىش پايانىغا قەدەم بېسىشىغا مۇنتەزىر ئىنتىزارمەن ... ئۇ ئۆرلىسە مەن ئۇچامدىم. يولباشچى ئۇلۇغلۇقىغا قايتسا ئەھلى ـ جامەسى دانىشلىقنى تاپمامدۇ، ھەزرىتىم...

— مەن جاھاندىكى جىمى گۈزەل تەۋسىپ ـ سۈپەتلەرنى خاقانى چىنىغا مۇجەسسەملەپ، ئۇنى يېگانە مەملىكەتكە ئايلاندۇرغانىدىم.

— شۇنداق، ئۇ بىر بۈيۈك شەھەر ئوتۇپىيىسىگە ئايلانغانىدى... لېكىن، يۇرت ئىگىلىرى مېھىر ـ شەپقەتتىن، ئاۋام ـ پۇقرا ئىتائەتتىن كەچسە، بىر ـ بىرىنى پاتۇرمىسا جازاسى شۇ بولىدىكەن... ئاشۇ بۈيۈك شەھەرنىڭ تۆت پەسىل

① مولللا مۇسا سايرامى: «تارىخىي ھەمىدى»، 1985ـ يىل نەشرى. 175ـ بەت.

www.uyghurkitap.com

جۇلالىنىپ تۇرىدىغان باغلىرىغا قۇم ياغدى، ھەتتا گۇمانىزملىق روھىنىڭ نامايىشى بولغان ئىسكەندەر سېپىلىمۇ كۆل بولدى... ئەمما ھەزرىتىم، ئاشۇ سەلتەنەت ماددىي زېمىندا خىرەلەشكەن بىلەن روھىي زېمىنغا كۆچتى، ئەمما ئۆچمىدى. ئۇ ھېلىھەم ھەممىنى غۇرۇر، ئىپتىخارلاندۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ. دىلدىكى قەلئە ئەڭ بۈيۈكتۇر ھەزرىتىم. شۇ بولسىلا يەنە باشقىسىمۇ نېسىپ بولۇپ قالار.

— فەرھادنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئىلاھىي ئىشقنى يوق قىپسەن، گاداي. ئۇ تولىمۇ قۇرغاق، ئاددىي ھاماقەتكە ئايلىنىپ قاپتۇ. ھەتتا نەچچە ئەسىرلەپ بىر - بىرىنىڭ ۋىسالىغا مۇشتاق - ئىنتىزار بولۇپ كەلگەن ئاشىق - مەشۇقلارنى ئۇچايلا ۋىسالىغا يەتكۈزۈپ، بېشىغا ياستۇق قويۇپ بېرىپسەن. نە ئەجەبكى، بۇ تولىمۇ يەڭگىللىك بولماي - ھە؟

— زامانغا باقتىم، ھەزرىتىم. يازارمەن دەۋر چالغان ساز. دەۋرنىڭ يۈرىكىدە قاي بەھرىدىكى ئىشق - كۈي كۈۋەجىسە، يازارمەننىڭ تىلىدىن شۇنداق مۇڭ تۆكۈلىدۇ. ئېرىشەلمەسلىك بىزگە ئەنئەنىمۇ؟ يوقىتىش، مەھرۇم بولۇش، ئايرىلىپ قېلىشتىن پەيدا بولىدىغان دەرد - پەريات بىزگە مەڭگۈلۈك ئۇدۇممۇ ھەم يەنە شۇ پېتى داۋاملىشىشى كېرەكمۇ؟ شۇقەدەر زور ئىستىبدات ئىگىسى بىر خوتۇننىڭ دەردىدە ئاھ ئۇرۇپلا پۈتۈنسۈرۈك بىر مەملىكەت، خەلقنى ئۇنتۇپ سەرسان - سەرگەردان بولۇپ كەتسە - ھە؟! ياق، فەرھاد ۋۇجۇدىغا سىڭدۈرۈلگەن ئىلاھىي ئىشق (ئەگەر ئۇ راستتىنلا شۇنچە كۈچلۈك ۋە چىن بولسا) ئۇنىڭ مۇنداق بىچارە ھالغا چۈشۈپ قېلىشىنى تەستىقلىمايدۇ. مەن ئەنە شۇنداق ئويلايتتىم. مېھىر - مۇھەببەت بىلەن ئىشق - مۇھەببەت ئوخشاش نەرسە ئەمەسقۇ. مېنىڭ ئۇلارنى ۋىسال دەملىرىگە ئۇلاشتۇرۇپ باققۇم ۋە ئۇلارنىڭ شۇنىڭدىن كېيىنكى ھاياتىنى رېئال پوزىتسىيە بىلەن كۆرۈپ

باققۇم بار ئىدى. شۇنچىۋالا زارىققان ئاشىق ـ مەشۇقلار ۋىسال دەملىرىگە ئېرىشكەن بولسا قانداق بولار ئىدى؟ ئۇلار ئۆزلىرى پۈتكۈل ئىشقى ۋۇجۇدى بىلەن ئىنتىلگەنلىرىنىڭ بەلگىلىك زامان ئۆتكەندىن كېيىن ئەسلىدە ئۇنچىۋالا بۈيۈك، مۇقەددەس نەرسە ئەمەس ئىكەنلىكىنى، ئەسلىي مۇقەددەسلىكىنىڭ باشقىدا ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالارمىدى؟ ئۇلار ئۇلۇغلىغان مۇقەددەس تۇيغۇ ئاددىيلىشىپ، پۇچەكلىشىپ كېتەرمىدى؟ ئەمەلىيەتتە، مېنىڭ ئۆزلەنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى بۈيۈك تالانت ـ ئىستېدات ئىگىسى فەرھاد شاھزادىنىڭ باشقىچە بىر جۇش ـ تۇسمىنى بەكلا كۆرگۈم بار ئىدى، ھەزرىتىم. مېنىڭچە بولغاندا، ئۇ باشقىچە ياشىشى كېرەك ئىدى. بۇ بەلكىم مەندىكى تېخىمۇ غايىۋى ئويدۇ؟! ئىشقىلىپ، مېنىڭ ئۇلارنى بۇگۇنگە قويۇپ بەرگۈم كەلدى. تەبىئىيكى، ئۇلار ۋىسال ياستۇقلىرىغا باش قويدى. بەلكىم مەن ئىلاھىي ئىشقنى ئاددىي چۈشەنگەندىمەن ياكى بىز ۋۇجۇدىمىزدىكى ئىلاھىي تۇيغۇلارنى يوقىتىپ قويۇۋاتقاندىمىز ۋە ياكى رېئاللىقنى تولىمۇ ئاددىي كۆز ـ نەزەر بىلەن كۆزىتىۋاتقاندىمىز، ۋە ياكى رېئاللىق كۆپ ئاددىيلىشىپ كەتكەندۇ... ئىشقىلىپ فەرھاد شۇنداق تۇرەلدى. ئۇنىڭ ۋىسال دەملىرىگە ئۇلىشىشى تېخىمۇ غەلىتە، غەيرىي ھالدا رويابقا چىقتى. بەلكىم ئىنسان ئەسلىدىن شۇنداق ئاددىيدۇر، قىسقارتقاندا، مەن ئۆزۈمگە تۇشلۇق ئويلىيالىدىم، ھەزرىتىم.

— فەرھاد كۆكتىن چۈشمەسلىكى كېرەك ئىدى. ئىنسانغا يۈلتۈز كېرەك.

— ئۇنى مەن چۈشىنۇرمىدىم، ھەزرىتىم... مەن پەقەت فەرھادنى رېئاللىقتا ياشىتىپ باقاي دېدىم. يازمىنىڭ مۇددىئاسى غايىنىڭ ئاسمىنىغا شاھانە قەسىر، يېگانە تىپ تىكلەشلا ئەمەسقۇ؟! مەن يازما رېئاللىققا قادالغان مىخ ـ زىخ بولالىسا، شۇنىڭغا بەكرەك مۇشتاقمەن ... ئەمما، بايقىدىمكى ھەزرىتىم،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۆزلە شاھزادىمىزنى يۇنان دىيارىدا ئۈچ ئاپەتنى يېڭىپ ئۆتۈپ، غاردا ئىستىقامەت قىلىپ ئولتۇرغان سوقرات بىلەن ئۇچراشتۇرغانىدىلە. ئاشۇ سوقرات مۇنداق دېگەنىكەن: «ئەگەر روھ ئالدى بىلەن ئۇ دۇنيادا بولمىسا، ئۇنىڭ بۇ دۇنياغا قايتىشى مۇمكىن ئەمەس»①. ئۇنىڭ — فەرھادنىڭ روھىي مەۋجۇت ئىدى. شۇڭا، ئۇ سىلىنىڭ قەلەملىرىڭگە، قەدەملىرىڭگە قايتقانىدى ۋە يەنە تالاي ئەدىبنىڭ ئىجاد قەسىرىگە تەكرار - تەكرار قايتقانىدى. ئۇ ئەمدى يەنە قايتتى ھەم يەنە قايتىۋاتىدۇ، قايتىدۇ. ئۇنىڭ روھىي ئۇلۇغدۇر. بۇ روھ ئۇلۇغ ماكاندىن نۇرلىنىپ چىققان ۋە ئۆزلەدىن بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى ئۇلۇغلارنىڭ نەزىرى چۈشكەن. تەگ - تېگى ئېسىللىق، ئۇلۇغلۇققا باغلانغان روھنىڭ يەردە قالغىنى، خارلىقتا قالغىنىنى كىم كۆرگەن، دەيلا؟! چوقۇمكى، ئۇ قايتىدۇ ھەم ھېلىھەم ئۈن - تىنسىز، ئۆزىمۇ بىلىپ - بىلمەي قايتىش تامان يول ئېلىۋاتىدۇ. ئۇ قايتمايمەن دېسىمۇ، قايتىش قانۇنىيىتىنىڭ تەبىئىي ھۆكمى ئۇنى قايتۇرىدۇ. «تاڭ ئاتمايمەن دېسىمۇ، كۈن ئۇنىماپتۇ» دەيدىغان گەپ بارغۇ؟! ھەئە، شانۇ - شەرەپتىن، شەۋكەتتىن، زەپەردىن دەرس ئاڭلىغان، ئۇلۇغلۇق قان - قېنىغا سىڭگەن ئاشۇ مەڭگۇ ئۆلمەس روھ — «ئەسەبىي مۇتلەق» يۈز يىل، بەش يۈز يىل، مىڭ يىل، ئون ئەۋلاد، يۈز ئەۋلاد ئۆتسىمۇ ئۆزگەرمەيدۇ... پەقەت ئۇ ھازىر ئويۇن - تاماشا، سەيلە، ئەيش - ئىشرەت تەكتىدە بېسىلىپ قالدى. ئەمما، يوقالغىنى، ئۆلگىنى، ئۆچكىنى يوق. بىر كۈنلەر كېلىپ، ئۇ ئەقىل - ھوشىنى تېپىپ ئۆزىنىڭ بۈيۈك قايتىش يولىغا ئومۇمىيۈزلۈك قەدەم ئالىدۇ. بۇنىڭغا ئىشەنسىلە، ھەزرىتىم... گەرچە ئۇنىڭغا جەريان كەتسىمۇ، ئۇ

① «ئەپلاتون پاراڭلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1996- يىل نەشرى، 156- بەت.

چوقۇم قايتىدۇ.

— شۇنداق بولسۇن، ئىلاھىم. ئۇ ئۆيگىنىش دەۋرىنىڭ — بۈيۈك دەۋرنىڭ تەۋەللۇتى.

— ئۇ بىزگە ئايان، ھەزرىتىم. «ئۆيگىنىش دەۋرىنىڭ گۇمانىستىك غايىسى فەرھاد ئوبرازىغا مۇجەسسەملەنگەن» (ژىرمۇنسكى). ئۆزلە ئۇنى تىكلەپ چىققاندا «ئىنساننىڭ يەككە ھالەتتىكى خۇسۇسىي كەچۈرمىشلىرىگە ئەمەس، بەلكى فەرھاد ۋە ئۇنىڭ ۋەتەنداشلىرىنىڭ ئومۇمىي سائادىتىگە كۆڭۈل بۆلگەن»[1] ئىدىلە. مەن ياراتقان فەرھاد ئۆزىنىڭ يەككە بەختى ئۈچۈنمۇ كۆڭۈلشىمەيدىغان، ئۆزىنىڭ ئەقلى، قېنى، روھىغا سىڭدۈرۈلگەن ھېكمەتلەرنىمۇ ھېس قىلالمايدىغان دەرىجىدە بىقۇۋۋۇل مەيدانغا چىقىپ قالدى. مەنمۇ باشقىلارغا ئوخشاشلا «سەرۋ گۈللىرى ئارىسىدىكى خەشەك ياكى ماتادەك چېنىپ»[2] قالدىم.

— مەن تۈركىي شېئىرىيەتتە بايراق كۆتۈرۈپ چىقىپ، بۇ مەملىكەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ھەممىنى بىر قەلەم ئاستىغا ئالغانىدىم»[3] ھەمدە «تۈركىي خەلقلەرنىڭ خۇش تىللىرىغا بۈيۈك بىر ھەقىقەتنى ئىسپاتلاپ بەرگەنىدىم.»[4] سىلەرچۇ؟ بەدىئىي زېمىنىنىڭ شاھانە ئەركىسى فەرھاد، گۈزەللىك مەملىكىتىنىڭ يېگانە مەلىكىسى شېرىنىنىڭ سىلەردىكى ھال - كەچمىشى شۇ بولغان يەردە، ئاشۇ ئەدەبىيات مەملىكىتىنىڭ پاسىبانلىرى بولمىش سىلەرنى قاي ھالدا كۆرەرمىز؟

---

① ئەسەت سۇلايمان: «نەۋائىي دەۋرى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ئەدەبىي ئۆيگىنىشى»، «تارىم قوۋۇقى چېكىلگەندە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2002 - يىل نەشرى، 294- بەت.

② ئەلىشىر نەۋائىي: «ھەيرەتۇل ئەبرار»دىكى مۇنۇ مىسرالارغا قاراڭ:

كۆپ كىشى ھەم قىلدى تەتەببۇئ ھەۋەس،

سەرۋگۇل ئوترۇسىغە كەلتۈردى خەس.

③ ئەلىشىر نەۋائىي: «لىسانۇتتەير»، «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1993- يىللىق 1- سان.

④ ئەلىشىر نەۋائىي: «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەين»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1998- يىل نەشرى، 53-بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئاۋاز ئۆزۈلدى، ئېغىر تىنغان، خورسىنغان، پۇشۇلدىغان ئاۋازدىن كېيىن يەنە سادا كەلدى:

— بىز... بىزمۇ تىرىشىۋاتىمىز، ھەزرىتىم. ئاشۇ ھەقىقەتنى ساقلاش، قايتىدىن ئىسپاتلاش ئۈچۈن بىزمۇ يەنە تىرىشىۋاتىمىز... بىزمۇ...

— ھە، بولدى... بولدى. ئەمدى ئارامىمدا قوي، گاداي. ھە راست، فەرھادقا تېز ئەگەش... ئۇنىڭ ئەمدىكى قىلمىش - ئەتمىشلىرىنى زامانداشلىرىڭغا تېز يەتكۈز. ئۇنىڭ، ئۇلارنىڭ قايتىش يولىغا ئومۇميۈزلۈك قايتىپ كېلىشىگە ئىنتىزارمىز. ھەم مېنىڭ لەۋزىم بىلەن ئېيتقىنكى: «سەن تالاي قىيىنچىلىقلارنى تارتتىڭ، ياراتقۇچى شۈبھىسىز بۇلارنىڭ ئەجرىنى بېرىدۇ»[①]. ئۇ ئۆزىمۇ دېگەنىدىغۇ: «ئەڭ ياخشىسى شۇكى، ئۆزۈمنى بىلىپ، قولۇمدىن كەلگىنىچە ئۆزۈمنى ئۆزۈم قوغدىغىنىم تۈزۈك»[②] دەپ. شۇلارنى ئەسلىتىپ، ئېسىگە سېلىپ قوي. ئۇ كەلمەستىلا ئىقلىم ئۇنىڭ خۇشخەۋىرىدىن تەنتەنىگە چۆمگەنىدى. ھېلىھەم ئۆز بۇرچ - بۇرجىنى ئۇنتۇپ قالمىسۇن. ئاندىن بۇنى قايتىش دېگۈلۈك...

— خوپ ھەزرىتىم.

— بولدى، ئەمدى قايت. قىسسەڭنىڭ داۋامىنى كۈتەي. ئەمدى مېنىڭ جانجىگەر فەرھادىمنى قانداق قىسمەتلەر كۈتۈپ تۇرىدىكىن؟ ئەي چەرخى پەلەك، نېمە كۈن بۇ - ھە؟! قارا يەرنىڭ تەكتىگە كىرىپمۇ يەنە شۇ غەم - غۇسسە تۈپەيلى كۆزۈمدىن ياش قۇرۇمىسا! ... نۇرمۇھەممەد، توختا! بۇ تىلسىزلارنىڭ تىلىدۇر، دىلسىزلارنىڭ دىلىدۇر. «ئۆز تىلىدىن بېشىغا ئاپەت يەتمەسلىكى ئۈچۈن بۇنى ئاڭلىغان كىشىلەر يەنە باشقىلارغا شەرھلەپ

---

① ئەلىشىر نەۋائىي: «فەرھاد - شىرىن»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2006 - يىل نەشرى. 119- بەت.

② يۇقىرىقى كىتاب، 131-، 132- بەتلەر.

ئولتۇرمىسۇن»![1]

چۆچۈپ ئېسىمگە كەلدىم. بۇ ئاۋاز نەدىن چىقتى؟ قايسى نۇرمۇھەممەدكە ئېيتىلدى؟ يا خۇدا، ئۆزۈڭ ساقلىغايسەن ! نۇرمۇھەممەد توختى قايتىپتۇ. نۇرمۇھەممەد ئۆمەرمۇ ئۆزىگە، سۆزىگە قايتسۇن !

※ ※ ※

نۇرمۇھەممەد توختى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا بىر مۇقىم قېلىپتا داۋاملىشىپ كەلگەن قىسسىنىڭ بايان ـ قۇرۇلما ئەندىزىسىنى بۇزۇپ تاشلاپ ئۇنى پۈتۈنلەي يېڭىچە مەزمۇن، يېڭىچە شەكىل ۋە يېڭىچە ئىجتىمائىي مۇھىتتا بايان قىلىپ ئۆزگىچىلىك ياراتتى. ئۇنىڭ ئۆزگىچىلىكى ــ بايانىدىكى تىل، تەسەۋۋۇر قۇرۇلمىسىدىكى ئەنئەنىگە قايتىشتا ۋە ئۇنى زور دەرىجىدە يېڭىلاش؛ پېرسوناژلارنى ئەسلىدىكى غايىۋى سالاھىيەت چەمبىرىكىدىن تارتىپ چىقىرىپ ئۇنىڭغا ھەقىقىي رېئال ئاددىي روھ، ئورۇن، بوشلۇق، قان، گۆش ۋە رېئال جەمئىيەتكە ئارىلىشىپ ياشاش پۇرسىتى بەرگەنلىكىدە؛ ئۇنى يالغۇز ئاشىق – مەشۇقلۇق زار ـ ئىنتىزارلىقلىرى بىلەن تولغان ئىشق – مۇھەببەت قىسسەلىرىگىلا ئەمەس، ئۇلار مەنسۇپ ئىجتىمائىي قۇرۇلمىنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرىغا ئومۇميۈزلۈك تۇتاشقۇچى تەپسىلاتلار ئارقىلىق جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي رېئاللىقىنى ئىشارەتلىك يوسۇندا ئېچىپ بېرەلىگەنلىكىدە؛ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا نەچچە مىڭ يىللاردىن بېرى ئەنئەنە سۈپىتىدە داۋاملىشىپ كەلگەن بايان ئۇسلۇبى، ئىپادىلەش ماھارىتىنى يېڭىچە ئىزچىللىقتا ئىگە قىلغانلىقىدا ۋە بايانىنى چوڭقۇر

[1] ئەلىشىر نەۋائىي: «لىسانۇتتەيىر»، «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1993-يىللىق 4-سانى.

www.uyghurkitap.com

پەلسەپىۋى مۇلاھىزە ـ مۇھاكىمىلىرى بىلەن تويۇندۇرۇپ ئەسەردە ئىستىتىك بالاغەتكە ماس ھالدىكى تەپەككۇر چوڭقۇرلۇقى يارىتالىغانلىقىدا كۆرۈلىدۇ. بولۇپمۇ ئەسەردىكى گۈزەل، يىقىشلىق بايان؛ ئىنكارنى ئىنكار قىلىش يولى بىلەن ھەسسىلەپ مۇقىمداپ كۈچەيتىلگەن، تەكرار سۈپەتلەش ئارقىلىق ۋايىغا يەتكۈزۈلگەن تەسۋىرلەر؛ ئىنچىكە، ھەربىر سۆز ـ جۈملىنىڭ قاتلاملىق مەنىسىگە قارىتا ئىلىپ بېرىلغان قايتا ـ قايتا يەشمە ـ ئىزاھلىق تەپسىرلەش شەكلىدىكى يىزىقچىلىق ماھارەتلىرى بىر ـ بىرىگە مەھكەم كىرىشىپ ئەسەرنىڭ ئىچكى تارتىش كۈچى ۋە زوقمەنلىكىنى زىيادە ئاشۇرۇۋەتكەن بولۇپ، ئوقۇرمەن يازغۇچىنىڭ مۇنداق تىل ھەييارلىقى، بايان ئۇستاتلىقى ئالدىدا تولىمۇ سەرخۇش بىچارە ھالغا چۈشۈپ قالىدۇ. مەن ئەسەرنى قانچە رەت ئوقۇغىنىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن. ئەمما، بىر جۈملە ئوقۇسام، تولىمۇ پۇختا، ئىنچىكە، لوگىكىلىق باغلىنىشى ھەددىدىن زىيادە مۇستەھكەم بايان ـ جۈملە قۇرۇلمىسىنىڭ قامالىدىن قۇتۇلالمايلا قالىمەن. بۇ ئەلۋەتتە يازغۇچىنىڭ بايان ماھارىتىدىكى ئۇستىلىقتىن كىلىدۇ. غەرب ئەدەبىياتىدا «ئۆلۈم نەزەرىيىسى قىزغىنلىقى» كەڭ ئەۋج ئالغان بىر مەزگىلدىن، يەنى نىتىزىنىڭ «خۇدا ئۆلدى»، فۇكوۋنىڭ «ئادەم ئۆلدى»، نىبىال لۇسىنىڭ «نەزەرىيىنىڭ ئۆلۈمى»، «تەنقىدنىڭ ئۆلۈمى»، «تارىخنىڭ ئۆلۈمى»... دىگەندەك ئاخىرلىشىش، ئۆلۈم نەزەرىيىلىرى مودا بولغان بىر مەزگىلدە فرانسىيە قۇرۇلما ئەدەبىيات نەزەرىيىچىسى رولان بارتىس «ئاپتورنىڭ ئۆلۈمى» نەزەرىيىسىنى كۆتۈرۈپ چىقتى. ئارقىدىنلا فرانسىيىلىك پەيلاسوپ، جەمئىيەتشۇناس مايكىل فۇكوۋ «ئاپتور دىگەن نىمە؟» دىگەن ئەسىرىدە رولان بارتىسنىڭ كۆز قارىشىنى تىخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا چوڭقۇر چۈشەندۈردى. ئاشۇ قاراشلاردا ئاپتورنىڭ باياندا كۆرۈلمەسلىكى،

ئەسەرنىڭ بايانىغا قاتناشماسلىقى، ئۆز پىكىر - مۇلاھىزىلىرىنى ئەسەرگە كىرگۈزمەسلىكىنى تەكىتلىگەن ھەم مۇنداق ئاپتورنىڭ سايىسىنىڭ يوقىلىشىنى ئاپتورنىڭ ئۆلۈمى سۈپىتىدە چۈشەندۈرگەندى. ئۇلارچە، ئاپتورنىڭ ئەسىرىنىڭ تەبىئىي بايانىغا چات كىرىپ ئارىلىشىشى بايانغا قىلىنغان ئىستىبلا، ئەسەرگە قىلىنغان مۇستەملىكىچىلىك بىلەن باراۋەر ئىدى. ئەمما، بىز نۇرمۇھەممەد توختىنىڭ بايانغا ھەدېسىلا قول - تىل تىقىپ، چات كىرىپ زوراۋانلىق قىلىپ تۇرغىنىنى ھېس قىلمىدۇق. ئۇنىڭ مۇھاكىمىلىرى بايانغا بىۋاسىتە ئارىلىشىۋېرىدۇ. بۇ نۇرمۇھەممەد توختى ئىجادىيىتىدە ئىزچىللاشقان ئالاھىدىلىك. ۋەھالەنكى، مەن ئۇنىڭ بايانغا قىلغان مۇنداق زوراۋانلىقىنى ياقتۇرۇپ قالدىم. ئەگەر ئۇنىڭ مۇنداق بايان ئىستىبلاسى بولمىغان، ھەرقەدەمدە كۆرۈلۈپ تۇرىدىغان ئاتىكارچىلىقى ئارقىلىق بايانىنىڭ ئىزچىللىقى تەشكىللەنمىگەن بولسا، مېنىڭچە «فەرھاد - شېرىن» مۇنچىۋالا ئوقۇشچانلىق، خاھىشچانلىق، ئۆزىدە چوڭقۇر يوشۇرۇن ئىشارىنى سىغدۇرغان قاراتمىلىققا ئىگە بولالمىغان بولاتتى. گەرچە بۇ خىل بايانغا سوقۇنۇش ئەسەرنىڭ ئېستېتىك بوشلۇقىنى ۋە ئوقۇرمەنلىك تەسەۋۋۇرىنى مەلۇم دەرىجىدە چەكلەپ قويسىمۇ، ئەمما ئۇ يەنە ئۆز نۆۋىتىدە يېتەكچى بايان سۈپىتىدە بىزنى تېخىمۇ چوڭقۇر تەپەككۇر، مۇلاھىزە پايانىغا ئەكىرەلەيدۇ. ئەسەرنىڭ بايان لىنىيىسىگە قاپ بەلدىن سوقۇنۇپ كىرىش ۋە ئۇنى ئەسەرنىڭ بەدىئىي ئىزچىللىقىنىڭ ئىنتايىن مۇھىم تولۇقلىمىسىغا، تېخىمۇ چوڭقۇر ئەقلىي مۇلاھىزىگە يېتەكلەپ ماڭغۇچى يولباشچىسىغا ئايلاندۇرۇۋېتىش نۇرمۇھەممەد توختىنىڭ ئەسەرگە قىستۇرۇلغان ئۆز سايىسىنى تۈيدۇرماي يوق قىلىۋېتىش ياكى پەردازلىۋېتىشتىكى ئۇستاتلىقىدۇر. مەن نۇرمۇھەممەد توختى قەلىمىدىن ئاپتورنىڭ ئەسەر بايانغا

سوقۇنۇپ كىرگەندىكى ھۇزۇرلۇق قىممىتىنى ھېس قىلدىم. قارىغاندا، قانداق بىر تەرەپ قىلىش ئاپتورنىڭ كۆرۈنۈش - كۆرۈنمەسلىكىگە ئەمەس، بەلكى ئۆزىنى كۆرسىتىش - كۆرسەتمەسلىكىگە، ئاشۇ مەسىلىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشتىكى ماھارەت - ئىقتىدارىغا، بايان سەنئىتىگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلە بولسا كېرەك. بۇ جەھەتتە ئاپتورنىڭ بايان ئىستېداتىغا قول قويماي ئامال يوق.

مەن باشتىلا «فەرھاد - شېرىن»نى روھىي ئېقىم سۈپىتىدە تەسۋىرلىگەنىدىم. ئۇنى ھەقىقەتەنمۇ بايان، تىل، قۇرۇلما، تەسەۋۋۇر، پېرسوناژ، سۇژىت، ئەسەر سىغدۇرۇپ ياتقان مەدەنىيەت قاتلىمى، ئەسەرنىڭ تەگ - تېگىدىن ئۆسۈپ چىقىپ تۇرىدىغان مۇئەييەن بىر ئېيتىم مۇھىتىدىكى مىللىي كىملىك، مىللىي تۇس - قىياپەت ۋە ئۇ بەخش ئەتكەن دەۋرىي سېلىشتۇرما ئىمكانىيىتى قاتارلىق كۆپ قاتلاملىق كۆزىتىش نۇقتىلىرىدىن كلاسسىزمنى زامانىۋىلىققا ماھىرلىق بىلەن سۆرەپ كىرگەن ۋە زامانىۋىلىق ئىچىدە قويۇق كلاسسىزم پۇرىقىنى گۇپۇلدىتىپ پۇرىتالىغان ئېسىل ئەسەر، نەمۇنىلىك ئىزدىنىش دېگۇم كېلىدۇ. مېنىڭ ئۇنى نەچچە دەۋرنىڭ «فەرھاد - شېرىن»نىڭ قاتلاملىق كىملىكى بىلەن بىر - بىرلەپ سېلىشتۇرۇپ چىققۇم كېلىدۇ ۋە ئۇ غۇلاچ تاشلاپ تۇرغان ئىشارەت - بېشارەتكە ئەگىشىپ مېڭىپ باققۇم كېلىدۇ. ئەپسۇسكى، قىسسە تېخى تۈگىمىدى، داستان تېخى ئاخىرلاشمىدى. بىزنىڭ زامانىۋى فەرھاد - شېرىنىمىزنىڭ قايتىش قانۇنىيىتى، قايتىش لوگىكىسى ئۇستىدىكى قىممەتكە، قىسمەتكە باي كەچۈرمىشلىرى ئاخىرلاشمىدى. مۆتىۋەر يازغۇچىمىز قەلەم تۇلپارىنى چاپتۇرۇپ، زوق گۇلخانىنى گۇرۇلدىتىپ ئاشىق - مەشۇقلىرىمىزنىڭ قايتىش سەپىرىنىڭ ئىزىدىن كېتىۋاتىدۇ. بىز قۇرۇق ھېس -

ھاياجان بىلەن تولغان بۇ ئەرزىمەس يازمىمىز ئارقىلىق يازغۇچىغا سالام يوللاپ تۇرايلى ۋە ئۇزاق ئۆمۈر، بەرىكەتلىك ھايات تىلەيلى. ئاشۇ گۈزەل قىسسىنىڭ، قايتىش قانۇنىيىتىنىڭ يۈكسەك پەللىلىرىدە خۇشچىراي دىدارلىشىش ھەممىمىزگە نېسىپ بولسۇن !

2007 – يىل 1 – ئىيۇل، ئۈرۈمچى.

# تۆۋىلىمە نېمىشقا قۇلىقىنى ئەتتى

(ئابلىكىم ئابلىمىتنىڭ «قوزا ماجىراسى» ناملىق ھېكايىسى ھەققىدە)

## 1

بىراۋنىڭ قۇلىقىنى ئېتىش ـ ئەتمەسلىكى تامامەن ئۆز ئىلكىدىكى ئىش. ئۇ گەپ خۇشياقمىسىمۇ، بىرەر گەپ ـ سۆز، ئىش ـ ھەرىكەتتىن نارازىلىق ھېس قىلسىمۇ ئارقىسىنى قىلىۋېلىشى، قۇلىقىنى ئېتىۋېلىشى ھەتتا پەش قېقىپ كېتىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. تۇرمۇشىمىزدا قۇلاقنى يوپۇرۇۋالىدىغان ئىشلار كۆرمىگىلاپ كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. كىشىلەر ئۇنى نورمال ئىش دەپ قارايدۇ، بىردەمدىلا پاك ـ پاكىز ئۇنتۇپ كېتىدۇ. بىراۋنى قۇلىقىنى ئېتىۋالدىڭ، گېپىمگە قۇلاق سالمىدىڭ، دەپ ئاغرىنىپ، قاقشاپ يۈرگىلى بولمايدۇ. شۇنداقلا بىراۋنى قۇلىقىدىن سۆرەپ ئۆز يوسۇنىغا كىرگۈزگىلىمۇ بولمايدۇ. قۇلاقتىمۇ خېلى چوڭ ئىدىيە ئەركىنلىكى بولىدۇ. قۇلاقنىڭ ئېتىۋېلىنىشى ھەققىدە ئىلىم ساھەسىدە گەپ سۆرەپ يۈرۈش سەل بىمەنىلىك بولۇشى مۇمكىن. ئەمما، ئۇنتۇماسلىق كېرەككى، قۇلاقنىڭ ئېتىۋېلىنىشى، يوپۇرۇلۇشىغا سەۋەب بولىدىغان نەرسە دەل بىمەنىلىكتىن ئىبارەت. ساراڭ ياكى ئازغۇن

بىرى بولمىسىلا دۈرۈس گەپكە بويۇن تولغاپ، پەش سىلكىپ يۈرمەيدۇ. بىمەنىلىك كېلىپ چىققاندا ، راست ـ يالغانلىقىنى بىلگىلى بولمايدىغان ئازغۇن سەپسەتىلەر يامرىغاندا قۇلاقنى ئېتىپ، بويۇن تولغاپ، پەش سىلكىپ ماڭالماي ناخۇشلارچە خور قېتىپ، كۆلۈپ، باش لىڭشىتىپ ئولتۇرۇشنىڭ ئۆزىنىڭ سېپى ئۆزىدىن بىمەنە سارائلىق بولۇشىدا گەپ يوق. سەپسەتىگە قارشى تۇرالماسلىق، ئۇنىڭ كېڭىيىشىگە سۈكۈت قىلىش بىمەنىلىكنىڭ قەددىنى تېخىمۇ رۇسلاپ، ئۇنى ھۆركىرىيەلەيدىغان قىلىپ قويىدۇ. ناتوغرا قاراش ھۆكۈمران ئورۇندا ئىلمىي، راستچىل، ھەقلىق ئىش ـ ئەمەل، گەپ ـ سۆزلەرنىڭ كۆرسى تۆۋەن، زوۋانى تۇتۇق بولىدۇ. ئۇنى ئاڭلايدىغانلارنىڭ سانى تېخىمۇ ئاز بولىدۇ. ھەممىيلەن راست ـ يالغانلىقىنى بىلگىلى بولمايدىغان قورۇق ۋەزگە دۇم چۈشكەن شۇنداق چاغلاردا قۇلىقىنى ئېتىۋالايدىغان، بويۇن تولغىيالايدىغانلار ھەقىقەتەن ئاز بولىدۇ. يامانلىققا بولسا ئەمەلدە، بولمىسا تىلدا، دىلدا بولسىمۇ قارشىلىق، نارازىلىق بىلدۈرۈش ئۈچۈن غانلا ئىككى پۇتلۇقنىڭ قولىدىن كېلىۋەرمەيدۇ. يولسىز ئىلىمنىڭ ئاسارىتىگە چۈشۈپ قالغان نۇرغۇن ئىنسىنىق يۈرەكلەرنىڭ خۇن ـ ھەسرەتتىن سىيىپ تۆگىشىپ كەتكەنلىكى تارىختا، بىزگە يات ئەمەس. بەزى چاغلاردا قۇلاقنى يوپۇرۇشقىمۇ پەۋقۇلئاددە جاسارەت كېتىدۇ. بەزىلەر قۇلىقىنى، كۆزىنى ئېتىپ چىركىن ئەقىدە ـ ئىلىملەرنىڭ قەلبىنى بويسۇندۇرۇشىنى ساقلاپ قالالىغۇدەك يۈرەك، پۈرسەتكىمۇ ئېرىشەلمەي ئېزىلىپ، خورلىنىپ ئەخلەتتەك قەدىرسىز ھالدا تاپقۇسىنى تېپىشىمۇ مۇمكىن.

ئابلىكىم ئابلىمىتنىڭ «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ 1999 ـ يىللىق 4 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان «قوزا ماجىراسى» (ئەسلى تېمىسى: «ئوغرى، رەھىم قىلىڭ») ناملىق ھېكايىسىدىكى تۇدىمەتنىڭ قۇلىقىنى ئېتىۋېلىشى ئاددىيلا بىر ئىش. بۇنداق تۇخۇ تۇكى ئىشلار ھەقىقىدە مېڭىنىڭ قېتىقىنى چىقىرىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

چىڭقىلىپ ئۇلتۇرۇش راستتىنلا بىمەنىلىك بولۇشى مۇمكىن. ئەمما، بۇنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىشلار تېخىمۇ بىمەنە. بۇنداق بىمەنىلىك كەڭ كۆلەمدە ئومۇملىشىپ مەلۇم بىر جەمئىيەت قاتلىمىدا ئورتاق پاجىئەگە ئايلانغاندا ۋە مىڭلىغان كىشىلەرنىڭ قولىقىنى ئېتىۋېلىشى، بويۇن تولغىشى، تەتۈر قارىۋېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغاندا ئۇ ئويلىنىشقا تېگىشلىك جىددىي مەسىلىگە ئايلىنىدۇ. تۇدىمەتنىڭ بىچارىلەرچە شۈمشىيىپ، قولىقىنى ئېتىۋېلىپ ئازاب بىلەن ئىڭرىشىدا شەخس تراگېدىيىسىدىن ھالقىغان ئېچىنىشلىق ئومۇم تراگېدىيىسىنىڭ ئاجىز نىداسى بار.

## 2

تۇدىمەت ئاددىيلا بىر دېھقان. دادىسىمۇ، ئانىسىمۇ يوق، يۆلىنىدىغان يۆلەنچىكىمۇ يوق، يەرگە قېقىلىپ قالغان يېگانە، ئەسكى قوزۇقتەكلا دۈمبىسى ئېچىلىپ قالغان كۆك نامرات. ئۇ «يىل بويى پاتاڭنى چىقىرىپ» ئىشلەيدىيۇ؛ «ئالغان بۇغداي، قوناق باج، جەرىمانە، ئۇ ھەققى، بۇ ھەققى بىلەن» تۈگەيدۇ. ئۇ رەھمەتلىك ئانىسىدىن قېپقالغان ئىككى قوي بىر قوزىنىڭ بىرىنى سېتىپ ئاشلىق ئېلىپ يازغا ئۇلىشىشنى، يەنە بىرىنى قوزىسى بىلەن بېقىپ كۆپەيتىپ ئۆيلىنىشنى ئويلايدۇ. ئەمما، توساتتىنلا نەس بېسىپ ئېغىلغا ئوغرى چۈشۈپ بىر قوزىلىق قوينى ئېلىپ كېتىدۇ. تۇدىمەتنىڭ پاجىئەسى ئاستا ـ ئاستا كېڭىيىشكە باشلايدۇ. بۇ پاجىئەلەرنىڭ ئۇنىڭ يەلكىسىنى ئۇزۇندىن بېرى تاغدەك بېسىپ كەلگىنى ئېنىق. ئەمما، ئۇنىڭ روھىي دۇنياسىدىن تارتىپ تۇرمۇشىنىڭ ھەربىر روجىكىگىچە چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ، ئۇنى مەھكەم ئىسكەنجىگە ئېلىپ تۇرغان قىسمەتلەر قوينى ئوغرى ئېلىپ كېتىش بىلەن بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى چۇۋۇلۇپ چىقىشقا باشلايدۇ. ساقچىلار

«ماشىنىنىڭ ماي پۇلى ۋە ئۆزلىرىنىڭ خىراجىتى»نى تۆلىتىپ ئوغرىنى ئىزدەپ باققان بولىدۇ... ئەترەت باشلىقى بۇغدايغا ئۇرۇقنى ۋاقتىدا سالمىدىڭ، دەپ يۈز كوي جەرىمانە ئالىدۇ. تۇدىمەتنىڭ بۇغدىيىغا ئۇرۇق سېلىپ بىرىش ئۈچۈن يەتمىش كوي ئالىدۇ. كەنت باشلىقى قويۇڭنى ئوغرىغا بېرىپ مەسىلە سادىر قىلدىڭ، كەنتنىڭ يىللىق خىزمەت نەتىجىسىنى نۆل قىلدىڭ، دەپ ئىككى يۈز كوي جەرىمانە ئالىدۇ ـ دە، پۇلغا ھېسابلاپ قوينى ئېلىپ ماڭىدۇ. تۇدىمەت بىرنېمە دېيەلمەيدۇ، بىچارىلەرچە قالىدۇ، قوزىنى باغرىغا باسقىنىچە «قاققان قوزۇقتەك تۇرۇپ» قالىدۇ. ئەمما، ئىش بۇنىڭ بىلەنلا تۈگىمەيدۇ، ئوغرى يەنە كىرىدۇ. تۇدىمەتنىڭ قېپقالغان ئەڭ ئاخىرقى قوزىسىنى ئېلىپ كېتىدۇ. ئوغرىنى تۇتۇپ جاجىسىنى بېرەلەيدىغان، قوزىسىنى ئېلىپ قالالايدىغان كۆتەكتەك پۇتۇنسۇرۇك بىر ئەرك بىخارامان، ئازادە، بىخۇدۇك ھالدا كېتىۋاتقان ئوغرىنىڭ كەينىدىن «ئۆتۈنۈپ قالاي، تېزراق ماڭ!» دەپ ئاچچىق شىۋىرلىسا، «خۇدا، مەندەك مۆمىن بەندەڭگە شاپائەت قىلىپ، ئوغرىنى مەڭگۈ يوشۇرغايسەن» دەپ ئەلھەمدۇلىللانى قايتا ـ قايتا ئوقۇيدۇ. ئوغرى يوقىغاندىن كېيىن بولسا «خۇداغا شۈكۈر، ئەمدى ئوغرىغا بەرگۈدەك ھېچ نەرسەم قالمىدى. كەنت باشلىقى، مەندىن خاتىرجەم بولۇڭ، قوزام يوقالدى، دەپ ھېچكىمگە دېمەيمەن»، دەپ پىچىرلىغىنىچە جىم بولىدۇ. ئەسەرنىڭ تراگېدىك توقۇنۇشى ئەۋجىگە چىقىپ كېتىدۇ. ئەسەر تۈگەيدۇ. ئەمما، بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا سۇرەتتەك ئۆيۈپ قالىدىغىنى «سىرغىپ چۈشكەن ئىككى تامچە يېشىنى ئەلەم بىلەن سۈمۈرۈپ يۇتۇۋەتكەن تۇدىمەت»تۇر. بىزنىڭ قەلبىمىزدە داۋالغۇپ تۇرىدىغىنى بولسا، نەچچە يىللاردىن كېيىن ئەدەبىياتىمىزدا توساتتىن «باقى تراگېدىيىسى»نىڭ يەنە بىر كەسمە يۈزىدە پەيدا بولغان «تۇدىمەت پاجىئەسى» ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدا يېيىلىپ ياتقان زەھەرخەندە قىسمەتلەرگە تاشلىنىدىغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سان ـ ساناقسىز، بىر ـ بىرىدىن ئاچچىق سوئال ـ سوراقلاردىن ئىبارەت. بۇ سوئاللارنى بىردەملىك ئاچچىق ھېسسىيات سۈپىتىدە تاشلاپ قويماي ئەقىل كۆز بىلەن كۆرۈپ، ئۇنىڭ ۋەج ـ سەۋەبلىرىنى مالتىلاپ نەزەردىن ئۆتكۈزۈپ بېقىش مەلۇم قىممەتكە ئىگە بولۇشى مۇمكىن.

تۇدىمەت پاجىئەسىنىڭ تراگېدىك نۇقتىسىدا شۇنداق سوئاللار ئېسىلىپ تۇرىدۇ: تۇدىمەت نېمىشقا شۇنچە قورقۇنچاق؟ ئۇنى قورقۇتقان نەرسە زادى نېمە؟ ئۇ نېمىشقا ئوغرىنىمۇ ئۆزىنىڭ قوزىسىنى تېزراق، ھېچكىمگە كۆرمەستە ئېلىپ كېتىش ھەققىدە پىنھان يالۋۇرىدۇ؟ خۇدادىن مەڭگۇ ئۇنى ئۆز پاناھىغا ئېلىشنى تىلەيدۇ؟ ئۆزىنىڭ ئىسسىق جېنىدىن باشقا ھېچنېمىسى قالمىغاندا بولسا خۇداغا شۈكۈر ـ ئېھسان ئوقۇيدۇ؟

قارىماققا بۇ جاۋاب ئەترەت باشلىقى ۋەياكى كەنت باشلىقى ئۈستىگە مەركەزلىشىدىغاندەك كۆرۈنىدۇ. ئەمما، مەسىلە ئۇنداق ئاددىي ئەمەس. تۇدىمەت ھەقىقەتەنمۇ ھەر ئىككىلىسىدىن شۇنچىلىك قورقىدۇ. «ئەزالارنى ئۇرۇپ كۆنۈپ قالغان كەنت باشلىقى يالغۇز يولدا ئۇچراپ قالغۇدەك بولسا، ئورمانلىقتا كىرىۋالىدۇ». ئەمما، بىلىش كېرەككى، كەنت باشلىقىمۇ، ئەترەت باشلىقىمۇ مەلۇم بىر تۈزۈمنىڭ ئىجراچىلىرىدۇر. ئۇلار قۇرۇقتىن ـ قۇرۇق كىشىگە ۋارقىراپ توۋلىيالمايدۇ. ئۇرۇق سالمايسەن ۋەياكى قويۇڭنى ئوغرىغا بېرىپسەن، دەپ جەرىمانە ئالالمايدۇ. تۇدىمەتنىڭ كۆزىنى يۇمدۇرغان، قولىقىنى ئەتتۈرگەن، «مەرىمە قوزام! سەندىن ئايرىلىشقا چىدىمايمەن، ئەمما قۇتقۇزالمايمەن» دەپ شۇمشەيتكۈزگەن، ئوغرىنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ كۆزىنى پارقىرىتىپ قاراپ تۇرۇشقا مەجبۇر قىلغان نەرسە دەل كەنت باشلىقى، ئەترەت باشلىقىنىمۇ ھۆركىرىتىپ، سەكرەتكۈزگەن نەرسىدۇر، يەنى قانۇن، قائىدە ـ بەلگىلىمىلەرگە، ئومۇمنىڭ مەنپەئىتىگە ۋە جەمئىيەتنىڭ تەرەققىيات تەلىپىگە تۈپتىن خىلاپ بولغان، بىر قىسىم يەرلىك

مۇتەئەسسىپلەر ئۆزلىرى خالىغىنىچە تۈزۈۋالغان يەرلىك سىياسەت، تۈزۈملەردۇر.

شۇبھىسىزكى، مەلۇم بىر جەمئىيەتنىڭ ساغلام، نورمال مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ئۈچۈن مۇئەييەن بىر قىممەت قارىشىنى بەلگە قىلغان سىياسەت ـ بەلگىلىمىلەرنىڭ بولۇشى مۇقەررەردۇر. ئۇ شۇ جەمئىيەتتىكى كۆپ سانلىق كىشىنىڭ قەدىر ـ قىممىتى، مەنپەئەتى، ھوقۇقىنى قوغداش ئاساسىغا قۇرۇلىدۇ. كىشىلەرگە نېمە قىلىش، نېمىنى قىلماسلىق ھەققىدە نىشان ۋە ئۆلچەم تۇرغۇزۇپ بېرىدۇ. ئىلمىيلىق ۋە سەممىيلىك ھەرقانداق بىر قانۇن، سىياسەت، تۈزۈملەرنىڭ جان تومۇرى. توغرا بولغان قىممەت قارىشى ھاكىم كۈچنىڭ ھاكىمىيەت ئەندىزىسىنى توغرا نىشان ۋە ئىلگىرىلەش يولى بىلەن تەمىن ئەتسە، ئىلمىي، سەممىي بولغان پوزىتسىيە تۈزۈمنىڭ ئىناۋىتىنى ئۆستۈرۈپ ئۇنى ئەلنىڭ ھەقلىق قوبۇلىغا ئېرىشتۈرىدۇ. ۋەتەن، ئەل، مىللەتنىڭ ئار ـ نومۇسى ئۈچۈن كۆكرەك كېرىپ جان بېرەلەيدىغان ئىمانى ئەركەك مەردانە يىگىت ـ قىزلار مانا موشۇنداق ئالدىنقى شەرت ئاستىدا مەيدانغا چىقىدۇ. ئاۋامنىڭ قوبۇلىدىن ۋە چىن ئىشەنچ ـ ھىمايىسىدىن قالغان تۈزۈم خۇددى قەرەللىك بومبىغا ئوخشايدۇ. ئۇ ھەرقاچان ئاپەت ئەكىلىشى مۇمكىن. تۈزۈمدە ھەق، ئىجرادا ئىلمىيلىق ۋە سەممىيلىك يوقىغاندا تۈزۈم ھەيۋىگە، كىشىنى قورقىتىپ چۆچۈتۈپ تۇرىدىغان پوپوزىغا ئايلىنىپ قالىدۇ ـ دە، ياكى ئاشكارا ـ يوشۇرۇن نارازىلىقنى ۋەياكى مەجبۇرىي ئىتائەتنى روياپقا چىقىرىدۇ. قانۇن ـ تۈزۈم قۇرۇق شوئارغا ئايلانسا ئىجرانىڭ قولىدا ھەرقانداق بالالارنى ئېلىپ كېلىدىغان قورقۇنچلۇق زوراۋانلىق دەستىكىگە ئۆزگىرىدۇ، ئەل ـ يۇقرانىڭ يىغا ـ زارىنى چىللايدۇ. بولۇپمۇ ئۇ توغرا بولغان نىشان، ھىمايە، نارازەتتىن ھالقىپ كىملەرنىڭدۇ ئۆز مەيلىچە

توقۇپ – چۈۋۈپ ئوينايدىغان ئويۇنچۇقىغا ئايلانغاندا تېخىمۇ زور پاجىئەگە ئايلىنىدۇ.

تۇدىمەت پاجىئەسىنىڭ كەينىدە ئىلمىيلىقتىن چەتلەپ زوراۋانلىق ۋاستىسىغا ئايلىنىپ قالغان، نىشاندىن چەتلىگەن قارا توردىن بىرى ئېسىلىپ تۇرىدۇ.

كەنت باشلىقى تۇدىمەتتىن قويۇڭنى ئوغرىغا بەرگەنلىك سەۋەبىدىن كەنتنىڭ يىللىق خىزمەت نەتىجىسى نۆل بولدى، يېزا بىزدىن جەرىمانە ئالدى، دەپ؛ ئەترەت باشلىقى ئۇرۇقنى ۋاقتىدا سالماپسەن، دەپ جەرىمانە ھېسابىغا بىر قوينى ئېلىپ كېتىدۇ... تۇدىمەت ئوغرىنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ مىت قىلىپ زۇۋان چىقىرىشتا يوق، خۇدادىن ئۇنىڭغا ئامانلىق تىلەيدۇ... ئوغرى شۇ قەدەر خاتىرجەم، پەرۋاسىز، خۇددى ئۆز قوتىنىغا كىرگەندەك...

بۇ يەردە بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزدا دائىم ئۇچراپ تۇرىدىغان تۇمەن مىڭ خىل شەرت – تەلەپلەرگە تولۇپ كەتكەن توختامنامە، مەسئۇلىيەتنامە ۋە باھالاپ – سېلىشتۇرۇشلار، شۇنداقلا ئۇ كەلتۈرۈپ چىقارغان قارا سايىلار كۆز ئالدىمىزدا ئايان بولىدۇ...

بىزدە توختامنامە، مەسئۇلىيەتنامىلەرنىڭ كۆپلۈكىدىن كىشى ھەيران قالىدۇ. ئىش ئورنى مەسئۇلىيەت تۈزۈمى، ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەش، ئامانلىق ساقلاش، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش، پىلانلىق تۇغۇت ... بۇنداق مەسئۇلىيەتنامە، توختامنامىلەردە كىشىنىڭ خىزمەت قىزغىنلىقى ۋە ئاكتىپلىقىنى قوزغايدىغان ئەمەلىي، نەق، ئىلمىي گەپلەردىن كۆرە جازا، تەدبىر، جەرىمانىلەرنىڭ ئاھاڭى يۇقىرى، كۈچلۈك بولىدۇ. توختامنامە، مەسئۇلىيەتنامىلەرنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ھەر ئىككى تەرەپ بىر – بىرىگە ھازىرلاپ بېرىدىغان شارائىت، ھوقۇق، ئىمكانىيەتلەر ئەمەس، ھەدېسىلا ئورۇنداشقا تېگىشلىك ئىشلار، بويسۇنۇشقا تېگىشلىك شەرتلەر، قويۇلىدىغان جەرىمانە، جازالار بىلەن لىق تولىدۇ. بىزنىڭ زەكىي ئەدلى –

ئەمەلدارلىرىمىز مەسئۇلىيەتنامە ئىمزالاش، توختام، تۈزۈم ئورنىتىش ئارقىلىقلا خىزمەت ئۈنۈمىنى ئۆستۈرگىلى بولىدىغانلىقىغا مۇتلەق ئىشىنىدۇ. بىزدە ئىلمىي تېخنىكا ۋە ئەقەللىي ئۆلچەم ـ تەلەپلەرنى تەكچىگە ئېلىپ قويۇپ، ئەھلى بولمىسىمۇ دېھقاننىڭ ئېتىزىنى قانداق، قانچىلىك ئۆلچەمدە سۇغىرىپ، ئوتايدىغان ئاددىي، كىچىك ئىشلارغىچە چېپىلىپ، بەلگىلەپ، تۈزۈم ئىجرا قىلىش ئۇچۇنلا ھاپىلداپ چاپىدىغان تەنتەك كۆرەڭلەر تالاي. جەمئىيەتنىڭ ئامانلىقىنى مەسئۇلىيەتنامە ئورنىتىش بىلەنلا ساقلاپ، ياخشىلىماقچى بولىدىغان، ئەمما ئەمەلىي، جىددىي مەسىلىلەرگە كۆزىنى يۇمۇۋالىدىغان؛ مەسىلە چىقسا جىنايەتچىنى ۋەياكى جىنايەتنىڭ تۈپ مەنبەسىنى يوقىتىشنى تۇتقا قىلماستىن، مەسىلە سادىر بولغان تەۋەلىك ۋە شەخسنى جازالايدىغان، جەرىمانە ئارقىلىق ئىش بىر تەرەپ قىلىشقا يۈگۈرىدىغان تەنتەك تۈزۈم بەندىچىلىكى بىزدە كەڭ ئومۇملاشقان ئىجتىمائىي جاراھەت. ئەمما ئۇنتۇماسلىق كېرەككى، تۈزۈم ۋە تۈرلۈك باھالاپ ـ سېلىشتۇرۇش ئۇسۇللىرى ئارقىلىق جەمئىيەتنىڭ ساغلام تەرەققىي قىلىشىنى، مۇقىم تىنچلىقنى كاپالەتكە ئىگە قىلىمەن دېيىش قۇرۇق سەپسەتە سېتىشتىن، ئامىمىنىمۇ، دۆلەتنىمۇ ئالداپ كۈن ئۆتكۈزۈشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. مەقسەتنى جەمئىيەتتىكى جىنايەت مەنبەسىنى تۈگىتىشكە، كىشىلەرنىڭ ئاڭ ـ سەۋىيىسىنى، تۇرمۇش ساپاسىنى ۋە ياشاش مۇھىتىنى ياخشىلاشقا، چىرىكلىك، زومىگەرلىك، قاقتى ـ سوقتى قىلمىشلارنى تۈپ يىلتىزىدىن يۇلۇپ تاشلاشقا قاراتماستىن، ئاۋامنى تۈزۈمگە بويسۇندۇرۇش، تۈزۈمنىڭ نوپۇزىنى قوغداشقىلا يېتەكلەش مەلۇم بىر جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي ھاۋاسىنى ياخشىلىماستىن، ئەكسىچە شۇ جەمئىيەتنى ئىچ ـ ئىچىدىن چىرىتىپ تاشلايدۇ. ئۇ چاغدا كەنت باشلىقىدەك بەش قوينى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئوغرى ئالسىمۇ يىللىق باھالاپ سىناشتا مۇنەۋۋەر بولۇش ئۈچۈن چىش چىشلەپ تاش يۇتىدىغان؛ توغرا نىشانىدىن ئاداشقان، ئىلمىيلىكى يوقىغان ئەرزىمەس باھالاپ بېكىتىشلەردىن كېلىدىغان ئىككى توك ـ توك مۇكاپات، تەقدىرنامە، جاھازلارنى دەپ پۇقرانىڭ تەقدىرىنى ئەرزان باھادا ساتىدىغان؛ چېكىدىن ئاشقان بۇلاپ ـ تالاش، زورلۇق ـ زومبۇرلۇقتا تۇزلۇق ياشنى يۇتۇپ، ئامال يوق ئاھ ئۇرۇپ ئولتۇرىدىغان گەپ. ئەجەبا دېھقانىنىڭ ئېتىزىغا ئۇرۇق سېلىپ، سۇغىرىپ، ئوتاپ، پۇتاپ، يىغىپ قىلىدىغان ئەڭ ئەقەللىي ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىپ، تۈزۈم ئورنىتىپ، مۇكاپاتلاپ، جازالاپ ئولتۇرۇشىنىڭ ھاجىتى بارمۇ؟ يەردىن باشقا تايىنىدىغان سېرىق تۈكى يوق شۇ خەق ئۇنى تېرىمىسا، ئوتىمىسا نېمە ئىش قىلىدۇ؟ بەزىلەر بۇنى ھەدېسىلا دېھقانىنىڭ ھورۇن، ئاڭسىز، ساۋاتسىزلىقىغا ئارتىپ باشقۇرۇشنىڭ ھەقلىقلىقىنى ئەقىلگە تەستىقلاتماقچى، تۈزۈمنى ئاقلىماقچى بولۇشىدۇ. ئەمما، ئۇنتۇماسلىق كېرەككى، بەزى دېھقانلارنى ھەيدىمىسە ئۆيىدىن چىققىلى ئۇنىمايدىغان قىلىۋەتكەن نەرسە دەل نەچچە يىللىق سولاپ باشقۇرۇش شەكلىدىكى تۈزۈمدىن باشقا نەرسە ئەمەس. دۇنيانىڭ تەرەققىيات رىتىمىدىن چەكسىز يىراقلاپ كەتكەن، دېھقانىنىمۇ كاناي ئارقىلىق چىللاپ، جەرىمانە ئارقىلىق ئىشقا سالىدىغان بۇ خىل باشقۇرۇش ئەندىزىسى بىر تەرەپتىن تۈزۈمنىڭ ناكارلىقىنى ئىسپاتلىسا، يەنە بىر تەرەپتىن تۈزۈمگە مەھكەم مىخلىۋېتىلگەن بىر توپ خەلقنىڭ بىچارە، سولغۇن روھىي ھالىتىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئەجەبا بىزدە ھەل قىلىشقا، جىددىي بېجىرىشكە تېگىشلىك ئىشلار يوقمۇ؟ كادىرلىرىمىز ئاچ قېلىۋاتقان، يەر تېرىغانسىرى نامراتلىشىپ كېتىۋاتقان نۇرغۇن بىچارە، نامرات دېھقانىنىڭ تۇرمۇش ساپاسىنى ياخشىلاش ئۈستىدە ئىزدىنىشى كېرەككقۇ؟! ئاۋامنى قىلسىمۇ ـ قىلمىسىمۇ بولىدىغان تايىنى يوق

ئىشلارغا بەنت قىلىپ دۇنيادىن چەتتە قالدۇرۇش بىزنىڭ كۆرەش نىشانىمىز ئەمەسمۇ؟! جەرىمانە ئارقىلىق ئادەم باشقۇرۇش ئەمەلىيەتتە باشلىقنىڭ قىلچىمۇ ئادەم باشقۇرۇش سەنئىتىنىڭ يوق، زورلۇققا تايىنىپ كۈن كەچۈرىدىغان تەلۋە، مۇتتەھەملىكىنى ئاشكارىلىسا، يەنە بىر تەرەپتىن تۈزۈمنىڭ ئەقىلگە سىغمىغۇدەك دەرىجىدە سەپسەتە ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلايدۇ. ئىدىيىدىن ئۆتمەيدىغان ناباب نەرسىلا زورلاپ تېڭىلىدۇ، بولۇپمۇ جازا، جەرىمانە ۋاستىسى بىلەن. پۇل ئارقىلىق تۈزۈمنى تەشتەككە چىقىرىش بەزى ھاللاردا ئېقىشى مۇمكىن. ئەمما، بۇنداق زوراۋانلىق ئارقىلىق ئېرىشىلگەن بىردەملىك سۈكۈت قىلچە پايدا ئەكەلمەيلا قالماستىن، يوشۇرۇن بالا - قازا چىللايدۇ. كىم ھەممە ئادەمنى پۇل ئۈچۈنلا ياشايدۇ، دەيدۇ؟ تويۇنسىلا ھەركىم ھۆركىرىيەلەيدۇ. بىز پولاتتەك دەپ سۈپەتلىگەن نى - نى قانۇن، تۈزۈملەرنىڭمۇ زەردارلارنىڭ ئالدىدا سۇدەك يۇمشاق ئاققىنىنى ناھايىتى تولا كۆرىدىغان بولۇپ قالدۇق. نى - نى ئادەملەرنىڭ تۈزۈمنىڭ بويۇنتۇرۇقىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن كىشىنىڭ ھەۋىسى كەلگۈدەك ياخشى خىزمەتلىرىنى تاشلاپ ئاندىن يەلكىسىگە مىنگىشىۋالغان غايەت زور تاغدىن قۇتۇلغاندەك ئارامخۇدا ئۇھ دەۋاتقانلىرىنى ماڭدامدا بىر ئۇچرىتىدىغان بولۇپ قالدۇق... ھەممىلا ئادەم پۇل ئۈچۈنلا زوراۋانلىققا سۈكۈت قىلىۋەرمەسلىكى مۇمكىن. تۈزۈمدىكى يولسىز جازا، جەرىمانە، پوپوزا، ھەيۋە بىلەن بويسۇندۇرۇش تۈزۈم ۋە ئۇنىڭ ئىجراچىلىرىنىڭ گۆرىنى كولاشتىن باشقىنى قىلمايدۇ.

تۇدىمەت ماھىيەتتە يولسىز تۈزۈم ۋە ئۇنىڭ مۇتتەھەم ئىجراچىلىرىنىڭ ناھەق قۇربانى. ئۇ يۈرىكى ئېزىلگەن، قورقۇنچتىن تىترەپ تۈگۈلگەن ھالدا ئوغرىدىن تېزراق قوزىسىنى ئېلىپ كېتىشنى تىلەيدۇ. ئوغرى تىنچ - ئامان

www.uyghurkitap.com

يوقالغان، ھېچكىممۇ سەزمىگەن ۋاقىتتا «خۇداغا شۈكۈر! ئەمدى ئوغرىغا بەرگۈدەك ھېچ نەرسەم قالمىدى. كەنت باشلىقى، مەندىن خاتىرجەم بولۇڭ، قوزام يوقالدى، دەپ ھېچكىمگە دېمەيمەن» دەپ نىدا قىلىدۇ. بۇ خىل ئاچچىق كىنايە ۋە كۆچلۈك مەنىۋى ئېزىلىش تۇدىمەت پاجىئەسىنىڭ ئارقىسىدىكى ناتوغرا تۈزۈم ۋە ئۇنىڭ جان تەسەددۇق ئىجراچىلىرى پەيدا قىلغان چوڭقۇر تاتۇق. تۇدىمەتتىكى مەنىۋى يوقىتىش، ئېزىلىشنىڭ سالمىقىنى ۋە ئۇ ئېلىپ كېلىدىغان ئاقىۋەتنى ھەرگىزمۇ بوش چاغلىغىلى بولمايدۇ. ئۆز قوزىسىنى ئوغرىلاپ ماڭغان ئوغرىغا ئەڭ ئەقەللىي غەزەپ - نەپرىتىنى ئىپادىلەشتىنمۇ ئەندىشە قىلىپ، قورقۇپ زۇۋانىنى چىڭ يۇمۇشقا مەجبۇر بولغان تۇدىمەتتە تەسۋىرلەپ بولغۇسىز ئېغىر يوقىتىشنىڭ ئەكسى بار. ئۇ ئۆزى خالاپ يوقاتتىمۇ؟ ياق. يوقىتىشقا مەجبۇرلاندى. كىم، نېمە تەرپىدىن؟ ئەسلىي پۇقرانىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغدىشى كېرەك بولغان تۈزۈم ۋە ئۇنىڭ ئىجراچىلىرى تەرىپىدىن. مۇنداقچە ئېيتقاندا، تۇدىمەت ۋە ئۇ ۋەكىللىك قىلىۋاتقان تالاي - تالاي تۇدىمەتلەر يىرگىنىچلىك تۈزۈمنىڭ نوپۇزى ئۈچۈن ھارام قىلىنغان قويدىن باشقا نەرسە ئەمەس. روھى سۇندۇرۇلغان، قورقۇتۇپ مۈكچەيتىلگەن، كۆزىنى يۇمۇپ، قۇلىقىنى ئېتىشكە مەجبۇر بولۇپ، بارلىق كەلگۈلۈككە جىمجىت ئەلھۆكمۇلىللا دېيىشكە مەجبۇرلانغان تۇدىمەتنىڭ ئەتىكى تەقدىرى ھەققىدە كىممۇ بىر نېمە دېيەلىسۇن؟!

## 3

تۇدىمەت كۆزىنى يۇمۇۋالدى، قۇلىقىنى ئېتىۋالدى. كەنت باشلىقى، ئەترەت باشلىقلىرى ھېلىھەم پايپېتەك ھالدا جەرىمانە تۆلە، جازالىنىسەن ... دەپ ھۆركىرەپ، توۋلاپ يۈرگەندۇ؟ ئوغرى بەلكىم يەنىلا شۇنداق خاتىرجەم، تەمكىن ھالدا كىملەرنىڭدۇ

يەيدىغان رىزقىغا قولىنى سوزۇپ يۈرگەندۇ؟ دېھقاندىن بۇغدىيىڭغا ئۆرۈق سالماپسەن، دەپ جەرىمانىگە ئادەم كۆرمىگەن بولغان بىلەن، ساقچىدىن تېخىچە ھېچكىم: «سېنىڭ ۋەزىپەڭ زادى نېمە؟ نېمىشقا ئوغرىنى تۇتۇپ بىزلەرنى خاتىرجەم قىلالمايسەن؟ قاسقان شەپكىنى بىزنى قورقىتىش ئۈچۈنلا كىيگەنمىتىڭ ـ يا؟»، دەپ سوراقا تارتىپ باقمىغان بولۇشى مۇمكىن. مەن ھازىرمۇ بىر يىل ئىچىدە مۇنچە ئايالنى مەجبۇرىي تۇغماسلىق ئوپېراتسىيىسى قىلدۇرۇش، مۇنچە مو يەرنى پارنىك قىلىش، مۇنچە مو يەرگە ياڭاق، ئۆرۈك سېلىش، مەجبۇرىي سىرتقا چىقىپ پۇل تېپىپ كىرىشكە ئادەم ماڭدۇرۇش... قاتارلىق تۈرلۈك باھالاش رامكىلىرىغا سىغداپ قويۇلغان ئالۋان تۈزۈمىنىڭ كەينىدىن چېپىپ يۈرگەن خادىملارنى ماڭدامدا بىر ئۇچرىتىمەن. تۈدىمەت ۋە ئۇنىڭ سىرغىپ ئاققان يېشىنى يۇتۇۋېتىپ ئەلەم بىلەن پىچىرلاپ ئولتۇرغان ھالىتى كۆزۈمگە كۆرۈنۈپ كېتىدۇ. ئىلمىي قايىل قىلىش كۈچىدىن، توغرا ئىجرا قانۇنىيىتىدىن ئايرىۋېتىلىپ پوپوزىغا ئايلانغان تۈزۈمنى يەنە كىملەرنى يىغلاتمايدۇ، دېگىلى بولسۇن؟...

سىياسەت، قانۇن ـ تۈزۈمنىڭ نوپۇزى ھەقىقىي قوغدالمىسا، جەمئىيەتنى مۇشتۇمزورلۇق، ناھەقچىلىك قاپلاپ كېتىدۇ. خەقلەر چېگرىدىن خالاغا كىرگەندەك ئەركىن ـ ئازادە ئۆتۈپ يۈرگەندە ئۆز يېزىسىدىن ئاتلاپ چىقىشقىمۇ كەنتىنىڭ، ئىدارىنىڭ، ساقچىخانىنىڭ رۇخسەت خېتىگە تەلمۈرۈپ يۈرۈش، خىزمەتنىمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەمەس، تۈزۈم ئۈچۈن ئىشلەش، ئىشلەتكۈزۈش كىشىدە ئىختىيارسىز تۈزۈمنىڭ ماھىيىتى ھەققىدە ئوي قوزغايدۇ. سەگەك نازارەتچىلىرى، ئاقىل ئىجراچىلىرى بىلەن قانۇن ـ تۈزۈمنىڭ قەددى تىك. بولمىسا ئۇ بىر ئۈچۈم تۈزۈم بەندىلىرىنىڭ ئۆكتەملىك قىلىدىغان، ئوغرىنى قوغداپ، ئاۋامنى باسىدىغان، مۇشتۇمزورلۇققا يول ئېچىپ

بېرىدىغان ئويۇنچۇقىغا؛ ئاۋام بىلەن ھاكىم كۆچنى يېقىنلاشتۇرغىلى بولمايدىغان ئىككى چەتكە بۆلۈۋېتىدىغان قورقۇنچلۇق ھاڭغا ئايلىنىپ قالىدۇ. شەخس تۈزۈم ئۈچۈن ئەمەس، تۈزۈم شەخس ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى، پۇقرالار قانۇننىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنىلا ئەمەس، ئەڭ مۇھىمى قانۇن پۇقرالارنىڭ ئارزۇيىنى، مەنپەئىتىنى قوغدىشى كېرەك..

تۇدىمەت كۆزىنى يۇمۇپ، ئارقىسىنى قىلىۋالدى. ماڭا ئۇنىڭ كۆزىنى يۇمۇۋېلىشى رەزىللىكنى، ئوغرىلىقتىنمۇ ئۆتە ئاپئاشكارا زوراۋانلىقنى كۆزۈم كۆرمىسۇن، دېگەندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. ئارقىسىنى قىلىۋېلىشىدا نېمىلەرگىدۇ بولغان چەكسىز نارازىلىقنى ئىپادىلىگۈسى بارلىقى چىقىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ قېلىپلىشىپ كەتكەن يالغان گەپلەرنى ئەمدى ئاڭلىغۇسى يوقتەك، چىن كۆڭلىدىن، يۈرىكىنىڭ قات - قېتىدىن چىقىرىپ «خۇداغا شۈكۈر!» دېگۈسى كېلىپ كەتكەندەك قىلاتتى...

— تۇدىمەت شۇنداق قىلالارمۇ؟

بۇ سوئالنى كىمدىن، كىملەردىن سوراش كېرەك؟ بەلكىم ئابلىكىم ئابلىمىتمۇ بىلەلمىگەن بولسا كېرەك!...

2004 - يىل 31 - مارت، ئۈرۈمچى.

# قورقار چاغدا قورقۇلۇق

قورقۇش پۈتكۈل مەۋجۇداتقا ئورتاق بولغان پسىخىك ھادىسىدۇر. تەبىئەت دۇنياسىدىكى ئەڭ ئۇششاق ھادىسىلەرگە قاراپ باقسىڭىز، ھەربىر جاندارنىڭ ۋۇجۇد ـ كالامىدا مۇئەييەن دەھشەت، پاجىئە، بالا ـ قازادىن ئەنسىرەش، قورقۇش، ئۆزىنى چەتكە ئېلىش تۇيغۇسىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى بايقايسىز. يامغۇرنىڭ شەپىسىنى سەزگەن چۈمۈلە چېغىدا دۆڭگە قاچىدۇ. كەلكۈن، يەر تەۋرەشنىڭ دەسلەپكى ئالامەتلىرى كۆرۈلگەن ھامان ئىت، كالا، قوي، ئات ـ ئېشەكلەرگىچە ھەممىسى چۆچۈپ ئىزىدا تۇرالمايدۇ، ئەنسىزلىك ئىلكىدە قېچىشنىڭ كويىغا چۈشىدۇ... بۇركۈتنى كۆرسە چۈجىنىڭ پۈتى تىترەيدۇ، چىلبۆرىگە ئۇچراپ قالغان توشقاننىڭ پۈت ـ قولىدا جان قالمايدۇ... بۇ خىل قورقۇش تۇيغۇسى بىر تەرەپتىن بەزى جاندارلارنى تولىمۇ بىچارە ھالغا چۈشۈرۈپ قويسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇلارنى تولىمۇ ئەقىللىق، ھوشيار، سەزگۈر، ئاگاھ قىلىۋېتىدۇ. قورقۇش تۇيغۇسى ئاقىللارنى ھەر ۋاقىت ئېھتىيات، پەم بىلەن ئىش قىلىشقا ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرىدۇ. جاھاندا ئۆزلىرىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان كۈچلەرنىڭ بارلىقىنى ئۇنتۇمىغان ھالدا چېچەنلىك بىلەن ياشاش شەرتى ھەربىر مەۋجۇداتنىڭ يارىتىلمىسىغا مىسلىسىز ئاقىلانىلىك بىلەن جۇغلاپ جايلانغان.

ئەلۋەتتە، قورقۇش پسىخىكىسى بىز ئىنسانلاردىمۇ تولۇقى

ئۇيغۇر كىتاب تورىستانى www.uyghurkitap.com

بىلەن بار. بىز تۇغۇلغاندىن تارتىپ ئۆلگۈچە تالاي ئىشلاردىن قورقىمىز، چۆچۈيمىز، ۋەھىمە يەيمىز، ھەتتا قورقۇپ ئۆلۈپ كېتىدىغانلىرىمىزمۇ، ئۆلۈۋالىدىغانلىرىمىزمۇ كۆرمىلىك. قورقۇنچ، ئەندىشە بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزدىن ئاساسەن دېگۈدەك كۆتۈرۈلۈپ كەتمەيدۇ. قورقۇشنىڭ ۋەج ـ سەۋەبى، خاراكتېرى ئوخشىمىسىمۇ، ھەممىمىز ئۆزىمىزدىكى قورقۇش، ئەندىشە قىلىش تۇيغۇلىرىنى ئامال قىلىپ يوقىتىشقا تىرىشىمىز. ھېچبىر ئىشتا ئىككىلەنمەي دادىللىق بىلەن قەدەم باسالايدىغان، ئالدى ـ كەينىگە قاراپ قالمايدىغانلارغا تولىمۇ ھەۋىسىمىز كېلىدۇ. «قورقۇنچاق، توخۇ يۈرەك، توشقان» دېگەندەك لەقەملەردىن ئۆلگۈدەك قورقىمىز. ئىشقىلىپ بىزنىڭ نەزىرىمىزدە قورقۇش پسىخىكىسى ئاللىقاچان ھاياتلىقتىكى نورمال ھېس ـ تۇيغۇ ھالىتىدىن ھالقىپ يىرگىنچلىك، نومۇسلۇق بىر ئىشقا ئايلىنىپ كەتكەن.

— ھاياتلىقتا ئەندىشە قىلغۇدەك، قورققۇدەك ھېچ نەرسە يوق!

— قورقماڭ، بۇ دۇنيادا سىزگە يېتىدىغان يەنە بىر كۈچ، ئادەم يوق!

— سىزلا خوجايىن، سىزلا ئەڭ ئادىل قارار چىقارغۇچى، سىزلا ئەڭ ئادىل سوتچى!

— بارلىق قۇتقۇزغۇچى دەل ئۆزۈڭ!

— ئۆزۈڭ توغرا دەپ قارىغان ئىش مەڭگۈ توغرا، باشقىلارنىڭ گېپىگە ھەرگىز قۇلاق سالما!

— ئارتۇقچە ۋايىم يەپ كەتمە، بۇ دۇنيادا ئەزەلدىن يۈكسەك نەرسىلەر يوق!

— توشقاندەك مىڭ يىل ياشىغۇچە، يولۋاستەك بىر يىل ياشا!

— مۇنداق قورقۇپ ياشىغۇچە ئۆلۈۋال!!! ...

... ...

سىز، مەن يۇقىرىقىدەك ۋەزنى ئالەمچە ۋەز ـ كالاملارنى تولا

ئاڭلاپ چوڭ بولدۇق. بۇگۈن بۇ خىلدىكى ۋەزلەرنىڭ بازارلىشىپ، كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان دەرىجىدە خېرىدارلىق بولۇپ كەتكىنىنى كۆرمەكتىمىز. كىشلەرنىڭ مەردانىلىك، ئۆز بېشىمچىلىق، بىر تەرەپلىمە قوزغاتقۇچ شوئارلارنىڭ ئاستىغا توپ - توپ بولۇپ يىغىلىشلىرى كىشىدە ئىختىيارسىز: «ئۇلار شۇنچىلىك جۇرئەتسىز، زەيپانە، ئىچى بوش لىگىتاسىملاردىن بولۇپ كەتتىمىكىنە ؟!» دېگەن سوئالنى ئويغىتىدۇ. چۈنكى، ئىنسان ئەزەلدىن ئۆزىدە يوق نەرسىلەرگە ئىنتىلىپ ياشاپ كەلدى. كىشىنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈپ، بىردەملىك مەردانىلىك بېغىشلايدىغان «قوزغاتقۇچ دورا» خاراكتېرىدىكى يۇقىرىقى پىكىر، ئىدىيە - ئېقىملارنىڭ كىشىلەردىكى زىيادە قورقۇنچاق، ئېھتىياتچان، يۈرەكسىز، بولۇمسىزلىقتا قارشى ئېيتىلغىنىدا گەپ يوق. ئەمما، ئۇنتۇماسلىق كېرەككى، مەلۇم بىر نەرسىنى چەكتىن ئاشۇرۇپ تەرغىب قىلىش تېخىمۇ يامان بولغان ئاقىۋەتنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

ھايات خۇددى بىر پىلسىرات كۆۋرۈكىگە، دارغا ئوخشايدۇ. ئىنسان بەجايىكى بىر دارۋاز. قىلدەك ئىنچىكە، ئۇزۇنغا سوزۇلغان دار ئارغامچىسى ئىنساندىن تەڭشەكنى مەزمۇت تۇتۇشنى سورايدۇ. ئىنسان ئۆز پسىخىكىسىدىن تەڭشەك تۇزگۇچى، تۇتقۇچى. ئىنسان ئۆزىدە بولۇشقا تېگىشلىك، ئەسلى يارىتىلمىسىغا مۇجەسسەم قىلىپ بېرىلگەن بارلىق پەزىلەتلەرنى مۇۋاپىق نىسبەتتە تەڭشەپ تۇتالىغاندىلا ئاسانلىقچە مۇدۇرۇپ كەتمەيدۇ. ھەرقانداق بىر نەرسىنىڭ ئۆلچەمدىن ئارتۇق بولۇپ كېتىشى ياخشىلىق ئېلىپ كەلمەيدۇ. مەيلى ئۇ ھەرقانچە ياخشى نەرسە بولسىمۇ. تۇز بولمىسا زادىلا بولمايدۇ، ئەمما ئازراقلا ئارتۇق كەتسە تائامنى بەتتاملاشتۇرۇۋېتىدۇ، ھەتتا تىلنى يېرىۋېتىشىمۇ مۇمكىن. شۇنىڭغا ئوخشاشلا دارۋازنىڭ غەلىبىسى ماھىيەتتە، ئىشەنچ بىلەن قورقۇنچىنىڭ بىرلىكىدە. ئۇ ئەتىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كەچكىچە قورقۇپ، تەمتىرەپ، ئەندىشە قىلىپلا يۈرسە بىر قەدەممۇ ماڭالماسلىقى، ھەدېسىلا مۇدۇرۇپ كېتىشى مۇمكىن. ئەمما، ئۆز تالانتىغا ھەددىدىن زىيادە ئىشىنىپ كۆرەڭلەپ كەتسە، ئوڭايلا خەۋپ ـ خەتەر، بالا ـ قازا ئىسىدىن كۆتۈرۈلۈپ ئەمەس يەرلەرگە دەسسەپ بېرىشى، ھالاك بولۇشى مۇمكىن.

ئادەتتە، بىر ساغلام پسىخىكا مۇئەييەن ئەقىدە ـ ئىدىيىنى ئۆزىگە ئۇل تاش قىلغان بولىدۇ. ئەقىدە ـ ئىدىيىنىڭ قانچىلىك ساغلام قوبۇل قىلىنغانلىقى شۇ ئادەمنىڭ ئىجتىمائىي مەسىلىلەر ئالدىدىكى قەتئىيلىك، ئەۋرىشىملىكىنىڭ دەرىجىسىنى بىۋاستە بەلگىلەپ قويىدۇ. ئاقىل ئەللامىلەر ساغلام بولغان ئەقىدە ـ ئېتىقاد ئىشەنچ بىلەن قورقۇنچنىڭ بىرلىكىدىن قوپۇرۇلىدۇ، دەيدۇ. «ئىشەن، تىلە؛ شۇكۇر ـ قانائەت بىلەن كۆڭلى ـ كۆكسۈڭنى كەڭ تۇتۇپ ياشا، ئەتەڭگە ۋە ھەربىر ئىش ـ ئەمەلىڭنىڭ ھەق ـ ھېساباب دەرگاھىدىكى دەرىجىسىگە چەكسىز ئۈمىد باغلا؛ شۇنداقلا قورق، يامان يولغا كىرىشتىن، ھارام قولغا چۈشۈشتىن، ھەددىڭدىن بەك ئېشىشتىن ئەندىشە قىل. ئەيىبتىنمۇ، غەيىبتىنمۇ ئەيمەن. ھەربىر قەدىمىڭنى ئويلاپ باس. ئېسىڭدىن سېنى كۆرۈپ تۇرغان، تۇرىدىغان بىر كۆزنىڭ بارلىقى ئەسلا كۆتۈرۈلمىسۇن» دەيدۇ ئەقىلگە ۋە تەجرىبىگە باي مويسىپىتلار. ئۇلار ئىنسانىي كامىللىقنى، ئېتىقادنىڭ دۇرۇسلۇقىنى شۇنچىلىك ئاددىي، ئەمما ناھايىتى چوڭقۇر ھېكمەت بىلەن خۇلاسىلىگەنىدى. ئۇلارچە كىشىنى قورقىتىپ، تەپتارتقۇزۇپ، ئەيمەندۇرۇپ تۇرىدىغان كۈچى يوق ئەقىدە ساغلام ئەمەس ئىدى. بىر ئائىلە، ئەلدە ھېچكىمنى ھېچكىمنى چوڭ بىلمەي، ھۆرمەتلىمىسە، بىر ـ بىرىدىن ئەيمەنمىسە بۇنداق ئەل ـ ئائىلىدىن ئىززەت، بەرىكەت، ھۆرمەت كۆتۈرۈلۈپ كېتەتتى، بىرلىك يوقايتتى، ئەخلاقنىڭمۇ ئىناۋىتى قالمايتتى. كىشىنى نېمىنى ئويلىسا شۇنى قىلىشقا، نېمىنى توغرا دەپ قارىسا شۇنىڭ

كېيىندىن سوكۇلداشقا، شەخسىنىڭ، ئۆزىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈنلا تۈلكە مىجەز ساختىپەزلىككە رىغبەتلەندۈرۈش جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي ئېكولوگىيىسىنى ۋەيران قىلىپ تاشلايتتى. ھەركىم ئۆزى بىلگىنىچە ئويلايدىغان، ماڭىدىغان، ئورتاق ھەرىكەت بىرلىكى يوقىغان، كىشىلەرنىڭ ھەرىكەت - ئادىتىنى ئۆلچەپ تۇرىدىغان قائىدە - مىزان، تەرتىپلەرنىڭ كۈرسى چۈشۈپ، ئېتىبارى قالمىغان جەمئىيەت ئەڭ خەتەرلىك جەمئىيەت ئىدى. ھەرقانداق بىر مەدەنىيەت، مىللەتنىڭ قانۇن - تۈزۈمدىنمۇ ئارتۇق تۇرىدىغان، كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتىنى قېلىپقا سېلىپ، چەكلەپ تۇرىدىغان، جەمئىيەت ئەزالىرى جەزمەن ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك ئادەت - قاراشلىرى بولىدۇ. پەرز خاراكتېرىدىكى بۇ ئادەت - قاراشلار شۇ مەدەنىيەتنىڭ خاسلىقىنى ساقلاپ قالغۇچى ئەڭ مۇھىم بەلگە - ئالامەتلەر بولۇپ، ئۇنىڭ چەكلەش كۈچى ماھىيەتتە شۇ مەدەنىيەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىنىڭ زۆرۈر كاپالىتىدۇر. ئەگەر بىر مەدەنىيەتتىكى كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتىنى چەكلەپ، تەرتىپكە سېلىپ تۇرىدىغان نوپۇز ئېتىباردىن قالىدىكەن، كىشىلەر ئۇنىڭدىن تارتىنمايدىغان، ئەيمەنمەيدىغان بولۇپ كېتىدىكەن، بۇ مەدەنىيەت ئېنىقكى زاۋاللىققا يۈزلەنگەن بولىدۇ. بىر مەدەنىيەتنىڭ ئىجراچىلىرى ئۆز مەدەنىيىتىنىڭ چەكلەش كۈچىدىن قورقمىسا قانۇندىن، سىياسەتتىن ھەرگىزمۇ قورقۇپ قالمايدۇ. چۈنكى، ئۇلاردا ياخشى - يامان، گۇناھ تۇيغۇلىرى تامامەن يوقىغان. ئۇلارنىڭ يەپ - ئىچىشتىن، سىيىپ - چىچىشتىن باشقىنى بىلمەيدىغان چوشقىدىن قىلچە پەرقى قالمايدۇ. ياخشى - يامان ئۆلچەملىرى خوراپ تۈگىگەن بۇنداق كىشىلەر يامرىغان جەمئىيەت سوقۇما - تۈۋرۈكلىرى چىرىپ كەتكەن، ھازىرلا دۈم چۈشۈشى مۇمكىن بولغان ۋەيرانە ئۆيگە ئوخشايدۇ. بۇنداق جەمئىيەتتە كىشىلەر ئۆزىنىڭكىنىلا، پايدا ئېلىپ كېلىدىغان نەرسىنىلا توغرا، دەپ

www.uyghurkitap.com

قارايتتى. جاھاندا قورقىدىغان، ئەيمىنىدىغان ھېچقانداق ئىش، نەرسە يوق، دەپ ئويلايتتى؛ ھېچكىم كۆرمىدى، دەپ قىلغۇلۇقنى تەپتارتماستىن قىلىۋېرەتتى؛ ھالال - ھارامنى ئويلاپمۇ قويمايتتى؛ گۇناھ، نومۇستىن، ئەيىبتىن، غەيىبتىن قورقۇش تۇيغۇسى ئەسلا بولمايتتى. ئېغىزىغا كەلگەننى دەيتتى، ئالدىغا كەلگەننى يەيتتى. قورسىقى تويسا، كۆڭلى خۇش بولسا (ئۆز مەيلىچە) مانا بۇنى مەنىلىك ھايات، دەپ ئاتىشاتتى. ئۆي بۇلار ئۈچۈن تۈرمىگە ئوخشايتتى، نىكاھ زەنجىر ئىدى، بالا بولسا بالا - قازاغا مەنداش ئىدى...

بىر ئەئرابى تۆگىسىنى باغلىمايلا خۇداغا تاپشۇرماق بولدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «خۇداغا ئىشەن، تۆگەڭنىمۇ مەھكەم باغلا» دېدى.. ئۈمىد، ئىشەنچمۇ قىل، كەلگۈسى بالا - قازادىنمۇ قورق، ئېھتىيات قىلىشنى ھەرگىز ئۇنتۇما، دېمەكچى ئىدى. ئۇستاز شاھابىددىن ئىسپى - جاپى ئەھمەد يەسسەۋى ۋە ئۇنىڭ تەڭتۇشلىرىغا بىردىن خورازنى تۇتقۇزدى ۋە «ھېچكىم كۆرمەيدىغان يەردە بوغۇزلاپ كېلىڭلار» دېدى. باشقىلار بىردەمدىلا بوغۇزلاپ كېلىشتى، ئەھمەد يەسسەۋى بىر چاغدا قوللىرى تىترىگەن، كۆزىدە لىقمۇلىق ياش ھالدا قايتىپ كەلدى ۋە: «ئۆزر ئۇستاز، مەن ھەممە جايدىن بىر ئۆتكۈر نەزەرنى ھېس قىلدىم، ھېچكىم كۆرمەيدىغان يەرنى تاپالمىدىم» دېدى بوغۇلۇپ، خىرقىراپ. ئۇستاز ياش ئەھمەدنىڭ ۋەلىلىكىگە تەن بېرىپ دۇئا قىلىپ ئۆزىمۇ يىغلاپ سالدى (مىرئەھمەد مىرخالدار ئوغلىنىڭ «خوجا ئەھمەد يەسسەۋى» ناملىق رىسالىسى، چىمكەنت 1992 - يىل).

ئىدىيە - ئېتىقاد ساغلام بولىدىكەن، ئىشەنچمۇ، قورقۇنچمۇ بولىدۇ، كىشىلەرنىڭ ھەربىر ھەرىكىتىنى ئۆلچەمگە سېلىپ تۇرىدىغان قائىدە - مىزان بولىدۇ. ھەق - ناھەق، ياخشى - يامان ئىشلارغا بېرىلىدىغان ئەجىرمۇ، جازاسىمۇ ئېنىق ئايرىلغان

بولىدۇ. مۇنداق بولمايدىكەن، ئۇ ساپ بولالمايدۇ. ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىدىمۇ سادىقلىق، ئۆزىنى بېغىشلاش روھى يوق ھېسابتا بولىدۇ. نەتىجىدە، قورقىسىمۇ، قورقمىسىمۇ بولىدىغان ئىشلاردىن ئوڭاي ئۈركۈيدۇ. خىزمەتكە كېچىكىپ قېلىش، ئىشتىن ئايرىلىپ قېلىش، باشلىقنىڭ تەنبىھىگە ئۇچراش، سۆيگىنىدىن ئايرىلىپ كېتىش... دېگەندەك ئەڭ ئادەتتىكى داۋالغۇشلاردىن ئەنسىرەپ يۈرىكى سۇ، چىرايى زەپىراندەك سارغىيىپ ئۆتىدۇ. ئەمما، ناھەقچىلىك ئۈستىدىن شىكايەت قىلىشقا پېتىنالمايدۇ، بۇزۇقچىلىققا قارشى تۇرالمايدۇ، مەسئۇلىيەت روھى ئۆلۈك بولىدۇ. ئۆزىنىڭ تاماق قاچىسىغا دەز كەتمىسىلا ئوڭايلىقچە ئەتراپىدىكى ئۆزگىرىش، بۇرۇلۇشلارغا نەزەر ـ كۆزىنى سېلىپ قويمايدۇ. ھەممىسى ئۆزلىرى ئۇچۇنلا ياشايدۇ. توپتا ئورتاق غايە بولمايدۇ، بار بولغان غايە، نىشاننى قوغداش ئېڭىنىڭمۇ تايىنى قالمايدۇ. بۇلار ئىنساني غايىلەرنى رەت قىلىشقا كۈچىنىڭ بارىچە ئۇرۇنىدۇ، ھاياتلىقتا يۈكسەك، قورقىدىغان، ئەيمىنىدىغان نەرسە يوق، دەپ قارايدۇ. بارلىق ئەخلاق، ئادەت رامكىلىرىدىن قۇتۇلۇشنى ئىزدەيدۇ. ئاتا ـ بوۋىلىرى رىئايە قىلىپ كەلگەن ئادەتلەر بۇلارغا كىشەن، زەنجىر، توساق تۇيۇلىدۇ. ئىلىمنىڭمۇ، ئىلىم ئەھلىنىڭمۇ تۇراقلىق مەيدانى قالمايدۇ. ھەممىسى قۇمدەك چېچىلغاق، توزغاقتەك توزۇغاق، تېزەكتەك سېسىغاق...

سىز بۇگۈنكى ئۇيغۇر ئائىلىلىرىدىكى ئاتا ـ بالىنىڭ ئارىسىدىكى چۈشىنىش بوشلۇقىنىڭ قانچىلىك چوڭىيىپ كەتكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلالامسىز؟ ئاتا ـ ئانىسىدىن رەنجىپ قاقشىمايدىغان قانچە بالىنى ئۇچراتتىڭىز؟ رەنجىش سەۋەبلىرى ئۈستىدە باش قاتۇرۇپ مۇلاھىزە قىلىپ باقتىڭىزمۇ؟ ھەدېسىلا تۇرمۇشىمىزغا ئارىلىشىۋالىدۇ، كەچ قالدىڭ، ھاراق، تاماكىغا يولىما، چاچنى مۇنچىۋالا ئۆستۈرۈۋالما، كىيىم دېگەننى

تۇزۇكرەك كىيسەڭ بولمامدۇ، دەپ باش ئاغرىتىدۇ... ئۇلارنىڭ زارلىشىدا يۇقىرىقى سەۋەبلەردىن بۆلەك يەنە قانچىلىك تىلغا ئالغۇدەك سەۋەبلەرنىڭ بارلىقىنى بىلىسىز؟ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ تىرىشىپ ئۆگىنىش ھەققىدىكى تەلەپلىرىدىنمۇ زارلاپ، ئۆيدىن يامانلايدىغان باللارنىمۇ تولا ئۇچرىتىدىغان بولۇپ قالدۇق.

بىزلەر ئاتا ـ ئانىلىرىمىزنىڭ ئەدەپ ـ تەربىيىگە ئۇچراشتىن ئەندىشە قىلىپراق چوڭ بولغان بولساق، بۇگۇنكى ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرىنىڭ تەربىيىگە، تاپا ـ تەنىسىگە قالمىغىنىغا خۇش.

ياقۇپبەگنىڭ قارا قولىدا شەپقەتسىزلەرچە ئۆلتۈرۈلگەن خوتەن پادىشاھى ھەبىبۇللا مۇپتى ھاجى ھارام نەرسە گېلىمدىن ئۆتۈپ، ئاللا پاكلىققا خاس قىلىپ، ئەزىز بىلىپ ياراتقان تېنىمنى چىرىتىۋەتمىگەي، ئەقلىمنى كاردىن چىقارمىغاي، دەپ نەگە بارسا چۆگۈنىدە سۇ، داستىخىنىدا ئوزۇق كۆتۈرۈپ يۈرگەنىكەن. ھەتتا باشقىلار پەرھىزكار، ئېھتىياتچان، تەقۋا ئادەم، دەپ تولىمۇ ھۆرمەت قىلىدىغان، ھەممىگە پېشۋا ئاقسۆلۈك ھادى خەلپەمنىڭ ئۆيىگە بارغىنىدىمۇ: «ئۆزى پېشانىسىدىن تەر چىقىرىپ، كەتمەن چېپىپ ھوسۇلىنى يېمەيدىكەن، ھادى خەلپەم ئۆزى ئۆشرە ـ زاكات بېرىشى ۋاجىپ ۋە زۆرۈر كىشى تۇرۇقلۇق، ھەرقانداق ئادەم نەزىر، ئۆشرە ـ زاكات، دەپ بىرەر نەرسە ئەكىلىپ بەرسە، شۇنى ئاشخانىلىرىغا سەرپ قىلىدىكەن» دەپ ئۇنىڭ چېيىنىمۇ ئىچكىلى، ئېغىزىغا لوقما سالغىلى ئۇنىمىغانىكەن (مولla مۇسا سايرامى «تارىخىي ئەمىنىيە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 ـ يىل ئاۋغۇست 2 ـ نەشرى).

بىزلەر تاماقنىڭ كىمنىڭ قولىدىن، قانداق ھالەتتە، قانداق خۇرۇچلار سېلىنىپ تەييارلىنىشى بىلەن پەرۋايىمىز يەلەك، ئىشىمىز بۆلەك ھالدا قاچىغا دۇم چۈشكەن. بىزلەر ئۇچۇن قورساق تويسىلا بولغىنى بىلەن بەزىلەر ئۇچۇن نىمىدە، كىمنىڭ قولىدىن، قانداق چىققان تاماقنى، قانداق يېيىشىمۇ ئىنتايىن

مۇھىم ئىدى. بايقىماي يېيىش ئەقىلنىمۇ، تەننىمۇ، روھنىمۇ،
ئىماننىمۇ كاردىن چىقىرىدۇ. ئۆز روھىغا ۋە تېنىگە سەگەك
مۇئامىلە قىلالايدىغانلار ئۈچۈن بىر نەپەسمۇ مۇئەييەن بەدەلگە
ئايلىنىدۇ، ئىگىسىنى تىنىمسىز سوتلاپ تۇرىدۇ. دېمەككى،
يامانلىقتىن، زاۋاللىقتىن قورقۇش تۇيغۇسى ئۇلارنىڭ ئىش ـ
ئەمەلىگە ھەردەم ئويغاتقۇچ سىگنال بېرىپ تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ
ھەرىكىتىدىن بەرىكەت، سۆزىدىن گۈزەللىك، ئېھتىيات،
چېھرىدىن نۇر كەتمەيدۇ. غاپىللارلا ھېچ نەرسىدىن تەپتارتمايدۇ.
چوڭلاردىنمۇ، قائىدە ـ مۇراسىملاردىنمۇ، دىندىنمۇ، پەندىنمۇ
ئەيمەنمەيدۇ. باشقىلار تېنىنى يۆگەش، روھىيىتىنى پاك تۇتۇش
ئۈچۈن كىيىنسە ئۇلار زىننەتلىرىنى كۆز ـ كۆز قىلىش،
ئاشكارىلاش، باشقىلارنى قاراتقۇزۇش ئۈچۈن كىيىنىدۇ. باشقىلار
قورسىقىنى توقلاش ئۈچۈن يەپ ـ ئىچسە ئۇلار ئىچ پۇشۇقىنى
چىقىرىش، كەيپ ـ ساپا ئۈچۈن ئىچىدۇ، چېكىدۇ. ئادەمدىن
ئىمان كۆتۈرۈلسە مانا مۇشۇنداق ۋاستە مەقسەتكە ئايلىنىدۇ.
كىشىلەر ئارا چىن مۇھەببەت، ئادەمگەرچىلىك ئۆلىدۇ.
ھەممەيلەن ئالدىرايدۇ، ئەمما يېتەلمەيدۇ. كوچىلار مىغ ـ مىغ،
ئەمما غېرىبلىق ئۈنسىز داۋاملىشىدۇ. مۇھەببەت پەلسەپىلىرى
ئالەمنى بىر ئالىدۇ، ئەمما ۋاپا ـ ھايا يوقاپ كېتىدۇ. ھايادىن،
ۋاپادىن مۇستەسنا مۇھەببەتنىڭ بولۇشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس،
ئەلۋەتتە. كىشىلەر بىرەر نەرسىدىن قورقۇپ، تەپتارتىپ
قالمايدۇ، ئەمما جىگىرى بار بىرەر ئادەمنى تاپماقمۇ شۇقەدەر
مۇشكۈللىشىپ كېتىدۇ...

قورقۇش تۇيغۇسى ئۈنچىۋالا خەتەرلىك نەرسە ئەمەس. ئۇ
ئىنساندا كەم بولسا ئەسلا بولمايدىغان خاسىيەتلىك قوڭغۇراق
بىلەن باراۋەر. كىشىنى پات ـ پات سەگىتىپ تۇرىدىغان
قوڭغۇراقنىڭ بولماسلىقى كىشىنى ئاسانلا غەپلەتكە
پاتۇرۇۋېتىدۇ. قەلبىدە قورقۇش، ئەندىشە قىلىش، تەپتارتىش

ھېسسىياتى ئۆلگەنلەر دەل ئەقىدە ـ ئېتىقادى ئۆلگەنلەردۇر. ھەددىدىن زىيادە قورقۇنچاقلىق ئادەمنى پەس، خار ـ زەبۇن قىلىۋېتىدۇ، ھېچنېمىدىن قورقماسلىق، ئەيمەنمەسلىك بولسا ئادەمنى ئۆكتەم، زوراۋان، تەلۋىگە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. ئالدىنقىلىرى قۇرتتەك ياۋاش ـ يۇمشاق ياشاپ، جىمجىت ئۆلۈپ تۈگەيدۇ. كېيىنكىلىرى بولسا ئۆزىنىمۇ، ئۆزگىنىمۇ ۋەيران قىلىدىغان كۆندۈرۈلمىگەن ئېشەككە ئوخشاپ قالىدۇ. ۋاقتى كەلگەندىمۇ قورقۇپ، تىترەپ قالمايدىغان يۈرەكنىڭ جىلغىدىكى تاشتىن قىلچە پەرقى يوق.

ۋەھالەنكى، بىز ئەيمىنىشنىمۇ، غەيىبىتىنىمۇ، دادىسىدىنىمۇ، ئانىسىدىنىمۇ، مۇئەللىم ـ ئۇستازىدىنىمۇ، قانۇندىنىمۇ، ئەخلاقتىنمۇ تەپتارتىپ قالمايدىغان بىر توپ «ئەپتى تاش، يۇمشاق باش»لارنىڭ ئارىسىدا ياشاۋاتىمىز، شۇلارغا ئوخشاۋاتىمىز. كۆرگۈلۈكىمىز نېمە بولاركىن؟

2005 ـ يىل 28 ـ ئاپرېل، قاراقاش ـ ياۋا.

# تويان بالىسى ئىستىنلا ھاجەتمۇ

يېقىنقى بىر نەچچە يىل مابەينىدە كىشىلىرىمىز ئارىسىدا، مەتبۇئات، تەشۋىقات ۋاسىتىلىرىدە مەۋجۇتلۇق ھالىتىمىز ۋە ئۇنىڭ ئەتىكى تەقدىرى ھەققىدە ئاز بولمىغان بەس ـ مۇنازىرىلەر بولۇپ ئۆتتى. بۇنى قارىغۇيۇق تاپا ـ تەنە، ئاھانەت ۋەياكى پالان ـ پۇستان بىر نېمە دېگۈچىلەرمۇ، قوللىغۇچىلارمۇ بولدى. ئەمما، زادى ئېتىراپ قىلمىساق بولمايدىغان بىر يېرى شۇكى، ئىنكاسلارنىڭ بولۇشى ئەمەلىيىتىمىزدە شۇ خىلدىكى مەسىلىلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىدىن دېرەك بېرىدۇ ۋەياكى باشقىلار نورمال ئىش دەپ قارىغان ھادىسىلەرنى مەسىلىگە باشقىچىرەك كۆزدە قارايدىغان، ئادەتلەنگەن تەپەككۇرنى بۇزۇپ تاشلاشقا ئامراق «ئېقىمغا قارشى قەھرىمان»لارنىڭ مەسىلە، كېسەللىك، چاتاق، دەپ قارىغانلىقىدىندۇر. نېمىلا بولمىسۇن، مەۋجۇتلۇق ھەققىدىكى ھەرقانداق بىر پىكىرنىڭ بولۇشى ئۆزگە ۋە قوۋمىگە كۆڭۈل بۆلىدىغان، تۇرمۇشتىن تاكامۇل ئىزدەيدىغانلارنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

ئەمما، ئوتتۇرىغا چىققان ھەرقانداق بىر پىكىر ـ ئىنكاسنىڭ مەدەنىيىتىمىز ۋە روھىيىتىمىزنىڭ يۈكسىلىشى، تەرەققىياتىغا پايدىلىق بولۇشى ناتايىن. بىزنىڭ مەدەنىيەت ئاسمىنىمىزدا تولىمۇ تار، بىر تەرەپلىمە قىممەت قارىشىنىڭ تۈرتكىسىدە

قىزىققان ھاياجان بىلەن مەيدانغا چىققان «ئەخلەت ئىدىيە»لەرمۇ ساماندەك. ئېگىمىزدىكى، يۈزلىنىشىمىزدىكى، تۇرمۇشىمىزدىكى ناتوغرا ئىدىيە، چىركىن قىممەت قاراشلىرىنى ۋاقتىدا تازىلاپ ساغلام ئەقىدە تۇرغۇزۇش يېپيېڭى تۇغۇم بىلەن باراۋەردۇر. سودىدىكى، كەسىپتىكى، سەپەردىكى بىر خاتالىق كىشىنى مۇئەييەن پايدا ـ ئىقتىسادتىن، كۈچتىن مەھرۇم قىلىشى مۇمكىن. ئەمما، ئىنسانىنىڭ بارلىق ھەرىكەت ـ پائالىيىتىگە قوماندانلىق قىلىدىغان ئىدىيە ـ ئاڭدىكى ئازراقلا خاتالىق بولسا كىشىنى بىر ئۆمۈر سەرسان ـ سەرگەردان، خانۇ ۋەيران قىلىشى مۇمكىن. بىر قوۋمنىڭ ئومۇمىي ئىدىيولوگىيىسىدىكى بىنورمال يۈزلىنىش بولسا سۈرلەپ تۈگەتكۈسىز يوقىتىشلارغا ئېلىپ بېرىشىمۇ مۇمكىن. شۇڭا مىنىڭچە بىر مىللەتنىڭ ئىدىيە ـ ئەقىدىسىدىكى خاتا، ئازغۇن قاراش ـ تونۇشلارنى تازىلاش ھەممىدىن بالدۇر، ھەممىدىن چىڭ تۇتۇپ ئىشلىنىشى كېرەك. ناخشىنى بۇگۇن بولمىسا ئەتە ئېيتىش تامامەن مۇمكىن. ساغلام قاراش بولغاندىلا كلاسسىك ئەدەبىياتىمۇ، مۇقامىمۇ تېخىمۇ ياخشى تەتقىق قىلىغىلى بولىدۇ. پاكىز ئېتىقاد مەدەنىيەتنى يۈكسەلدۈرىدۇ، شۇنداقلا ئۇنى چىرىشتىن ساقلاپ قالالايدۇ.

«جىنسىيەت» ئىلمى سۆپىتىدە ئوتتۇرىغا چىققان ۋە ھازىرقى زامان كىشىلىرىنىڭ روھىي ھالىتىدە كۈچلۈك تېگىرقاش، شۇنداقلا تەسۋىرلەش قىيىن بولغان مۇرەككەپ تۇيغۇ ئويغىتىۋاتقان بەزى مەسىلىلەر ھەققىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىش شۇ خىلدىكى زۆرۈرىيەتلەر ئىچىدىكى مۇھىم تەقەززادۇر.

جىنسىيەت ئىنسانىيەت جەمئىيىتىگە يات نەرسە ئەمەس، تېخى يېقىندىلا بايقىغان نەرسە تېخىمۇ ئەمەس. ئۇ ئىنسان يارىتىلغان دەقىقىدىن باشلاپلا ئۇنىڭ ئەزايى ـ تېنى، روھىيىتى بىلەن مەھكەم چىپسىلاش ھالەتتە بارلىققا كەلگەن. پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ بۈگۈنىنى مەلۇم مەنىدە جىنسىيەتتىن ئىبارەت بۇ ۋاسىتىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. ئەمما، ئۇ بىردىنبىر

ۋاستە ئەمەس، بەلكى ئىنساننىڭ پۈتۈنسۈرۈك ۋۇجۇد ـ كالامىدىكى تولىمۇ كىچىك بىرلىك. ئەمما، ئۇنىڭ تارتىش كۈچى، ئىنسان نەزىرىدىكى مۇقەددەسلىك ئورنى كۆپ هاللاردا ئىنسانىيلىقنىڭ ئۇلۇغلۇقى ۋە ماهىيىتىدىن ئېشىپ كەتتى. ئۇ باشتىن تارتىپلا ئىنسان جەزمەن مەخپىي تۇتۇشى كېرەك بولغان ئۇياتلىق، نومۇسلۇق يەر قاتارىدا مەيدانغا كەلدى، بىر ئاماللار بىلەن يۆگەلدى ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن ئەخلاق مىزانلىرى، هايا ـ ئۆلچەملەر شەكىللەندى. بىز تارىخنىڭ ئۇزاق قاتلىرىغا قاراپ باقىدىغان بولساق، هەتتا ئىنسانىيەتنىڭ جىنسقا تېۋىنىش، چوقۇنۇش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتكىنىنىمۇ بايقايمىز. جىنسىيەتكە قانداق مۇئامىلە قىلىش، كىشىلىك مۇناسىۋەت، ئىجتىمائىي يوسۇن ـ قائىدىلەردىكى ئۇنىڭ رولى، ئورنى، قىممىتىگە قانداق مۇئامىلە قىلىش، ئۇنىڭدىن قانداق پايدىلىنىش ۋە ئۇنىڭغا ئالاقىدار بەزى مەسىلىلەرنى قانداق هەل قىلىش پۈتكۈل ئىنسانىيەت مەدەنىيەت ـ تارىخ تەرەققىياتىدا ئىزچىل كۆرۈلگەن، ساقلانغان، دەتالاش پەيدا قىلغان، ئەمما ئىزچىل هەل بولماي كېلىۋاتقان مەسىلە. نوهنىڭ قوۋمى ئەخلاقىي بۇزۇقچىلىق تۈپەيلى توپانغا غەرق بولۇپ كەتتى. لۇت ئەلەيهىسسالامنىڭ قوۋمى ئومۇمىيۈزلۈك بەچچىۋاز بولۇپ كەتكەچكە، تاش ياغدۇرۇلۇپ هالاك قىلىندى. ئىپتىدائىي ئادەملەر چېغىدا دەرەخنىڭ يوپۇرماقلىرى بىلەن بولسىمۇ ئۇنى ياپتى. قەبىلىلەر ئاساسىدا ئۇيۇشقان جامائە ئۆز ئۇرۇقىدىكىلەر بىلەن تويلاشتى، يەنى بىر ئائىلە ئەزالىرى ئۆزئارا جىنسىي ئالاقىنى مۇۋاپىق كۆردى. هەتتا دادىسى ئۆلگەندىن كېيىن ئانىسى بالىسىغا خوتۇنلۇققا قالدى. بىر ئائىلىدىكى ئۈچ ـ تۆت ئوغۇل بىر ئايالنى ئورتاق خوتۇن قىلىشتى. مانى دىنى بۇنداق نىكاهنى چەكلىدى. ئەمما، مەزدەك بۇنىڭغا قارشى: «ئىنسانلار تۇغۇلۇشىدىنلا باراۋەر، مال ـ دۇنيا، خوتۇن دېگەنلەردىنمۇ

www.uyghurkitap.com

كىشىلەر ئورتاق ھەمشىرىك بولۇپ پايدىلىنىشى كېرەك» دېگەننى تەشەببۇس قىلدى. بۇددىزم دۇنيانىڭ بارلىق ھاۋايى ـ ھەۋەسلىرىنى كىشىنىڭ تېنى، روھىيىتىنى چىرىتكۈچى زەھەر قاتارىدا كۆردى ۋە تەركىدۇنيالىق، زاھىتلىقنى، جاپانى بىردىنبىر يول قىلىپ تاللىۋالدى، جىنسىيەتنى قەتئىي بەنت قىلىپ تاشلىدى، ئائىلە، ئاياللار ۋە جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي تەڭپۇڭلۇقىغا كۆزىنى يۇمۇپ ئارقىسىنى قىلىۋالدى. ئەمما، رايىش بۇددىزم ئاساسىدا شەكىللەنگەن بۇددا مەدەنىيەت ـ سەنئىتى پۈتكۈل جەمئىيەتنى يالىڭاچ رەسىم ۋە بۇتلارغا كۆمۈۋەتتى. ئۇلار ماھىيەتتە جىمجىت ئولتۇرۇپ جىنسىيەتنى خىيال قىلىۋاتقان زاھىتلارغا بەكرەك ئوخشاپ قالدى. خرىستىئان دىنى گەرچە ئائىلە، نىكاھ، ئەخلاق جەھەتلەردە جاھالەتكە پاتقان ئىنسانىيەتنى يېڭى بىر ئاڭ ئېقىمى ساھەسىگە باشلىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ كېيىنچە كىشىلەرنىڭ ئۆز خىيالى بويىچە توقۇغان ئەپسانە ـ رىۋايەت، يازمىلىرى بىلەن ئەبجەشلىشىپ راست ـ يالغىنىنى بىلگىلى بولمىغۇدەك دەرىجىدە غۇۋالىشىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەسىلىلەرگە تۇتقان پوزىتسىيىسىدىكى ھەددىدىن زىيادە ئەۋرىشىم ـ يۇمشاقلىق ئۇنى خرىستىئان دۇنياسى ئۇلۇغلايدىغان، ئەمما ئازراقمۇ ئەمەل قىلمايدىغان دەستۇر پېچقا ئايلاندۇرۇپ قويدى. جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي ئېكولوگىيىسى تايانچ تۈۋرۈكسىز قالدى، ئەخلاق بۇزۇلدى. ئىنسانىيەت يەنە بىر قېتىملىق جاھالەت ۋە ئازغۇنلۇق ئۆڭكۈرىگە قاپسالغان شۇ دەۋردە ئىسلام دىنى بارلىققا كەلدى. ئۇ جەمئىيەتنى ئەخلاق ـ ئېتىقاد ئارقىلىق ئىدارە قىلىش، ئائىلىنىڭ مۇقەددەسلىكىنى قوغداش، ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا ئورتاق، ئادىل بىر ئۆلچەم قوللىنىشنى كۈچلۈك تەشەببۇس قىلدى، تەشەببۇس قىلدىلا ئەمەس، ئۇنى ھەربىر ئادەم جەزمەن ئەمەل قىلىشى

كىرەك بولغان مۇقەددەس پەرھىزگە ئايلاندۇردى، رىئاللاشتۇردى. روھىيەت ۋە جىسمانىيەتنىڭ، جەمئىيەتنىڭ ساغلام، پاك، دۇرۇس بولۇشىدا ئىنسانىيەت تارىخىدا كۆرۈلۈپ باقمىغان مۇكەممەللىكنىڭ لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇ تەرىقىدە جىنسىيەت ئۆزىگە يارىشا بىر مۇكەممەل تونۇش، پوزىتسىيىگە ئېرىشتى. ئۇ كەمسۇندۇرۇلمىدى، ئەمما ھەددىدىن ئېشىشقا ئېنىق چەك قويۇلدى. نىكاھ جىنسىي بىرىكىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى قىلىندى. ئۇنى يۆگەش، مەخپىي تۇتۇش قەتئىي تەلەپ قىلىندى...

ئەمما، ئىنسان يەنىلا ئۆزى بىلگىنىنى، مۇۋاپىق دەپ ئويلىغىنىنى قىلىۋەردى. تارىخ ئۆز ئېقىنىدا ئېقىۋەردى. تالاي يىللار ئاشۇنداق قورقۇش، بۇزۇش، چەكلەش، قارامىلىق، گاڭگىراش، قىزىقىش، تەلۋىلىك ئىچىدە ئۆتۈپ بۈگۈنگە ئۇلاشتى ...

ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىچكى قورۇقلۇقىدا ئۆز ئىچكى نىزالىرى بىلەن قېقىلىپ ـ سوقۇلۇپ ئۆتكەن بىزلەرمۇ جاھاننىڭ بۇ قىسمەتلىرىدىن خالىي قالمىدۇق. بىزمۇ تېپىك يەرلىك مەدەنىيەت ھەقدارى ۋە باشتىن ـ ئاخىر باشقىلارنىڭ ئىدىيە ـ مەپكۇرىسىغا خېرىدارلىق قىلىپ ئۆزىمىزنى شادلاندۇرۇشتەك ئىككىلەمچى سالاھىيىتىمىز بىلەن جىنسىيەتكە باغلانغان نۇرغۇن كەچمىش ـ تەجرىبىلەرنىڭ ئىجراچىلىرى بولدۇق. بولۇپمۇ بۇ ھەقتىكى مەدەنىيەت ئۇچۇرى بىزدە باشقا ئەل مىللەتلەرگە قارىغاندا ئالاھىدە كۆپ، قويۇق بولۇپ كەلدى. زور قىرغىنىدىن ئېشىپ قالغان ئەڭ ئاخىرقى بىر بالا بۆرە بىلەن جۈپلەشتى... ئوغۇزخان دەرەخ كاۋىكىدىنمۇ خوتۇن تاپتى... بىر ساھىبجامالغا پۈتۈنسۇرۇك بىر ئەلنىڭ تەقدىرىنى تەمتىرىمەستىن تېگىشىشكە تەييار تۇرىدىغان ئىشقۋاز سەركەردىلەر، ئۇيغۇر خەلق ناخشا ـ قوشاقلىرىدىكى مۇھەببەت، يار ئوبرازلىرى ۋە روھىي تەقەززالىقلار... ھەقىقەتەنمۇ كۆپ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

بولدى. مۇھەممەد باغراش: «پرومېتى مۇنداق دەيدۇ: پەخەس بولۇڭلار، ئادەملەر»[①] ناملىق بەدىئىي مۇلاھىزىسىدە بۇ ھەقتە خېلى ئىنچىكە تەھلىللەرنى ئېلىپ بارغان.

بىزنىڭ مەقسىتىمىز ئۇيغۇر ئەل مەدەنىيىتى (فولكلور)دە ساقلىنىۋاتقان جىنسىيەتكە دائىر قاراش، ئادەت، قىلىق ۋە تونۇشلارنى تەھلىل، تەتقىق قىلىش ئەمەس. تەتقىق قىلىدىغان بولساق نەچچە توملۇق قامۇس چىقىرىۋېتىشىمىزمۇ مۇمكىن. ئايانماي شۇنداق ئېيتالايمىزكى، ئۇيغۇر ئەدەبىيات ـ سەنئىتى ھاياجىنىنى ئۇرغۇپ، پارتلاپ تۇرىدىغان ئىشقۋازغا بەكرەك ئوخشايدۇ. ئەگەر ئۇنى ئەقىدە ـ ئېتىقاد، ئار ـ نومۇس زەنجىرى ھەر مىنۇت سىلكىپ، كىشەنلەپ تۇرمىسا ئۇ ئالەمنى مالەم قىلىۋېتىشىمۇ مۇمكىن. بىز بۇ ھەقتە شۇنچىلىكلا دەپ قويىمىز. ئۆتمۈشتىكى قاراش، ئادەت، قىلمىش ـ ئەتمىشلەر شۇنداق بوپتىكەن. ئۇلارنىڭ ئىككى دۇنيالىق كۆرگۈلۈكى ھەقدادىغا يەتكەن بولۇشى مۇمكىن، يەتمىگەن بولسا بۇنىڭدىن كېيىن يېتىدۇ. ئۇلار ھەققىدە قايناپ، سۆزلەپ بەت بوياش ئەھمىيەتسىز ھاياجان ۋە ئەقىل، قەغەز، ۋاقىت ئىسراپچىلىقى پەيدا قىلىدۇ. ئەمما، ئاشۇلارنىڭ قالدۇقاتلىرى، ئۇنىڭ بۆگۈنكى ئىپادىسى، يۈزلىنىشى، ئۇلار پەيدا قىلىدىغان، قىلىۋاتقان ياخشى ـ يامان ئاقىۋەتلەر ھەققىدە بىرەر قۇر پاراڭ سوقۇشنىڭ ئاز ـ تولا ئەھمىيىتى بولۇشى مۇمكىن. بۇ بىزنى بىۋاسىتە پايدا ـ زىيانغا ئۇچراشتۇرىدىغان نەق رېئاللىق.

راستىنى ئېيتسام، مېنىڭ بۇ ھەقتە، يەنە كېلىپ ئاشكارا مەتبۇئات يۈزىدە بىرەر نەرسە دېگۈم زادىلا يوق ئىدى. لېكىن، ئاخىر قولۇمغا قەلەم ئېلىشقا مەجبۇر بولدۇم. ئەپۇسىنى تىلەيمەن.

مۇھاكىمىنىڭ قوزغىلىشىغا مۇنداق ئىشلار سەۋەب بولدى.

① «تارىم» ژۇرنىلى 1998 ـ يىللىق 12 ـ ، 1999 ـ يىللىق 2 ـ سانى.

(1) جەمئىيەت ۋە ئۆنىڭدىكى جىنسىيەتكە باغلانغان تۆمەن مىلىك خىل ھادىسىلەر. (2) كىشىلەرنىڭ جىنسىيەتكە بولغان تونۇشىنىڭ غۇۋالىقى، قاتماللىقى، بىر تەرەپلىمە، زىددىيەتچان بولۇشى. ھەتتا ئۇنىڭغا چېقىلىشتىن ئەيمىنىپ ياكى بۇ تېمىغا چېقىلىشتا ئۆلچەمسىز، خالىغانچە ھەرىكەت ئېلىپ بېرىشى. (3) ياشلار، يېتىلىۋاتقان ئۆسمۈرلەرنىڭ جىنسىيەت ۋە ئۇنىڭغا ئالاقىدار مەسىلىلەر ئالدىدا ئىزاھاتسىز، يۆگەنسىز تەمتىرىشى، گاڭگىرىشى، بۇ مەسىلىگە ئاڭسىز، ئۆز مەيلىچە مۇئامىلە قىلىشى. (4) ئەدەبىيات ـ سەنئىتىمىزنىڭ بۇ مەسىلىگە بولغان ئىنكاسى. (5) يات مەدەنىيەت، ئىدىيىلەر ئالدىدىكى تۇرمۇش، قىممەت قارىشىمىزنىڭ بىچارە شۇمشىيىشى. (6) ئارىمىزدا بارغانسېرى ئەدەپ باش كۆتۈرۈۋاتقان يېڭىچە قاراش، تەشەببۇس، يۈزلىنىشلەر...

يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكەن ئەھۋاللار گەرچە ئۇزاقتىن بېرى داۋاملىشىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما يېقىنقى ئون نەچچە يىل مابەينىدە ناھايىتىمۇ تېز تەرەققىي قىلدى، زور ئۆزگىرىش ھاسىل قىلدى. جىنسىيەتنى ئېچىشقا بولمايدۇ، دەپ قاراپ كەلگەن خەلقىمىز بۇ ھەقتىكى ئەقىدە ـ ئېتىقادىنىڭ نەلەرگىدۇر سۈپۈرۈلۈپ تاشلانغىنىنى بىلىپ، ئۆزلىرىنى ئوڭشاپ بولغىچە ئۇ ئېچىلىپ بولدى. بەلگىلىك ئەخلاق ۋە ئەركان رامكىلىرىنىڭ ئىچىدە ھايا پەردىلىرى بىلەن مەخپىي ئىپادىلىنىپ كەلگەن بۇ «زەنجىرلەنگەن پرومېتى»نىڭ باغلىقى كۆنسېرى بوشاپ كەتتى. بىز ئەدەبىيات ـ سەنئىتىمىزنى ۋە ھۆرمەتلىك يازغۇچىلىرىمىزنى بۇ ھەقتە دادىل يول بېسىپ جىنسىيەت ھەققىدىكى پاراڭ ۋە تەسۋىرلەرنىڭ ئېچىلىشىغا يېتەرلىك تۆھپە قاتتى، دېيەلەيمىز.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دىن كېيىنكى ئەدەبىيات ـ سەنئىتىمىزدە مودا بولغان شوئارۋاز چاقىرىقنىڭ بىرى

www.uyghurkitap.com

«چەكلەنگەن تېمىلارغا بۆسۈپ كىرىش»تۇر. بۇ شوئار ئاپەتلىك يىللاردىكى ئەدەبىياتنىڭ سىياسىيلاشتۇرۇلۇشى، شوئارلاشتۇرۇلۇشى ۋە شەخسنىڭ ئىرادىسى بويىچە سىنىپىيلاشتۇرۇلۇشىغا قارشى ئېيتىلغان بولۇپ، ئۇ ئەدەبىياتىمىزدىكى شۇ مەزگىللەردە چەكلەنگەن تېمىلارغا ئەركىن، دادىل يۈرۈش قىلىپ تۇرمۇشنى تېخىمۇ زور بەدىئىي يۈكسەكلىكتە ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىش ئارزۇسى بىلەن ئوتتۇرىغا چىققانىدى. ئەمما، ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا، تەگ - تېگىدىن ئېيتقاندا، ئۇ مۇھەببەت تېمىلىرىغا بۆسۈپ كىرىشنىڭ باشقىچە ئاتىلىشىدىن بۆلەك نەرسە ئەمەستەك تۇس ئالدى. ھەقىقەتەنمۇ، ئىنسانغا بەخش ئېتىلگەن بۇ ئالىيجاناب مەنىۋى نېمەت ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىن بىر مەزگىل قوغلانغان ۋە «سىرىق»، «شەھۋانىي»، «بۇزۇقچىلىق» نامىدا ئەيىبلەنگەنىدى. مۇھەببەت تېمىلىرىغا بېغىشلانغان ھەرقانداق بىر شېئىر، ناخشا، قوشاق يازغان، ئېيتقان، شۇ ھەقتىكى ئەسەرلەرنى ئوقۇغانلارغىچە مۇشتۇمزور سىياسىنىڭ رەھىمسىز كالتەكنىڭ قارىقۇيۇق توقماقلىشىغا ئۇچرىغانىدى. ئەمەلىيەتتىمۇ، ئادەملەردىن مېھىر - شەپقەت كۆتۈرۈلۈپ، جەمئىيەتنى شەپقەتسىز سىياسىي تېررورلۇق قاپلىغان ئون يىل بولدى. ئىنسانغىلا خاس بولغان بۇ يۈكسەك تۇيغۇنى قارىلاش ئىنساننى قارىلاش بىلەن باراۋەر ئىدى. مۇھەببەت ئىنسانىيەتكە تەئەللۇق تۇيغۇ بولغانىكەن، ئۇ ئەدەبىياتتىمۇ ئەكس ئېتىشى تامامەن كېرەك ئىدى. ئاخىر ئەدەبىياتىمىز «مۇھەببەت»كە ئېرىشىش ئارمىنىغا يەتتى. ئەمما، ئارىدىن بىر مەزگىل ئۆتەر - ئۆتمەيلا ئەخلاق، ھايا سۈيى بىلەن سۇغىرىلىپ كەلگەن مۇھەببەتتىن ئىبارەت بۇ تېمىنىڭ ئۆزىدىنمۇ يەنە چەكلەنگەن تېمىلار بايقىلىپ قالدى. يازغۇچىلىرىمىز ئەدەبىياتتىكى چەكلەنگەن تېمىلارغىلا ئەمەس، رېئال تۇرمۇش ۋە مۇقەددەس ئېتىقادىمىزدىكى چەكلەنگەن

تېمىلارغىمۇ دادىل بۆسۈپ كىرىشنى ئىستەيدىغان بولدى. ئىنسان ھەقىقەتەنمۇ قانائەت قىلمايدىغان مەخلۇق ئىدى. جىنسىيەت ئەدەبىياتىمىزدا ئاپئاشكارا ئەكس ئېتىشكە باشلىدى. قىلچە زۆرۈرىيىتى بولمىغان، ئېستېتىك ئۆلچەملەرگىمۇ توشمايدىغان بەزىبىر تەپسىلاتلارنى ئەتەي تەپسىلىي، زىغىرلاپ يېزىش خېلىلا ئەۋج ئېلىپ قالدى. «بەزى يازغۇچىلىرىمىز قەھرىمانلارنىڭ قانداق سۆيۈشكەنلىكى، كۇسارغا قانداق قول ئۇزاتقانلىقى، قانداق ئاۋازلارنىڭ چىققانلىقى، تەمىنىڭ قانداقلىقى»[1]، كۆكسىنىڭ قانداقلىقى، ئاياللارغا قانداق ئۇرۇلغانلىقى، چاترىقىنىڭ كېرىلىشى، قانداق نەپەسلىنىشى، قانداق تېپىرلاپ، قانداق جىم بولۇشلىرىغىچە تەپسىلىي، زوق - ھاياجان بىلەن يازىدىغان بولۇۋېلىشتى. ھەتتا بەزى يازغۇچى - شائىرلىرىمىز بۇزۇقچىلىق، رەسۋالىق، جالاپ، شەرمەندىلىكلەرنى بىر ئامال بىلەن ئاقلاپ چىقىشتى، ئۆز پېرسوناژلىرىنىڭ تۇرمۇش، ھاياتقا بولغان قارىشىدىكى چۈشكۈن، ماداراچىلىقنى زوق - شوق بىلەن كۈيلىگەن بولۇشتى. ئۇلارچە ئىنساننىڭ ھېسسىياتى تۈپ نېگىزىدىن ئالغاندا رەزىللىك، ياۋۇزلۇققا سېزىك، يېقىن ئىدى. ئۇلار ئەدەبىيات - سەنئەتتىكى بۇ خىل ئېچىپ ئىپادىلەش «دادىللىق»نغا قارىتا «چىن، ھەقىقىي ئىنسان ھېسسىياتىنىڭ پەردازلانمىغان ئىپادىلىنىشى» دەپ پەتىۋا بېرىشتى. بىر 90 - يىللاردىن كېيىن مەيدانغا كەلگەن پېرسوناژلىرىمىزنىڭ دۇنيا قارىشى، بولۇپمۇ ئەخلاق، ئىپپەت مەسىلىلىرىگە بولغان پوزىتسىيىسىدىن كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان كەسكىن جان پىدالىقنى كۆپ ئۇچرىتالمايمىز. ئەمما، بۇزۇقچىلىقنى يەتكىچە قىلىپ بولۇپ ئارقىدىنلا ئۇنى ئاقلاشقا چۈشىدىغان ئەقىدىسىز ماڭقۇرتلارنى كۆپلەپ ئۇچرىتىمىز. 80 - يىللاردىكى ئەدەبىيات

① ئابلەت ئابدۇرېشىت بەرقى: «كۆز ئىچىدىكى كۆز، سۆز ئىچىدىكى سۆز»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2003 - يىل 7 - ئاي نەشرى 373 - بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىلەن 90 ـ يىللاردىن كېيىنكى ئەدەبىياتىمىزدىكى مۇھەببەت تەسۋىرلىرىگە قارىساقلا مۇھەببەتنى ئىپادىلەشكە بولغان ئەستايىدىللىق، جەريان تەپسىلاتچىلىقى ۋە ھەۋەس ـ زوقمەنلىكنىڭ قانچىلىك دەرىجىگە بېرىپ يەتكەنلىكىنى ئېنىق ھېس قىلىپ يېتىش مۇمكىن. ھەتتا بەزى ئەسەرلەر شەھۋانىي ئەسەرلەرگە ئايلىنىپ قالايلا دېدى. بۇ ھال كېيىنچە كىنو ـ تىياتىر ساھەسىگە ئىنتايىن تېزلىك بىلەن كىرىپ كەلدى ـ دە، قۇچاقلىشىش، سۆيۈشۈش، يالىڭاچ يۇيۇنۇش، ھەتتا چېكىدىن ئېشىپ جىنسىي ئالاقە ھەرىكەتلىرىگىچە تەپسىلىي ئىپادىلەش، كۆرستىش بۈگۈنكى ئۇيغۇر مەدەنىيەت ساھەسىنىڭ يېڭى يۈزلىنىش مودىسى بولۇپ قالدى. شۇغىنىسى، بىز ئاشۇ پېرسوناژلارنىڭ روھ ـ تېنىدىن بىر دەۋرنىڭ ئىنكاسىنى ئاڭلاپ، سېزەلىشىمىز كېرەك ئىدى. يازغۇچى بولغان ئادەم تۇرمۇشتا نېمە بولسا شۇنىڭ ھەممىسىنى شۇ پېتى تەسۋىرلەۋەرسە سەنئەتتە مەززە قالمايدۇ. يازغۇچى تۇرمۇشقا جەزمەن مەلۇم بىر ئەقىدە بىلەن ياندىشىشى ۋە پېرسوناژلارنىڭ ھېس ـ تۇيغۇ، پائالىيىتى ئارقىلىق مەلۇم بىر تۈپنىڭ ئىجتىمائىي مەسىلىلىرى، ئادالەت ـ قاباھىتىنى سىزىپ بېرىشى كېرەك. كۆپىنچە سەنئەت ئەھلى «يازغۇچى رېئاللىقتا نېمە بولسا شۇنى چىنلىق بىلەن ئىپادىلىشى، مۇھاكىمە كىتابخانىنىڭ ئۆزىگە قالدۇرۇلۇشى كېرەك» دەپ قارايدۇ. ئەمما، بۇ دېگەنلىك ھەرگىزمۇ يازغۇچى قېلىپسىز، ئۆلچەمسىز، دەخلىسىز ھەرىكەت قىلسا، نېمىنى، قانداق يازغۇسى كەلسە شۇنداق يازسا بولۇۋېرىدۇ، دېگەنلىك ئەمەس. يازغۇچى سەنئەت بېغىدىكى نېمىنى ئۈزگۈسى كەلسە ئۈزۈپ، نېمىگە ئۇسكۇسى كەلسە ئۇسسە ھەق، توغرا بولۇۋېرىدىغان تىزگىنسىز كۈچ

ئەمەس. ئۇ مەلۇم بىر مەدەنىيەت توپىغا ۋەكىللىك قىلغۇچى بولغانىكەن، شۇ توپنىڭ ئەخلاق - ئەركان، مىزان، پرىنسىپلىرىنى ئەستىن چىقارمىغان ئاساستا قەلەم تەۋرىتىشى كېرەك. جىنسىيەتنى شۇقەدەر شەھۋانىي ھېسسىيات، ئۆلچەمسىز مەۋقە بىلەن بېرىلىپ ئىپادىلەش يازغۇچىلىرىمىزدىكى تولىمۇ شاللاق كەيپىياتنى تولۇقى بىلەن ئاشكارىلاپ بەردى. مەدەنىيەت ئاسمىنىمىزدا جىنسىيەتنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېچىلىشىغا مۇئەييەن زېمىن، ئاساس ھازىرلاندى.

كېيىنكى كۈنلەردە ئەدەبىياتىمىزغا كىرىپ كەلگەن يېڭىچە تەشەببۇس، قاراشلار بىزنىڭ يازغۇچى - شائىرلىرىمىزنىڭ ئىپادىلىيەلمەي قالغان ھېسسىياتىنى قايناپ تاشتۇرۇۋەتتى، شۇنداقلا تېخىمۇ شاللاق، ئەرزىمەس، تۇتۇرۇقسىز پاساڭلاشتۇرۇۋەتتى. چىن ھېسسىيات ۋە رېئال ئىش - پائالىيەتنىڭ ئورنىغا يوشۇرۇن ئاڭ، چۈش، باش - ئايىغى يوق خىيال، ئەھمىيەتسىز سىمۋول، ئىشارىلەر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى لىقمۇلىق قاپلاپ كەتتى. يىغلاڭغۇ شېئىرىيەت ۋە ئىزدەنمە ھېكايىچىلىق نامى تامغىلانغان، ئاپتورىمۇ چۈشىنەلمىگۈدەك دەرىجىدىكى مۇرەككەپ، سۇبيېكتىپ خىيال - تەسۋىرلەر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ كۈرسىنى نەچچە ھەسسە چۈشۈرۈۋەتتى. ئەگەر بۇ خىل يۈزلىنىشنىڭ ئەھمىيىتى، پايدىسى بولدى، دېيىشكە توغرا كەلسە ئەنئەنىدىن دادىل گۇمانلىنىش، بىر قېتىملىق ئاڭسىز تەجرىبە ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا ئاز - تولا قاراش - ئىدىيىلەرنى چالا - پۇلا سۆرەپ ئەكىرىش بولدى.

ئەدەبىياتىمىزدىكى بۇ خىل يۈزلىنىش رايونىمىزدا ئىسلاھات تۈرتكىسىدە مەدەنىيەتلەر ئۇچرىشىشى كەسكىنلىشىۋاتقان، تەشۋىقات ۋاستىلىرى تېز سۈرئەتتە كېڭىيىۋاتقان مەزگىلگە توغرا كەلدى. تۇرمۇشىمىزغا يات مەدەنىيەت ئېقىملىرى بەس -

بەستە كىرىپ كەلدى. ئادىل ئابدۇقادىر ئەخلاقتا بۇزغۇنچىلىق قىلغۇچى ئۈچ چوڭ كۈچ سۆپىتىدە سىياسى، تېخنىكا، ئۇرۇشنى تىلغا ئالىدۇ[1]. سىياسىيىنىڭ ئەخلاق پرىنسىپلىرىمىزغا ئېلىپ كەلگەن يوشۇرۇن ۋەيرانچىلىقى ھەقىقەتەنمۇ ئېغىر بولدى. ئۇلار ئاشكارا تۇستە ئىپادىلەنمىدى، ئەمما ئۇن يىللىق ئاپەت مەزگىلىدىكى قالايمىقان سىياسىي ھەرىكەت خەلقىمىزنى ئۆزىنىڭ مەدەنىيەت پرىنسىپلىرىغا ھەددىدىن زىيادە ئېھتىيات بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان، ھەتتا ئۇنىڭ توغرىلىقىدىن گۇمانلىنىدىغان دەرىجىدە قورقۇنچاق، سەزگۈر قىلىۋەتتى. بىزدىكى ئەڭ ئېسىل ئەخلاق سەمەرىلىرىگە فېئودالىزمنىڭ قالدۇقى، كونىلىق، جاھالەت، خۇراپىيلىق تامغىلىرى بېسىلدى. ئون يىللىق سىياسىي مالىمانچىلىق بىزنىڭ ئەڭ ئېسىل مەدەنىيەت سەمەرىلىرىمىزگە قارا قالپاق كىيگۈزۈپ ئۇلارنى بولۇشىغا تىللاپ چىققان بولدى. مالىمانچىلىق ئاخىرلاشتى، ئەمما كىشىلەرنىڭ ئىدىيە ـ ئېڭىنىڭ قات ـ قېتىغا سىڭىپ كەتكەن پۇتمەس ـ تۈگىمەس گۇمان، خۇدۇكسىرەش، ئۆزىدىن ئۈركۈش كېسىلى ئاخىرلاشمىدى. قىممەت قارىشىمىزدا ناھايىتى زور بۇرۇلۇش يۈز بەردى ۋە ئەنئەنىۋى، نىكاھ، ئائىلە، قىممەت قاراشلىرى زامانىنىڭ ئارقىسىدا قالغان كونىلىق، خۇراپىيلىق دەپ ئېزىپ چۈشەندۈرۈلدى. بۇنىڭ بىلەن ئەدەبىيات ـ سەنئەتتىكى ئېستېتىك قاراشلاردىمۇ زور ئۆزگىرىش كۆرۈلدى ـ دە، ئەنئەنىۋى قىممەت قاراشلىرىمىزدىكى تەۋەررۈك ئەخلاق ئادەتلىرىمىزنى سۆكۈش، ئۇلارغا فېئودالىزمنىڭ قالپىقىنى كىيگۈزۈپ تىللاپ، قارغاپ چىقىش، ئاتالمىش يېڭىلىق ۋە زامانىۋى مەدەنىيەتنى كۈيلەش، مەدھىيىلەش مودىغا ئايلاندى. خەلقىمىزدىكى ئەنئەنىۋى قىممەت، مەدەنىيەت قارىشىغا بولغان

[1] ئادىل ئابدۇقادىر «ئەخلاقنىڭ دۈشمىنى»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2005 ـ يىل 3 ـ سان.

چۈشەنچە، ساداقەت، ئېتىقاد ناھايىتى زور دەرىجىدە تۆۋەنلەپ كەتتى. تېخنىكىنى ۋاستە قىلغان تېلېۋىزور، رادىئو، گېزىت ـ ژۇرنال ۋە ئۈن ـ سىن ۋاستىسى ـ بۇيۇملىرى ئۇنىڭغا ئۆزگىرىشكە مۇئەييەن ھەسسە قاتتى. ئاتا ـ بالا بىر يەردە ئولتۇرۇپ تېلېۋىزور كۆرۈشتىنمۇ ئەنسىرەيدىغان دەرىجىدىكى شەھۋانىيلىقى كۈچلۈك فىلىملەر ئېكراننى بىر ئالدى. ئەزەلدىن جىنسىيەتتىن ئىبارەت بۇ نەرسىگە ئېھتىيات بىلەن مۇئامىلە قىلىپ كەلگەن ئاتا ـ ئانىلار نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قېلىشتى. ئۇلار بالىلىرىنىڭ ئالدىدىلا كۆرسىتىلىۋاتقان ئىشلاردىن خىجىل بولاتتى. ئەمما، بۇنى نېمىدەپ چۈشەندۈرۈشنى ئەسلا بىلەلمەيتتى. بۇ توغرىدا گەپ ئېچىشتىن ئەيمىنەتتى. ئىككى ئىت كوچىدا جۈپلەشسىمۇ چالما ـ كېسەكتە ئۇر ـ قاچ قىلىپ كۆنۈپ قالغان بۇ خەق ئېكراندىكى ئادەملەرنىڭ ئۇيالماستىن قىلىپ يۈرگەن قىلىقلىرىنى ئەدەپلىيەلمەيتتى. ئىچىدە تىللاپ باشقا ياققا قارىۋالاتتى، قانال ئالماشتۇراتتى... بالىلار خىجىل بولغاندەك قىلاتتى، قىزىقسىنىپ ئوغرىلىقچە قارايتتى، يەرگە قارىۋالاتتى، كۆڭلىدە نېمىلەرنى ئويلاپ، نېمىلەرنى خىيال قىلىپ يۈرگىنىنى بىر خۇدا ئۆزى بىلەتتى ...

ئەقىدە تەربىيىسىنىڭ سۇسلىشىشى، ئەنئەنىۋى ئەخلاق، مەدەنىيەت قارىشىنىڭ يەكلىشكە ئۇچرىشى، نوقۇل ئەقلىيچىلىكنى بەلگە قىلغان پەنگە چوقۇنۇشنىڭ كۈچەپ تەرغىب قىلىنىشى، قارىقويۇق سىياسىي، ئىقتىسادىي قىزغىنلىقنىڭ بىنورمال يۆنىلىشتە ئەۋجىگە چىقىشى، ياش سۇسلىشىشى ـ ئۆسمۈرلەرگە بولغان تەربىيىنىڭ ئەقلىيلىكتىن ھالقىپ چىقالماسلىقى قاتارلىق كۆپ خىل ئامىللارنىڭ تەسىرىدە كۆپ ئۆتمەي تۇرمۇشىمىزمۇ ئېكرانلىشىپ كەتتى. كىشىلەر ئەمدى ئوغۇل ـ قىزلارنىڭ قولتۇقلىشىپ مېڭىشلىرىنى ئۇنچىۋالا ھار ئېلىپ كەتمەيدىغان بولدى، بۇنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئادەتتىكى ئىش، زامان شۇنداق بولۇپ كەتتى، دەپلا قويىدىغان بولۇشتى. كىشىلەر جىنسىيەت ھەققىدە خۇپىيانە، پەس ئاۋازدا ئەمەس، ئاشكارا سۆزلىشىدىغان بولدى. جىنسىي كېسەللىكلەرنى داۋالاش ئېلانلىرى، قىزلىق پەردىسى سېلىش، كۆڭۈل ئېچىش ھەققىدىكى ئېلان، ئۇچۇرلار كۆپەيدى. 14 ـ 15 ياشلىق قىزلارنىڭ ھامىلىدار بولۇپ قالغانلىقى، كىيىملىرىمىزنىڭ بارغانسېرى ئېچىلىپ، تارىيىپ كېتىۋاتقانلىقى، توختاۋسىز غىدىقلىنىش، ھاياجانلىنىش ئىچىدە تۇرۇۋاتقان ئەرلەر ئىچىدىكى جىنسىي كېسەللىكلەرنىڭ شىددەت بىلەن ئۆرلەپ كېتىشى، قۇۋۋەت دورىلىرىنىڭ بازار تېپىشى، كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرى نامىدىكى شەكلى ئۆزگەرگەن پاھىشىخانىلارنىڭ ئاۋاتلىشىشى، ئەر ـ ئاياللارنىڭ ئاجرىشىش نىسبىتىنىڭ ئۆرلىشى، ئائىلىنىڭ ئورنىنىڭ تەۋرىنىشى... قاتارلىق ھادىسىلەر بىزدە ئەڭ ئادەتتىكى ئىشلارغا ئايلىنىپ قالدى. ئەيدىز، سىفلىس ۋە تۇرلۇك ئالدىنى ئېلىش مۇمكىن بولمايدىغان جىنسىي كېسەللىكلەر خېلى كۆپ ئۇچرايدىغان بولدى. ئائىلىلەر ئېغىر كرىزىسكە دۇچار بولدى. ئاجرىشىش، جىنسىي زوراۋانلىق ۋە جىنايەت نىسبىتى ئۆرلىدى. ستاتىستىكىلارغا ئاساسلانغاندا، 1960 ـ يىلىدىن 1990 ـ يىلىغىچە غەرب دۇنياسىدىكى ئاجرىشىش نىسبىتى توي قىلىش نىسبىتىگە قارىغاندا ئىككى ـ ئۈچ ھەسسە يۇقىرى بولغان، ھارامدىن تۇغۇش نىسبىتى بولسا تۆت ھەسسىدىن ئالتە ھەسسىگىچە كۆپەيگەن، يەنى 1800 ـ يىلىدىن 1960 ـ يىلىغىچە ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 5 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىپ كەلگەن ھارامدىن تۇغۇش ھادىسىسى 1992 ـ يىلىغا كەلگەندە ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 32 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلغان. جىنايەت ئۆتكۈزۈش نىسبىتى بولسا 6 — 7 ھەسسىگىچە كۆپەيگەن[1]

---

① Jklalb . org تور بېتىدىكى «ئەنئەنە جاھىللىقى» ناملىق ئىنگلىزچە ماقالىگە قارالسۇن

بىزدە بۇ خىل ستاتىستىكىلارنى تاپماق بەكمۇ تەس. ئەمما 25 مىڭ نوپۇسى بار بىر يېزىنىڭ يىللىق توپلىشىش، ئاجرىشىش ئەھۋالىنى خەلق ئىشلىرى تارماقلىرىدىن ئىگىلىشىمچە، توي قىلغانلار سانى 200، ئاجراشقانلار سانى 80 ئەتراپىدا بولغان. ئاجراشقانلارنىڭ 95%ى ياشلاردىن بولغان. يېزىلاردا خەلق ئىشلار تارماقلىرىغا تىزىملاتمايلا ئاجرىشىپ، يەنە خوتۇن ئېلىۋالىدىغان ئىشلار ھېلىھەم مەۋجۇت. بۇ ئۇرۇمچىدىن ئىككى مىڭ كىلومېتىردىن ئارتۇق يىراقلىقتىكى ناھايىتىمۇ چەت، ئەنئەنىۋى ئەخلاقنىڭ چەكلەش كۈچى رولىنى يوقاتمىغان سەھرادىكى نىسبەت. شەھەرلەردىكى، ئەخلاقنىڭ رولى كۈچىدىن قالغان جايلاردىكى نىسبەت قانداق چىقىشى مۇمكىن؟ ئېنىقلاش مۇمكىن بولمايدىغان خۇپىيانە جىنسىي زوراۋانلىقلار، بۇزۇقچىلىقلار، ھارامدىن تۇغۇش، نىكاھسىز يېقىنچىلىق قىلىش، شەھەرلەردىكى ئاشكارا ـ يوشۇرۇن ئىشرەتخانىلار ۋە ئۇ يەرلەردىكى بۇزۇقچىلىقلارنى ئېنىقلاپ، مۇھاكىمىگە قويساقچۇ؟ دېمەككى، بىزدىكى مەسىلە كىشىنى چۆچۈتىدۇ. مەن بىر دوختۇرنىڭ ھازىرقى ياشلارنىڭ خېلى كۆپ جىنسىي كېسەل دېگىننى ئاڭلىغانىدىم. شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى تىل تارماق ئىنستىتۇتىنىڭ ئىنگلىز تىلى ئوقۇتقۇچىسى ۋاڭ شىفېڭ بىر قېتىملىق دەرسىدە: «ئەگەر خەنزۇلارنىڭ، جۇڭگولۇقلارنىڭ تۇرمۇش، ئىستېمال ئادەت ـ يۈزلىنىشى مۇشۇ بويىچە داۋاملىشىپ ماڭىدىغان بولسا جۇڭگولۇقلار يەنە 50 يىلدىن كېيىن پەرزەنت كۆرەلمەسلىك دەرىجىسىگە بېرىپ يېتىدۇ» دېگەنىدى. ئۇ بۇ سۆزىنى يەڭگىللىك بىلەن مۇنداقلا دەپ قويغان ھۆكۈم ئەمەس، بەلكى نوپۇزلۇق ئالىم، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ نەچچە يىللىق تەتقىقاتىنىڭ، جەمئىيەتشۇناس، مەدەنىيەت تەتقىقاتچىلىرىنىڭ قايناپ تۇرۇپ ئېلىپ بارغان مۇنازىرە ـ

مۇھاكىمىسىنىڭ يەكۈنى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويغانىدى. بۇنى دەلىللىگەندەكلا تەكشۈرۈش ئارقىلىق 40% ياشنىڭ ئۇرۇقى پۇچەك چىقتى①. شەك ـ شۈبھىسىزكى، «بۇ روھ ئايىنىغاندىن كېيىنكى تەننىڭ ئايىنىشىدۇر»②. ئادەمدە ئىمان ـ ۋىجدان قالمىغاندىلا ھارامنى، زىنانى، بۇزۇقچىلىقنى، كىشىنىڭ ھەققىنى ئۆزىگە راۋا، دۇرۇس كۆرىدۇ.

جىنسىي بۇزۇقچىلىقلارنىڭ ئىجتىمائىي ئاپەت سۈپىتىدە يامرىشى ۋە كىشىلەرنىڭ بۇنى ئانچە ئېغىر ئېلىپ كەتمەسلىكى، ھەتتا زامان تەرەققىي قىلىپ شۇنداق بولۇپ كېتىۋاتىدۇ، دەپ بۇنى بىخەملەرچە دەۋرگە ۋە ئاتالمىش مەدەنىيەتكە، تەرەققىياتقا يۈكلەپ ئۆزلىرىنى خاتىرجەم تۇتۇپ يۈرۈۋېرىشى كىشىنى ئەندىشىگە سالىدۇ. بولۇپمۇ بىزدەك نەچچە مىڭ يىللاردىن بېرى جىنسىيەتكە تولىمۇ كۈچلۈك ئېھتىيات ۋە قاتتىق ئەقىدە بىلەن مۇئامىلە قىلىپ كېلىۋاتقان خەلقنىڭ ھالا بۇگۈنگە كەلگەندە جىمجىت سۈكۈت قىلىپ قاراپ تۇرۇشى كىشىنى قاتتىق ھەيران قالدۇرىدۇ. ئىگىلىنىشىچە، يېقىنقى بەش يىل مابەينىدە داۋالاش كەسپلىرى ئىچىدە جىنسىي كېسەللىكلەرگە مۇناسىۋەتلىك داۋالاش كەسپلىرى ۋە شۇ ساھەدە مەخسۇسلاشقان دوختۇرخانا، بۆلۈملەر ئىنتايىن تېز سۈرئەتتە راۋاجلانغان، كېڭەيگەن، بىمارلىرى ئىزچىل كۆپەيگەن. بىز «بۇغدا دوختۇرخانىسى»نىڭ ئىنتايىن قىسقا مۇددەت ئىچىدىلا يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىپ، زورىيىپ ئاقسۇ، قەشقەر، خوتەنلەردە تارماق دوختۇرخانىسى بار زەنجىرسىمان داۋالاش لىنىيىسى شەكىللەندۇرگەنلىكى، بۇ يەرگە كېلىۋاتقانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدىغانلىقىغا قاراپ

① «ئۇرۇقسىزنى قۇتقۇزۇۋالايلى»، تۇرسۇنبەگ ئىبراھىم تايماس تەرجىمىسى، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2005 ـ يىل 5 ـ سان.

② ئابدۇرېھىم دۆلەت: «مەدەنىيەت ۋە مەۋجۇتلۇقىمىز»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2003 ـ يىل 5 ـ ئاي نەشرى 168 ـ بەت.

باقسالا مەسىلىنىڭ ئۈنچىۋالا ئاددىي ئەمەسلىكىنى بايقايمىز. بۇ مەسىلە، كىشىلەر قانداق پەيدا بولدى؟ ئەجەبا بىزدىكى ئەقىدە ئۆلدىمۇ؟ ئەخلاق شۇقەدەر ئەرزىمەس، ئەھمىيەتسىز ئورۇنغا چۈشۈپ قالدىمۇ؟ ۋەياكى جىنسىيەت راستتىنلا ئىچىلىشى، كىشىلەر ئۆزلىرى خالىغان، بىلگىنىنى قىلىپ ياشاپ ئۆتۈۋېرىشى كېرەكمۇ؟

گەرچە غەربتىكى بەزى ئەللەردە ئەۋج ئالغان جىنسىي بۇزۇقچىلىقلار بىزدە تېخى مەلۇم كۆلەم هاسىل قىلىپ ئىجتىمائىي ئاپەتكە ئايلانمىغان بولسىمۇ، ئەمما مەۋجۇت مەسىلىلەرنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتى ۋە خەتىرىگە هەرگىز سەل قاراشقا بولمايدۇ. ئۇ هەربىر ئادەمنىڭ پىسخىكىسىغا، نورمال پائالىيەت ئېلىپ بېرىشىغا، ئائىلىسىنىڭ خاتىرجەملىكىگە، مەدەنىيەت، ئەقىدە ـ ئېتىقادىغا ئوخشىمىغان شەكىل، كۆلەمدە زور تەسىر كۆرسىتىپ يېڭىدىن ـ يېڭى ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى پەيدا قىلماقتا. كىشىلەر گاڭگىرىماقتا، نېمە قىلسا توغرا بولىدىغانلىقىنى بىلەلمەي نائىلاج هەممىنى دەۋرگە ئارتىپلا بولدى قىلماقچى بولۇشىدۇ، داۋالاشقا يۈگۈرۈشىدۇ ياكى زامانىنىڭ بۇزۇلغىنىدىن زارلاپ، قاقشاپ ئاخىرىدا يەنە پەسكويغا چۈشۈپ ئۆز دۇنياسىغا چۆكۈپ كېتىشىدۇ. نۇرغۇن كىشى جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي ئېكولوگىيىسىنى ئەمدى تۈزەش مۇمكىن ئەمەس، دەپ قارايدۇ، قولنى يۇيۇپ قويۇۋالىدۇ. ۋەهالەنكى، مەسىلە بولغانىكەن، جەزمەن هەل قىلىش چارىسى بولىدۇ. هەل بولماسلىق مەسىلىنىڭ هەل بولمايدىغانلىقىدا ئەمەس، هەل قىلغۇچىنىڭ ئۇسۇلىنىڭ توغرا بولمىغانلىقىدا.

ئۇنداق بولسا، جىنسىيەتكە باغلانغان بۇ كرىزىسلارنى هەل قىلىشنىڭ چارىسى بارمۇ؟ زادى قانداق قىلىش كېرەك؟

بىر يازغۇچى ئۆزىنىڭ بۇ هەقتىكى بىر بەدىئىي مۇلاهىزىسىدە بىر قاتار دېلولارنى مىسال كەلتۈرۈپ ئاخىرىدا

www.uyghurkitap.com

مۇنداق دەيدۇ: «بۇ دېلولارنى ئوقۇغان ھەرقانداق كىشى مۇشۇ دېلولارنىڭ سادىر بولۇشىغا زېمىن بولغان مىللىي مەدەنىيەت قۇرۇلمىمىز، ئەنئەنىۋى جىنسىي قاراشلىرىمىز، جىنسىي ئەخلاق ئۆلچىمىمىز ۋە جىنسىي پسىخىكا زەئىپلىكىمىز ۋەھاكازالار توغرىسىدا قاتتىق ئېچىنىش كەيپىياتى ئىچىدە ئۇزۇنغىچە ۋە چوڭقۇر ئويلانماي قالمايدۇ». ئۇ جەمئىيىتىمىزدىكى ئىجتىمائىي قاباھەتنىڭ يىلتىزىنى مەدەنىيىتىمىزدىن ئىزدەيدۇ. ۋەھالەنكى، مەن مەدەنىيىتىمىزدىكى جىنسىي ئەخلاق، پرىنسىپ ـ قاراشلىرىنىڭ كىشىلەرنى جىنسىي بۇزۇقچىلىقتا، زوراۋانلىق، جىنايەتكە يېتەكلەيدىغانلىقىغا ئىشەنگۈچىلەردىن ئەمەسمەن. خەلقىمىز ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان مىڭ يىللار مابەينىدە ئۇنىڭغا تەلتۆكۈس، تولۇقى بىلەن رىئايە قىلىپ ئۇنى ھاياتلىقتىكى مۇتلەق مىزانغا ئايلاندۇرالمىغان بولسىمۇ، ئەمما جىنسىيەتكە ۋە ئۇنىڭغا ئالاقىدار مەسىلىلەرگە كەلگەندە نىكاھنى، قىزنىڭ رازىلىقىنى ئالدىنقى شەرت قىلغان. نىكاھسىز بىللە تۇرۇش، ئەر ـ ئاياللارنىڭ يېقىنچىلىق قىلىشى، زىنا قىلىش ھەتتا باشقىلارنىڭ ئايالىغا قاراشنىمۇ چەكلەپ كەلگەن، نىكاھتىكى ئىككى تەرەپنىڭ رازىلىقىنى مۇھىم شەرت قىلغان، جامائەت گۇۋاھلىقىنى ئاساس قىلغان. يېتەرلىك مەھرە بېرىش، ئاجرىشىشقا توغرا كەلگەندىمۇ، ئۇنى ئەسكى چاپاننى چۆرىگەندەكلا قوغلاپ چىقارماستىن ئايالنىڭ كېيىنكى تۇرمۇشىنى ئويلىشىش، ئۇياتلىق يەرلەرگە قارىماسلىق، ھەتتا ھاجەت بولمىسا خالىغانچە تۇتۇپ سىلىماسلىق، شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ ھارام يولغا ماڭماسلىق، كۆڭۈلنىڭ ۋەسۋەسىسىدىن قاتتىق ئۆزىنى تارتىش، مەنىۋى بۇلغىنىش ۋە يامان خىياللارنىڭ ئېزىقتۇرۇشىدىن قۇتۇلۇپ ھاياتلىقتا پاكىز، رەتلىك، مەنىلىك ياشاپ ئۆتۈش ئۈچۈن قۇربى يەتسە ۋاقتىدا

كۆڭۈلدىكىدەك، مۇۋاپىق بىرى بىلەن تۇرمۇش قۇرۇپ ھاياتىنى قامداش، قۇربى يەتمىسە ھەتتا روزا تۇتۇپ بولسىمۇ ئۆزىنى، جەمئىيەتنىڭ ئەخلاقىنى ساقلاش... قاتارلىق بىر يۈرۈش ئەخلاق تۈزۈم ـ پرىنسىپلىرىنى ئىزچىل ساقلاپ كەلگەن ۋە ئۇنىڭغا رىئايە قىلىشقا تىرىشقان. ھالالدىن بولمىغان ھەرقانداق جىنسىي پائالىيەتنى قاتتىق چەكلىگەن، ئېنىق جازا تەدبىرلىرىنى بېكىتىپ، يۈرگۈزۈپ، جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي تەڭپۇڭلۇقىنى، ئائىلىنىڭ، نىكاھنىڭ مۇقەددەسلىكىنى، ئەخلاقنىڭ چەكلەش كۈچىنى ساقلاپ كەلگەن. ئەمما، نىيىتى دۇرۇس، ئىمانى پاكىز، قەلبى تازا، ئەخلاقى ياخشى بولمىغان ئادەملەر يوشۇرۇنچە ناشايان ئىشلارنى قىلغان، ھاياتلىقتىكى مۇقەددەس پرىنسىپلارنى بۇزغان. باشقىلارنىڭ خوتۇن ـ قىزلىرىغا چېقىلغان، ھارام نىيەتتە بولغان، ھەتتا پاھىشىخانىلارمۇ ئېچىلغان، بەچچىۋازلىق قىلغۇچىلارمۇ بولغان. بۇ كۆز يۇمغىلى بولمايدىغان ھەقىقەت. ئەمما، ھەرگىز ئەستىن چىقارماسلىق كېرەككى، ئەخلاقى چىركىن، بەتبەخت ئادەملەرنى بۇ خىل جىنايەت يولىغا ماڭدۇرغان بىزنىڭ مەدەنىيەت ئەمەس! بىزنىڭ ئېتىقاد ئەمەس! بىزدىكى جىنسىي ئەخلاق ئۆلچىمى، قاراشلىرى تېخىمۇ ئەمەس! نېمە قىلغۇڭ كەلسە ھالاللاپ ئېلىپ قانغۇچە قىل، ئاياللىرىڭ ئۆزۈڭنى، كۆزۈڭنى، نەپسىڭنى يىغ، روزا تۇتۇپ بولسىمۇ پاكىز ئۆت، ئۆزۈڭنى، ئۆزگىنى، جەمئىيەتنى بۇلغىما دەپ تۈرىدىغان پرىنسىپنى مۇتلەق مىزان قىلغان بىزنىڭ مەدەنىيەت مۇنداق چىدىغۇسىز ھاقارەتنى كۆتۈرەلمەيدۇ ھەم ھەرگىز كۆتۈرمەيدۇ. كىم مەدەنىيىتىمىزدە باشقىلارنىڭ خوتۇنىغا پوخورلۇق قىل، زىنا قىل، دەيدىغان گەپلەرنىڭ بارلىقىنى كۆرۈپ، ئاڭلاپتىكەن؟ بىزنىڭ جىنسىي ئەخلاق ئۆلچىمىمىزدە نىكاھسىز يېتى يات جىنسقا يېقىنلاشسا بولۇۋېرىدۇ، دەيدىغان گەپنىڭ ئۇرۇق ـ پىچىكىمۇ يوق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئېتىقادىنىڭ لەنىتى بوزغۇنچىلىرى، مەدەنىيەتنىڭ زەھەرلىك مىتىلىرى، ئەخلاقنىڭ چۈشكۈن ئىجراچىلىرى سادىر قىلغان خاتالىق مەدەنىيەتكە، ئەخلاققا يۈكلەنسە بۇنى زادى نېمە دېگۈلۈك؟

يۇقىرىقى قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان يازغۇچى بىزدىكى ئىنتايىن كۈچلۈك بالا - قازا سۈپىتىدە زاھىر بولۇۋاتقان پاجىئەنى «جىنسىي ساۋاتسىزلىق» دەپ ئاتايدۇ ۋە «مۇبادا بىزنىڭ تۇرمۇش شەكلىمىز، جۈملىدىن جىنسىي تۇرمۇشىمىز ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ تەلىپىگە ماسلىشالمىسا، يېتىشەلمىسە ئۇ ھالدا بىز دەۋرنىڭ سىرتىدىكى تاشلاندۇق ‹بوشلۇق› تا تىنەپ - تەمتىرەپ، مۇدۇرۇپ - چوقۇرۇپ، بىر ئىزىمىزدا چۆرگىلەپ قېلىۋېرىمىز. ئەسىر بىزگە بەخش ئەتكەن تەرەققىيات ۋە ئەلالىشىش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قالىمىز» دەپ ئۆز ئەندىشىسىنى بايان قىلىدۇ. ئۇنىڭ بۇ خىل ئەندىشە قاپلىغان بايانلىرى كىشىنىڭ كۆلكىسىنى قىستايدۇ. جەمئىيەت تەرەققىياتى بىزنىڭ جىنسىي تۇرمۇشىمىزغا نېمە تەلەپ قويۇپتۇ؟ بىز يېتىشەلمىگۈدەك ئۇ قايسى باسقۇچقا بېرىپ يېتىپتۇ؟ ئۇ بەلكىم جىنسىي جەھەتتىكى بىلىم - ساۋاتلار بىلەن تەربىيىلىنىشنى كۆزدە تۇتۇۋاتقان بولسا كېرەك. نېمىلا بولمىسۇن، بۇ يازغۇچى بىزدە ئايان بولۇۋاتقان بىر قىسىم جىنسىيەتكە باغلىنىشلىق پاجىئەلەرنى ئىزاھلىغان ۋە بۇ خىل پاجىئەلەرنى يوقىتىش ئۈچۈن جىنسىي ساۋاتلارنى ئومۇملاشتۇرۇشنى تەشەببۇس قىلغان. ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتەر - ئۆتمەيلا مەتبۇئاتلىرىمىزدا ئوقۇغۇچىلارغا جىنسىيەت تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش، جىنسىيەتنى دەرسخانىلارغا ئېلىپ كىرىشنىڭ زۆرۈرلۈكى ھەققىدە ماقالە - تەشەببۇسلار كۆپىيىپ بەلگىلىك پىكىر ئېقىمى شەكىللەندۇرۇشكە باشلىدى. تېخى يېقىندىلا شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ «كۆڭۈلدىكى سۆز»

پروگراممىسىدا ئۆتكۈزۈلگەن بىر قېتىملىق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ مۇھەببەتلىشىشكە يول قويۇش ـ قويماسلىق ھەققىدىكى مۇنازىرىدە خېلى كۆپ سانلىق ئاما قەتئىي تۈردە يول قويۇش كېرەكلىكىنى بىلدۈرۈشتى، نۇرغۇن ئادەم گاڭگىراپ، نېمە قىلىش كېرەكلىكىگىمۇ ھۆكۈم قىلىشالمىدى. شەكسىزكى، بۇ ئۇلارنىڭ «ئېچىش»، «قويۇۋېتىش»كە بولغان مايىللىقىنى دەلىللەپ بېرىدۇ.

مەن توساتتىن شۇ ھەقتە ئويلىنىپ قالدىم: جىنسىيەت تەربىيىسى، جىنسىي تەشۋىقات ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق ئەۋجىگە چىقىۋاتقان ئەخلاقسىي بۇزۇلۇش، چىرىكلىشىش، جىنسىي بۇزۇقچىلىق، يامراۋاتقان كېسەللىك، زەئىپلىشىۋاتقان تەن، چۈشكۈنلىشىۋاتقان روھىيىتىمىزنى راستتىنلا قۇتقۇزۇپ قالغىلى بولارمۇ؟ ياكى بۇ بىر يېڭى ئاپەتنىڭ باشلانمىسى بولۇپ قالارمۇ؟

كېيىپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، مەيلى كىمنىڭ پىكىر ـ قارىشى بولسۇن، بۇ تېگى ـ ماھىيىتىدىن ئالغاندا بىزدىن چىققان پىكىر ـ قاراش ئەمەس. يەنى جىنسىيەت تەربىيىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش ئارقىلىق جىنسىيەتنى بەلگە، مەنبە قىلغان مەنىۋى ئەخلەت، بالا ـ قازالارنى تارىلاش تەشەببۇسىمۇ جىنسىيەتنى بازارلاشتۇرۇش، ئېچىش، قويۇۋېتىش ئىدىيىسىگە ئوخشاشلا سىرتتىن كەلگەن ئىدىيە ـ قاراشتۇر. بىزدىكى قىزىققان ھەۋەسكارلار غەربلىك يېڭى مەدەنىيەت بايراقدارلىرىدىن بىرنەچچىسىنىڭ ئىسمىنى ۋە تەرجىمىھالى، ئەسەرلىرىدىن ئاز ـ تولا ئۇزۇندىلەرنى ئوقۇغان بولۇشى تەبىئىي ۋە شۇنىڭ ئەس ـ ھاياجىنىدا سۆزلەپ كەتكەنلىكى ئېنىق. جىنسىيەتكە ئالاقىدار مەسىلىلەردە بىزنىڭ ئوقۇرمەنلىرىمىز ئىسمىنى تولا ئاڭلىغان، چوڭ بىلىپ، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئىدىيە ـ مەپكۇرىسى ھەققىدىكى بىر ـ ئىككى ئېغىز سۆزنى دەستەك قىلىپ تۇرۇپ ئۇنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىجادىيىتىگە تەتبىقلىغان شەخس ئاۋستىرىيىلىك دوختۇر، روھىي ئانالىز ئىلمىنىڭ ئاساسچىسى سىگمۇند فرېئۇدتۇر. راستىنى ئېيتقاندا، ئۇنىڭ تەسىرى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا خېلى چوڭ بولدى. ئۇنىڭ ئىدىيىسى ھەققىدە مۇپەسسەل بىر نەرسە بىلىدىغانلار يوقنىڭ ئورنىدا بولغان بىلەن «يوشۇرۇن ئاڭ»، «چۈش تەبىرى»، «روھىي ئانالىز»، «سەنئەت ـــ چۈش دېمەكتۇر»، «جىنسىيەت» ... دېگەندەك ئۇقۇم ـ ئاتالغۇلارنى سۈيئىستېمال قىلىپ ئۇنى پۈتكۈل ئىجادىغا سىڭدۈرۈۋەتكەن ئىخلاسمەن مۇرىتلار ئاز ئەمەس. بىز يېڭىچە شېئىرىيەت ۋە شۇ مەزگىلدە مەيدانغا چىققان ئۆزگىچە ئۇسلۇبتىكى ماقالە، ھېكايە، نەسرلەرگە شۇنداقلا قارىساقلا پۈتۈنلەي سۈبيېكتلاشقان، سىمۋوللاشقان، روھقىلا ئالاقىدار سۆز ـ جۈملىلەردىن بۇنىڭ تەسىرىنىڭ خېلى ئېغىرلىقىنى بايقايمىز. گەرچە فرېئۇد روھىي ئانالىز ئىلمىنى ئوتتۇرىغا قويغان ۋە بىر ئۆمۈر دوختۇرلۇق بىلەن شۇغۇللىنىپ ئۆتكەن، ئۇنىڭ ئىدىيىلىرى پۈتكۈل دۇنيادا زور غۇلغۇلا، بەس ـ مۇنازىرىگە سەۋەب بولغان، ئۇ ھەقتە قارشى پىكىرلەرمۇ كۆپلەپ مەيدانغا چىققان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ بىزنىڭ ئارىمىزدا ئالىم، پەيلاسوپ، مۇتەپەككۇر قاتارىدا سانالدى. ئۇنىڭ نەزەرىيىسى دۇنيادا پەقەت بىر نەزەرىيە سۈپىتىدە ئىلمىي، تەنقىدىي نەزەردە قارالغان بولسا، ئارىمىزدىكى بەزىلەر ئۇنىڭ سادىق ئىجراچىلىرىغا ئايلاندى. ئەمما، ئۇنىڭ قاراشلىرى قانداق، ئۇ زادى بىر مەدەنىيەتنىڭ يۈزلىنىشىگە ھەقىقىي تۈستە ۋەكىللىك قىلغۇچى ھەقلىق، ئىلمىي قاراشمۇ ـ ئەمەس، بىزلەر ئۇنىڭغا زادى قانداق مەۋقەدە مۇئامىلە قىلىشىمىز كېرەك، دېگەندەك تېمىلار ھەققىدە ئالىقانچىلىكمۇ مۇنازىرە بولۇپمۇ ئۆتمىدى. ئۇ ھەقتىلا ئەمەس، باشقا ھەرقانداق يېڭى ئىدىيە، نەزەرىيە ھەققىدىمۇ بىزدە ئىلمىي پاراڭ ھاۋاسى يوقنىڭ ئورنىدا بولۇپ كەلدى. بۇ ئەلۋەتتە قىممەت قارىشىمىزنى تېخىمۇ تېز

كېرەكتىن چىقىرىدۇ. ئىستېمالدىكى قارىغۇيۇق قوبۇللاش تەنتىمۇ، روھنىمۇ ناھايىتى تېزلىكتە كاردىن چىقىرىدۇ. بىزدە «ئاز يېگەن توق يەر، جىق يېگەن پوق» دەيدىغان ھېكمەت بار. بۇ تاللاپ، چېكىپ، ئويلىنىپ قوبۇللاشقا قارىتىلغان.

خوش، ئۇنداق بولسا، بىزنىڭ ئاقىللار تەشەببۇس قىلغاندەك جىنسىيەت ھەققىدىكى بىلىم ـ ساۋاتلارنى ئومۇملاشتۇرۇش، مەكتەپلەردە مەخسۇس دەرس تەسىس قىلىش ئارقىلىق ئەخلاقىي بۇزۇلۇش، روھىي ئايىنىشلارنى توپ يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلاپ، ساغلام جەمئىيەت قۇرۇپ چىققىلى بولامدۇ؟ بۇ ئەڭ ئاقىلانە ئۇسۇل، تاللاشمۇ؟ ئېچىلىۋاتقان جىنسىيەت ۋە ئۇ كەلتۈرۈۋاتقان ئاپەتلەرنى جىنسىيەتنى يەنە ئېچىش، جەمئىيەتكە ئومۇملاشتۇرۇش، بۇ جەھەتتە تەرەققىي قىلىپ باشقىلارغا يېتىشىش ئارقىلىقلا ھەل قىلغىلى بولامدۇ؟

بىزدە پەيدا بولغان «جىنسىيەتتە تەرەققىي قىلىپ يېتىشىۋېلىش»، «جىنسىيەتنى ئېچىش»، «دەرسخانىلارغا جىنسىيەتنى ئەكىرىش»، «ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇھەببەتلىشىشىنى ئەركىن قويۇۋېتىش»... ھەققىدىكى چاقىرىق، تەشەببۇسلار يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەندەك، ماھىيەتتە، ئاتالمىش ئەركىن تۇرمۇش شەكلى، ئەركىن قىممەت سىستېمىسىنى قوغلىشىش ئارزۇسىنىڭ باشقىچە ئاتىلىشى: فرېئۇد، ئوشو، لاۋرېنسلارنىڭ جىنسىيەت، مۇھەببەت قارىشىنىڭ ئۇيغۇر تىلىدا جاكارلىنىشىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. بىز ئەمدى ئۇلار ئىنتىلگەن تۇرمۇش شەكلى، ئۇلارنى زۇۋانغا زورلىغان قىممەت قاراشلىرى ھەققىدە بىر قۇر توختىلىپ ئۆتىمىز.

17 — 18 ـ ئەسىرلەردىن بۇرۇنقى غەرب دۇنياسى خرىستىئان دىنىنىڭ قاتتىق كونترول قىلىشى ئىچىدە ئۆتتى. پوپلارنىڭ، چېركاۋ روھانىيلىرىنىڭ ھەربىر سۆزى مۇقەددەس سانالدى. ئۇلار ئۆز مەپكۇرىسىغا چۈشمىگەن ياكى ئىدىيىسىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئۆتمىگەن ھەرقانداق نەرسىنى بار كۈچى بىلەن ئىنكار قىلدى، چەتكە قاقتى. دىن دىنغا ئوخشىماي قالدى. ئىتالىيىدە كۆتۈرۈلگەن ئەدەبىيات ـ سەنئەت قايتا گۈللىنىشى ۋە ياۋروپادا ئارقا ـ ئارقىدىن بارلىققا كەلگەن ئىلمىي مۇۋەپپەقىيەت، ئىزدىنىشلەر ئاستا ـ ئاستا غەرب دۇنياسىنى ئويغىتىپ تاشلىدى. مارتىن ليۇتېرنىڭ دىنىي ئىسلاھاتىدىن كېيىن دىن ئاستا ـ ئاستا شەخسنىڭ خۇسۇسىي ئىشىغا ئايلىنىپ قالدى. چېركاۋ بىلەن جەمئىيەت بىر ـ بىرىدىن يىراقلاپ كەتتى. غەرب دۇنياسىدا ئەركىن قىممەت قارىشى ئومۇمىيۈزلۈك بازار تاپتى. جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي ئېكولوگىيىسى ۋە ھاياتلىق مىزانىغا ئائىت ئېتىكىلىق قاراشلاردىن بەكرەك شەخسنىڭ ئارزۇ ـ ھېسسىياتىغا مايىل خۇسۇسىي خاھىش، ئەقلىي تەجرىبىچىلىك ۋە تەتقىقات كەڭ قانات يايدى. ئىنسانىيەتنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق تارىخىي، روھىي تەجرىبە، خۇلاسىلىرىدىن كەسكىن گۇمانلىنىلايدىغان ۋە يېڭى ئۆزگىچە تەھلىل، تەسەۋۋۇر، خۇلاسە، يەكۈنلەرنى ئوتتۇرىغا قويالايدىغان جۇرئەت غەربلىكلەرگە دۇنيانىڭ ماھىيىتى، شەكلى، بەرپا بولۇشى، ئادەمنىڭ تەبىئىتى، جەمئىيەت تۈزۈلمىسى... قاتارلىقلارنى باشقىچە تەرزدە كۆرسەتتى. ئۇلار نەچچە ئەسىر قول بېرىپ كەلگەن دىننى «زەھەرلىك ئەپيۇن» دېدى، ئىنساننى « مايمۇندىن ئۆزگەرگەن»، «ئەزەلدىن يوق قۇتقازغۇچ خۇدا» دەپ سۈرەن سېلىشتى ۋە بۇنىڭغا لايىق نەزەرىيە، ئىسپاتلارنى تۈزۈش، تېپىشقا كىرىشتى. كىشىلەر ھاياتلىقتا رىئايە قىلىدىغان مىزان ـ تەرتىپلەرنىڭ ئۆزگىرىشى ئۇلارنىڭ ھاياتتىن ئىزدەيدىغان مەنە ـ ئېھتىياجلىرىنىمۇ، تۇرمۇشقا قويىدىغان تەلەپ ـ ئۆلچەملىرىنىمۇ ئۆزگەرتىپ تاشلايدۇ. قۇدۇقتا مەھكۇم پاقا دۇنيا ۋە ماھىيەت مۇشۇ، دەپ بىلىدۇ، شۇنىڭغا يارىشا ھەرىكەت قىلىدۇ. لاچىن پەرۋازدىن بۈيۈكلۈك، كۆكتىن يۈكسەكلىكنى

بىلىپ، ھېس قىلىدۇ ۋە تېخىمۇ يۇكسەك پەللىلەرگە قانات قاقىدۇ. «موزاينىڭ يۇگۇرۇشى سامانلىق، چىۋىننىڭ قونار جايى پوق ـ سۈيدۈك». چىۋىن پوق ـ سۈيدۈكتىن راھەت ئىزدەيدۇ، ھەسەل ھەرىسى گۈل شىرنىسىدىن ھاياتنى زوقلا ئورايدۇ.

غەرب دۇنياسىدىكى تۇرمۇش مەنتىقىسىمۇ غەربتە مودا بولغان ئېقىم ـ ئىدىيىلەرنىڭ ناھايىتى زور زەربىسىگە ئۇچرىدى. گەرچە بىر ـ ئىككى شەخس مەلۇم بىر جەمئىيەت، مەدەنىيەتنىڭ تەقدىرىنى، يۆنىلىشىنى بەلگىلىيەلمىسىمۇ، ئەمما بەزى ھاللاردا ئۇلارنىڭ يۈزلىنىشىگە ناھايىتى زور تەسىرلەرنى ئېلىپ كېلەلەيدۇ. دارۋىننىڭ «تۈرلەرنىڭ كېلىپ چىقىش» نەزەرىيىسى نۇرغۇن خەلقنى ئۆز ئەقىدىلىرىدىن يالتايتقۇزدى، ھاياتقا يېڭى، يېشىلمەس گۇمان ئېلىپ كەلدى. نۇرغۇن كىشى ئۆزلىرىنى «ھايۋان» دەپ شەكسىز ئىشىنىشتى. ماركسنىڭ كوممۇنىزم نەزەرىيىسى نەچچە مىليون خەلقنىڭ ئەقىدە ـ ئېتىقاد تۈۋرۈكىگە ئايلاندى، دۇنيادا ئاتېئىزم يەنى دىنىنى ئىنكار قىلغۇچى ئېتىقاد شەكلى مەيدانغا كەلدى ـ دە، كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك ھەرىكەت ئادىتىنى تەرتىپكە سېلىپ تۇرىدىغان نۇرغۇن مۇقەددەس مىزانلارنىڭ كۈرسى پەگاھقا تەگ بولدى، كىشىلەرنى تەپتارتقۇزۇپ تۇرىدىغان ئىجتىمائىي نوپۇز ئۆلدى. جەمئىيەت ئىقتىسادنى بەلگە قىلغان سىنىپىي رامكىلارغا ئايرىلىپ كەتتى. فرېئۇدنىڭ نەزەرىيىسى كىشىلەرنى مەلۇم بىر جەمئىيەت ياكى ئىنسانىيەتنىڭ ئۆتمۈشى، بۈگۈنى، ئەتىسى ھەققىدىكى ئىزدىنىش رامكىسى بىلەن تەمىن ئەتمىدى. ئەمما، ئۇ كىشىلەرنىڭ روھىيىتىگە، مەدەنىيەتنىڭ يېڭى يۈزلىنىشىگە ناھايىتى چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى. مىكائىل روس ئۆزىنىڭ «فرېئۇد: مەدەنىيەت ۋە توقۇنۇش» ناملىق كىتابىدا فرېئۇدنىڭ يەر شارى خاراكتېرلىك تەسىرى ئۈستىدە توختىلىپ شۇنداق دەيدۇ: «روھىي ئانالىز سەرخىللارنىڭ ۋە مودا مەدەنىيەتنىڭ، سىياسىي،

رومانتىكا، يوشۇرۇن ئالڭ، ئاڭسىزلىقنى ئىپادىلەشنى تۈپ نىشان قىلغان رەسساملىق، شۇنداقلا كۆلكىلىك، بىمەنە ئىشلارنى مەقسەت قىلغان كارتونچىلىقنىڭ قوغلىشىدىغان مۇھىم ئېقىمىغا ئايلىنىپ قالدى»[1]. ھەقىقەتەنمۇ، ئۇنىڭ روھىي كېسەللەرنىڭ پسىخىك بىنورماللىقىنى داۋالاش جەريانىدا ھېس قىلغانلىرى ئاساسىدا يېزىلغان، ئوتتۇرىغا قويۇلغان «روھىي ئانالىز»، «ئاڭسىزلىق»، «چۈش تەبىرى» ۋە جىنسىيەت ھەققىدىكى قاراشلىرى بۈگۈن پۈتكۈل دۇنيانىڭ بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىغىچە قاپلاپ كەتتى. گەرچە ئۇ فرېيدىزم سۈپىتىدە تارقالمىغان بولسىمۇ، ئەمما مەدەنىيەتنىڭ بارلىق ئېقىم ـ كاتېگورىيىلىرىگە ئۇنىسىز سىڭىپ كەتتى. ئاڭسىز، ئىدراكسىز كىشىلەرنىڭ روھىي بەرباتچىلىقى نورمال، ساغلام كىشىلەرنىڭ قوغلىشىدىغان، قىزغىن بەس ـ مۇنازىرە قىلىدىغان ئەڭگۈشتەر تېمىسىغا ئايلىنىپ قالدى. بەلكىم فرېيدنىڭ ئۆزىمۇ مۇنداق بولارىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ باقمىغان بولۇشى مۇمكىن.

فرېيد بىر ئۆمۈر روھىي كېسەللەرنى داۋالاش بىلەن شۇغۇللانغان دوختۇر. ئۇ بۇ جەرياندا كىشىلەردىكى روھىي توسالغۇ، بېسىلىش، سىقىلىشنى كەلتۈرۈپ چىقارغۇچى ئامىللار ئۈستىدە ناھايىتى چوڭقۇر ئىزدەنگەن ۋە بىر قاتار ئوي ـ خىياللىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان. گەرچە ئۇ بۇ نەزەرىيىلەرنى بىر خىل ئىلمىي قىياس سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، كېيىنچە ئۇ كىشىلەر تەرىپىدىن راست ھەقىقەتتەك قوبۇل قىلىندى. ئارىدىن يېرىم ئەسىرگە يېقىن ۋاقىت ئۆتەر ـ ئۆتمەيلا فرېيدنىڭ نەزەرىيىسىدىن ئاز ـ تولا خەۋىرى بار بىر تۈركۈم كىشىلەر ئۇنى باشقىچە تەرزدە سۈيىئىستېمال قىلىپ «جىنسىي ئازادلىق» ھەرىكىتىگە ئايلاندۇرۇۋەتتى. نۇرغۇن كىشى

[1] «20 ـ ئەسىرنى تەشكىل قىلغۇچى ئۈچ كاللا»، ئامېرىكا خەۋەرلىرى ۋە دۇنيا ئاخباراتچىلىقى 2003 ـ يىل ئىنگلىزچە نەشرىگە بېرىلگەن نەقىل.

فرېئۇدنىڭ «جىنسىي ئازادلىق» ھەرىكىتىگە ۋە كېيىنكى غەرب دۇنياسىنىڭ ئەخلاقى چۈشكۈنلىشىشى بىلەن باغلىنىپ قېلىشىغا شۇبھىلىك كۆزدە قارايدۇ ۋە بۇنى فرېئۇدقا قىلىنغان ئادالەتسىزلىك، ھاقارەت، دەپ كۈچىنىڭ بارىچە ئاقلاشقا ئۇرۇنىدۇ. بۇ ھەركىمنىڭ چۈشىنىشىگە باغلىق مەسىلە. بىز تۆۋەندە فرېئۇدنىڭ جىنسىيەت ھەققىدىكى بەزىبىر قاراشلىرى بىلەن تونۇشۇپ چىقىمىز:

فرېئۇد باللارنىڭ سۈت ئېمىش ئارقىلىق ھاياتلىقنى قامدىشى ماھىيەتتە، «پۈتكۈل جىنسىي تۇرمۇش تەرەققىياتىنىڭ چىقىش نۇقتىسى»، « سۈت ئېمىش ئىستىكى ئەمەلىيەتتە ئانىنىڭ كۆكسىگە ئىنتىلىش ھەۋىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئانىنىڭ كۆكسى جىنسىي شەھۋەتتىكى تۇنجى ئوبيېكت»، «باللاردىكى جىنسىي ھەۋەسنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى ئانىلار تەمىنلەيدۇ»① دەپ قارايدۇ. ئاندىن باللارنىڭ زوق ـ شوق بىلەن سۈت شورىشى، ئېمىزگۇ ئېمىشى، قولىنى ئېمىشى... قاتارلىق ھەرىكەتلىرىنى ئەڭ دەسلەپكى جىنسىي ھەۋەس، جىنسىي تەلەپنىڭ قاندۇرۇلۇشى دەپ قارايدۇ. باللارنىڭ تېپىچەكلىشى، ئۆمىلىشى، كاسا سۈركەپ مېڭىشىدەك ئەڭ ئەقەللىي ھەرىكەتلىرىنى جىنسىي شەھۋەتنىڭ باللىقتىكى ئىنكاسى، دەيدۇ. ئۇ 1915 ـ يىلىدىن 1917 ـ يىلىغىچە يېزىپ چىققان «كىرىش لېكسىيە»دە: «ئىنسانىيەتنىڭ شۇنچە ئۇزاقتىن بېرى باللىق دەۋر جىنسىي ئىستەكسىز دەپ ئىشىنىپ يۈرۈشى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ» دەپ يازىدۇ. فرېئۇدنىڭ شاگىرتى، شۇنداقلا تۇنجى بولۇپ ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈپ، فرېئۇد نەزەرىيىسىگە قارشى تەنقىد ۋە تەتقىقات ئېلىپ بارغۇچى ۋېنالىق دوختۇر ئالفىرد ئادلېر باللىقنىڭ ئەڭ دەسلەپكى

① «فرېئۇدنىڭ پسىخىك پەلسەپىسى»، توققۇز ئايماق نەشرىياتى 2003 ـ يىل ئاۋغۇست، خەنزۇچە.

www.uyghurkitap.com

جىنسىي قوتراتقۇلۇق ئىكەنلىكىنى كۆچلۈك رەت قىلىدۇ ۋە فرېئۇد تۇنجى جىنسىي ئىستەك دەپ قارىغان ئېمىش، ئانىنىڭ كۆكسىگە ئىنتىلىش قاتارلىق ھەرىكەتلەرنى ئىنسانىيەتنىڭ يېتىلىشىگە بولغان تۇغما پوتېنسىئال (ئىچكى) كۈچى دەپ قارايدۇ ۋە «ئۇ ئىنسانلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ماددىي ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشقا ئۇرۇنۇشىدىن باشقا ھېچ نەرسە ئەمەس، بالىلار تۇغۇلۇشى بىلەنلا ئىنتايىن كۆچلۈك ئېچىرقاش سېزىمى بىلەن دۇنياغا كېلىدۇ. كىچىك، ئاجىز بالىلارنىڭ ئەتراپىدىكىلەرگە ئوخشاشلا چوڭ بولغۇسى، كۈچەيگۈسى كېلىدۇ. بۇ خىل تۇغما، تەبىئىي ئىنتىلىشكە جىنسىيەتنىڭ تامغىسىنى بېسىش ئىلمىگە، ئىنسانغا قىلىنغان كەچۈرگۈسىز ھاقارەت»[1] دەيدۇ. فرېئۇد يەنە: «بالىلار تۇغۇلۇپ جىنسىي سەزگۈ ئەزا سۇپىتىدە زاھىرلىنىدىغان ۋە قەلبتە جىنسىي تەلەپ ئويغىتىدىغان تۇنجى ئەزا — ئېغىز»[2] دەپ يازىدۇ. ئۇنىڭچە، بالىلاردىكى جىنسىي ھەۋەس ئېغىزدا زاھىر بولاتتى ۋە ئېغىز ئارقىلىق قاندۇرۇلاتتى. تاماق يېيىش، ئېمىش، سۈت شوراش، قولىنى ئېمىش قاتارلىق ھەرىكەتلەر جىنسىي ئالاقە، جىنسىي شەھۋەتنىڭ قاندۇرۇلۇشىدىن باشقىچە نەرسە ئەمەس ئىدى. ئېغىزنىڭ ئەڭ دەسلەپكى جىنسىي ئەزا سۇپىتىدە تەسۋىرلىنىشى كىشىنىڭ كۆچلۈك غەزىپىنى، قۇسقۇسىنى قوزغايدۇ. ئارىدىن ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەيلا لەنەتگەردى بەچچىلەر ھەققەتەنمۇ پاكىز، ھالال تائام يېيىش ئۈچۈن يارىتىلغان ئېغىزنى رەسۋالەرچە بۇلغىدى، بىر - بىرىنىڭ ئەۋرىتىنى شوراپ، يالىدى، ئاققان خۇن - زەرداپىنى ئىچىشتى[3].

---

① «20 - ئەسىرنى تەشكىل قىلغۇچى ئۈچ كاللا»، ئامېرىكا خەۋەرلىرى ۋە دۇنيا ئاخباراتچىلىقى 2003 - يىل نەشرى ئىنگلىزچە.

② «فرېئۇدنىڭ پسىخىك پەلسەپىسى»، توققۇز ئايماق نەشرىياتى 2003 - يىل ئاۋغۇست، خەنزۇچە.

③ Inoohr.org تور بېتىدىكى «بەچچىلەرنىڭ ھال - ئەھۋالى ھەققىدە تەتقىقات»قا قارالسۇن.

فرېئود يەنە ئوغۇللاردا ئودىپوس دەۋرى ــ ئانىسىنى دادىسىدىن كۆنلەش، يەنى ئانىسىنى يالغۇز ئىگىلەشنى ئويلايدىغان باسقۇچ بولىدۇ، دەپ قاراپ دادا ـ بالىنى بىر ئايال ئۈچۈن خىرىس قىلىپ تۇرغان ئىككى هايۋانىي كۈچ سۈپىتىدە تەرىپلەيدۇ. پۈتكۈل ئاياللارنى بولسا دادىسىنىڭ هاياتىدىكى ئانىسىنىڭ ئورنىنى ئېلىشقا تەلپۈنىدىغان، بويسۇنغان مەخلۇق دەپ قارايدۇ. يەنى ئۇنىڭچە بارلىق قىزلار دادىسىغا خوتۇن بولۇش ئىستىكىدە پۈچۈلىنىدىغان، بارلىق ئوغۇللار ئانىسىنى خوتۇن قىلىشنى، يالغۇز ئىگىلەشنى ئارزۇ قىلىپلا يۈرىدىغان كۈچلەردىن ئىدى. ئائىلە ئىنسانىي قان ـ قېرىنداشلىق ۋە مېھىر ـ مۇھەببەت ئاساسىغا قۇرۇلغان ئۇزۇلمەس مەنىۋى بىرلىك ئەمەس، بىر ـ بىرىگە خىرىس، ھەسەت، كۆنلەمچىلىك قىلىپ تۇرغان شەھۋانىي كۈچلەرنىڭ يىغىندىسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. مارىن كىزېگدى ماسزاك ئۆزىنىڭ «ئىدىيىۋى هۆكۈمران» ناملىق ماقالىسىدە فرېئودنىڭ ئىنسانلارنىڭ جىنسىي ئىستىكى ھەققىدىكى يوقىرىقى قارىشىنى «كەچۈرۈش مۇمكىن بولمايدىغان ئېغىر خاتالىق» دەپ يازىدۇ.

فرېئود يەنە «ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ ئۆرپ ـ ئادەت، ئېتىقاد، مۇراسىم، ئەخلاق، تەرتىپ ـ مىزانلىرىنىڭ ھەممىسى يىغىپ ئېيتقاندا، ئادەملەرنىڭ جىنسىي ئىقتىدارىنىڭ چەكلىمىگە ئۇچرىشىدىن تۇغۇلغان نەرسىلەردىن ئىبارەت. بارلىق ئىلىم ـ پەن ۋە مەدەنىيەت ـ سەنئەت ئىنسانلارنىڭ جىنسىي ئىقتىدارىنىڭ ئۆرلەپ ۋايىغە يەتكەنلىكىنىڭ دەلىلى. ئىنساننىڭ شەھۋانىي نەپسىنىڭ بېسىلىشى، قاندۇرۇلماسلىقى سەۋەبىدىن باشقىچە چىقىش يولى ئىزدەپ ئېقىشى نەتىجىسىدە ئىنسانىيەتنىڭ پۈتكۈل مەدەنىيىتى بارلىققا كەلگەن»[1] دەيدۇ.

---

① «تالانتىنىڭ سىرى»، ئامېرىكا خەۋەرلىرى ۋە دۇنيا ئاخباراتچىلىقى 2003 ـ يىل نەشرى، ئىنگلىزچە.

فرېئوْدنىڭ ياقلىغۇچىلىرى ئۇنىڭ مۇشۇ سۆزىنى چىڭ تۇتۇۋېلىپ، دېمەككى « فرېئوْدنىڭ ئېستېتىك ئىدىيىسى جىنسىي ئازادلىق ئىدىيىلىرى بىلەن تۇپتىن قارىمۇ قارشى بولغان ئىدىيە، ئۇ كىشىلەرنىڭ يوشۇرۇن ئېڭىدىكى جىنسىي تەلەپنىڭ بېسىمغا ئۇچرىشىنى ياقلايدۇ»[1] دەيدۇ. ئەمما، سەل كاللىسى بارلا كىشى فرېئوْدنىڭ هاياتلىقتىكى ھەرقانداق بىر ھەرىكەت، تىنىق، رەڭ، ھەتتا نەقىشلەردىنمۇ جىنسىي مەنە ئىزدىشىگە قاراپ ئۇنىڭ ئەخلاقىدىن، نەزەرىيىسىنىڭ توغرا قىممەت قارىشى ئاساسىغا قۇرۇلغانلىقىدىن گۇمان قىلماي قالمايدۇ. يەنە كېلىپ ئۇنىڭ «جىنسىي ئەخلاق ۋە ھازىرقى زامان كىشىلىرىنىڭ تەشۋىشى» ناملىق ماقالىسىدىكى مەدەنىي جىنسىي ئەخلاق (بېسىلغان جىنسىي شەھۋەت) نىڭ كەلتۈرىدىغان زىيانلىرى ھەققىدىكى ئايىغى ئۈزۈلمەس ئەندىشىسى، ۋەھىمىلىك بايانلىرى كىشىنى ئىختىيارسىزلا ئۇنداقتا جىنسىيەتنى ئۆز مەيلىچە قويۇۋېتىش كېرەككەندە، دېگەن خىيالغا ئەكىلىپ قويىدۇ. ئەمما، ئۇمۇ قانداق قىلىش كېرەكلىكى ھەققىدە ئېنىق بىر نەرسە دېمەيدۇ. بەلكى بېسىلىشنىڭ يامانلىقى، زور خەۋپ ئېلىپ كېلىدىغانلىقى ھەققىدە تىنماي گەپ ساتىدۇ. « نىكاھتىن ئىلگىرىكى قاتتىق پەرھىز قىز ـ ئاياللارغا تېخىمۇ ئېغىر خەۋپلەرنى پەيدا قىلىدۇ. نۇرغۇن قىزلارنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارىنىڭ تۆۋەن بولۇشى يەنىلا ئۇلارنىڭ تەپەككۇر ئىقتىدارى تەرەققىياتىنىڭ جىنسىي بېسىمنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىغىنىدىن بولغان، دەپ قارايمەن»[2] دەپ يازىدۇ. ئەجەبا بۇ ئەي ئاياللار، ئاچ، بېسىمدىن قۇتۇل، ئەقلىڭنى، زېھنىڭنى

---

① ئەلى ياقۇپ: «فرېئوْد ۋە جىنسىيەت»، «شىنجاڭ كۇتۇپخانىچىلىقى» ژۇرنىلى 1998 ـ يىل 2 ـ سان.

② «فرېئوْدنىڭ پسىخىك پەلسەپىسى»، توققۇز ئايماق نەشرىياتى 2003 ـ يىل ئاۋغۇست، خەنزۇچە.

قوتۇلدۇرۇۋال، دېگەن بولماي زادى نېمە؟

فرېئود ئىنساننىڭ ماھىيىتىنى نوقۇل ئۇنىڭ تەبىئىي بىئولوگىيىلىك نۇقتىسىدىنلا كۆزىتىپ، ئىنساننىڭ ئىجتىمائىيلىقىغا ئېغىر دەرىجىدە سەل قارىغانىدى. نىكاھ مەسىلىسىدە ئۇنىڭغا ئادىمىيلىك، مۇھەببەت، ئەخلاق، ئىجتىمائىي باراۋەرلىك پرىنسىپى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئەدلى ـ ئادالىتى، خاتىرجەملىكىنى كاپالەتلەندۇرۇش نۇقتىسىدىن باھا بەرمەستىن، نوقۇللا جىنسىيەتنى چىقىش نۇقتىسى قىلىپ تۇرۇپ ئاندىن باشقا مەسىلىلەرنى ئويلاشقانىدى. جىنسىيەتنى ھەرقانداق بىر مەسىلىگە قاراشتىكى لوپا ئەينەك قىلىۋالغان، پانجىنسىيەت نەزەرىيىسىنى يۇتۇن كۈچى بىلەن تەرغىب قىلغانىدى. ئۇنىڭچە جىنسىيەتتىن باشقا ھېچقانداق بىر نەرسە ھەرقانداق بىر ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ يۈز بېرىشى ياكى تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولالمايتتى، جىنسىيەت بەجايىكى، يەر شارىنى ئايلاندۇرۇپ تۇرغان مۇتلەق كۈچ ئىدى. ئۇ ھاياتلىقتىكى بارچە ئىنتىلىش، مەنىلەرنىڭ يادروسىنى جىنسىيەت دەپ ئىزاھلىغانىدى. ئۇنىڭدىن ئاز كەم ئون ئەسىر ئىلگىرى ياشاپ ئۆتكەن شەرق مۇتەپەككۇرى ئىبنى سىنا: «نوقۇل جىنسىي خاھىشقا بېرىلىش مۇھەببەتنىڭ ماھىيىتىنى كۆرمەستىن، پەقەت ئۇنىڭ سىرتىنى سۆيگەنلىك» دېگەنىدى. فرېئود ھاياتلىقتىكى ماھىيەت بىلەن پوست، مەنە، مەزمۇن بىلەن شەكىلنى ئېغىر دەرىجىدە ئارىلاشتۇرۇۋەتكەنىدى. ئۇ ئىنسانىلىقتىن چىقىپ جىنسىيەتنىڭ ئىنسانىدىكى مەۋجۇتلۇقىنىڭ ئاران بىر قىسمى ئىكەنلىكىگە يۈزلەنمەي، جىنسىيەتتىن ئىنسانغا تەزىم قىلغانىدى. فرېئود ئۇچۇن جىنسىيەت بەجايىكى، قىبلىگە ئوخشاپ قالغانىدى.

ئۇ: «بالىلىق ئەسلىمىلىرى شۇقەدەر خەتەرلىك، قورقۇنچلۇق (ئۆزى ئىزاھلىغان جىنسىيەتكە مۇناسىۋەتلىك بالىلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەسلىمىلىرىنى دېمەكچى). ئۇ يوشۇرۇن ئاڭدا ئىزچىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. ھەربىر مەۋجۇداتتا بۇ خىل يوشۇرۇن ئاڭنىڭ زەخمىگە ئۇچرىشىنى قوغدىغۇچى مۇرەككەپ تور شەكىللەنگەن بولىدۇ. بۇ قوغدىغۇچى تور قۇرۇلمىلىرىنىڭ شەكىللىنىشى ھەرگىزمۇ يامان ئىش ئەمەس، بىز ئېزىتقۇ دۇنيادا ئۆزىمىزنىڭ تەڭپۇڭلۇقىمىزنى ساقلاش، غەم - ئەندىشىلەردىن ساقىت بولۇش ئۈچۈن بۇ قوغدىنىش تور قۇرۇلمىلىرىغا ھەرۋاقىت موھتاجمىز»[1] دەپ يازىدۇ ۋە ئۆزىنىڭ بۇ قارىشىنى ئىسپاتلاپ، ھەتتا ئېغىز بوشلۇقى راكىغا گىرىپتار بولۇپ 30 نەچچە قېتىم ئوپېراتسىيىگە چۈشكەندىن كېيىنمۇ تاماكا چېكىشنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرىدۇ ۋە جىيەنىگە: «تاماكا چېكىش ھاياتلىقتىكى ئەڭ بۈيۈك، شۇنداقلا ئەڭ ئەرزان لەززەت. ئەگەر ماڭا تاماكا چەكمەسلىك ھەققىدە ۋەز قىلماقچى بولىدىكەنسەن، ساڭا دەيدىغىنىم ‹كەچۈر› دېگەن»[2]. ئۇنىڭچە تاماكا چېكىش بالىلىقتىكى ئېمىش، شوراش ھەرىكەتلىرىنىڭ داۋامى ئىدى، ئۇ يوشۇرۇن ئاڭدا ئىزچىل ساقلىنىپ كەلگەن ۋە تالاي يىللاردىن كېيىن تاماكا ۋاسىتىسى بىلەن قايتا زاھىر بولغانىدى. تاماكا شوراشتىن كېلىدىغان لەززەت جىنسىي ئىستەكتىن بولىدىغان تەقەززالىقنىڭ ئورنىنى تولدۇرالايتتى. شۇڭا، ئۇنى قەدىرلەش كېرەك ئىدى. فرېئۇد ھەممە مەۋجۇداتنىڭ بارلىق تىنىقىدىن جىنسىي بەلگىلەرنى ھارماي ئىزدەپ چىققانىدى. «گەرچە جىنسىي خاھىش بىلەن مۇھەببەت خاھىشىنى بىر - بىرىگە تۇتاش، ئەمما پۈتۈنلەي بىردەك بولمىغان خاھىش دەپ ئىزاھلىسىمۇ، جىنسىي خاھىشنىڭ تىزگىنسىز يامراپ

① «20 - ئەسىرنى تەشكىل قىلغۇچى ئۈچ كاللا»، ئامېرىكا خەۋەرلىرى ۋە دۇنيا ئاخباراتچىلىقى 2003 - يىل نەشرى، ئىنگلىزچە.

② « 20 - ئەسىرنى تەشكىل قىلغۇچى ئۈچ كاللا»، ئامېرىكا خەۋەرلىرى ۋە دۇنيا ئاخباراتچىلىقى 2003 - يىل نەشرى، ئىنگلىزچە.

كەتمەسلىكىنى تىلغا ئالسىمۇ، ئەمما ئاڭدىن خالىي جىنسىي خاھىشنى تۇغما ئىقتىدارنىڭ يادروسى، خۇشاللىق ئىنتىلىشىنىڭ ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان ھۆكۈمران شەكلى»[①] دەپ قارىغانىدى. ئىنسان ئۇچۇن ئاڭسىز، ئىدراكسىز جىنسىي خاھىشتىن ئېشىپ چۈشىدىغان خۇشاللىق، راھەت ئىش يوق دەپ بولۇشىچە جار سالغانىدى. لېكىن، ئۇ «قىممەت مەسىلىسىدە نىسبىيلىك قارىشىدا چىڭ تۇرۇۋالغانلىقتىن ئەخلاقشۇناسلىقنىڭ تەرەققىياتىغىلا ئەمەس، بەلكى پسىخولوگىيىنىڭ ئۆزىنىڭ ئىلگىرىلىشى ئۈچۈنمۇ زور پاسسىپ تەسىرلەرنى كەلتۈرۈپ چىقاردى»[②]. بولۇپمۇ ئۇنىڭ قاراشلىرىنى ھەقىقىي چۈشەنمىگەن بىر تۈپ شوركا مۇخلىسلار فرېئۇدنىڭ جىنسىي بەلگە ئالامەتلەر، ئۇنىڭ بېسىلىشى ئېلىپ كېلىدىغان خەۋپلەر ھەققىدىكى قاراشلىرىدىن ناھايىتى زور ئىلھام ئالدى، فرېئۇد شەھۋەتخور جىنسىيەت دەۋاگەرلىرىنىڭ ھايۋانىي نەپسىنىڭ قاندۇرۇلۇشىغا ئىلمىي، نەزەرىيىۋى ئاساس تىكلەپ بەرگەن بولۇپ قالدى. فرېئۇدنىڭ ئۆزىنىڭ جىنسىي ئازادلىقنى ئاشكارا تەرغىب قىلمىغانلىقى راست، ئەمما ئۇ كىشىلەرگە جىنسىيەتنى بېسىشنىڭ تولىمۇ خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ بىردىنبىر، ئەڭ بۈيۈك لەززەت ئىكەنلىكىنى دەپ بەردى. ئۇ ئۆزى كوچىغا چىقىپ نامايىش قىلمىدى. ئەمما، ئۇنىڭ قاراشلىرىدىن زور ئىلھام ئالغان تۈركۈم ـ تۈركۈملىگەن بايىراقدار يېڭى مەدەنىيەت تەشەببۇسچىلىرى بەس ـ بەستە جىنسىي ئازادلىق، جىنسىي ئەركىنلىك دەۋالىرىنى كوچىلارغا ئېلىپ چىقتى. كىشىلەر قۇلاق يېقىپ دېيىشىشتىنمۇ ئەيمىنىدىغان بۇ تېما

---

① ئېرىخ فروم: «ئۆزلۈكنى ئىزدەش»، ئىشچىلار نەشرىياتى 1988 ـ يىل نەشرى خەنزۇچە.

② ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەدئىمىن: «ئۇيغۇرلاردا ئىسلام مەدەنىيىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2002 ـ يىل 2 ـ ئاي نەشرى.

ئېچىلىپ كەتتى. بىزنىڭ ھەدېسىلا «ئىلمىي»لىكتىن چۈشىدىغان مەۋقەسىز زىيالىيلىرىمىزنىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا، «جىنسىيەت ئاخىر بىر ئىلىم، يەن دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلدى». گېزىت ـ ژۇرنال، ئاشكارا سورۇنلاردا بۇ ھەقتە ئوچۇقتىن ـ ئوچۇق پاراڭ، گەپ ـ سۆزلەر بولىدىغان بولدى. جىنسىيەت كىشىلەر قورقىدىغان، ئەيمىنىپ، نومۇس قىلىپ چىقىرالمايدىغان پەرھىزكار تېما بولۇشتىن قالدى. چەكلەنگەن تېما، رايونلارغا بۆسۈپ كىرىشكە خۇشتار كىشىلەر قىلغۇسى بارنى قىلدى، كۆرگۈسى بارنى كۆردى. «كۆڭۈلگە ياقىدىغان نەرسە دەل ئەقىلگە مۇۋاپىق نەرسە» دەيدىغان بىدئەت جاھانكەزدى ئىدىيىلەر ھەقىقەتەنمۇ پۈتكۈل دۇنيا مىقياسىدا ئومۇميۈزلۈك بازار تاپتى. كىيىملەر ئېچىلدى، ئاياللارنىڭ زىننىتى، ئەۋرىتى دەپ قارىلىدىغان تەن ـ ئەزايى مانا مەن دەپ ئاشكارىلاندى. نىكاھسىز بىللە تۇرۇش، ھامىلىدار بولۇش، ھارامدىن بالا تېپىش، بالا چۈشۈرۈش، ئوخشاش جىنسلىقلار ئارا يېقىنچىلىق قىلىش نومۇس، گۇناھ سانالمايدىغان بولدى. ئىشرەتخانىلارمۇ ئاشكارا ئېچىلىدىغان بولدى. چۈنكى، بۇ خىل ئىشلار ئەمدى نومۇس، گۇناھ ئەمەس، بەلكى ئىنسانىنىڭ تۇپ ئارزۇسىنى قاندۇرۇش، ھەقىقىي، پەردازلانمىغان ئىنسانىيلىقىقا يۈزلىنىش دەپ قارالماقتا ئىدى، ئۇرغۇپ چىققان شەھۋەتنى بېسىش، كىشىلەرنى قىلغۇسى بار ئىشتىن توسۇش بولسا ئىنسانىنىڭ ھەقىقىي ئارزۇ ـ خاھىشىغا قارشى چىققانلىق، كىشىلىك ھوقۇق ـ ئەركىنلىكى، تاللىشىغا دەخلى ـ تەرۇز قىلغانلىق، جىنايەت ئىدى. بۈگۈن سەپسەتىلەر ئۆزلىرىگە تۇشلۇق يالغان ـ ياۋىداق نەزىرىيە ـ مەپكۇرلىرى بىلەن مۇتتەھەملىشىپ ھەممىدىن ئۈنلۈك سۆزلەيدىغان، ئەسەبىيلىكى چېكىگە يەتكەن بىر دەۋر بولدى.

بىز فرېئۇدقا، ئۇنىڭ نەزىرىيىسىگە قارىغۇلارچە ئەگەشكۈچىلەرگە نېمە دەيمىز؟ مېنىڭ ھېچ نەرسە دېگۈم يوق.

پەقەت خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ نېرۋا - روھىي كېسەللەر ئىلمىي پروفېسسورى روبېرت ستىككگولدنىڭ مۇنۇ سۆزىنى يەتكۈزۈپلا قويىمەن: «فرېئۇد 50% توغرا، لېكىن 100% خاتا»①.

ھالا ئەسىر 21 گە ئۇلاشقاندا غەربلىكلەر ئۇچۇن جىنسىيەت ئاللىقاچان «ئاش - نان» دېگەندەكلا ئەرزىمەس، ھېسسىز بىر گەپكە ئايلاندى. بەش ياشلىق بىر غەربلىك ئۆسمۈر ئۇچۇن ئەر - ئاياللارنىڭ تېنى، بىللە بولسا نېمە ئىشلارنى قىلىدىغانلىقى ھەرگىزمۇ يات ئەمەس. بىزنىڭ ئاقىللار بىزدىكى ياش - ئۆسمۈرلەر، ئوقۇغۇچىلارنىڭمۇ يات جىنسلىقلارنىڭ ئەزايى - تېنى بىلەن بالدۇرراق تونۇشۇپ چىقىشنى ئارزۇلايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ، جىنسىيەت ھەققىدە بىلىم - ساۋاتلىق بولۇشنى تەرەققىيات، زامان بىلەن ماس ھالدا ئەلالىشىش، دەيدۇ. ئۇلارچە جىنسىيەت ئېچىلسا، كىشىلەر بىر - بىرىنىڭ تېنى ھەققىدە تونۇش، بىلىشكە ئىگە بولسا ئەخلاقىي پاجىئەلەر تۆۋەنلىگۈدەك. راستتىنلا شۇنداق بولۇشى مۇمكىنمۇ؟ بىز جىنسىيەت ئېچىلغان، جىنسىي جەھەتتىكى ساۋات - تەجرىبىلەر كەڭ ئومۇملاشقان جەمئىيەتلەرگە قاراپ باقايلى. بىزنىڭ كۆرىدىغىنىمىز قانداق ئىلمىيلىق ۋە قانداق مەدەنىيەت، قانداق ئەلالىق بولاركىن؟

غەربتە ھەقىقەتەنمۇ جىنسىي ساۋاتلار، بىلىملەر كەڭ ئومۇملاشقان. بىر قىسىم دۆلەتلەر ئوقۇغۇچىلارغا جىنسىيەت تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشنى تەشەببۇس قىلىپ يولغىمۇ قويدى. ئەمما، ئەمەلىيەت شۇنى چوڭقۇر ئىسپاتلىدىكى، جىنسىيەت بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش جەمئىيەتتىكى جىنسىي بۇزۇقچىلىق، ئەخلاقىي چۇشكۇنلۇكنى كېمەيتەلمەستىن، ئەكسىچە ئۇنى تېخىمۇ زور دەرىجىدە ئاشۇرۇۋەتتى. ئۇ ئېچىلدى - دە، ئەسلىي مۇقەددەسلىكىدىن قالدى. كىشىلەر ئۇنىڭغا خالىغانچە

---

① «20 - ئەسىرنى تەشكىل قىلغۇچى ئۈچ كاللا»، ئامېرىكا خەۋەرلىرى ۋە دۇنيا ئاخباراتچىلىقى 2003 - يىل نەشرى، ئىنگلىزچە.

يېقىنلاشتى، خالىمىسا يىراقلاشتى. يات جىنسلىقلارنىڭ ھەدى، تېنى ھەتتا كىشىلەردە ئۆزگىچە تۇيغۇلارنى ئويغىتالماس بولۇپ كەتتى. ئىنسانىي روھ قاشاڭلاشتى. يات جىنسلىقلارنىڭ ھاياسى بىر ـ بىرىگە يات، سىرلىق، تارتىملىق تۇيۇلمايدىغان بولدى، ئۇلارنى بىر ـ بىرىگە تارتىپ تۇرىدىغان كۆرۈنمەس سېھىرلىك زەنجىر ئۈزۈلۈپ كەتتى. ئەرلەر بىر ئايال بىلەن قانائەت قىلمايدىغان، ئاياللار بىر ئەرگە قانماي يانچۇقى توم، گەدىنى بوم يەنە بىرىنىڭ كەينىدىن سوكۇلداپ كېتىۋېرىدىغان، نىكاھ، ئائىلىنىڭ ئىناۋىتى قالمىغان بىر ھال غەرب جەمئىيىتىدە ئومۇمىي ئېقىمغا ئايلاندى. ئۇلار كىشىلىك ھوقۇق، ئەركىنلىكنى دەستەك قىلىپ تۇرۇپ بارلىق ھەرىكەت ـ قائىدىلەرنى ئۆلچەمسىزلەشتۈرۈشكە تىرىشتى، كۆڭۈلنىڭ رايىنىلا، نەپسىنىڭ خاھىشىنىلا مۇقەددەس بىلدى. ئالىم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن رادىي فىشنىڭ «جالالىدىن رۇمىي» رومانىدىكى «تېنىڭ بىر ئات، سەن شۇ ئاتقا مىنگۈچى. ئىي ئاتقا مىنگۈچى، ئاتنىڭ ئوقۇرىدا ھەم ياتمىغىن، ئات ئوزۇقى سېنىڭ ئوزۇقۇڭ بولالماس، ئات سېنى ئەمەس، سەن ئاتنى ئۆز يولۇڭغا سال» دېگەن ھېكمەتلەرگە ياندىش ئاھاڭدا مۇنداق دېگەنىدى: «ئىنسان جىسمانىي جەھەتتىن بىر ئات، مەنىۋى جەھەتتىن ئاتقا مىنگۈچى. ئەگەر ئاتقا مىنگۈچى دانا بولسا ئاتنى كامالەتكە باشلايدۇ، نادان بولسا ئات ئۇنى ئوقۇرىغا باشلايدۇ». ھەقىقەتەن بەزىلەر جىسمانىي جەھەتتىنلا ئەمەس، مەنىۋى جەھەتتىنمۇ ئات ـ ئېشەككە ئايلاندى، خۇن ـ زەردابنى شەربەت بىلدى. ھەتتا يات جىنسلىقلار بىلەن خالىغانچە ئالاقە قىلغىنىغا قانائەتمۇ قىلماي ھەددىدىن ئېشىپ ئۆز جىنسداشلىرى بىلەن ئالاقىگە چۈشۈشتى ۋە بۇنى نومۇس قىلماي ئەقىلنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈشكە، قانۇنلاشتۇرۇشقا ئۇرۇنۇشتى. ئەڭ يېڭى ستاتىستىكىلارغا ئاساسلانغاندا، ھازىر ئامېرىكا جەمئىيىتىدىكى ئوخشاش جىنسلىق مۇھەببەتداشلار، بەچچىۋازلار ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 10% ىدىن

ئېشىپ كەتكەن. نىكاھسىز بىللە تۇرغۇچىلار، پاھىشىلەر، كۆڭلى تارتسىلا خالىغان بىرى بىلەن ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىپ يەنە ھېچ ئىش بولمىغاندەك يۈرۈۋېرىدىغان سەرگەردان سوكۇلداقلارنىڭ سانىنى ئېلىپ بولۇش مۇمكىن ئەمەس، ئەلۋەتتە. كىشىنىڭ غەزىپىنى قوزغايدىغان يېرى شۇكى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بۇ خىل شەرمەندە قىلىقىدىن ئازراقمۇ نومۇس ھېس قىلىپ باقمايدۇ، ئويلىمايدۇ. بەلكى كوچىلارغا چىقىپ ئۆزلىرىنىڭ قىلمىشلىرىنىڭ ھەقلىقلىقى، جەمئىيەتنىڭ ئېتىراپ قىلىشى ھەققىدە تىنىماي نامايىش ئۆتكۈزۈپ داۋراڭ سالىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ مەخسۇس تەشكىلاتى، گېزىت - ژۇرناللىرى، تور بەتلىرى بار. مىڭلىغان بەچچىلەرنى زىيارەت قىلىپ چىققان ئالفېرد كىنسىينىڭ ئېيتىشىچە: «مۇتلەق كۆپ سانلىق بەچچە ئۆزلىرىنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتى، ئارزۇ - خاھىشىنىڭ قوغدىلىشىنى، قوللاشقا ئېرىشىشىنى ئۈمىد قىلىدىكەن»[1]. گەرچە بىر قىسىم ئامما ئۇلارنىڭ بۇ خىل قىلمىشىدىن غەزەپلەنسىمۇ، ئەمما مۇتلەق كۆپ سانلىق خەلق ۋە ھۆكۈمەت ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىنى شەخسنىڭ خاھىشى، دەپ قارايدۇ، ئارىلىشىش، توسۇشنى ئەخلاقسىزلىق دەپ قارايدۇ، كارى بولمايدۇ. بەچچىلەرنىڭ توي قىلىشىنى قانۇنىي ئاساس بىلەن تەمىنلەشكە ماقۇل بولغان مىكائىل. ج. مىد ئىسىملىك بىر شتات ئەمەلدارى شۇنداق دېگەن: « بىز ئاساسىي قانۇن لايىھىسى ئارقىلىق قوش جىنسلىق مۇھەببەتداشلارنىڭ باراۋەر نىكاھ ھوقۇقىنى قوغدايمىز. قاراپ تۇرۇڭلار، بۇ جەزمەن شۇنداق بولىدۇ. بۇ قورققۇدەك ئىش ئەمەس، ئاسمان ئۆرۈلۈپمۇ چۈشمەيدۇ»[2]. ھەتتا ياۋروپا دىنىي ئىسلاھاتچىلىق ھەرىكىتىنىڭ

[1] «ھەپتىلىك خەۋەرلەر گېزىتى» 1993 - يىل 15 - فېۋرال سانى، Inoohr . org تور بېتىدىكى ستاتىستىكىلىق مەلۇماتلارغا كەلتۈرۈلگەن نەقىل.
[2] 365Gay.com تور بېتىنىڭ 2005 - يىل 7 - فېۋرالدىكى سانىغا قارالسۇن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

داھىيسى بولمىش مارتىن ليۇتېر كىڭنىڭ مۇرىتى، كامبىرىج دىنىي بىرلەشتۈرۈش ـ ئومۇملاشتۇرغۇچىلار باش مەھكىمىسى ۋە چېركاۋىنىڭ مىنىستىرى رېۋ.توماس.ج. س. مىكىلسون: «مەن ئوخشاش جىنسلىقلارغا توي قىلىش ھوقۇقى بېرىشنى قوللايمەن. بۇنداق ھوقۇقنىڭ بولماسلىقى بىزنىڭ ئەنئەنىۋى ئائىلە ۋە نىكاھ چۈشەنچىمىزگە چوڭ توسالغۇ ئېلىپ كېلىدۇ. ئوخشاش جىنسلىقلار مۇھەببىتى ۋە ھەرىكىتى بىزنىڭ مۇشۇ مەدەنىيەتتىن چىققانىكەن، يەنە مۇشۇ مەدەنىيەتتىن قوللاش مۇھىتى بېرىلىشى كېرەك» دېگەن ھەمدە ئۆزىنىڭ ئاخىرىغىچە شۇلار تەرەپتە تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ: «بۇ ئىشلارنىڭ نەگە بېرىپ نەدە توختايدىغانلىقىنى بىلمەيمەن، ئەمما بىز ئۇلارغا باراۋەر نىكاھ ھوقۇقى بېرىلگۈچە كۈرەش قىلىمىز»① دېگەن. «ئىنسانىي، ئىنسانىيلىقنى پاكىز، غەرەزسىز سۆيۈش»تىن ئىبارەت خرىستىئان روھىنىڭ بۇ باش ئېپسكوپى ئۆزىنىڭ جىنايەتكە، ئاپئاشكارا بۇزۇقچىلىققا ھەمتاياق بولىدىغان چاكىنا، يىرگىنچلىك قارىشىغا ئۆزى پەتىۋا بېرىپ يەنە شۇنداق دەيدۇ: «مەن ھەممە يەردە ئوخشاش جىنسلىق بەچچىلەرنىڭ ئائىلە، خىزمەت، نىكاھ، پەرزەنت، قوشنىدارچىلىق، ھاياتلىقتىن بەھرىلىنىش ھەققىدىكى تەلەپ ـ چۇقانلىرىنى ئاڭلايمەن. ئوخشاش جىنسلىقلار مۇھەببىتىمۇ مۇھەببەتنىڭ بىر خىل شەكلى. ئۇلار ئۇچۇن قانۇنلۇق نىكاھ پۇرسىتى بېرىش جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي نىكاھ چۈشەنچىسىنى چىڭىتىدۇ»②. كىشىنىڭ كۆلكىسىنى قىستايدىغان بۇ چاكىنا پەتىۋا خرىستىئان روھىنىڭ ئادەمنىڭ نەپسى ـ خاھىشىغا بېقىپ ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان لىگىتاسما ئېتىقاد شەكلىگە ئايلىنىپ قالغىنىنى تولۇقى بىلەن ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. غەرب مەدەنىيىتى

① (Freedommtomarry.org نىكاھقا ئەركىنلىك) تور بېتىگە قارالسۇن.
② (Freedommtomarry.org نىكاھقا ئەركىنلىك) تور بېشىگە قارالسۇن.

ئەمەلىيەتتىمۇ نەپس ۋە جىنسىيەت قوغلاپ زورايغان بەھەيۋەت لەھەڭگە ئوخشاپ قالغانىدى. ئەخلاق ـ ئەقىدىسى چۈشكۈن بىر توپ زەھەرخەندە مىتىلەرنىڭ چەكتىن ئاشقان يولسىز مۇتتەھەملىكىنى توغرا دەپ ئېتىراپ قىلىش، ئۇنى قوغداش جەمئىيەت خاراكتېرلىك بۇزۇلۇشقا يېشىل چىراغ يېقىپ بەرگەنلىك بىلەن باراۋەر ئىدى. دىنىي مۆتىۋەر كۆچلەرنىڭ پاسىقلىقنى ھەق دەپ قوبۇل قىلىشى تارىخمۇ، شۇلار ئىشەنگەن خۇدامۇ مەڭگۈ كەچۈرمەيدىغان ئېپلاس شەرمەندىلىكتىن، ئېتىقادقا قىلىنغان شەكسىز خورلۇق، ئاسىيلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئەركىنلىكنىلا تەكىتلەيدىغان، چەكلىمە ـ توسقى بولمىغان ئىدىيە ـ قاراش ھەرگىزمۇ ساغلام ئەمەس. يۈگەنسىز تۇلپارنىڭ ياۋا ئاتتىن پەرقى يوق. ھەتتا جەننەتمۇ قىلىچنىڭ سايىسىدا. دىنىي كۈچلەر، ھۆكۈمەت ۋە كۆپ سانلىق ئاممىنىڭ جىنسىي ئەركىنلىك ۋە بەچچىلەرنى، ئۇلارنىڭ ئەخلاقغا ھاقارەت كەلتۈرىدىغان نومۇسسىز قىلمىشلىرىنى شەخسنىڭ ئەركىن تاللىشى، چېقىلغىلى بولمايدىغان كىشىلىك ھوقۇق، ھۆرمەت قىلىنىشى كېرەك بولغان خاھىش دەپ ئېتىراپ قىلىشى، قوللىشى، پەرۋاسىز مۇئامىلە قىلىشى نەتىجىسىدە پاسىق بەچچىلەرگە تېخىمۇ جان كىردى ۋە ئۆزلىرىنىڭ ھايۋانىي نەپسىگە قانۇندىن ئاساس، دىندىن پەتىۋا ئېلىشقا بار كۈچى بىلەن ئۇرۇندى. ئىندىئانا شتاتى قوش جىنسلىق مۇھەببەتداشلارنىڭ نىكاھ ھوقۇقىنى قوغداش قانۇن لايىھىسى تۈرغۈزۈشقا پىكىر ئېلىش مەزگىلىدە رېۋ. جىف. مايىنىر ئىسىملىك بىر بوۋاي: «تارىخ شەرمەندىلىككە رەھىم قىلمايدۇ، ھەرگىز مۇنداق خاتالىققا يول قويمىغايسىلەر. نەچچە يىللاردىن كېيىن ئەۋلادلار بىزنىڭ بۇ قىلىقىمىز ئۈچۈن نومۇس قىلمىسۇن»[1] دېدى تىترەڭگۈ ئاۋازدا يىلىنىپ. جىنسىي دىكلىمېنتى ئىسىملىك يەنە بىر ئايال:

[1] Fortwayne.com تور بېتىگە قارالسۇن.

«ئەگەر ئىندىئانا تۇرۇش مۇمكىن بولمايدىغان ئاشۇنداق پاسسىق جايغا ئايلانسا، مەن بۇ يەردىن كېتىشكە ھەرقاچان تەييار» دېدى غەزەپتىن لاغىلداپ تىترەپ تۇرۇپ. ئەمما، دەل شۇ چاغدا بۇ قانۇن لايىھىسى ئاللىقاچان 11 شتاتتا ماقۇللۇقتىن ئۆتۈپ 24 شتاتتا مۇھاكىمە باسقۇچىغا كىرگەنىدى[1]. «شىمالىي ئامېرىكا ئەر - ئوغۇللار سۆيگۈ تەشكىلاتى» نامىدىكى ئامېرىكا بويىچە ئەڭ چوڭ بەچچە تەشكىلاتىنىڭ نەچچە مىڭلىغان ئەزالىرى لوزۇنكا كۆتۈرۈپ « سەككىز ياشتىن كېيىن قالغان جىنسىي ئالاقە ئەڭ چوڭ كېچىكىش !» ، « ئون پىرسەنت يېتەرلىك ئەمەس، يېگى ئەزا قوشايلى، يېڭى ئەزا !» دەپ شوئار توۋلاپ نامايىش كۆتۈرۈپ يۈرەتتى. ئۇلار يېشى كىچىكلەرگە مەجبۇرىي چېقىلىش ئارقىلىق ئەزا سانىنى كۆپەيتىشنى ئۆزلىرىنىڭ مۇھىم مەقسىتى قىلغانىدى. يېشى قانچە كىچىك بولسا شۇنچە ياخشى دەپ قارىشاتتى. «ئايال مۇھەببەتداش قىساسچىلار تەشكىلاتى» ئەڭ ياش، گۆدەك قىزلارغا زوراۋانلىق يۈرگۈزۈپ، كۆپلەپ ئەزا قوبۇل قىلغىنىدىن ئاشكارا پەخىرلىنىپ مەيدە قېقىپ يۈرەتتى[2]. بىر يېرىم پىرسەنت بالا ئاتا - ئانىسى تەرىپىدىن خورلانغانىدى. بەچچىلەرنىڭ بۇزۇقچىلىقتىكى يىرگىنچلىك قىلمىشلىرىنى ئويلاشمۇ كىشىنى سەسكەندۈرۈپ، كۆڭلىنى ئاينىتىۋېتىدۇ. مېنىڭ بۇ خىل رەسۋالىقلارنى يېزىشقا ھەقىقەتەنمۇ قولۇم بارمىدى. ئەقلى جايىدا ھەرقانداق ئادەم يۇقىرىقى بايانلاردىن بەزىلەش تەشەببۇس قىلىنۋاتقان مەدەنىيەت، تەربىيە شەكلىنىڭ تەگ - ماھىيىتى ھەققىدە مەلۇم خۇلاسىگە كېلەلەيدۇ ۋە نېمە قىلىش، نېمە قىلماسلىق ھەققىدە ھۆكۈم چىقىرالايدۇ.

يۇقىرىقى نومۇسسىز قىلىقلارنى قىلىۋاتقانلار ئەمەلىيەتتە

---

① Fortwayne.com تور بېتىگە قارالسۇن.

② «سان فرانسىسكو مۇھاپىزىتى» 1992 - يىل 27 - مارت سانى، Inoohr . org تور بېتىدىكى ستاتىستىكىلىق مەلۇماتلارغا كەلتۈرۈلگەن نەقىل.

بىزنىڭ بەزى «ئاقىل»لىرىمىزنىڭ نەزىرىدىكى ئەڭ ئەقىللىق، ساۋاتلىق، مەدەنىيەتلىك ئادەملەر ئىدى. ئۇلار ئوقۇغانلار، هازىرقى زامان تەرەققىياتىنىڭ ئەڭ ئالدىدا كېتىۋاتقان سەرخىللاردىن سانىلاتتى. ۋاشىنگتون، نيۇيورك، سان فرانسىسكو كوچىلىرىدا بەچچە، قوش جىنسلىق مۇھەببەتداشلىق دەۋاسى قىلىپ يۈرگۈچىلەرنىڭ 59.6% ى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى، 18% ى ئالىي مەلۇماتلىق زىيالىيلار ئىدى. 49% ى كەسپىي، مەمۇرىي خادىملار، 15.9% ى ئادەتتىكى پۇقرالاردىن ئىدى[①]. دېمەككى، جىنسىيەت ھەققىدىكى ئىلىم، ساۋات، ئۇچۇرلاردىن خېلى مۇكەممەل خەۋىرى بار، دەپ قارىلىدىغان ياشلار، زىيالىيلار، جاھاننىڭ سەركىلىرى جەمئىيەتنىڭ ئەڭ بۇزۇقلىرىغا، ئەخلاقنىڭ، ئىجتىمائىي تەرتىپنىڭ ئەڭ چوڭ زىيانخور كۆشەندىلىرىگە ئايلانغانىدى. ئۇلار يات جىنسلىقلارنىڭ تېنىنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى ناھايىتى ئوبدان بىلەتتى، لېكىن ئەقىدىسىز-ئىلىم ئۇلارنى توغرا، ساغلام ياشاش ئۇسۇلى، تۇرمۇش شەكلىگىمۇ ئېرىشتۈرەلمىگەنىدى. جىنسىي ساۋاتتىكى ھۆرمەتلىك نوپۇزلۇقلاردا ئەخلاقىي بۇزۇلۇش، روھىي ئاينىش ئەڭ كۆپ كۆرۈلگەن بىلەن، بۇ ھەقتىكى ئىلىم، ئۇچۇرلاردىن ئانچە خەۋىرى بولمىغان ئادەتتىكى پۇقرالاردا ئەڭ ئاز بولغان. غەرب دۇنياسىغا قارىمۇقارشى ھالدا شەرق ئەللىرىدە، بولۇپمۇ دىنىمىزنىڭ، ئۆرپ-ئادەتنىڭ ھاياتىي كۈچى يوقالمىغان، جىنسىيەت ئېچىلمىغان، دەرسخانىلارغا، ئاشكارا سورۇنلارغا تولۇق چىقالمىغان جايلاردا جىنسىي زوراۋانلىق، بۇزۇقچىلىق، ئەخلاقىي چۈشكۈنلۈك، روھىي سولغۇنلۇق ئەڭ ئاز كۆرۈلگەن. كۆرۈلسىمۇ جەمئىيەتلىشەلمىگەن، مۇئەييەن چەكلەش كۈچىنىڭ نەتىجىسىدە

① 1990 - يىلى نەشر قىلىنغان «ئامېرىكا قىسقىچە ستاتىستىكىسى» دىن Inoohr.org تور بېتىدىكى مەلۇماتلارغا كەلتۈرۈلگەن نەقىل.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بۇزۇقچىلىق سادىر بولسىمۇ، خۇپىيانە، خالىي جايلاردا بولغان. «بەچچىۋازلار ئۇستىدە تەتقىقات» ناملىق ماقالىدە ئېيتىلغاندەك: «دىنىي كەيپىيات سۇس ياكى ئۆلگەن ئائىلە، جەمئىيەتلەردىن جىنسىي، ئەخلاقىي بۇزۇقچىلىق، زوراۋانلىق ھادىسىلىرى، پاھىشۋاز، بەچچىۋازلار ئەڭ كۆپ چىققان»①. جىنسىيەت يېپىلغان، يوشۇرۇلغان، خالىغانچە، ئۆلچەمسىز مۇئامىلە قىلىش چەكلەنگەن جەمئىيەت، مەدەنىيەتنىڭ مۇھىتى بىرقەدەر ساپ، جۇشقۇن، خاتىرجەم، مەنىۋى ھاۋاسى سۇزۇك، كىشىلىرى ھەر جەھەتتىن ساغلام بولغان.

ھىندىستانلىق پەيلاسوپ، ناتىق ئوشۇمۇ بىزنىڭ «تەرەققىيپەرۋەر» زاتلار تەشەببۇس قىلغاندەك فرېئودنىڭ ئىزىدىن مېڭىپ جىنسىيەتنى يېپىشقا قارشى تۇرىدۇ ھەمدە باللارنىڭ مەلۇم ياشقا يەتكۈچە يالىڭاچ يۈرۈشىنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئۇنىڭچە «ئۇلار كىيىم زۆرۈرىيىتى جىنسىيەت سەۋەبىدىن ئەمەس، باشقا سەۋەبتىن ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىشى كېرەك»② ئىمىش. ۋەھالەنكى، جىنسىي بۇزۇقچىلىقلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى يات جىنسلىقلارنىڭ ئەزايى - تېنىنى پىششىق بىلىدىغانلار ئارىسىدا بولىدۇ. مەن كىيىم زۆرۈرىيىتى 90% جىنسىيەت ۋە ئۇنى يۆگەش سەۋەبىدىن دەپ قارىغۇچىلاردىن. يات جىنسلار ئارا تەن، ئەزالارنىڭ بىر - بىرىگە تونۇش بولۇشى قەلبتىكى رەزىللىك ئورۇقىنى قوزغۇتۇپ تاشلىيالمايدۇ. تەنلەرنىڭ تونۇش بولۇشى راستىنلا ئىجتىمائىي ئاپەتنى تۈگىتىشتىكى بىردىنبىر ھەل قىلغۇچ ئامىل بولسا كىيىملەر ئاساسەن دېگۈدەك ئېچىلغان، ئاتا - بالا قىپيالىڭاچ پېتى بىر مۇنچىدا يۇيۇنۇۋېرىدىغان كىشىلەر، شەھەرلەر، جەمئىيەتلەر ئارىسىدا نېمە ئۈچۈن ئىجتىمائىي كرىزىس شىددەت

① Inoohr.org تور بېتىدىكى ئىنگلىزچە مەلۇماتلارغا قارالسۇن.
② ئوشۇ: «چىن مۇھەببەت سەپىرى»، تەڭرىتاغ ژۇرنىلى 1998 - يىلى 4 - سان.

بىلەن ئۆرلەپ كېتىدۇ؟ ئەگەر يات جىنسلار ئارا تەنىنىڭ تونۇش بولۇشى ئىجتىمائىي كىرىزىسلارنى توپ يىلتىزىدىن ساقايتالايدىغان بولسا بىز نېمە ئۈچۈن يالىڭاچ يۈرۈشنىلا تەشەببۇس قىلمايمىز؟ كىيىم زۆرۈرىيىتى جىنسىيەت سەۋەبىدىن بولمىغانىكەن، ئۇنى كىيىۋېلىشنىڭ، جىنسىي ئەزا ـ بەلگىلەرنى يۆگەپ يۈرۈشنىڭ يەنە نېمە ھاجىتى؟

ئوشۇ يەنە جىنسىي خىيالنى داۋالاش ئۈچۈن ئىستىقامەت يولىنى تاللاش كېرەك، دەپ قارايدۇ. بۇ ئوشۇ ۋەكىللىك قىلغۇچى بۇددىزم ئېتىقاد ـ مەدەنىيىتىنىڭ قالدۇقىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. بىز ئىنسانغا بەخش ئېتىلگەن نورمال كىشىلىك لەززەت، قەدىر ـ قىممەتكىمۇ ئارقىسىنى قىلىۋېلىپ، دۇنيادىن تەلتۆكۈس قول ئۈزۈپ زاھىتلىقنى تەرغىب قىلغۇچى راھىبلىق يولىغا قايتا قەدەم باسامدۇق؟ مەن دەيمەن ئەقىدە ـ ئېتىقادسىز جىمجىت ئولتۇرۇپ ئىستىقامەت قىلىش كاللىنى ھارام خىيالغا پاتۇرۇۋېتىدۇ. مەزمۇت ئەقىدىگە تويۇنغان روھىي قۇۋۋەتكە راھىبلاردەك ئىستىقامەتمۇ، يالىڭاچلىنىپ كۆز تويدۇرۇشمۇ لازىم ئەمەس. كۆڭۈل ئاچ، روھ زەئىپ، مەنىۋىيەت قۇرغاق تۇرسا كۆز، قورساق، نەپس تويامتى؟

جىنسىيەت، ئۇ ناھايىتىمۇ نازۇك تېما. ئۇنىڭ نازۇكلۇقىنىڭ ئۆزىلا ئۇنىڭ يېپىلىشىنى بەلگىلىگەن. ئېستېتىكىدىمۇ نازۇك نەرسىنىڭ كۈچلۈك زەربىگە، قالايمىقان قېقىلىپ ـ سوقۇلۇشلارغا بەرداشلىق بېرەلمەيدىغانلىقى سۆزلىنىدۇ. ئۇنى ئاۋايلاپ، ئاسراپ، پەپىلىگەندىلا ئىشلەتكىلى، گۈزەللىكىدىن زوقلانغىلى بولىدۇ. جىنسىيەتكە مۇئامىلە قىلىشتا جەزمەن دۇرۇس، ساغلام ئۆلچەم بولۇشى كېرەك. ئۇنىڭ ئېچىلىپ، يالىڭاچلىنىپ كېتىشى ئۇنىڭ گۈزەللىكىنى، سېھرىي كۈچىنى يوقىتىپ قويىدۇ. تېرىلەر تېگىشىپ، چاچلار غىدىقلاپ، ئوتتەك نەپەسلەر گۇرۇلدەپ يېنىپ تۇرسا ئادەمدىكى قىممەتلىك روھىي

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

زىلزىلىلەر، ئاسان قوزغىلىپ، ئاسان يېنىپ ـ يېتىپ ئېتىبارى قالمايدۇ، يات جىنسلارنىڭ ئوچۇق تۇرغان ھەربىر ئىككىلەمچى جىنسىي ئەزا ـ بەلگىلىرى، بولۇپمۇ گىرىمىدە ئاتايىن گەۋدىلەندۇرۇلگەن لەۋ، كىرپىكلەر، لەپىلدەپ سويلاپ تۇرىدىغان چاچلار، ئوچۇق تۇرغان بىلەك، يوتا، كىندىك، پاقالچاق، كۆكرەكلەر، تار، خىپچاق كىيىملەردىن پاتماي چىڭقىلىپ تۇرىدىغان كۆكرەك، يوتا، ساغرا، قىسىلچىقلار قارشى تەرەپتە ئىنتايىن ئوڭايلا غىدىقلىنىش، ھېسسىيات قوزغىلىشلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. تار، قىسماقتەك قىسىپ، پۈتكۈل ئەزايى ـ تەنىنى چىڭقالدۇرۇپ تۇرىدىغان كىيىملەرنىڭ ئۆزىمۇ غىدىقلىنىش، ھېسسىي قوزغىلىش، چىڭقىلىش پەيدا قىلىدۇ. بۇ خىل غىدىقلىنىش ئۇزۇن داۋاملاشقانسېرى دائىم قوزغىلىش ئىچىدە تۇرغان بۆرەككە ئېغىر بېسىم پەيدا قىلىپ، بەدەندىكى كۈچ ـ ماغدۇر، قۇۋۋەتنىڭ سوۋۇپ كېتىشىنى، ئېقىپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. يىلىك سوۋۇيدۇ، جەڭگىۋار، جۇشقۇنلۇق ئاجىزلاپ، خام ـ خۇتا لامزەللىلەر شىددەت بىلەن ئاۋۇپ كېتىدۇ. يەنە كېلىپ تار، بەدەننى قىسىپ، سىقىپ تۇرىدىغان خىپچاق كىيىملەر قاننىڭ راۋان ئايلىنىشىغا توسقۇنلۇق قىلىپ تېرىلەرنىڭ سېزىمچانلىقىنى ئۇزلۇكسىز تۈردە تۆۋەنلىتىدۇ. تېرىلەر، سەزگۈ ئەزالار تولا غىدىقلىنىپ بارا ـ بارا قاشاڭلىشىدۇ، بۇ ھال ئۇزۇن داۋاملاشقانسېرى تەنىمۇ، روھىمۇ، زېھنىمۇ كاردىن چىقىرىدۇ. مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئىسپاتلىشىچە، ئادەمدىكى تولا غىدىقلىنىش، ھاياجانلىنىش بەدەندىكى رەئىس ئەزالارنى، بولۇپمۇ بۆرەكنى ئەڭ تېز كاردىن چىقىرىدۇ، بۆرەككە زەرەر يەتكەن ھامان نېرۋا، مېڭىنىڭ فۇنكسىيىسى تېز سۈرئەتتە ئاجىزلايدۇ. ئەستە تۇتۇش ئىقتىدارى ئاجىزلىشىش، ئاسان چارچاش، ماغدۇرسىزلىق ھېس قىلىش، ئۇيقۇسىزلىق، كەيپىيات

ناچارلىشىش قاتارلىق ھادىسىلەرنى پەيدا قىلغاندىن باشقا يۈرەك، جىگەر، ئاشقازاننىڭ خىزمىتىگە ئېغىر بېسىم ۋە كاشىلا پەيدا قىلىدۇ. ئەگەر غىدىقلىنىش ئۈزۈلمەي داۋاملاشسا جىنسىي ئاجىزلىق كېسەللىكلىرىگە تەرەققىي قىلىپ جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن تېخىمۇ زور ئازاب ئېلىپ كېلىدۇ، كەيپىياتى غەمناكلىقتىن قۇتۇلالمايدۇ، بارا ـ بارا يات جىنسنى كۆرسىمۇ ۋۇجۇدىدا باشقىچە ھېسسىيات، غەيرىي سېزىم پەيدا بولمايدىغان دەرىجىدە قاشاڭلىشىپ كېتىدۇ. يات جىنسنى كۆرسىمۇ، بىر ـ بىرىگە سۈركىلىپ تۇرسىمۇ باشقىچە ھېسسىيات ئويغانماسلىق دەل ئەرلەردىكى جۇشقۇنلۇق، جەڭگىۋارلىق، ئەركەكلىكنىڭ ئۆلۈشى، ئاياللاردىكى لاتاپەت، سېھىر ـ جازىبىنىڭ خوراپ تۈگىشى بىلەن باراۋەردۇر. ئەڭ ئەقەللىي ئادىمىيلىك ھېسسىياتى ئۆلگەن بۇنداق كىشىلەردىن ئۈلۈغۋار غايە، نەتىجە، ئارتۇق ئۈمىد كۈتكىلى بولمايدۇ. بۇنداقلاردىن تۇغۇلغان باللاردىن جەڭگىۋار، جۇشقۇن، قەتئىيلىرى ئازراق، مۈرەسسەچى، تەسلىمچى، خومسى مىجەز نائەھلىلەر كۆپ چىقىدۇ. تەن ساپاسى يىلدىن ـ يىلغا تۆۋەنلەيدۇ، ئەقلىي قۇۋۋىتى ئاجىزلايدۇ. ھايۋانلارنىڭ ئۇرغاچىلىرىنىڭ كۈيلەيدىغان مەزگىلىدە ئەركەكلىرىنىڭ توپلىشىپ كۈچ سىنىشىپ يەڭگەنلىرى بىلەن جۈپلىشىپ ئەۋلاد قالدۇرۇشىدا كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئاجايىپ زور ھېكمەت بار. مانا بۇ ئۆزىگە، قوۋمىگە، قوۋمىنىڭ كېلەچەكتىكى ساپاسى، مەۋجۇتلۇق سۈپىتىگە بولغان مەسئۇلىيەت ! راست، ئۆز ھاجىتى ئالدىدا ئامالسىز ئادەم قانداقمۇ باشقىلارغا ھەمتاياق بولالىسۇن؟

ئەخلاق يىرتىلغان، جىنسىيەت ئېچىلغان يەردە ئەڭ ئالدى بىلەن ئەرلەر ئاجىزلايدۇ، ئاندىن ئاياللار قۇترايدۇ. كىشىلەر بىر خىل تەسۋىرلىگۈسىز سىقىلىش ئىچىدە ياشايدۇ ـ دە، ئۆز كۆڭلىنى ئەسەبىيلىك، تەلۋىلىك ئارقىلىق خوش قىلىشقا چۈشىدۇ. ئائىلە ۋەيران بولىدۇ، نىكاھنىڭ مەززىسى قالمايدۇ.

www.uyghurkitap.com

مۇھەببەتلىشىش كەڭ ئەۋج ئالىدۇ، ئەمما مۇھەببەتلىشىپ توي قىلغانلارنىڭمۇ نىكاھىدا خاتىرجەملىك قارار تاپمايدۇ، چۈنكى تولا مۇھەببەتلىشىپ، تولا ئايرىلغان ئادەم ھەرگىزمۇ بىر ئادەمنىڭ بىر خىل قارىشىغا قانائەت قىلالمايدۇ، ئۇلاردىن ۋاپا كۈتكىلىمۇ بولمايدۇ. تويدىن ئىلگىرىكى يېقىنچىلىق سەۋەبىدىن نىكاھتا ئىززەت، قىممەت قالمايدۇ، توي كېچىسىدە مەڭگۈ ئەستىن چىقمىغۇدەك ئۆزگىچە ئۇچرىشىش ياكى يېڭىچە تۇيغۇ روياپقا چىقمىسا، نىكاھ تۇزسىز تاماقتا ئوخشاپ قالىدۇ. تويدىن ئىلگىرىكى تۇرمۇش بىلەن كېيىنكى تۇرمۇش ساڭا يېڭىلىق، مېھىر، ئىللىقلىق ئاتا قىلالمىسا بۇنداق نىكاھ جەزمەنكى، ھامان مەغلۇپ بولىدۇ، ھايا ۋە نومۇس ئۇستىگە قۇرۇلمىغان نىكاھتىن بەختنىڭ كىشىنى مەست قىلغۇچى شادىمان كۈيلىرى ئەمەس، ئازابنىڭ كىشىنى بىزار قىلىدىغان يېقىمسىز تاراڭ ـ تۇرۇڭى چىقىدۇ.

ھاياتقا بولغان دۇرۇس ئەقىدە سۇنمىغان جايدا جىنسىيەت ئىززەتلىك بولىدۇ. نىكاھ يات جىنسلار ئارىسىدىكى مۇقەددەس ئۆتۈشۈش شەرتى ھېسابلىنىدۇ. ئىپپەت پاكلىقىنىڭ، چىن سۆيگۈنىڭ، مېھىر ـ ۋاپانىڭ، ساداقەتنىڭ سىمۋولى سانىلىدۇ. جىنسىي ئەزاغا قاراش تۇگۈل، زۆرۈر بولمىسا شۇ ھەقتە گەپ قىلىشمۇ ئەيىب سانىلىدۇ. ئەر ـ ئايالنىڭ بىر ـ بىرىگە شەرتسىز ساداقىتى قەتئىي تەلەپ قىلىنىدۇ، ھارام خىيال، خىيانەت نومۇس، ھاياسىزلىق، بۇزۇقلۇق سۈپىتىدە قارىلىدۇ، جازا ـ تەدبىرلىرى ئېنىق بولىدۇ. جىنسىيەتنى ھاقارەتلەپ پەس كۆرۈشكىمۇ، ھەممىدىن ئۇستۇن ئورۇنغا كۆتۈرۈۋېلىشقىمۇ بولمايدۇ.

مانا بۇ بىزنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ جىنسىيەتكە قويغان تەلەپ ـ ئۆلچىمى ۋە ئۇنىڭغا قىلغان مۇئامىلىسى. بىرنەچچە ئون ياكى بىرەر مىڭ

ئادەمنىڭ قىلمىش ـ ئەتمىشلىرىنى پۈتۈنسۈرۈك بىر مەدەنىيەتنىڭ گۇناھى قىلىپ ئارتىش چەكتىن ئاشقان يولسىزلىقتىن ئىبارەت. بىر مىليون ئۇيغۇر كوچىغا قىپيالىڭاچ چىقىۋېلىپ ئاشكارا بەچچىۋازلىق بىلەن شۇغۇللانسىمۇ مەن ئۇنى ئادەمنىڭ، شۇلارنىڭ گۇناھى، رەزىللىكى دەيمەنكى، ھەرگىزمۇ مەدەنىيەتنىڭ، ئېتىقادنىڭ گۇناھى دەپ بىلجىرلىمايمەن. بىر نەچچە ئادەمنىڭ رەسۋالىقىنى دەپ ئۆزىنى چۇشۇرۇپ ئۆزگىنى تەكچىگە كۆتۈرۈش ئەقىلسىز تەنتەكلىكتىن باشقا نەرسە ئەمەس. بىزنىڭ ئىلمىي تەشەببۇسلىرىمىز بىردەملىك ھېسسىياتنىڭ ئەمەس، پاكىتلىق، ئىلمىي دەلىلنىڭ زۇۋانى بولۇشى كېرەك. ئامېرىكىلىق ئەخلاقشۇناسلار چېغىدا مۇنداق دەيدۇ: «پەقەت ئەنئەنىۋى جىنسىي ئەخلاقلا كىشىلەرنىڭ نەپسى ـ ئارزۇسىنى ساغلام قاندۇرۇپ، ئەخلاق، ئائىلىنى قۇتقۇزۇپ قالالىشى، ئىجتىمائىي ئۇيۇشۇش كۈچىنى چىڭىتالىشى مۇمكىن. باشقا ھېچقانداق نەرسە ئۇنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ»[①].

باشقىلارنىڭ نېمە دېيىشىدىن قەتئىينەزەر، مەن شۇنداق دەيمەن: جىنسىيەت يۈگىلىشى كېرەك ! ئۇنىڭغا ئىلمىي، ساغلام قاراش بىلەن مۇئامىلە قىلىنىشى كېرەك. ئۇنى ئېچىش، ئۇ ھەقتە جەمئىيەت خاراكتېرلىك ساۋات ئومۇملاشتۇرۇش جىنسىيەت ھەققىدە ساۋاتلىق، ئاقىل بولغانغا باراۋەر ئەمەس. ئەۋج ئېلىپ كېتىۋاتقان جىنسىي نومۇسسىزلىقلارنى جىنسىي بىلىم ـ ساۋاتلارنى ئومۇملاشتۇرۇش ئارقىلىق چەكلەيمەن دېيىش ئۆلۈۋاتقان ئادەمنىڭ ئېغىزىغا زەھەرنى «ياسىن سۈيى» ئورنىدا تېمىتىشنى ئارزۇلاشتىن باشقا ئىش ئەمەس. جىنسىيەت بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش ئارقىلىق روھىيەتنى، جەمئىيەتنى ساغلاملاشتۇرۇش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدىغان بولسا بۇگۈنكى

① Jkalb.org تور بېتىدىكى «ئەنئەنە جاھىللىقى» ناملىق ئىنگلىزچە ماقالىگە قارالسۇن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ياۋروپا، ئامېرىكا قالتىس ساغلام كۆڭۈلدىكىدەك جەمئىيەتنىڭ ئۆلگىسىگە ئايلانغان بولاتتى.

جىنسىيەت ۋە ئۇنىڭغا ئالاقىدار مەسىلە ـ كېسەللەر ئالىقاچان يەر شارى خاراكتېرلىك ۋاباغا ئايلاندى. ئۇنى دوختۇرخانىلار داۋالاپ ساقايتىپ بولالىشى، تەشۋىقات ۋاستىلىرى، بۇيۇملىرىنىڭ چەكلەپ بولالىشى مۇمكىن ئەمەس. ئەمما، ئۇنى قويۇۋېتىشكە، يالىڭاچلىۋېتىشكە ھەرگىز بولمايدۇ. جىنسىيەتنى دەرسخانىلارغا سۆرەپ كىرىش كېسەل تەگكەن دەرەخنىڭ تۇۋىگە كىسلاتا قۇيغان بىلەن باراۋەر. ئۇنداق قىلىش بىزنى، بىزنىڭ مەدەنىيەتنى، كېيىنكى ئەۋلادلارنى تۈگىمەس بالالارغا مۇپتىلا قىلىدۇ. يېتەرلىك پەرۋىش، ساپ ھاۋا، بۇلغانمىغان سۇ بىلەن بولغاندىلا يوقۇملانغان، زەئىپلەشكەن تەن ـ روھنى قۇتقۇزۇۋېلىش مۇمكىن. ھە راست، لازىم نەرسىلەرنىڭ بولۇشىلا كۇپايە ئەمەس، ئەڭ مۇھىمى لازىم نەرسىنى لازىم چېغىدا لازىم يېرىگە، جايىدا ئىشلىتىش. كېسەلنى داۋالاشقىلا، داۋالاش تەشەببۇسلىرىغىلا تاشلاپ قويۇپ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرى قوللانماسلىق ئۆلۈمنى ئارزۇلاپ يېتىشتىن ئانچە پەرقلەنمەيدۇ. ئالدىن مۇداپىئە كۆرۈش داۋالاشتىن مىڭ ئەۋزەل. چىركىن ئېقىم، مۇشتۇمزور ئىدىيىلەر كەلكۈندەك باسقاندا پاكىز روھىي سەرمايىدىن ئەپچىل كېمە ياساپ چىقىۋېلىش چۇشكۈنلۈك ئىلكىدە تويانى چىللاش ـ تىللاشتىن كۆپ ئەلا. ساغلام ئەقىدە، كەسكىن تۇرمۇش پرىنسىپى ئارقىلىقلا بۇ ۋابادىن قۇتۇلۇش مۇمكىن. باشقىلار ئاچ دەيدۇ، مەن ياپ، قاچ دېگۈچىلەردىن!

2 ـ دۇنيا ئۇرۇش قەھرىمانى فىلىد مارشال مونتىگومىرى 1964 ـ يىل 24 ـ ماي كۈنى سۆزلىگەن نۇتقىدا: «ئاڭلىسام فرانسىيە ۋە شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيان ئەھدى تەشكىلاتىغا ئەزا بىرقانچە دۆلەت ئوخشاش جىنسلىقلار قىلمىشىغا قانۇنىي يول

بىرىپتۇ. بىز فرانسوز ئەمەس، شۇنداقلا باشقا مىللەت، دۆلەت تېخىمۇ ئەمەس. بىز ئەنگلىيىلىك! پەرۋەردىگارغا مىڭ قەتلە شۈكۈر!»[1] دەپتىكەن. مەنمۇ شۇنداق دەيمەن: «دۇنيادا ئەخلاق پەقەت ۋە پەقەت بىر! بىز باشقا ھېچكىم ئەمەس، باشقىلارغا ئوخشىغىمىزمۇ يوق. ئاللاھقا مىڭ قەتلە شۈكۈركى ۋە تىلەيمىزكى، توپان بىزگە ھاجەت ئەمەس! ئاپەتنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ ئاگاھلاندۇرۇشلارغا قۇلاق سالماي بارغۇسى كەپقالغان ئازغۇنلارغا دەيدىغىنىمىز: يول بولسۇن!».

2005 ـ يىل ماي، قاراقاش ـ ياۋا.

① «ئوكسفورد ئۈزۈندىلەر لۇغىتى»، ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1994 ـ يىل نەشرى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# «يۈرەكتاغ»نىڭ ئەپسانىۋى قاتلىمى

مۇھەممەد باغراش ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىدا بەلگىلىك مۇۋەپپەقىيەت قازانغان يازغۇچىلىرىمىزنىڭ بىرى. ئۇ دەسلەپكى ئىجادىيىتىدىلا ئۆزىنىڭ مول تۇرمۇش تەجرىبىسى ۋە ئۆزگىچە كۆزىتىش، تەپەككۇر ئىقتىدارىنى نامايان قىلىدىغان بىر تۈركۈم ھېكايىلىرى بىلەن كىتابخانلارنىڭ دىققىتىنى قوزغىغانىدى. لېكىن ئۇ 1986 - يىلىدىن كېيىن ئىجادىيىتىدە زور بۇرۇلۇش ياساپ ئەسلىدىكى ئەنئەنىۋى رېئالىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلىدىن ناھايىتى پەرقلىق ھالدا سېھرىي رېئالىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلىنى قوللىنىشقا ئۆتتى ھەمدە قويۇق ئەپسانىۋى تۈس - تەركىبلەر بىلەن تويۇنغان، ئەسەر قۇرۇلمىسى، بايان ئۇسۇلىدا كەسكىن ئۆزگىرىش ياسىغان بىر تۈركۈم ئەسەرلىرىنى ئارقا - ئارقىدىن مەيدانغا چىقاردى. بىز ئۇنىڭ «مەن ئۆلگەن ئادەمنىڭ قارىچۇقىدا قېتىپ قالغان سۈرەت»، «كەلكۈن»، «تۆتقۇلاق»، «ئاپئاق ئېچىلغان سۆگەتگۈلى»، «قۇياش ۋە بالا»، «يۈرەكتاغ» قاتارلىق بىر تۈركۈم ئەسەرلىرىدىن روشەن ھالدىكى ئىزدىنىش، سىناق قىلىش، شۇنداقلا ئادەتلەنگەن رامكىلاردىن ھالقىپ چىقىشقا بولغان دادىل ئۇرۇنۇش روھىنى كۆرۈپ يېتەلەيمىز. گەرچە بۇنى بەزىلەر ئىجادىيەتتە ئىلگىرىلىگەنلىكىنىڭ ئىپادىسى، يەنە بەزىلەر ئۇنى چېكىنگەنلىكىنىڭ ئىپادىسى دەپ قارىسىمۇ ۋە ھەتتا ئۇنى

مودېرنىزمنى قارىغۇلارچە دورىدى دەپ نارازى بولسىمۇ، لېكىن ئۇ بۇ يولدىن قايتمايدىغانلىقىنى كەسكىنلىك بىلەن بىلدۈردى: «مەن بۇ يولۇمدىن ھەرگىز قايتمايمەن. بۇ يولدىن قايتىش مەن ئۈچۈن پاجىئەلىك چېكىنىشتۇر. چۈنكى، مەن بۇ پەللىگە ناھايىتى تەستە، نۇرغۇن ئازابلىق ئىزدىنىشلەر بىلەن يېتىۋاتىمەن»[1]. ئۇ ھەم ئەنئەنىنى زامانىۋىلىق، ئىزدىنىش ئارقىلىق كۈچلەندۈرۈش كېرەكلىكىنى بىلدۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: «ساقلىنىپ قېلىش ئۈچۈن ھەم تارىخنى بىلىش، ئاتا ـ بوۋىلارنى بىلىش ھەم زامانىۋى ئاڭ ئارقىلىق ئۆزىنى كۈچەيتىش كېرەك»[2].

بىر يازغۇچىدا مانا مۇشۇنداق تىنىمسىز ئىزدىنىش روھى ۋە ئۆز ـ ئۆزىدىن ھالقىشقا ئىنتىلىش خاھىشى بولغاندىلا، ئاندىن ئۇ تېخىمۇ يۇقىرى پەللىلەرنى يارىتالايدۇ ھەمدە تېخىمۇ نادىر ئەسەرلەرنى مەيدانغا چىقىرالايدۇ. ئەمما، ئىقرار قىلىش كېرەككى، ئۇنىڭ ئىزدىنىش نەتىجىسى ھەدېگەندىلا ئوڭۇشلۇق بولۇپ كەتمىدى. بىز ئۇنىڭ ئىزدىنىشىنى تۈتقا قىلغان ئەسەرلىرىنى ئىپادىلەش ئۇسلۇبى، بايان ماھارىتى، تىل گۈزەللىكى، ئېستېتىك سەۋىيە قاتارلىق نۇقتىلاردىن باھالاپ چىقىدىغان بولساق، روشەن ھالدىكى زورۇقۇش، تەقلىدچىلىك، ئەتەي ۋەقەلىك ياكى ئەپسانىۋى تەركىبلەرنى توقۇپ قىستۇرۇش، سىمۋول، بېشارەت قاتارلىق ۋاستىلەرنى ھەددىدىن زىيادە كۆپ ئىشلىتىۋېتىش، ئەپسانە بىلەن رېئاللىقنىڭ، ئەپسانە ئەنئەنىسى بىلەن مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنىڭ مۇناسىۋىتىنى لايىقىدا بىر تەرەپ قىلالماسلىقتەك بىر قاتار يېتەرسىزلىك، يەڭگىللىك، چى داخۇينىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا «يۇمرانلىق»[3]نىڭ خېلى ئېغىر ساقلانغانلىقىنى بايقايمىز. ئېنىقكى، بۇ يېتەرسىزلىكلەر

---

① ئەنۋەر ئابدۇرېھىم: «يازغۇچىلار بىلەن سۆھبەت»، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 2000 ـ يىل نەشرى، 205 ـ بەت.

② يۇقىرىقى كىتاب 224 ـ بەت.

③ چى داخۇي: «باغراش ئىجادىيىتىدىكى زامانىۋى مىللىي ئاڭ»، «يۇرەكتاغ» ناملىق توپلامغا كىرىش سۆز ئورنىدا كىرگۈزۈلگەن، 1999 ـ يىل نەشرى، 15 ـ بەت.

ئۇنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى ئەسەرلىرىنىڭ بەدىئىي سەۋىيىسىگە بەلگىلىك پاسسىپ تەسىرلەرنى كۆرسەتمەي قالمىدى. «يۇرەكتاغ» پوۋېستى ئۇنىڭ ئىزدىنىشىنىڭ ئاخىر ئۇنۇم بەرگەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بەردى. بىز «يۇرەكتاغ»دىن ئەنئەنە بىلەن زامانىۋىلىقنىڭ، ئەپسانىۋى ئالىق بىلەن رېئال ھاياتلىق چۈشەنچىسىنىڭ خېلىلا يۇقىرى بەدىئىي سەۋىيىدە، تەبىئىي رەۋىشتە بىرىككەنلىكىنى ۋە خېلى يۇقىرى بەدىئىي سەۋىيە، ئېستېتىك قىممەت يارىتالىغانلىقىنى كۆرۈپ يەتتۇق.

باغراش «يۇرەكتاغ» پوۋېستىدا خەلقىمىز ئارىسىدا ئېقىپ يۈرگەن «بەگقۇلىبەگ» ئوبرازىنى ۋە كېيىنچە «كروران گۈزىلى» نامىدا ئاتالغان جەسەت تەمىن ئەتكەن كروران ئۇيغۇر ئېلى ھەققىدىكى رىۋايەتسىمان قىياسنى بەدىئىي تەسەۋۋۇر ۋاسىتىسى بىلەن جانلاندۇرۇپ، ئۇنى تولىمۇ تەسىرلىك مەدەنىيەت ئەپسانىسىگە ئايلاندۇرىدۇ ھەمدە مۇشۇ ئەپسانىگە شەكسىز ئىشىنىپ ياشاپ كېلىۋاتقان شاقۇرلۇقلارنىڭ مەنىۋى ئالىمى، ئېستېتىك ئېڭى، ھايات، تۇرمۇش قاراشلىرىنى جانلىق ئىپادىلەپ بېرىدۇ. بولۇپمۇ «يۇرەكتاغ» ئەپسانىسىگە چىن دىلىدىن ئىشەنگەن ۋە ئاشۇ ئەپسانىۋى زېمىننى كۆرۈش ئىستىكىدە قاراملارچە تەۋەككۈللىچىلىك بىلەن ھالاكەت دېڭىزىغا ئىز بېسىپ كىرگەن ئۈچ بالىنىڭ مەنىۋى ئىنتىلىشى ئارقىلىق شاقۇرلۇقلارنىڭ ۋە شاقۇرلۇقلارنى بەلگە قىلغان ھازىرقى زامان كىشىلىرىنىڭ مەنىۋى تراگېدىيىسىنى ئېچىپ بېرىدۇ ھەمدە ئۈچ بالىنىڭ ھالاكىتى ئارقىلىق بىزگە ئۆزىنىڭ بەدىئىي غايىسىدىن ئۇچۇر بېرىدۇ.

«يۇرەكتاغ» ئەپسانىسىنىڭ باش ئۇچى تەبىئىيلا خەلقىمىزنىڭ پىسخىك ئېڭىغا ئورۇق بولۇپ تېرىلغان قەھرىمانلىق ئەپسانىسى ۋە توتېم ئېڭىنىڭ يىلتىزىغا تۇتاشقان بولۇپ، بەگقۇلىبەگ كۆك بۆرىدىن تۇغۇلىدۇ ھەمدە ئەل ـ ئۇلۇسنى ئويۇشتۇرۇپ شۆھرەتلىك، قۇدرەتلىك كروران ئۇيغۇر ئېلىنى قۇرۇپ دەۋر

سۇرىدۇ. ئەمما، ياۋلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ ئۆلارنى تارمار قىلىش جەريانىدا يەجۇجى ـ مەجۇجىلارنىڭ ئەپسۇن سېھرىگە، قۇم ـ تۇپراق بالاسىغا ئۇچراپ، پۈتكۈل كرووران ئېلى قۇم ئاستىدا قالىدۇ. ئۇ ئامان قالغان كىشىلەرنى باشلاپ پايانسىز دەشت ـ قۇمدىن چىقىپ كېتىش ئۈچۈن تىرىشىدۇ. ئەمما، ھەر قانچە قىلسىمۇ چۆلدىن چىقىپ كېتەلمەيدۇ. شۇ ئەسنادا غايىبتىن بىر ئاۋاز ئاڭلىنىدۇ. پۈتۈن ئۇرۇقنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئىنتايىن ئېغىر ھالاكەت خەۋپىگە دۇچ كەلگەن پەيتتە بەگقۇلىبەگ ئىككىلەنمەيلا تومۇرىغا خەنجەر ئۇرىدۇ ھەمدە: «نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر بىز ھەممىدىن كىچىك باللارنى قۇتقۇزۇپ قالايلى. بىزنى شۇلار ساقلاپ قالىدۇ»[1] دەپ، قېنى بىلەن ھالسىزلىنىپ كېتىۋاتقان باللارنىڭ تەشنالىقىنى باسىدۇ ۋە كۆلۈپ تۇرۇپ جان بېرىدۇ. ساق قالغانلار ماڭىدۇ، ماڭىدۇ... لېكىن دەشت ـ قۇم تۈگىمەيدۇ. ئۇرۇق ـ ئاجىزلار بىر ـ بىرلەپ يىقىلىشقا باشلايدۇ. ئەمدى بەگقۇلىبەگنىڭ ئوتلۇق ئاتلىق، ئەل ئىچىدە كۆركىلەئىنە (گۈزەل ئانا) دەپ شۆھرەت قازانغان پەزىلەتلىك خانىشى ئەل ھايات ـ ماماتلىق ئېغىر سىناققا دۇچ كەلگەن ھالقىلىق دەقىقىدە كۆكبۆرىنىڭ ۋەھىيسىمان بېشارىتى ئالدىدا مەردانىلىك بىلەن كۆكرىكىنى بۆسۈپ، يۈرىكىنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ قۇمغا تاشلايدۇ. قىپقىزىل يۈرەك شۇ ھامان بىر تاغقا ئايلىنىدۇ ھەمدە تاغنىڭ ئوتتۇرىسى رەڭمۇرەڭ گۈللەر دولقۇنلىنىپ، دەل ـ دەرەخلەر گۈۋۈلدىشىپ، بۇلاق سۇلىرى شارقىراپ ئېقىپ تۇرغان پايانسىز تۈزلەڭلىككە ئايلىنىدۇ. ئۇلار كۆركىلەئىنەنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە مۇشۇ يەرنى يۇرت ـ ماكان تۇتۇپ ئولتۇراقلىشىدۇ، ئەۋلاد قالدۇرۇپ كۆپىيىدۇ...

يۈرەكتاغ ئەپسانىسى خەلقىمىزنىڭ تەبىئەت بىلەن سىرلىق

---

[1] «يۈرەكتاغ» 21 ـ بەت.

رەۋىشتە باغلىنىش ھاسىل قىلغان مەدەنىيەت پسىخكىسىنىڭ ئىنكاسىدۇر. قەھرىمانلارنىڭ ئۆز جېنى بەدىلىگە قوۋمىنى ياكى بالىلىرى ئارقىلىق يۇرت ـ ماكانىنى، ئەۋلادلارنى، ياكى نەسەب ـ نىزامىنى ساقلاپ قالىدىغان مۇنداق موتىپ دۇنيادىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئەپسانىسىدە خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ. ئەڭ ئاددىيسى بىز قىزىل مىڭئۆينىڭ 38 ـ غار ئوڭ تەرىپىگە سىزىلغان «خاننىڭ كەپتەرنى قۇتقۇزۇپ لاچىنغا ئۆز بەدىنىدىن گۆش كېسىپ بېرىشى»؛ 17 ـ غار تورۇسقا سىزىلغان «خاننىڭ لەھەڭ بېلىقىقا ئايلىنىپ پۇقرالارنىڭ كېسەلىگە داۋا بولۇشى»؛ 8 ـ غار سول تام ۋە 17 ـ غار ئوڭ تامغا سىزىلغان «خاننىڭ ئۆز قولىنى مەشئەل قىلىشى»[①] قاتارلىق تام رەسىملىرىگە قارىساقلا ئۆزىنى قۇربان قىلىش ئارقىلىق باشقىلارنىڭ، بولۇپمۇ ئەل ـ ئولۇسىنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قالىدىغان مۇنداق جان پىدالىقنىڭ بۇ رايوندا ياشىغۇچى خەلقلەرنىڭ چوڭقۇر مەدەنىيەت تىندۇرمىسىغا ئايلانغانلىقىنى ھېس قىلىپ يېتەلەيمىز ۋە ھەم بىزدە ئىنسان ياكى مەلۇم بىر قەھرىمان شەخسىنىڭ كۆل، دەل ـ دەرەخ، دەريا قاتارلىقلارنىڭ پەيدا بولۇشىغا سەۋەبچى بولىدىغان ئەپسانە ـ رىۋايەت خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ. بىز بۆرە توتېم ئەپسانىلىرىگە باغلانغان بۆرە بىلەن جۈپلىشىش، بۆرە ۋاستىسى بىلەن كۆپىيىش ۋە دەرەخ كاۋىكىدىن خوتۇن تېپىش، دەرەختىن تۇغۇلۇش قاتارلىق ئەپسانىۋى تەركىبلەردىن ئىنسان بىلەن تەبىئەت كۈچلىرى ئارىسىدىكى قانداش ـ تومۇرداش ھاياتىي بىردەكلىكنى ھېس قىلساق، «جىيا توغرىسىدا رىۋايەت»[②]، «ھاي ـ

① قۇربان ۋەلى: «قىزىل مىڭئۆي رەسىملىرى ھېكايىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1986 ـ يىل 4 ـ ئاي نەشرى.

② «يىپەك يولىدىكى ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر»، ئابدۇكېرىم راخمان تۈزگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1985 ـ يىل نەشرى، 220 ـ بەت.

ھاي تېرەك»[①]، «قاراقاشلىقلارنىڭ چىشى نېمىشقا ئوتتۇز ئىككى»[②] قاتارلىق ئەپسانە، رىۋايەتلەردىن ئەپسانىۋى شەخس، قەھرىمانلارنىڭ رېئاللىقتىن ھالقىغان چەكسىز كۈچىگە ئىشىنىدىغان، چوقۇنىدىغان، ئىنسان بىلەن تەبىئەتنىڭ ئورگانىك بىر گەۋدىلەشتۈرۈلگەن، تەبىئەتلەشكەن ئەپسانىۋى ئاڭنىڭ چوڭقۇر ئىزناسىنى كۆرۈپ يېتەلەيمىز.

شاقۇرلۇقلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئاشۇ بەگقۇلىبەگ، كۆركىلەئىنەنىڭ ئەۋلاد - بوغۇنلىرى ئىكەنلىكىگە، تومۇرىدا ئېقىۋاتقىنىنىڭ بەگقۇلىبەگنىڭ قېنى، دەسسەپ تۇرۇۋاتقىنىنىڭ كۆركىلەئىنەنىڭ ئىسسىق يۈرىكىدىن ئاپىرىدە بولغان زېمىن ئىكەنلىكىگە ئىشىنىپ ياشايدۇ. شاقۇرلۇقلارغا ئوخشاشلا ئېلدوس، مىراۋۇش، تۇرەك پىتتىن ئىبارەت ئۈچ بالىمۇ «يۇرەكتاغ» ئەپسانىسىگە سىرلىق رەۋىشتە باغلىنىپ قالىدۇ ھەمدە توساتتىنلا ئاشۇ سىرلىق، مۇقەددەس مەنىۋى زېمىننى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ كەلمەكچى بولۇپ تەۋەككۈل قىلىپ چۆلگە يول ئالىدۇ. پايانسىز چۆل ئۇلارنىڭ بالىلارغا خاس ساددا، غۇبارسىز ئوي - خىيالىنى يەپ كېتىدۇ، ئۈچ بالا دەھشەتلىك قارا بوراندا، قۇم - تۇپراق بالاسىدا ئېچىنىشلىق ھالدا ئۆلۈپ كېتىدۇ.

بالىلارنىڭ ئۆلۈمىنىڭ سەۋەبى نەدە؟

«يۇرەكتاغ» پوۋېستىنى ئوقۇپ تاماملىغاندا ئەنە شۇنداق بىر سوئال كىشىنىڭ قەلبىنى ئارامسىزلاندۇرىدۇ. راست، ئۇلارنىڭ ئۆلۈمىنىڭ سەۋەبىنى زادى نەدىن ئىزدەيمىز؟ گۇناھ بالىلاردىمۇ؟ ئۇلارنىڭ ئاتا - ئانىسىدىمۇ؟ «يۇرەكتاغ» ئەپسانىسىدىمۇ ياكى

---

① «ئالىم ۋە ئەدىبلىرىمىز ھەققىدە ھېكايىلەر»، ھاجى ئەخمەت كۆلتېگىن تۈزگەن، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1999 - يىل نەشرى. 23 - بەت.

② بۇ رىۋايەتنىڭ «قاراقاشلىقلارنىڭ رىزقى نېمىشقا كەڭرى» دەيدىغان ۋارىيانتىمۇ بار. «قاراقاش خەلق چۆچەكلىرى»، قاراقاش ناھىيىلىك خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى توپلاملىرىنى تۈزۈش ھەيئىتى، 1992 - يىل نەشرى.

«يۈرەكتاغ» ئەپسانىسىنى ئۇلتۇرسا ـ قوپسا ئېغىزىدىن چۈشۈرمەي يۈرىدىغان، شۇنىڭغا ئىشىنىپ ئەپسانە بىلەن مەنىۋى ئاچارچىلىقنى تويۇندۇرۇپ يۈرگۈچى كىشىلەردىمۇ؟

ئۈچ بالىنىڭ ھالاكىتى ماھىيەتتە «يۈرەكتاغ» پوۋېستىنى ھەقىقىي ئېستېتىك قىممەتكە ئىگە قىلغۇچى تراگېدىلىك قىسمەتتۇر. مانا شۇ تراگېدىلىك قىسمەتنىڭ ئىچكى تىندۇرمىسىدىن باغراشنىڭ ئېستېتىك غايىسىنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىن.

باغراش «يۈرەكتاغ» پوۋېستى ئارقىلىق بىزگە ئەجدادلارنى، تارىخنى ئۇنتۇشنىڭ ئىنسانلارغا ئېغىر پاجىئە ـ قىسمەتلەرنى ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى، بىزدە جەزمەن ئۆتمۈش ئەنئەنىسى ئارقىلىق ئۆزىمىزنى غۇرۇرلاندۇرۇپ ۋە شۇنداقلا ئۆزىمىزنى كونترول قىلىپ ھەربىر كىتىمىزنى مۇۋاپىق رەۋىشتە چەكلەپ تۇرىدىغان قاتتىق ئەخلاقىي پرىنسىپ، ۋىجدانىي مىزان بولۇشى كېرەكلىكىنى ئەسكەرتىدۇ ۋە شاقۇرلۇقلارنىڭ مەنىۋى ھالىتى ئارقىلىق بۇ نۇقتىنى روشەن ئېچىپ بېرىدۇ.

شاقۇرلۇقلار قويۇق ئەپسانىۋى مۇھىت ئىچىدە ياشايدۇ. ئۇلارچە تاغنىڭمۇ، باغنىڭمۇ، جىگدىنىڭمۇ، ئۇجمىنىڭمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق رىۋايەت ـ ئەپسانىسى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە تەبىئەتتىكى ھەربىر مەۋجۇدات مۇئەييەن سىرلىق كۈچنىڭ ھىمايىسىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ ھەمدە يەنە شۇنداق مۆجىزىۋى تۈستە ئىنسان ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ، ئىنساننىڭ ياخشىلىقى تۈپەيلى زېمىنغا شاپائەت، مېھرىبانلىق ياغىدۇ، ئىنساننىڭ گۇناھى، جىنايەت، سەۋەنلىكلىرى تۈپەيلى زېمىنغا بالايىئاپەت، قازايىقەدەر كېلىدۇ. بۇ روشەن ھالدا ئالتاي تىللىق خەلقلەرنىڭ تەبىئەت ئىلاھچىلىق قارىشىنى دەلىللەپ بېرىدىغان ئىرىم ـ ئادەتلەر بولۇپ، چوڭقۇر دەرىجىدە تەبىئەتلەشكەن بۇ خىل مىللىي روھ ھەردائىم تەبىئەتتىن كۈچ ئالىدۇ ۋە يەنە مۇۋاپىق رەۋىشتە تەبىئەتكە تەسىر كۆرسىتىپ تۇرىدۇ.

شاقۇرلۇقلار بۇ زېمىنىنىڭ يۈرەكتىن بىنا بولغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. ھەمدە مۇشۇ يۈرتنىڭ ئاۋاتلىقىدىن تارتىپ خارابىلىشىشىغىچە بولغان پۈتكۈل جەرياندا، ھەتتا ھەربىر جاندارنىڭ مىدىرلىشىنىمۇ يۈرەكتاغقا باغلاپ تۇرۇپ چۈشىنىدۇ. يامغۇر ياغسا، بوران چىقسا، چاقماق چېقىپ، يەر تەۋرىسە بۇنى تەبىئەت ھادىسىسى ئەمەس، قانداقتۇر بالا ـ قازانىڭ ۋەھىمىسى، يەنە كېلىپ ئۆزلىرىنىڭ گۇناھى، پاسىقلىقى ئۈچۈن كەلگەن جازا دەپ تونۇيدۇ، قورقۇپ تۇرار، قويار يېرىنى بىلەلمەيلا قالىدۇ. بۇ ئەڭ ئىپتىدائىي تەبىئەت ئىلاھچىلىق قارىشىدىن قالغان ئالى بولۇپ، ئۇلارنىڭ قارىشىچە يامغۇر، چاقماق، بوراننىڭ باستۇرۇپ كېلىشىدەك چوڭ تەبىئەت ھادىسىلىرى تۇگۇل، ھەتتا: «سەن مۇشكۇلچىلىككە يولۇقساڭ، ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىساڭ، كېسەل بولۇپ قالساڭ ياكى ئۆلۈپ كەتسەڭمۇ، بۇ چوقۇمكى، سېنىڭ گۇناھىڭ سەۋەبلىك بولىدىغان ئىش ئىدى»[1]. بولۇپمۇ تەبىئەت ئىلاھچىلىق ئېڭى ھېلىھەم خېلى كۈچلۈك دەرىجىدە مەۋجۇت خەلقلەرنىڭ ئېڭى بويىچە بولغاندا، ھەرقانداق بىر تەبىئىي ئاپەت ياكى ھادىسە، تەبىئەتنىڭ ئۆز ئىچكى قانۇنىيىتى بويىچە ئەمەس، دەل ئىنساننىڭ گۇناھى تۈپەيلى يۈز بېرەتتى. «ئۇيغۇر، قازاق قاتارلىق خەلقلەر ئاسماندىن بىر يۇلتۇز ئېقىپ چۈشسە بىر ئادەم ئۆلۈپ كېتىدۇ، دەپ قارايدۇ. ھەتتا بوۋاي، مومايلار بۇنىڭدىن قورقۇپ ساراسىمىگە چۈشىدۇ، كۆز يېشى قىلىدۇ»، «مۆلدۈر ـ چاقماقنى ئىلاھنىڭ رەزىللىككە يۈرگۈزگەن جازاسى دەپ قارايدۇ»[2].

شاقۇرلۇقلاردا بۇ خىل ۋەھىمە، قورقۇش ئېڭى، بولۇپمۇ «يۈرەكتاغ»دىن ئەيمىنىش ئېڭى تولىمۇ كۈچلۈك. چەكسىز

① P . رىكوئېر: «يامانلىقنىڭ سىمۋولى»، شاڭخەي ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەشرىياتى، 2005 ـ يىل نەشرى، 29 ـ بەت.

② دىلمۇرات ئۆمەر: «ئالتاي تىللىق خەلقلەردە شامانىزم»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، خەنزۇچە، 1996 ـ يىل نەشرى، 58 ـ ، 59 ـ بەتلەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھۆرمەت، ئېتىقاد ئاساسىغا قۇرۇلغان كۆرۈنمەس گۇناھ ئېكى ئۇلارنى تىزگىنلەپ، چەكلەپ تۇرىدۇ. شۇڭىمۇ ئۇلار تەبىئەتنىڭ قەھرى ئالدىدا، «توۋا، توۋا قىلدىم خۇدايىم، بىزنى بالا - قازادىن ساقلىغىن، قارا بوراندىن، قۇم - تۇپراقنىڭ بالاسىدىن، توپا قازاسىدىن ساقلىغىن، ئادەملەرنىڭ گۇناھىدىن كەچكىن، ئادەملەرنىڭ ۋاپاسىزلىقىنى كەچۈرگىن، ئاتا - بوۋىمىز ئالدىدىكى گۇمراھلىقتىن كەچۈرگىن، شاقۇرلۇقلارنىڭ گۇناھىنى مەغپىرەت قىلغىن، ئۇششاق نارەسىدىلەرنىڭ بېشىنى ئامان قىلغىن»[1] دەپ قورقۇپ، تىترەپ تۇرۇپ تىلەك تىلەيدۇ. بەگقۇلىبەگ ئەپسانىسىدىن قېپقالغان ھالاكەت، ئۆلۈم، بالا - قازا، بولۇپمۇ قارا بوران، قۇم - تۇپراق بالاسىنىڭ ئېپتىدائىي قارا سايىسى ھامان ئۇلارنىڭ ئېڭىدا كېزىپ تۇرىدۇ. ئۇلارنى يامان ئىش، ۋاپاسىزلىق، يۈزسىزلىك، جەددى - جەمەتىدىن يۈز ئۆرۈشتەك گۇمراھلىقلاردىن توسۇپ تۇرىدۇ...

باغراش ئۆزى ئېيتقاندى: «يۈرەكتاغ بىر ماددىي زېمىنلا ئەمەس، بەلكى بىر روھىي زېمىندۇر»[2]. ھەقىقەتەنمۇ شاقۇرلۇقلار شاقۇردا ياشاۋاتسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئاڭ - روھى ھامان يۈرەكتاغ ئەپسانىسى ئىچىدە كېزىپ يۈرىدۇ، يۈرەكتاغ روھىمۇ شاقۇرلۇقلارنىڭ بارلىق ئىش - ھەرىكىتىگە يېتەكچىلىك قىلىپ تۇرىدۇ. يۈرەكتاغ بەجايىكى شاقۇرلۇقلارنىڭ ھايۋانىي نەپسى، جىنايى تۇيغۇلىرىنى چەكلەپ تۇرغۇچى ئەخلاقىي مىزان، ئىجتىمائىي نوپۇز، كۈچ، ئۇلارنىڭ ھەربىر ھەرىكىتىنى كۆرۈپ، بىلىپ، مۇۋاپىق ئىنكاس قايتۇرۇپ تۇرغۇچى «ئۇچىنچى كۆز»، يېتەكچى ھاياتلىق ئەندىزىسى سۈپىتىدە شاقۇرلۇقلارنىڭ پسىخىك ئېڭىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا كۆمۈلۈپ تۇرىدۇ ھەمدە ئۇلارنى تىنماستىن

---

① «يۈرەكتاغ» 32 - بەت.

② ئەنۋەر ئابدۇرېھىم: «يازغۇچىلار بىلەن سۆھبەت»، 225 - بەت.

ئۆتمۈشىنى، ئاتىلارنى، ئەجدادلارنى، تارىخىنى ئۇنتۇماي، پەرزەنتلەرنى يۈكسەك بىر مۇستەھكەم ئېتىقاد ئىچىدە يارامىلىق تەربىيىلەش — «ساقلاپ قېلىش»قا دەۋەت قىلىپ تۇرىدۇ.

باغراش «يۇرەكتاغ» ئارقىلىق بىزگە ئىنساندا، ھەرقانداق بىر قوۋم، مىللەتتە مانا مۇشۇنداق بىر يېتەكچى ئېتىقاد، ئەخلاقىي مىزان، ئىجتىمائىي نوپۇز بولمايدىكەن، مۇنداق جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي ئېكولوگىيىسىنىڭ ئىنتايىن تېز ۋەيران بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى. ئەمەلىيەتتىمۇ، «مۇھەببەت ياكى سۆيۈنۈش سەۋەبىدىن ئەمەس، بەلكى قورقۇش، ئەيمىنىش سەۋەبىدىن ئىنسانلار ئېتىكا ـ ئەخلاق دۇنياسىغا كىرىپ كەلگەن»[①]. ھەقىقەتەنمۇ، ئەيمىنىشنىمۇ، غەيرىتىنىمۇ قورقمايدىغان، ھېچقانداق كۈچ، نوپۇزدىن ئەيمەنمەيدىغان ئىنسان ۋە ئىنسانلار توپى ئەڭ قورقۇنچلۇقتۇر.

باغراش «يۇرەكتاغ»دا ئاتا ـ ئانىغا، ئەجدادقا، تارىخقا بولغان ساداقەت، مۇھەببەت، مەسئۇلىيەتنى بىر خىل ئالىيجاناب ئەخلاقنىڭ تۈپ نېگىزى سۈپىتىدە تەسۋىرلەيدۇ ھەمدە «بوۋايلار تارىخنى بىزگە ئۇلاپ بەرگۈچىلەردۇر، تارىخ بىلەن بۈگۈننى، ئەجداد بىلەن ئەۋلادنى تۇتاشتۇرغۇچىلاردۇر. تارىخنى ئۇنتۇغان، تارىخنى يوقاتقان، تارىخى ئۈزۈلۈپ قالغان مىللەت پەقەت ئادەملەر توپىلا بولالايدۇكى، ھەرگىزمۇ مىللەت بولالمايدۇ ياكى ھالاك بولىدۇ»[②] دەپ ئەجداد، تارىخ، مىللەت، ئەۋلاد، مەۋجۇتلۇق مەسىلىلىرىنى بىر ـ بىرىدىن ئاجرالماس ھالدىكى ئورگانىك بىرلىك دەپ تونۇيدۇ. شۇنداقلا باللارغا، پەرزەنتلەرگە بولغان تەربىيە، بولۇپمۇ ئەجداد، تارىخ روھى بىلەن سۇغىرىلغان ئېتىقاد تەربىيىسىنى ھەممىدىن مۇھىم ئورۇنغا قويىدۇ. بىر ئۇرۇقنىڭ، بىر جەمەت ـ مىللەتنىڭ «ساق قېلىش»، «ساقلىنىش»ىنى

① رىكوئېر: «يامانلىقنىڭ سىمۋولى»، 27 ـ بەت.
② ئەنۋەر ئابدۇرېھىم: «يازغۇچىلار بىلەن سۆھبەت» 223 ـ بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىۋاسىتە ھالدا بالىلارغا باغلايدۇ. بىز مۇشۇ نۇقتىدىن، يۇرەكتاغنىڭ ئۇنتۇلۇشى تۇپەيلى كېلىپ چىققان روھىي چىچىلاڭغۇلۇق ۋە ئەڭ ئاخىرىدىكى ئۇچ نارەسىدە بالىنىڭ ھالاكىتىنى بىر ـ بىرىگە باغلىنىشلىق پاجىئە ـ تراگېدىيىلەر سىستېمىسى دەپ قارىيالايمىز.

ئۇستازىمىز ئەسەد سۇلايمان ئۆزىنىڭ «20 ـ ئەسىر روھى ۋە تارىمدىكى غېرىبلىق» ناملىق ماقالىسىدە: «مەلۇم بىر مەدەنىيەت سىستېمىسىدا ئورتاق روھىي بىرلىكنى تۇتۇپ تۇرغۇچى چوڭ كىلىمات ئۆز تەڭپۇڭلۇقىنى يوقاتقان ھامان، ئۇنى تەشكىل قىلىپ تۇرغۇچى ئۇششاق كىلىماتلارغا مەنىۋى يوقىتىش ئېلىپ كېلىدۇ، بۇنىڭ نەتىجىسىدە مىللەتنىڭ گېنىنى ساقلاپ تۇرغۇچى ئىچكى پسىخىك تىندۇرمىدا بوشلۇق شەكىللىنىدۇ»[①] دەپ يازىدۇ. پوۋېستتىن شۇنى كۆرۈپ يېتەلەيمىزكى، «يۇرەكتاغ» شاقۇردىن ئىبارەت بۇ كىچىككىنە بىر توپنىڭ روھىي بىرلىكنى تۇتۇپ تۇرغۇچى، شۇنداقلا مەدەنىيەت چەمبىرىكىنى پىرقىرىتىپ، ھەرىكەتلەندۇرۇپ تۇرغۇچى چوڭ كىلىمات، مەركىزىي ئوقتۇر. پوۋېستنىڭ ئاخىرقى بۆلىكىدە نارىش بوۋاي باشچىلىقىدا ئۇچ بالىنىڭ جەسىتىنى قايتۇرۇپ كېلىۋاتقانلارنىڭ ئېغىزىدىن بېرىلگەن مۇنۇ بايانلار ئارقىلىق بىز يۇرەكتاغدىن ئىبارەت بۇ ھۆكۈمران ئالىڭ، يېتەكچى كۈچنىڭ شاقۇرلۇقلارنىڭ مەنىۋى ئالىمىدىكى نوپۇزىنىڭ يىمىرىلىشكە باشلىغىنىنى ھېس قىلىپ يېتەلەيمىز:

*مۇشۇ بالىلارغا نەدىكى يۇرەكتاغنىڭ گېپىنى ئۆزىمىز قىلىپ بېرىپ يامان ئۆگىتىپ قويغانىمىز. شۇ قۇرۇق گەپلەرنى، ئەپقاچتى گەپلەرنى شۇلارنىڭ ئالدىدا قىلىپ يۈرمىگەن بولساق،*

---

① ئەسەد سۇلايمان: «تەكلىماكانغا دۇملەنگەن روھ»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىل نەشرى، 56 ـ بەت.

*بۇ بالىلارمۇ بۈگۈنكىدەك....*

*شۇ ئەمەسمۇ؟ كونىلاردىن قاپتىكەن شۇ گەپلەر. بولمىسا بەگقۇلىبەگ، كۆركىلەئىنە دېگەنلەر ئۇيغۇر بولغىنى بىلەن مۇسۇلمان ئەمەسمىش. نامازمۇ ئوقۇمايدىكەنتۇق.*

دېمەككى، شاقۇرلۇقلارنىڭ ئىدىيىۋى سىستېمىسىدا ئاللىقاچان ئۆزلىرىنىڭ روھىي بىرلىكىنى بىر - بىرىگە باغلاپ تۇرغۇچى مەنىۋى زەنجىر ئۈزۈلگەن، ئۇلارنىڭ قەلب ئالىمىگە چوڭقۇر يىلتىز تارتقان ئورتاق ئېتىقاد لىڭشىپ قالغان، ئۈچ ئەۋلاد ئارىسىدا بەلگىلىك ئەۋلاد بوشلۇقى ئاللىقاچان شەكىللەنگەن ۋە تۇرمۇشقا بولغان پوزىتسىيىدە ئۆز ئىپادىسىنى كۆرسىتىشكە باشلىغانىدى. ئورتاق روھىي بىرلىك ئۇنتۇلغان، ھەتتا ئۇ گۇمانلىق، شۈبھىلىك، تايىنىسىز ئەپقاچتى گەپلەر دۆۋىسىگە ئايلىنىپ قالغانىدى. دەل مۇشۇ خىل ئىچكى، روھىي بۆلۈنۈش بۇ كىچىك مەدەنىيەت توپىنى تەشكىل قىلىپ تۇرغۇچى ئۇششاق كىلىماتلارنى ئېغىر دەرىجىدە زەربىگە ئۇچرىتاتتى. بىز بۇ بۆلۈنۈشنىڭ ئەڭ ئېغىر زەربىسىنى ئۈچ بالىنىڭ ھالاكىتىدىن ئېنىق كۆرۈۋالالايمىز. ئەمەلىيەتتە ئۆلگىنى يالغۇز ئۈچ بالىلا ئەمەس، بەگقۇلىبەگنىڭ يۈكسەك ئۈمىد - ئارزۇسى، كۆركىلەئىنەنىڭ ئىسسىق نەپسى — يۈرىكىگە سىڭىپ كەتكەن ئىشەنچ، شۇنداقلا شاقۇرلۇقلارنىڭ كېلەچىكىنىڭ ئىگىسى، نەسىل - نىزامىنىڭ ۋارىسلىرى ئىدى. ئۈچ بالىنىڭ ۋۇجۇدىدا ئەكس ئېتىپ تۇرغان تولىمۇ چوڭ بوشلۇقتىن بىز شاقۇردىكى ئىجتىمائىي قاباھەتنى تېخىمۇ ئېنىق ھېس قىلالايمىز.

ئېلدوس ئەقىللىق، چېچەن بالا. ئەمما، ئۇ ئاتا - ئانىسىنىڭ قېشىدا ئەمەس، بەلكى مومىسىنىڭ قېشىدا ھەقىقىي مەنىدىكى خۇشلۇق تاپىدۇ؛ شەھەردە ئەمەس، ئەپسانە ۋە ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت مۇھىتى خېلىلا ساپ ھالەتتە ساقلىنىپ قالغان يېزا مۇھىتىدا ئاندىن ھەقىقىي ئادىمىيلىك تۇيغۇلىرىغا ئېرىشىدۇ. «ھاۋاسى،

ئادەملىرىنىڭ چىرايى، گەپ - سۆزلىرى مۇزدەك ئاشۇ شەھەر؛ تويماس، ئاچ كۆز، ئۆزىدىن باشقىنى ئويلاپ قويمايدىغان، بەگقۇلىبەگ، كۆركىلەئىنەنى ئاللىقاچان يادىلىرىدىن چىقىرىشقان، ھەتتا ئۇلار توغرىسىدىكى ئاشۇ گۈزەل رىۋايەتنىمۇ بىلمەيدىغان شەھەرلىكلەر ئۇنىڭغا نىمىشقىدۇر «نەپرەتلىك» تۇيۇلىدۇ. شاقۇردىكى تولىمۇ تەبىئىي، مېھرىلىك ئادىمىي مۇھىت ھەمدە گۈزەل، تەسىرلىك، ئۇنتۇلغۇسىز يۇرەكتاغ ئەپسانىسىنىڭ چەكسىز سېھرىي كۈچى ئۇنى سىرلىق رەۋىشتە ئۆزىگە باغلىۋالىدۇ. بىز ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئىنتايىن ئېغىر دەرىجىدىكى روھىي بوشلۇق، قۇرغاقچىلىقنى ھېس قىلىپ يېتەلەيمىز ۋە يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئاتا - ئانىسىنىڭ گۈزەل ئەنئەنە - ئېتىقادىتىن، تارىختىن، ئەجدادلار روھىدىن ئالللىقاچان ياتلاشقان قۇرغاق تەبىئىتىنى كۆرۈپ يېتەلەيمىز.

مىراۋۇش زېرەك، بارلىق گەپ - سۆز، ئىش - ھەرىكىتى چوڭلارنىڭكىدەك قاتقان جىگەرلىك بالا. ئەمما، ئۇمۇ ئاتا - ئانىسىنىڭ قېشىدا ئەمەس، بەلكى بوۋىسىنىڭ — مەھەللىدىكى ھەممىلا ئادەم ھېيىقىدىغان، ئېغىزىغا قارايدىغان دانىش سۇپەت ئاقساقال نارىش بوۋاينىڭ يېنىدىلا چەكسىز غۇرۇر، ئىپتىخار، خۇشلۇق تاپىدۇ. «نېمىدىنىدۇر بىر نەرسىدىن قورقۇپ كەتكەندەك چۆچۈپلا تۇرىدىغان دادىسىغا بولسا ئاغرىق قويغا ئىچى ئاغرىغاندەك ئىچى ئاغرىيدۇ»، سىرتتىن كەلگەنلەر تەرىپىدىن تاياق يەپ مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قالغان دادىسى ئۇنىڭ قەلبىگە ئاتىلىق پەخىر - ئىپتىخار تۇيغۇسى سالالمايدۇ. بىز مىراۋۇشنىڭ سىرتتىن كەلگەنلەر تەرىپىدىن تاياق يەپ ياۋاشلىشىپ، گالۋاڭلىشىپ كەتكەن دادىسىنىڭ ئوبرازىدىن پۈتكۈل شاقۇرلۇقلاردىكى روھىي، مەنىۋى چۈشكۈنلىشىش، بوشىشىنىڭ ئەكسىنى كۆرەلەيمىز.

تۇرەك پىت بولسا جاھاندىكى جىمى ئەسكى ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى قىلىدىغان هارامتاماق بالا. ئۇنىڭ ئانىسى بىلەن

دادىسى بىر ئۆيدە ئەمەس، ئاجرىشىپ كەتكەن. شۇڭا، ئۇنىڭ بويۇن - گەدىنىدە پىت ئۆمىلەپلا يۈرىدۇ، كىچىك بولسىمۇ، تاماكا چېكىدۇ، ئوغرىلىق قىلىدۇ. بىز تۇرەك پىت ئوبرازىدىن شاقۇرنىڭ ئائىلە، نىكاھ، ئىجتىمائىي ئەخلاق سىستېمىلىرىغا قارىتا بىلىش، تونۇشقا ئېرىشەلەيمىز.

ئۈچ بالىنىڭ ۋۇجۇدىدا بۇ مەدەنىيەت تۇپىنىڭ تېز سىزمىسى مەۋجۇت. ئورتاق روھىي بىرلىكنى تۇتۇپ تۇرغۇچى چوڭ كىلىماتنىڭ ئۇنتۇلۇشى كېيىنكى بارلىق پاجىئەلەرنى سۆرەپ قوپقاندى. بەگقۇلىبەگ بارلىق ئۇمىدىنى بالىلارغا باغلىغانىدى، ۋەھالەنكى، بالىلار ئېغىر روھىي قاغجىراش ئاسارىتىدە قالدى. ئۇلار شاقۇر ئىچىدىن ئەمەس، پايانسىز دەشت - چۆلدە قېپقالغان، يەنى يۈرەكتىن پۈتۈپ يۈرەككىلەردىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىۋاتقان يۈرەكتاغ ئەپسانىسى بىلەن قەلبىنىڭ چوڭقۇر قېتىدا سوزۇلۇپ ياتقان روھىي تەشنالىقنى قاندۇرماق بولدى. ئۇلار ئاشۇ ئەپسانىگە، گۈزەل روھىي بۈيۈكلۈككە ئۇمتۇلگەن ھالدا جان بەردى. ئۈچ بالىنىڭ ئۆلۈم پاجىئەسى بىزنى تارىخ، ئەجداد، ئەپسانىۋى ئاتنىڭ زامانىۋى مەنىسى ھەققىدە قايتا ئويلىنىشقا ئۈندەيدۇ. «ئۆزىنىڭ كىمنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىنى بىلگەن ئەۋلادلا ھەقىقىي ۋە سەمەرىي ئىنسان سۈپىتىدە ياشاشنى بىلىدۇ، بۇنداق ئەۋلادتىن ئايرىلغان مىللەت بىچارە مىللەتتۇر»[1].

شاقۇرلۇقلار بىچارىمۇ؟

نارىش بوۋاي تۇيۇقسىزلا قەلبىدە باش كۆتۈرگەن ھەيران قالارلىق قەتئىي قارار بىلەن بالىلارنىڭ جەسىتىنى يۈرەكتاغقا ئېلىپ ماڭدى. يۈرەكتاغ شاقۇرنىڭ، مۇشۇ زېمىنىنىڭ روھىي تۈۋرۈكى، يارلىقى ۋە ھەقىقىي مەنىدىكى مەۋجۇتلۇقىنى مەنىگە ئىگە قىلغۇچى بەلگە ئىدى. ۋەھالەنكى، ئارخېئولوگلارنىڭ

① ئەنۋەر ئابدۇرېھىم: «يازغۇچىلار بىلەن سۆھبەت»، 223 - ، 224 - بەتلەر.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

كۆركىلەئىنەنىڭ جەسىتىنى ئېلىپ كېتىشى شاقۇرنىڭ يۈرىكىنى سۇغۇرۇۋېتكەندەك نارىش بوۋاينىڭ نەپسى - تىنىقىنى سىقىپ دەرمانسىزلاندۇردى. ئارخېئولوگلارنىڭ نەزىرىدە ئۇ مەلۇم بىر تارىخ ياكى مەدەنىيەتتىن ئۇچۇر بېرىدىغان تېپىلما، جەسەت، بۇيۇم بولغان بىلەن، شاقۇرلۇقلار ئۈچۈن ئۇ تامامى بارلىقىنىڭ تىمسالى، مۇشۇ يۇرتنىڭ روھى، جېنى ئىدى. بۇ ئەلنى ۋە بۇ خەلقنى يۆلەپ، روھىي كۈچ، مەدەت بېرىپ، ئۇلارنى ھەرقاچان تەلپۈندۈرۈپ تۇرغۇچى يادىتاشىسىمان بۇ بىرلىكنىڭ يوقىلىشى بەجايىكى، شاقۇر روھىنىڭ كۆمۈپەيكۆم بولۇشىغا باراۋەر ئىدى.

مەشھۇر تاتار ئالىمى مۇھەممەد سېلىم مىرزا ئۇمىدبەگ ئوغلى «يادىكار» ناملىق ئەسىرىدە، «باشقىرتلار بىلەن رۇسلار ئوتتۇرىسىدىكى يەر - زېمىن ۋە ئورماننى تالىشىش ۋەقەسىنى تەسۋىرلەپ مۇنداق يازىدۇ: «باشقىرتلار بىر توپ دەرەخ ئاستىغا توپلىشىپ خورسىنغان ھالدا مۇنداق دېيىشتى: «كۆپ يىللاردىن بۇيان، بىز بۇ بىر پارچە ئورمان ئۈچۈن كۈرەش قىلدۇق. بۆركۈتنىڭ يەرگە چۈشۈشى بىزنىڭ بۇ ئورمانلىقتىن مەھرۇم بولۇشىمىزدىكى بەلگە ئىدى. چۈنكى، بۆركۈت بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز سۈپىتىدە مۇشۇ ئورمانلىقنىڭ بەلگىسى ئىدى. بۈگۈنكى كۈندە بۆركۈتنىڭ ئۆلۈشى بىزنىڭ ئورمانلىرىمىزدىن ئايرىلغانلىقىمىزدىن دېرەك بەردى»». ئابدۇلقادىر ئىنان يۇقىرىقى جۈملىلەرنى نەقىل كەلتۈرۈپ: «بۇ ھېكايىدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بۆركۈت بىر بەلگە بولۇپلا قالماستىن، يەنە مۇشۇ ئورمانلىقنىڭ روھىغا (خوجايىنىغا، ئىزىغا) ۋەكىللىك قىلىدىغان tz ياكى Ongon ئىدى»[1] دەيدۇ. يۇرەكتاغ شاقۇرلۇقلارنىڭ ئەجدادلىرى سۈپىتىدە مۇشۇ روھىي زېمىننىڭ

---

[1] ئەسەد سۇلايمان: «ئۇيغۇر توتېم مەدەنىيىتى»گە كەلتۈرۈلگەن نەقىل، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001 - يىل نەشرى، 256 - بەت.

بەلگىسى، ئۇنگونى ئىدى، يۈرەكتاغدىن، شاقۇرنىڭ ئۇنگونىدىن ياتلىشىش، ئۈنى ئۈنتۈش ئېنىق ھالدا ناھايىتىمۇ زور يوقىتىشقا ئېلىپ باراتتى. كۆركىلەئىنەنىڭ جەستىنىڭ ئېلىپ كېتىلىشى بەجايىكى، شاقۇر روھىنىڭ ۋەيران بولۇشىغا تىمسال ئىدى.

مۇشۇنداق ئېغىر روھىي بەرباتچىلىق تاپ باستۇرۇپ كېلىۋاتقان دەقىقىلەردە نارىش بوۋاي كالىنى چۆھ دېگىنىچە يۈرەكتاغ تامان يول ئالدى، ئۇ باللارنىڭ جەستىنى ئوچۇق، بوش قالغان قەبرىگە قويۇپ يۈرەكتاغنىڭ روھىنى يېڭىلىماقچى، تولۇقلىماقچى بولدى. نارىش بوۋاينىڭ نەزەرىدە ئۈچ بالىنىڭ جەستىنىڭ يۈرەكتاغقا قايتىشى يالغۇز ئۈچ بالىنىڭ ھاياتىنىڭ ئاخىرقى دەقىقىلىرىدىكى ئۈمىد ـ ئارزۇسىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىلا ئەمەس، بەلكى شاقۇرلۇقلارنى بەلگە قىلغان بىر پۈتۈن مەدەنىيەت تۈركۈمىنىڭ روھىي ئەنئەنىسىنىڭ ئەسلىي مەنبەسىگە قايتىشى ۋە بىر مۇقەددەس ئېتىقاد تۇۋرۇكىگە باغلىنىشى ئىدى. شۈبھىسىزكى، بۇ خىل بۇزۇلماس روھىي بىرلىك كىشىلەرنى ئورتاق بىر غايىۋى مەنزىلگە، مەنىۋى زېمىنغا باشلايتتى. باغراشنىڭ سۆزى بويىچە بولغاندا: «ھەممە مىللەتتە مۇشۇنداق بىر مەنىۋى زېمىن بار. بۇنداق بىر مەنىۋى زېمىنى يوق مىللەت بولالمايدۇ، بۇنداق مەنىۋى زېمىنىنى تاشلىۋەتكەن مىللەت ئاخىرى بىر كۈن ھەتتا ناھايىتى تېزلىكتە ھالاك بولىدۇ! ئاۋال تارىخى، ئاندىن مەدەنىيىتى، ئاخىرىدا بولسا شۇ مىللەتنىڭ ئۆزى يوقىلىدۇ.»[1]

باغراش تولىمۇ ئىپتىدائىي بىر ئەپسانىنى قويۇق ئەپسانىۋى مۇھىت ئىچىگە قويۇپ تېرىلدۇردى ھەمدە بۇ ئەپسانىنى ئۇستىلىق بىلەن رېئاللاشتۇرۇپ بۈگۈننىڭ، ھازىرقى زامان

① ئەنۋەر ئابدۇرېھىم: «يازغۇچىلار بىلەن سۆھبەت»، 225 ـ بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كىشىلىرىنىڭ مەنىۋى كىرىزىسىنى، روھىي يوقىتىشىنى چوڭقۇر ئېچىپ بەردى، ئىنسانىنىڭ ئۆتمۈش بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان روھىي ئەنئەنىنى يوقىتىپ قويسا ئەسلا بولمايدىغانلىقىنى، ئەنئەنە بىلەن زامانىۋىلىقنىڭ باغلىنىشى ئارقىلىقلا ھەقىقىي مەنىدىكى «ساقلىنىپ قېلىش»، مەۋجۇت بولۇپ يۈت تېرەپ تۇرۇش، تەرەققىي قىلىش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ بەردى. ئەسەرنىڭ بېشىدىن تارتىپ ئاخىرىغىچە ئۆزۈلمەي داۋاملىشىپ كەلگەن تارىخ، ئەجداد، ئەۋلاد، گۇناھ، ئېتىقاد، مەۋجۇتلۇق ھەققىدىكى ئازابلىق تۇيغۇلار لەرزى بىزنى ئىنسانىيەتنىڭ تەقدىرى ھەققىدە چوڭقۇر ئويغا چۆكۈشكە مەجبۇرلايدۇ.

※ ※ ※

«يۈرەكتاغ»دىكى روھ ئۆچمىدى ۋە بەلكى تېخىمۇ يېڭىلاندى، تىرىلدى ھەمدە شاقۇرلۇقلارنى بۇ مەنىۋى تۇپراقتا تېخىمۇ چىڭ باغلىدى. ئەزەلدىنلا ئەپسانە ئۈستىگە قۇرۇلغان ھەم ھېلىھەم قويۇق ئەپسانىۋى تۇسىنى يوقاتمىغان شاقۇر يەنە بىر يېڭى ئەپسانىدىن سىلكىنىپ ھوشىنى تاپتى.

باغراش «يۈرەكتاغ» يوۋېستى ئارقىلىق بىزگە ئەجدادقا، ئەنئەنىگە، تارىخقا ۋە ئورتاق ئېتىقادىي بىرلىككە مەڭگۈ سادىق بولۇپ ياشاش كېرەكلىكىنى ئەپسانە ۋە ئەپسانىگە بۆلەنگەن يەنە بىر يېڭى ئەپسانە ئارقىلىق دەپ بەردى. بەلكىم بۇنى يەنە باشقا نۇقتىلاردىن تېخىمۇ ياخشى ۋە چوڭقۇرلاپ تەلقىنلەش تامامەن مۇمكىندۇر. يېقىرىنىڭ ئەپسانىۋى قاتلام نۇقتىسىدا تۇرۇپ كۆزىتەلىگەنلىرى مۇشۇنچىلىكلا. ئەپسانە يېشىپ بولغۇسىز ئىچكى مەنىگە ئىگە بولغىنىدەك، ئەپسانىدىن پۈتكەن بۇ يېڭى

زامان ئەپسانىسىمۇ ھەم شۇنداق مول ئىچكى تىندىنسىيىگە ئىگە بولۇشى مۇمكىن. ئىنسان بىر كۈن مەۋجۇت بولىدىكەن، ئۇنىڭ ئەپسانە ئېيىغى توختاۋسىز رەۋىشتە كۆللى كائىناتنى سەير ئېتىپ يۈرىدۇ، ئىنسانىنىڭ ئەپسانە ئېيىغى ئۈزۈلمەيدۇ. پۇرسەت بولسا بىزنىڭ بۇ ھەقتىكى زىكىر ـ تەلقىنلىرىمىزمۇ داۋاملىشىۋېرىدۇ.

2006 ـ يىل دېكابىر، ئۈرۈمچى.

# بۇ، مەنسىز چېچىش ئەمەس

(مەمتىمىن ھوشۇر ھېكايىلىرىدىكى مەنتىقسىزلىق ۋە بىمەنىلىككە چوڭقۇر لاپ)

مەمتىمىن ھوشۇر بۈگۈنكى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئۆزگىچە خاس بەدىئىي ئۇسلۇب بىلەن يېڭىلىق ياراتقان ئۇلگىلىك يازغۇچىلىرىمىزنىڭ بىرى. ئۇ ھازىرغىچە بولغان ئىجادىيىتىدە گەرچە ئەدەبىياتنىڭ ھەممە ژانىرىدا دېگۈدەك ئەسەر يېزىپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئىجادىيىتىدە ھېكايە ھەممىدىن مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. ئۇنىڭ ئۆزگىچە خاس بەدىئىي ئۇسلۇبى تېخىمۇ روشەنرەك ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان، ئوقۇرمەنلەر ئارىسىدا تېخىمۇ بەكرەك تەسىر قوزغىغان ئەسەرلىرىمۇ دەل ئۇنىڭ ھېكايىلىرىدۇر.

بىز مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ ھېكايە ئىجادىيىتىگە قارىساق ئۇنىڭ ھېكايىلىرى تەبىئىي رەۋىشتە ئىككىگە ئايرىلىدۇ. يەنى «ئاخىرقى سىناق»، «بۇ — چۈش ئەمەس»، «ھاراق ھەققىدە ھېكايە» قاتارلىق ئەسەرلىرى بايان، قۇرۇلما، ئىپادىلەش جەھەتلەردە ئەنئەنىۋى ھېكايىچىلىققا تەۋە. بۇ ئەسەرلەردە گەرچە باشقا يازغۇچىلارنىڭكىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ئۆزگىچە پۇراق، ئاھاڭ بولسىمۇ، لېكىن ئىجادىيەت ئۇسۇلى، سۆزلىنى

بىر تەرەپ قىلىش جەھەتلەردە بىرقەدەر ئىزچىل ۋە مۇكەممەل، شۇنىڭدەك باش ـ ئاخىرى سىستېمىلىق، ئېنىق قىلىنغان. بۇ ئەسەرلەردە ئاپتور سۆزۈت قۇرۇلمىسىنى مەركىزىي لىنىيە قىلىپ بايان تەشكىللەشتىن ئىبارەت ئىجادىيەت ئەنئەنىسىنى ئاساس قىلغانىدى. ئەمما، مەمتىمىن ھوشۇر 1980 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ ھېكايە ئىجادىيىتىدە يېڭىچە ئىزدىنىشلەردە بولدى. ئۇ ئىلگىرىكى ئەسەرلىرىدە غىل ـ پال ئىپادىلەپ كەلگەن غەيرىيلىك، ئۆزگىچىلىكنى بىراقلا ئاشكارىلىدى ـ دە، ئىجادىيىتىدە يېپيېڭى بۇرۇلۇش ھاسىل قىلدى. «ئايخان»، «سارالڭ» قاتارلىق ھېكايىلىرىنىڭ ئېلان قىلىنىشى ئۇنىڭ ئىجادىيىتىدىكى ئۆزگىچە بۇرۇلۇشتىن بەلگە بەردى ۋە ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېستېتىك زوقىدا باشقىچە يېقىملىق داۋالغۇش پەيدا قىلدى. ئاپتور شۇنىڭدىن كېيىن داۋاملىق ئىزدىنىپ «بۇرۇت ماجىراسى»، «قىرلىق ئىستاكان»، «ئالتۇن چىشلىق ئىت»، «چار خوراز»، «چوشقىلارغا بايرام»، «ئوت كەتكەن دەريا»، «بۆرە جىلغا»، «ئىت ئېتىش» قاتارلىق بىر ـ بىرىدىن ئېسىل ھېكايىلەرنى ئارقا ـ ئارقىدىن ئېلان قىلىپ ئۆزىنىڭ ئۆزگىچە كۆزىتىش نۇقتىسى، بايان ئۇسلۇبى، بەدىئىي دىتىنى نامايان قىلدى. بىز بۇ ھېكايىلەرنى ئوخشىمىغان نۇقتىلاردىن ئىجادىي ئوقۇپ ئوخشىمىغان ئىزدىنىش سەمەرىلىرىنى بايقىيالىشىمىز مۇمكىن.

تۆۋەندە مەن يازغۇچىمىزنىڭ كېيىنكى يېڭىچە ئىزدىنىشكە تولغان ھېكايىلىرىنىڭ روشەن ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى سانالىدىغان مەنتىقسىزلىق، بىمەنىلىك، چېچىلاڭغۇلۇقتا سىڭگەن مەنتىقە، ئۆزگىچە مەنە ۋە ئۇلارنىڭ ماھىيىتى ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمەن.

مەمتىمىن ھوشۇر ھېكايىلىرىدە كىشىنىڭ ئەقلىگە سىغمايدىغان، رېئال تۇرمۇشتا كۆرۈلۈش مۇمكىنچىلىكى يوق ھېسابتا بولغان ۋەقەلىكلەر سەنئەتنىڭ چەكسىز ئىمكانىيەتلىرى بىلەن يۇغۇرۇلغان ھالدا بەدىئىي مۇمكىنچىلىك دەرىجىسىگە

كۆتۈرۈلگەن. بۇ يازغۇچىنىڭ بەدىئىي ئىستىداتى بىلەن ئەمەلگە ئاشىدىغان، ئەقلىي پرىنسىپلاردىن ھالقىغان ئىستىتىك چىنلىق بولۇپ، يازغۇچى مۇنداق تەكرار مەنتىقىسىز، بىنورمال، پارچە ـ پۇرات، يەككە تۇرغاندا ئەھمىيەتسىز ھەتتا بىمەنە تۇيۇلىدىغان تەپسىلاتلارنى جۇغلاپ ئەكىلىپ ھاياتتىكى ئاجايىپ چوڭقۇر مەنتىقىي، پەلسەپىۋى، ئەقلىي ھېكمەتلەرنى ئىپادىلەپ بەرگەن. «ئۇ مۇرەككەپ ھەم ئۆزگىرىشچان تۇرمۇش رېئاللىقىنى پسىخىك تەسىرات نۇقتىسىدا تۇرۇپ يورۇتۇپ بېرىشكە تىرىشتى»①.

ئۇ ئەنئەنىۋى ھېكايىلەردىكىدەك سۇژىتنى ماكان ـ زاماننىڭ ئۆزگىرىپ بېرىش تەرتىپى بويىچە تەشكىللىمەستىن، ئۆزى ئىپادىلىمەكچى بولغان ئاساسىي مەزمۇننى پسىخىك ھەرىكەت ئېقىمىنىڭ مەركىزىي يۆزلىنىش نۇقتىسى قىلىپ، مونولوگ، خىيال، تەسەۋۋۇر، ئۇلانما تەسەۋۋۇر، سىمۋول، خىيال، سەزگۈ، چۈش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، تېز رىتىم، كۆپ قاتلاملىق يۆزلىنىش شەكلى بويىچە قۇرۇلما تەشكىللىدى. نەتىجىدە، ئەسەرنىڭ مەزمۇن، قاراتمىلىق جەھەتتىكى ئىچكى سىغىمچانلىقى زور دەرىجىدە ئېشىپ كەتتى. كېتىپ بېرىپ پوسۇققىدە ئېيتىپ قويۇلغان، بايان بىلەن ئىزچىل باغلىنىشلىق شەكىللەندۇرمەيدىغان بىر ـ ئىككى جۈملە گەپنىڭمۇ گاھىدا ئاجايىپ زور تەنە ـ كىنايە، ھاياتلىقتىكى مەنتىقىي يەكۈننى شەرەتلەيدىغان بېشارەتلىك يەكۈن سۈپىتىدە قالدۇرۇپ قويۇلغانلىقىنى ھېس قىلالايمىز. بۇنداق تاققا ـ تۇقىلىق، مەنتىقىسىزلىق ئىچىدە توختاۋسىز قانداقتۇر بىر مەنىنى شەرەتلەش نەتىجىسىدە ئەسەرنىڭ قۇرۇلمىسى ھەددى ـ ھېسابسىز چوڭ ـ كىچىك قۇرۇلما، سۇژىت، پىكىر تۈپلىرىدىن قۇرۇلغان ھالەت مەيدانغا چىققان ھەمدە ۋەقەنىڭ ئىچىدىن ۋەقە، پىكىرنىڭ ئىچىدىن پىكىر، پېرسوناژنىڭ ئىچىدىن پېرسوناژ،

① باتۇر مەخسۇت: «مەمتىمىن ھوشۇر ئەسەرلىرىنىڭ بەدىئىي شەكلى ھەققىدە»، «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلى 1998 ـ يىل 1 ـ سان، 55 ــ 57 ـ بەتلەر.

بايانىنىڭ ئىچىدە بايان، ھېكايىنىڭ ئىچىدە يەنە سان ـ ساناقسىز ھېكايە، مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ تىلى بويىچە ئېيتقاندا: «چاقماقنىڭ ئىچىدە چاقماق» چىقىدىغان قاپلانما شەكىللىك بايان ئۇسلۇبى شەكىللەنگەن. بىز مەمتىمىن ھوشۇر ھېكايىلىرىدە زادى قايسىسىنىڭ ئاساسىي ۋەقە، ئاساسىي سۇژېت، باش قەھرىمان، تۈپ پىكىر ئىكەنلىكىنى ئايرىمالماي قالىمىز. ئەمما، بۇ خىل چېچىلاڭغۇلۇق چوڭقۇر ئىچكى باغلىنىشقا ئىگىلىكى بىلەن بىزدە غەيرىيلىك سېزىمى ئويغاتمايدۇ، ھەتتا راستتەك بىزنى ھاياجانغا سالىدۇ. بىز بۇ خىل بايان ئۇسلۇبىنى پېرسوناژلارنى قەھرىمانسىزلاشتۇرۇش، ئىش ـ ھەرىكەتنى غەلىتە، سىرلىق، بىمەنىلەشتۈرۈش، سۇژېتنىڭ پۈتۈنلۈكىنى بۇزۇۋېتىش، بايانىنىڭ ئىزچىللىقىنى ئۈزۈش، ئىدىيىنى ئەسەرنىڭ پۈتۈن قۇرۇلمىسىغا چېچىۋېتىش، بايان نۇقتىسىنى ئىزچىل مەركەزلەشتۈرۈش ھالىتىدە ئەمەس، سەكرەتمە، ھالقىما سۈپەتتە تاللىۋېلىش، دېمەكچى بولغان ئەڭ تۈپكى پىكىرنى ئۇدۇل، بىۋاسىتە دېمەستىن، ناھايىتى كۆپ پارچە ـ پۇرات ۋەقەلىكلەرنى چۆرىدەپ ئەكىلىپ غۇۋا تاشلاپ قويۇش، چېچىلاڭغۇ، تەرتىپسىزلىك ئارقىلىق بىر پۈتۈنلۈكنى گەۋدىلەندۈرۈش، چەكسىز دەرىجىدە بىمەنىلەشتۈرۈپ سىمۋوللاشتۇرۇش قاتارلىق خۇسۇسىيەتلەرگە يىغىنچاقلاپ چۈشەندۈرەلىشىمىز مۇمكىن.

نېمىلا بولمىسۇن، رېئاللىقتا بولۇش مۇمكىنچىلىكى يوق ھېسابتىكى مۇنداق مەنتىقسىزلىق، بىنورماللىقنى ئوقۇرمەننى شۈبھىلەندۈرمەي راست دەپ قوبۇل قىلدۇرۇش ۋە ئۇنى ئېستېتىك تۈيغۇ چىنلىقى دەرىجىسىگە كۆتۈرگەن ھالدا چوڭقۇر بەدىئىي ئۇنۇم يارىتىش خالىغان يازغۇچىنىڭ قولىدىن كېلىۋېرىدىغان ئىش ئەمەس. بۇ يۇقىرى دەرىجىدىكى بەدىئىي ماھارەت، شۇنداقلا ئوقۇرمەننىڭ ئېستېتىك ئېھتىياجى، قوبۇل

قىلىش پسىخىكىسىنى چۈشىنىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئوقۇرمەننىڭ ئېستېتىك ئېشتىھاسى نەچچە ئەسىرلىك بەدىئىي ھەزىم جەريانىدا يېتىلىدۇ. بىز ئاغزاكى ئەدەبىيات ئەنئەنىسىدىكى ئىپادىلەش سەنئىتى بىلەن مەمتىمىن ھوشۇر ئەسەرلىرىدىكى بايان سەنئىتى ۋە ماھارەتلىرىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرسەككلا ئوقۇرمەنلەرنىڭ نېمە ئۈچۈن مەمتىمىن ھوشۇر ئەسەرلىرىنى شۇنچە ياقتۇرۇپ ئوقۇيدىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى ئىختىيارسىز چۈشىنىپ قالىمىز. ئاددىي، ئەمما مەنىسى چوڭقۇر بايان تىلى، پارچە - پۇرات تۇرمۇش ۋەقەلىكلىرى ئارقىلىق چوڭقۇر ھاياتلىق ھەقىقەتلىرىنى دارىتمىلاش، پېرسوناژلارنىڭ ئاڭ - تەسەۋۋۇرى، چۈش - خىياللىرىدىن ئەركىن پايدىلىنىپ ئالەمىي - مەۋجۇداتلارنىڭ ھەممىسىگە روھ بەخشەندە قىلىپ تۇرۇپ پىكىر قىلدۇرۇش ۋە ئۇنى ئىنسانىي تۇستە بايانغا قاتناشتۇرۇش، رېئاللىقتىكى مەنىۋى ئىللەتلەر ئۈستىدىن كۈلۈش، ئۇنى مەسخىرە - مازاق قىلىش، سىمۋوللۇق تەرىقىدە مەسىللەشتۇرۇپ دارىتمىلاش، ئاچچىق تەنە - كىنايە سىڭدۈرۈلگەن يۇمۇر، كۈلكە، لەتىپە، چاقچاق ياغدۇرۇش ۋە شۇ ئارقىلىق جېنىدىن ئۆتكۈزۈش، ئۆز - ئۆزىنى يەتكىچە مەسخىرە قىلىش يولى بىلەن ئىبرەتلىك تەسىرات پەيدا قىلىش قاتارلىق نۇرغۇن بەدىئىي ماھارەتلەر بىزنىڭ مىللىي ئەدەبىياتىمىز ۋە مىللىي پسىخىكىمىزغا خاس بولغان ئەنئەنىۋى بايان تەركىبلىرىدىندۇر.

مەمتىمىن ھوشۇر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا ئەنئەنە سۈپىتىدە چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەن ئادەم بىلەن ئادەم، ئادەم بىلەن تەبىئەت، ھايۋاناتلارنى مۇناسىۋەتلەشتۇرۇش سەنئىتىدىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىپ ئۇيغۇر بۈگۈنكى دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ بايان، قۇرۇلما، تەسۋىر، سۇژىت، ۋەقەلىك، خاراكتېر قاتلىمىدا ھالقىش خاراكتېرلىك يېڭىلىق ياراتتى. ئۇ خەلقىمىزدىكى يۇمۇرىستىك خاراكتېر، تىلدىكى چەكسىز مەنە ئىپادىلەش — دارىتمىلاش،

تەمسىللەش ئالاھىدىلىكلىرىنى تۇرمۇشنىڭ ئەڭ ئادەتتىكى قاتلىمىدا ئەركىن پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان پېرسوناژلارنىڭ تىل، ھەرىكىتىگە، جۆيلۈشكە ئوخشاپ كېتىدىغان تاقىقا - تۇققا بايانلىرىغا مەنتىقىسىز، غەيرىي ئەقلىي رەۋىشتە قىستۇرۇپ قويىدۇ - دە، ئەنە شۇ چېچىلاڭغۇ، بىۋاسىتە باغلىنىشسىز، كىشىنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمىگۈدەك مەنتىقىسىزلەشتۈرۈلگەن بەدىئىي رېئاللىقنىڭ كەينىدە بىز راستتىنلا نەپەسلىنىپ كېلىۋاتقان تۇرمۇشنىڭ ئەسلىيىتى بارلىقىنى ئايان قىلىپ بەردى. راست، ئۇ بىر - بىرى بىلەن زىچ ئىزچىللىق شەكىللەنمەيدىغان ۋەقە - ھادىسىلەرنى، پارچە - پۇرات غەيۋەت شەكىلدىكى پاراڭلارنى تىنىماستىن سۆزلەپ يۈرگۈچى ساراڭدەك بىر يۈرۈش ئالىجوقا پېرسوناژلارنى مەيدانغا چىقاردى. ئەمما، بىز ئۇلارنى بىنورمال، بىمەنە، ساراڭ، روھىي كېسەل، ئايىنىغان دېيىشكە پېتىنالمىدۇق. ئاشۇ بىنورمال، بىمەنە پېرسوناژلار بىزنى تېخىمۇ ئېغىر بىمەنە تۇيغۇغا سۆرىدى - دە، ئاپتور، پېرسوناژ، ئوقۇرمەنلىك تەسىراتى قاتمۇقات بىنورمال تۇيغۇلارنىڭ گىرەلەشمىسىدە قالدى. بۇ قاينام ئىچىدىكى مەنە چىنلىقىدا بىز بىنورماللىقنىڭ پېرسوناژدا ياكى ئاپتوردا ۋە ياكى ئۆزىمىزدە ئىكەنلىكىنى بىلەلمەيلا قالدۇق. ئوقۇرمەننىڭ شۈبھى - گۇمانىنى كەسكىن بىتچىت قىلىۋېتىدىغان مۇنداق بايان ماھارىتىگە قايىل بولماي ئامال يوق. ئاشۇ ئالىجوقا گەپلەر جاھان غەلىيانلىرىنى چىرايلىق سۈپەت - تەۋسىپ بېزەكلىرىگە ئوراپ بايان قىلغۇچى دانىش - ئۆلىمالارنىڭ مەدرىسە پەلسەپىسى شەكلىدىكى ۋەز - كالامىنىمۇ خىجىل قىلغۇدەك چىنلىقتا بىزنى ھەيرانۇ ھەس قالدۇردى. ئۇ ھېچقانداق كاتتا شەخسلەرنى، بۈيۈك قەھرىمانلارنى يازمىدىيۇ، ئۇنىڭ «چەكتىن ئېشىپ ئەخمەقلىق دەرىجىسىگە يەتكەن ئاق كۆڭۈل ئادەملەر»[1]ى بىزنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك مۆڭدىشىمىزغا ئايلىنىپ كەتتى. تۇرمۇشتا تولا

---

① مەمتىمىن ھوشۇر: ««زەئىپ روھ ۋە زەئىپ مۇھەببەت»كە قوشۇمچە»، «تارىم» ژۇرنىلى 1994 - يىللىق 3 - سان 126 — 128 - بەتلەر.

www.uyghurkitap.com

ھاللاردا بىرگە كارامەتلىك قەھرىمانلاردىن كۆرە ئارامخۇدا ھال ـ مۇڭغا يارىغۇدەك بۇرادەر كېرەك بوپقالىدۇ. مەمتىمىن ھوشۇر بىرگە شۇقەدەر سەمىمىي، ھاماقەت، ئوچۇق ـ يورۇق، كىبىر ـ كۆرەڭلىكتىن مۇستەسنا، ئۆزىنى ئارتۇقچە پەردازلاپ ئولتۇرمايدىغان، تۇرمۇشنىڭ تەبىئىي ئەسلىيىتىگە بەكرەك زەن قويغۇچى ئاددىي پۇقرالارنىڭ سۆيۈملۈكلۈكىنى شەرەتلەپ بەردى. ئۇنىڭچە، ھاياتنىڭ ئەڭ چىن گۈزەللىكى مانا شۇ قاتلامدا ئىدى. ئىنسانىنىڭ ئەڭ پاكىز تۇيغۇلىرى ئەنە شۇنداق ئاددىي ـ ساددىلىقتا ئىپادىلىنەتتى ۋە شۇ ئارقىلىقلا ھاياتنىڭ چىن گۈزەللىكىدىن كەڭتاشا بەھرىلىنەلەيتتى. بىز مەمتىمىن ھوشۇر ھېكايىلىرىدىن ئوقۇرمەنلىكنىڭ بەختىيارلىقىنى ھېس قىلدۇق. مەمتىمىن ھوشۇردىن ئىبارەت بۇ يەڭگىل بايانچى چاقچاق، يۇمۇر، كۈلكە، مەسخىرە، دارىتما، كىنايە ـ تەئەددى تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان شېرىن سۆخەنلىكى بىلەن بىزنى ئازادە، يېنىك، خۇشال ھېكايە دۇنياسىغا مەستخۇشلارچە باشلاپ كىردىيۇ، ئەمما ئادەمنى تۇيۇقسىز ئەندىكتۇرۇپ، نەپسىنى بوغۇپ قويىدىغان يەنە بىر تەرىپى بىلەن تراگېدىك ئېغىرلىقنى ئايان قىلدى. تراگېكومېدىك ۋەزىن مەمتىمىن ھوشۇر ئەسەرلىرىنىڭ ئوبرازلىق ئىپتىقلىمىسى بولۇشى مۇمكىن. پارچە ـ پۇرات ۋەقەلىك ئارقىلىق بىزنى يەڭگىل خۇشكەيپلىككە باشلاپ قويۇپ شۇقەدەر ئۇشتۇمتۇت جىددىي كەيپىياتقا قايتۇرۇش ھەقىقەتەنمۇ ھەيران قالارلىق بايان سەنئىتىدۇر. كومېدىيىدىن تراگېدىيىگە، كۈلكىدىن كىنايىگە، يۇمۇرىستىك تەبەسسۇمدىن زەھەردەك ئاچچىق مەسخىرىلىك ھىجىيىشقىچە تاققا ـ تۇققا سەكرەپ ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان ھېكايە مۇھىتىنى ئۆرلەپ ـ پەسلەپ، داۋالغۇپ تۇرغان پىسخىك كەيپىيات بىلەن باشتىن كەچۈرۈش ھەم ئېيىتقۇسىز راھەت، ھەم خېلىلا ئازابلىق ئىشتۇر. بۇنداق غەرەزسىز يەڭگىل كۈلكە بىلەن ئاچچىق مەسخىرە گىرەلىشىپ

كەتكەن ھېكايە مۇھىتى ئوقۇرمەنلەردە ئۆزگىچە ئېستېتىك زوق ۋە تراگېدىك ئوي ئويغىتىدۇ. مۇنداق قوش بىسلىق تەسىرات بىزنى ھەم لەرزەتلەندۈرىدۇ، ھەم تولىمۇ ئاچچىق تۇيغۇدىن ھەزەر ئەيلەتكۈزىدۇ. بۇ نۇقتىدا مەمتىمىن ھوشۇر ھېكايىلىرىدىكى مەنتىقسىزلىق، بىمەنىلىك، چېچىلاڭغۇلۇق، ئۆزگىرىش، ئاينىش تىپىغا مەنسۇپ ماھارەتلەر ھەققىدە گەپ قىلىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلىدۇ.

ۋەقەلىك، پېرسوناژ، پېرسوناژلارنىڭ گەپ ـ سۆز، ئوي ـ خىيال، ئىش ـ ھەرىكىتىنى بىنورمال، غەيرىي رەۋىشتە تەرەققىي قىلدۇرۇپ ئەكىلىپ تۇرمۇشنىڭ ئەسلىي مەنتىقلىق قانۇنىيىتىگە قايتۇرۇش مەمتىمىن ھوشۇر ئىجادىيىتىدىكى روشەن ئالاھىدىلىكلەرنىڭ بىرىدۇر. مەمتىمىن ھوشۇر ھېكايىلىرىدە ساراڭ، بىنورمال، روھىي كېسەل، ئىش ـ ھەرىكەت، گەپ ـ سۆزى بىز ئادەتلەنگەن لوگىكىلىق پرىنسىپ، مەنتىقىگە ئانچە توغرا كېلىپ كەتمەيدىغان پېرسوناژ ۋە تەپسىلات ـ دېتالوگلار خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ. «ئايخان»، «بۇرۇت ماجىراسى»، «قىرلىق ئىستاكان»، «چار خوراز»، «چوشقىلارغا بايرام»، «ئوت كەتكەن دەريا»، «قارا قورساق سەركە»، «ئىت ئېتىش» قاتارلىق ھېكايىلىرىدە مەنتىقسىزلىق، بىمەنىلىككە تولغان تەپسىلاتلار ۋە ئۇلارنى مۇمكىنچىلىككە ئېرىشتۇرۇپ تۇرغۇچى نۇرغۇن بىنورمال پېرسوناژ، دېتال ـ ۋەقەلىكلەر تەسۋىرلەنگەن. بۇ، ئەلۋەتتە، ئاپتورنىڭ ئۆزى ئىپادىلىمەكچى بولغان پىكرىنى قانداق قىلىپ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلدا دەۋىلىش ئۇچۇن قوللانغان بەدىئىي ۋاستىسىدۇر. بىز گەپ ـ سۆز، ئىش ـ ھەرىكىتى بىزنىڭ نەزىرىمىزدىكى نورماللىق كاتېگورىيىسىدىن ھالقىپ كەتكەن پېرسوناژ، ۋەقەلەر ئارقىلىق ئاپتورنىڭ زادى نېمە دېمەكچى، قانداق پىكرىنى ئالغا سۈرمەكچى ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ يۇرمەيمىز. سەنئەتنىڭ

ئىمكانىيىتى سەنئەتكارغا چەكسىز بايان ئەركىنلىكى ئاتا قىلغان. ئۇ ئۆزىنىڭ تەسەۋۋۇر ۋە تەپەككۇر تەجرىبىخانىسىدا ئۆزىنىڭ ئەقلى ـ چامىسى يەتكىنىچە ھەرقانداق بىر خۇرۇچ ـ ھادىسىنى بىمالال تەجرىبە قىلىدۇ، يارىتىدۇ. يازغۇچىنىڭ تەپەككۇر ئامبىرى فىزىكىلىق، خىمىيىلىك بوشلۇقتىن ھالقىغان چەكسىز ئىمكانىيەتلىك روھىي ماكان ـ زاماندۇر. قانداق خۇسۇسىيەتتىكى قانداق بۇيۇمنى ئىختىرالاش يازغۇچىدىن ئىبارەت مەنىۋىيەت كىمياگىرى، تىل ئۇستىسىنىڭ ئىقتىدارىغا باغلىق ئىش. ئوقۇرمەنمۇ يازغۇچى ياراتقان مەنىۋى بوشلۇقتىن ئۆزىگە تۇشلۇق تەسىرات تاپالايدۇ. بۇ تەسىراتنىڭ جۇغلىنىش جەريانىنى بەزىدە ئاشكارىلىغىلى، دەپ بەرگىلى بولمايدۇ ھەم دەپ بەرسە ئۇ ئەھمىيىتىنى بىراقلا يوقىتىپ قويۇشىمۇ مۇمكىن. بىز شۇنداق قىلىپ تەسىراتنىڭ جەريانىنى ئەمەس، تەسىراتنىڭ ئۆزىنىڭ قىممىتىنى دەڭسەشكە مەجبۇر بولىمىز. مەمتىمىن ھوشۇر ئەسەرلىرىدىن ئويغانغان بىشارەتلىك ھېكمەتلەرنىڭ ئىچ ـ قارىنىنى بىراقلا يايپىلىغاچ چۈۋۈۋەتسىگىمىز، ئۇ دىداكتىك ئۆگۈتلەردىن پەرقسىز تومتاق ۋەز ـ نەسىھەتكە ئايلىنىپ قېلىشى مۇمكىن. يەنە كېلىپ، ئوقۇرمەنلىك يېشىچە ئىجادىيەت جەريانى. كىتابخانلىق تەسىراتىنىڭ سەنئەت گۈزەللىكىدە قېيقېلىشىمۇ قالتىس ھۇزۇر. ئۇ شۇ خىل غۇۋا ھېسسىي تەسىراتلىق خۇسۇسىيىتى بىلەن ئۆزىنىڭ كىنايە ـ چاقچىقى، مەسخىرىلىك ئىشارەت ـ دارىتمىسىنى ئەڭ لايىقىدا داۋاملاشتۇرۇپ مېڭىۋېرىشى مۇمكىن. شۇڭا، بىز مەمتىمىن ھوشۇر ئەسەرلىرىدىن ئىدىيە ئاختۇرۇشنى توغرا تاپمىدۇق. ئادەم، زامان، ئىجتىمائىي قۇرۇلمىنىڭ نازۇكلۇقى تۇغدۇرغان بىمەنە تىل، مەنتىقسىز جۈيلۇشنى ئۆلك ئادەمنىڭ مەنتىقلىق تەپەككۇرى بىلەن يەشكىنىگىمىزدە ئۇنى زامان كۆتۈرەلمەي قالىدۇ.

كلاسسىك مەدەنىيەت قاتلىمىمىزدا ھەممىدىن خەۋەردار

جاھانكەزدى، ھەممىلا نەرسىگە مىيىقىدا كۈلۈپ يۇرگۈچى قىزىقچى، ھەييار، سېھرىي كارامىتى بىلەن ئىنساننى ھايۋانغا، ھايۋاننى ئىنسانغا ئايلاندۇرۇۋېتكۈچى كارامەتلىك ئەۋلىيا سۈپەت ئوبرازلار كۆپلەپ ئۇچرايدۇ. يۇكسەك دەرىجىدە سىمۋوللاشتۇرۇلغان مەنىگە باي بۇ ئوبرازلار ماھىيەتتە خەلقىمىزنىڭ ئۆزىنى ئىپادىلەش تىلى بولۇپ، بىز بۇ ئوبرازلار ۋە ئۇلارنىڭ تىل، ئوي ـ خىيال، كۈلكە ـ چاقچاق، ئىپادە ـ ھەرىكەتلىرىدىن پەقەت ئۆزىمىزگىلا خاس بولغان ئۆزگىچە بايان ـ تىلنى تاپالايمىز. بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى مۇنداق ئۆزگىچە بايان ـ ئىپادە تىلىنى چۈشەنمەي تۇرۇپ شۇ مىللەتنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتىدىكى بەزىبىر ئۇسۇل ـ ئۇسلۇب، سۆز ياساش ـ ئوينىتىش ماھارىتى، تىلنىڭ دارىتمىلىنىش مەنبەسى ۋە تۈرلۈك كىنايە، تەنە، چاقچاق، ھەزىللەرنىڭ ھەقىقىي قادىلىش نۇقتىسى دېگەنلەرنى چۈشىنىش تەس. مەدەنىيەتنىڭ تىلىنى چۈشەنمەي تۇرۇپ ئەدەبىياتتىن ئىبارەت بۇ تىل سەنئىتىنىڭ مەنە قاتلىمىنى يېشىش مۇمكىن ئەمەس. مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ ھېكايە ـ ئەسەرلىرىدە مەدەنىيىتىمىزنىڭ ئۇزاق يىللىق تىندىنسىيىسىنى يېشىشتە يىپ ئۇچى بولالايدىغان سىمۋول خاراكتېرلىك ئوبرازلارنىڭ سايىسى قەدەمدە بىر چېپىلىقىپ تۇرىدۇ. بىز گاھىدا جاھانكەزدى دەرۋىش سۈپەت ئوبرازلارنى، گاھىدا مەسخىرىچى، لەتىپىچى، ھەييار سىياقىدا كۆرۈنۈپ قالىدىغان پېرسوناژلارنى، گاھىدا جاھان غەلىيانلىرىدىن كۈلۈپ يۇرگۈچى ھەزىلكەشلەرنىڭ تىمسالىنى ئۇچراتقاندەك بولىمىز. تېخىمۇ قىممەتلىك يېرى شۇكى، مەمتىمىن ھوشۇر مەدەنىيەت خەزىنىمىزدىكى مۇنداق ئوبرازلار سىستېمىسىنى ئاددىي ھالدا ئەسىرىگە ئەكىرىپ قويماستىن، ئۇلاردىكى قىممەتلىك تەركىبلەرنى بۈگۈننىڭ ئادەملىرىنىڭ قىلىق ـ خۇسۇسىيەتلىرىگە باغلىيالىدى ـ دە، بىر پارچە ئەسەرنى ھەر

تەرەپتىن كەلگەن ئۇچۇر، مەزمۇن، پاراڭ جۇغلىنىدىغان ۋە يەنە كىتابخان ئەركىن ھالدا جۇغلىيالايدىغان، چەكسىز كېڭىيىشچان سەھنىگە ئايلاندۇرالىدى. ئېغىز ئەدەبىياتىمىزنىڭ بايانچىلىق ئۇسلۇبىنى يازما ئەدەبىياتقا جانلىق ھالدا ئەكىردى ـ دە، خەلقىمىزنىڭ زوقلىنىش ئېستېتىكىسىدا بىردىنلا جانلىنىش پەيدا قىلدى. دېمەككى، ھەقىقىي مەنىدىكى ئۇيغۇرچە بايان، قۇرۇلما ۋە مىللىي پۇراقنى بىز مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ ئىزدىنىشىدىن كۆرۈپ يەتتۇق، ئەدەبىياتنىڭ سەنئەتلىك تۇسىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى مەمتىمىن ھوشۇر قەلىمىدە خېلىلا ۋايىغا يەتكۈزۈلۈپ ئايان قىلىندى. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ (ئاغزاكى، يازما) نەچچە مىڭ يىللىق ئەنئەنىسىگە تالىق ئېسىل بەدىئىي تەركىبلەر مەمتىمىن ھوشۇر قەلىمىدە ئۇستىلىق بىلەن بىر تەرەپ قىلىندى ـ دە، نۇرغۇن غەيرىي ئەقلىي، مەنتىقسىز خاھىشلار تولىمۇ تەبىئىي، چىن تۇيۇلىدىغان ئېستېتىك زوق، ئۇنۇمگە ئالماشتى. بىز ئىت، توخۇ ـ تۇمان، بۆرە، چوشقىلارنىڭ تەبىئىتىگە سىغدالغان ئىنسانىي ھېس ـ تۇيغۇلاردىن ۋە ھايۋان بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى غەيرىي ئاينىش ـ ئۆزگىرىش تەپسىلاتلىرىدىن، چۈش، خىيال، تەسەۋۋۇر تەرىقىسىدە بېرىلگەن ئەبجەش پىكىرلەردىن، ئۆلۈكلەرنىڭ تىرىلىشى، تىرىكلەر بىلەن دىئالوگلىشىشى، تىرىكلەرنىڭ ئەقلىگە سىغمىغۇدەك مەنتىقسىز تەرزدە پائالىيەت قىلىشىدىن غەيرىيلىك ھېس قىلمىدۇق. ئاپتور بىنورمال، مەنتىقسىز، چۇۋالچاق ۋەقەلەرنى ئىنتايىن ئىنچىكە ئىچكى باغلىنىش ئارقىلىق چېتىپ قويغان ـ دە، بىمەنىلىكمۇ ئەنە شۇ ئىچكى باغلىنىش جەريانىدا بىزگە چوقۇم شۇنداق بولۇشى كېرەكتەك، شۇنداق بولمىسا تېخىمۇ بىمەنە ئىش بولىدىغاندەك ئەقلىي تەستىق تەلەپ قىلىدىغان دەرىجىگە كۆتۈرۈلگەن. مۇنداق بىمەنىلىكتىن ئۇيغانغان ـ يەنىمۇ بىر بالداق يۇكسەلگەن بىمەنە تەستىق چوڭقۇر رېئال مەنتىقىگە

يىلتىز تارتقان بولۇپ، ئۇ بىزنىڭ تەپەككۇر تۈيغۇمىزنى بىمەنىلەرچە تەكرار ـ تەكرار غىدىقلاش ئارقىلىق بىزگە مەنتىقە، مەنە ھەققىدە سوغۇق ئوي ئاتا قىلىدۇ.

«بۇرۇت ماجىراسى»دا «مەن»دە كۆرۈلگەن بىھۇدە ئەندىشە ئەقلىي پرىنسىپ نۇقتىسىدىن ئالغاندا، كۆرۈلمەسلىكى كېرەك بولغان پسىخىك بىنورماللىقتۇر. ئەمما، بۇ بىھۇدە ئەنسىرەش كەيپىياتى بازار باشلىقىنىڭ زىيادە سەزگۈرلۈكىدىن شاخلانغان. دېمەككى، ئەسلىدىكى ئانچىكى بىر ئىشتىن كېلىپ چىققان بازار باشلىقىنىڭ بىمەنىلىكى «مەن»نىڭ ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى يەنە نۇرغۇن كىشىنىڭ ۋۇجۇدىدا ئادەمنى چۆچۈتىدىغان «بۇرۇتلۇقلار خەتەرلىك» دەيدىغان تېخىمۇ ئېغىر يەنە بىر «بىمەنە تەستىق»نى كەلتۈرۈپ چىقاردى ـ دە، ئەسەردىكى كۈلكە بىراقلا تراگېدىك يۈكسەكلىكتە چىگىنغا چىقىپ كەتتى. مانا بۇ «يۈكسەلگەن بىمەنە تەستىق»نىڭ كەينىدە ھېلىقى بىر سومكا پىچاق كۆتۈرۈپ ماڭغان بۇرۇتلۇق قاسساپ مەسخىرىلەرچە ھىجىيىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭمۇ نېرىسىدا ئىسكەندەرگە پىچاق ئاتقان، چىڭگىزخانغا ئەگىشىپ غەربكە كەتكەن بۇرۇتلۇق پىچاقچىلار سوغۇق تىكىلىپ تۇرىدۇ. بازار باشلىقىنىڭ بىمەنىلىكى تېخىمۇ ئېغىر مۇزدەك سوغۇقلۇق تارتىپ تۇرىدۇ. تېخىمۇ ئاچچىق كۈلكە قوزغايدىغىنى شۇكى، بازاردىكى جىمى بۇرۇتنىڭ تەزكىرەئىي تەرجىمىھالىنى تۇرغۇزۇپ چىققان تۇغما كوسا بازار باشلىقى بىراقلا بۇرۇتلۇق سىياقتا مەيدانغا چىقىدۇ. بۇ تەكرار بىمەنىلىكنىڭ كەينىدە «مەن» يەنە قورقۇپ قالىدۇ. «تەكرار چۇۋۇپ توقۇش» قىسمىتىنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن كىشىلەرنىڭ روھىي كەيپىياتىدىكى ئەنە شۇ تەكرار بىنورماللىقلار ئاقىۋەتتە تېخىمۇ تەكرار بىمەنە تەستىقلارنى مەيدانغا چىقىرىدۇ... بىز مانا شۇنداق تەكرار بىمەنىلىكلەر قاينىمىدا ئەسلىي ھاياتنىڭ، مەنتىقىنىڭ سوغۇق، مەسخىرىلىك كۈلكىسىنى سۇس كۆرۈپ

تۇرىمىز. ئەنە شۇ سوغۇق كۆلكىدىن تىنىمىز ئىختىيارسىز شۈركىنىپ كېتىدۇ.

«ئالتۇن چىشلىق ئىت»تىكى «ئاق تاپان»غا ئالتۇن چىش سالدۇرۇش «مەن»نىڭ روھىيىتىدە كۆرۈلگەن مال ـ دۇنيا ھېرىسلىكى ۋە ئاچ كۆزلۈكتىن ئۈنگەن بىمەنىلىكنىڭ كەشپىياتى بولسا، «ئاق تاپان»نىڭ «ئۆگزىگە چىقىۋېلىپ، ئولتۇرىدىغان يېرىنى قۇيرۇقىدا پاكىز سۈپۈرۈۋېتىپ، چىشلىرىنىڭ ئارىسىدىن چىرتىلدىتىپ تۈكۈرگىنىچە چوڭ كوچىدىن ئۆتكەن ـ كەچكەنلەرگە ھىجىيىپ قاراپ ئولتۇرۇشى» بۇ بىمەنىلىكنى چېكىگە يەتكۈزەتتى. نائىنساپ دوختۇرنىڭ نومۇس قىلماي «ئاق تاپان»نى سورىشى، ھەتتا ئىتنىڭ ئېغىزىدىكى ئالتۇنلارنى يۇلۇپ خوتۇنى بىلەن ئىككىسى چىشلىرىغا قاپلىتىۋېلىشى تراگېدىيىلىك ئېغىرلىقنى تېخىمۇ كۈچەيتەتتى. ئاقىۋەتتە، دوختۇرنىڭ ئايالىنىڭ «ھېچ ئىش قىلماي، دېرىزىنى ئېچىپ قويۇپ، كوچىدىن ئۆتكەن ـ كەچكەن ئەر خەقلەرگە ھىجىيىپلا قاراپ ئولتۇرىدىغان» بولۇپ قېلىشى ۋە چوڭ دوختۇرنىڭ «ئارىلاپ ئىتقا ئوخشاش قاۋاپ، خالتىنىڭ يانچۇقىغا پۇل سالمىغانلارغا رەسمىي خىرىس قىلىپ ھۈرپىيىدىغان» بولۇپ قېلىشى ئىختىيارسىز تىنىمىزنى شۈركۈندۈرۈۋېتىدۇ. بىز بۇ يەردە ئەسەردىكى بىنورمال ئاينىش تەپسىلاتلىرىدىن ھېچقانداق غەيرىيلىك ھېس قىلمايمىز. ئەكسىچە، يۇكسەك دەرىجىدە غەيرىي ئەقلىيلەشتۈرۈلگەن بايان سەنئىتىدىن ئىختىيارسىز ھاياتنىڭ مەنتىقلىق قانۇنىيىتى ئۈستىدە باش قاتۇرۇشقا مەجبۇر بولىمىز. ئەقىدە ـ ئېتىقاد، ئۇدۇم ـ ئادەتلىرىمىزدىكى روھىي ئاينىشنىڭ ھەرقانداق ئاينىش ـ ئۆزگىرىشكە ئېلىپ بارىدىغانلىقى ھەققىدىكى قاراش بىزدە باشقىچە شۈبھى ـ گۇمان ئويغاتمايدۇ، بەلكى شۇنداق بولۇشى كېرەكتەك تەسىرات پەيدا قىلىدۇ. مانا بۇ مەمتىمىن ھوشۇر ئەسەرلىرىدىكى بىمەنىلىكنىڭ

يېتەكلەش نۇقتىسىدۇر. بىز بۇ نۇقتىدا مەتتىمىن ھوشۇر ئەسەرلىرىدىكى بىمەنىلىكنى ھەقىقىي مىللىي تۇيغۇغا ئىگە دېيەلەيمىز ھەم ئۇنىڭ قىممىتىنى دەڭسىيەلەيمىز.

ھەممىمىزگە ئايانكى، بىمەنىلىك، رېئاللىقنى غەيرىي ئەقلىي رەۋىشتە بۇرمىلاش ئارقىلىق ھاياتنىڭ يەنە بىر تەرىپىنى ئىشارە قىلىشتەك بايان سەنئىتى دۇنيادىكى ھەرقايسى مىللەتلەر ئەدەبىياتىدا كۆپ كۆرۈلىدىغان ھادىسە. ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ قەدىمكى ئېپوس، ئەپسانە، چۆچەك ـ رىۋايەتلىرىدىن مۇنداق تەركىبلەرنى كەڭ ئۇچرىتىش مۇمكىن. ئەمما، مۇنداق بايان ماھارىتىنىڭ ھازىرقى زامان مەنىسىدىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەتكە تەتبىقلىنىشى ۋە ئۇنىڭدا قوللىنىلىشى باشقا بىر گەپ.

مەتتىمىن ھوشۇر قەلىمىدىكى مەنتىقسىزلىق، بىمەنىلىك يېقىنقى زامان غەرب دۇنياسىدا بىر مەزگىل دەۋر سۈرگەن بىمەنىچىلەر ئېقىمىغا تۈپتىن ئوخشىمايدۇ. سارتېرى، ئالبېرت كامۇ، ساموئېل بېككېت، يېۋنېسكو ۋەكىللىكىدىكى بىمەنىچىلىك تەرەپدارلىرى دۇنيا تولىمۇ بىمەنە، زادىلا ئەقىلگە سىغمايدۇ؛ دۇنيادىكى ھەرقانداق نەرسىنى بىلگىلى بولمايدۇ؛ بۇنداق بىمەنە، ئىدراكسىز دۇنيادا ھاياتنىڭ مەنىسىدىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ؛ چۈنكى، ھاياتمۇ ئۇچىغا چىققان بىمەنىلىك؛ ئادەم ھەرگىزمۇ ئۆز ئىرادىسىنى چىقىش قىلىپ ئەھمىيەتلىك پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بارالمايدۇ؛ ئۇ پەقەت ئۆلۈمنى كۆزلەپ مەقسەتسىز شاپاشلاپ يۈرۈشكىلا مەجبۇر... دېگەندەك بىر قاتار پەلسەپىۋى ئىدىيىلەرنى چۆرىدىگەن نەزەرىيىۋى قاراش، تىياتىر، ئەدەبىي ئەسەرلەرنى مەيدانغا چىقاردى. ئۇلار ھاياتقا تولىمۇ چۈشكۈن، سوغۇق، زەھەرخەندىلىك بىلەن ھومىيىپ قارىدى ۋە ئەسەرلىرىنىمۇ جېنىنىڭ بارىچە مەنتىقسىز، ئىدراكسىز، بىمەنە، ئىدىيە، ۋەقە، باغلىنىشتىن خالىي ھالدا خالىغانچە ئىجاد قىلىشقا تىرىشتى. قانچە بىمەنە، قانچە چۇۋالچاق، قانچە مەنىسىز

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

بولسا شۇنچە قالتىس دەپ قاراشتى. ھاياتتىكى بىمەنىلىكنى پەقەت تېخىمۇ بىمەنە شەكىل ۋە بىمەنە ئۇسلۇب بىلەن ئەكس ئەتتۇرۇپ كىشىلىك دۇنيانىڭ مەنىسىزلىكىنى، ھاياتنىڭ رەزىللىكىنى، ئىنسانىنىڭ بىچارىلىكىنى، كىشىلىك ئالاقىنىڭ ئەھمىيەتسىزلىكىنى ئىپادىلەپ بەرمەكچى بولدى.

ۋەھالەنكى، مەمتىمىن ھوشۇر ئەسەرلىرىدە بىنورمال گەپ ـ سۆز، ئىش ـ ھەرىكەت، پىسخىك پائالىيەت، تەسۋىرلەرنى دۇنيانىڭ، ھاياتنىڭ مەنتىقسىز، چۈشىنىكسىز، مۇدھىشلىقىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى گۈزەل، باغلىنىشلىق، سۆيۈملۈك، قائىدە ـ قانۇنلۇق، ئەھمىيەتلىك جەريان ئىكەنلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈش ئۈچۈن ئىشلەتتى. مەنىسىزلەشتۈرۈشنىڭ تەگ ـ قاتلىمىغا ھاياتنىڭ چوڭقۇر مەنە ـ ماھىيىتى سىڭىپ كەتتى. ئۇ ئەسەرلىرىدە بىمەنە، بىنورمال ئىش ـ ھادىسىلەرنى ئەركىن تەسۋىرلەش، ۋەقەلىك ـ تەپسىلاتلارنىڭ قۇرۇلمىسىنى مەنتىقسىز، بىمەنە تەرزدە ئورۇنلاشتۇردىيۇ، ئەمما ھەربىر ھەرپ ـ ۋەزىندە ھاياتنىڭ ئەھمىيىتىنى، دۇنيانىڭ گۈزەللىكىنى، ئىنسانىنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى، ياخشىلىق، ھالاللىق، ئىنساپ ـ دىيانەتنىڭ مۇقەددەسلىكىنى تەكرار ـ تەكرار دەپ كەلدى. بىمەنىلەشتۈرۈش مەمتىمىن ھوشۇر ئۈچۈن مەقسەت ئەمەس، ۋاسىتىگە، ۋە بەلكى ھاياتنىڭ مەنتىقى قانۇنىيىتىنى ئېچىپ بەرگۈچى قورالغا ئايلاندى. ئۇنىڭ ئۆلۈكلىرىمۇ تىرىكلىكنىڭ، ھاياتنىڭ، كىشىلەر ئارا سەمىمىي ئالاقىنىڭ ھەممىدىن ئەلا ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىدۇ. ئۇنىڭ توخۇ ـ تۇمان، ئىت ـ چوشقىلىرىمۇ دۇنيانىڭ گۈزەللىكى، ھاياتنىڭ مەنىسى، ئۆمۈرنىڭ ۋەزنى، ئىنسانغا تالىق قىلىپ بېرىلگەن مال ـ دۇنيا، ئەقىل، ۋاقىت، پەزىلەت، ئىنسانىي خىسلەتلەرنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى پەلسەپىۋى يۈكسەكلىكتە تەپسىر قىلىپ بېرىدۇ. ئۇنىڭ ساراڭ پېرسوناژلىرىنىڭ نەپسى ـ تىنىقىدىنمۇ ھاياتقا

بولغان ئوتتەك مۇھەببەت تەپچىپ تۇرىدۇ. بارلىق بىمەنىلىك توختاۋسىز رەۋىشتە مەن ــ ئەھمىيەت، ئىنسانىي قەدىر ـ قىممەت، تەبىئىي قانۇنىيەت مەۋقەسىدە پىكىر قىلىپ تۇرىدۇ. ئىنساننىڭ بىنورمال، مەنتىقسىز، بىمەنە قىلىقى ئارقىلىق ھاياتنىڭ ئۇلۇغۋار ئەھمىيىتىنى تەلقىن قىلىش مەمتىمىن ھوشۇر ئەسەرلىرىدىكى غەيرىي ئەقلىي خاھىشنىڭ تۈپ ئىپتىداسىدۇر.

مەمتىمىن ھوشۇر ئەسەرلىرىدىكى ئۆزگىرىش، ئايىنىش كافكانىڭ ئەسىرىدىكى ئايىنىش ـ ئۆزگىرىشكە تۈپتىن ئوخشىمايدۇ. كافكا «شەكىل ئۆزگىرىش خاتىرىسى»دە باش پېرسوناژ گرېگول سامسانىڭ پىسخىك كەچۈرمىشلىرىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق غەرب جەمئىيىتىدىكى ئىنسان بىلەن ئىنسان ئارىسىدىكى ياتلىشىش، ئىجتىمائىيلاشقان جەمئىيەتتىكى ئىنساننىڭ ئورنىدىكى ئۆزگىرىش قاتارلىق مەسىلىلەرنى ئىپادە قىلغان. پۈتكۈل دۇنيادا زور تەسىر قوزغىغان بۇ ئەسەر ئۇيغۇرلاردا ئاز ساندىكى بىر قىسىم كىشىلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا كۆپ قىسىم ئادەمدە ئانچە زور تەسىر قوزغىيالمىدى. بۇ بەلكىم مەدەنىيەت پىسخىكىسى، زوقلىنىش ئېستېتىكىسى جەھەتتىكى پەرقلەر تۈپەيلى بولغان ھادىسىدۇ. مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، كافكانىڭ ئەسىرىدىكى ئادەمنىڭ قوڭغۇزغا ئايلىنىپ قېلىش ۋەقەلىكى بىزنى ئىختىيارسىز رەۋىشتە مەمتىمىن ھوشۇر ئەسەرلىرىدە ئىنتايىن كۆپ ئۇچرايدىغان ئادەملەرنىڭ جىنس ئۆزگىرىشى، پىسخىك ئۆزگىرىش، ھالەت ئۆزگىرىشى، ئادەم بىلەن ھايۋان ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا ئۆزگىرىش قاتارلىق ئايىنىش ـ ئۆزگىرىش ۋەقەلىكلىرىنى سېلىشتۇرۇپ بېقىش تەقەززاسىنى قوزغايدۇ. بۇ خىلدىلا ئەستايىدىل، ئىنچىكە تەتقىقات ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدىغان تېما. ئەمما، بىز قىسقىچە نەزەر

تاشلاپلا بايقىشىمىز تەس ئەمەسكى، سامسانىڭ ئۆزگىرىشى ئۇچۇن تاسادىپىيلىق، مەۋھۇم سەۋەب ـ نەتىجە مۇناسىۋىتى، يەنى سەۋەبسىزلىك، نائىنىقلىق تالللىۋىلىنغان. سامسا قوڭغۇزغا ئايلانغاندىن كېيىن بۇنىڭ سەۋەباتى ئۇستىدە ئويلىنىپمۇ قويمايدۇ. ئوقۇرمەننىڭ ئۇنى مۇئەييەن بىر ھادىسىگە باغلاپ چۈشىنەلىشىمۇ ناتايىن. دېمەككى، ئۇ تاسادىپىيلىق، بىلگىلى بولماسلىقنىڭ مەھسۇلى. ئۇ تولىمۇ سوغۇق ئامالسىزلىق ئىچىگە تاشلىۋېتىلگەن. ئۇ قۇرتقا ئايلىنىپ قالغاندىن كېيىن ئائىلىسىدىكىلەرى ئۇنىڭدىن بارا ـ بارا يىرگىنىشكە باشلايدۇ ۋە ئۇ ئېچىنىشلىق ئۆلۈپ كېتىدۇ...

كافكانىڭ قەلىمىدىن ھاياتنىڭ تاسادىپىيلىقى ئىچىدىكى ئىنساننىڭ ئامالسىزلىقى، ئىنسانلار ئارىسىدىكى ياتلىشىش تۇپەيلى ئۆلۈۋاتقان، چەيلىنىۋاتقان ئىنساني قەدىر ـ قىممەتلەرنى كۆرۈپ يېتىش مۇمكىن.

مەمتىمىن ھوشۇر پېرسوناژلىرىنىڭ تەقدىرىنى تاسادىپىيلىق، ئامالسىزلىق، نائېنىقلىقنىڭ گال پىچىقىدا ئەمەس، شەرقىلىقلارگە خاس «تەدبىرىڭگە بېقىپ تەقدىرىڭ» پەلسەپىۋى ئۆلچىمى ھەم «ھەركىم قىلغىنىغا يارىشا ئەجىرگە ئېرىشىدۇ» دەيدىغان ھاياتلىق مىزان شەمشىرىدە پىچىدۇ. گەرچە ئۇنىڭ بەزى ئەسەرلىرىدە سەۋەب ـ نەتىجە مۇناسىۋىتى كەڭ بولغان پارچە ـ پۇرات ۋەقەلىكلەرنىڭ ئارىسىغا يوشۇرۇن تاشلاپ قويۇلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ھامان مۇتلەق مۇناسىۋەت قۇرۇلمىسى تەرىقىسىدە ئىزچىللاشقان ۋە سەۋەب ـ نەتىجە مۇناسىۋىتى ئېنىق بولغان تراگېدىيلىك زەنجىرنى شەكىللەندۈرگەن. «بۇ خىل تراگېدىيە ھەرگىزمۇ لىرىكىلىق تۇسكە ئىگە مۇھەببەت تراگېدىيىسى ئەمەس ياكى بىرەر پالاكەت باسقان بەختسىز ئائىلىنىڭ جەمەت تراگىدىيىسىمۇ ئەمەس، بەلكى سەۋەب ـ نەتىجىلىك مۇناسىۋىتى ئىنتايىن قويۇق بولغان

پەلسەپىۋى مەنىدىكى ئىجتىمائىي مىللىي پىسخىكا تراگېدىيىسى»① بولۇپ، يۈكسەك دەرىجىدە ئومۇملاشتۇرۇش خاراكتېرىگە ئىگە. بىز «چار خوراز»دىكى توخۇنىڭ خورازغا ئايلىنىشى بىلەن سابىر بايۋەچچىنىڭ ئەردىن ئايالغا ئۆزگىرىشى ۋە بۇ خىل ئۆزگىرىشنىڭ تېخىمۇ چوڭقۇر تەگ ـ قاتلىمىغا سىڭگەن مەنىۋى، ئىجتىمائىي، ئەخلاقىي، روھىي ئايلىنىش ـ ئۆزگىرىشلەر؛ «ئالتۇن چىشلىق ئىت»تىكى «مەن»نىڭ روھىي ئايلىنىش ـ ئۆزگىرىشىدىن باشلانغان «ئاق تاپان»نىڭ ئۆزگىرىشى ۋە دوختۇرنىڭ، دوختۇرنىڭ ئايالىنىڭ ئايلىنىشى؛ «چوشقىلارغا بايرام»دىكى ئىنسانىنىڭ ئەخلاقىي مىزان ـ پرىنسىپلاردىن ھالقىپ ـ بەدىۋىيلىشىپ، ئايلىنىپ كېتىشىنى مەنبە قىلغان چوشقىلارنىڭ قۇتراپ، پېتىراپ كېتىشى؛ «بۆرە جىلغا»دىكى مەرگەن بېگىمنىڭ مەنىۋى چىركىنلىكىدىن شاخلاپ چىققان بۆرىلەرنىڭ پاجىئەسى ۋە مەرگەننىڭ «تاپانچا ئېسىپ، پۇشتەك چالىدىغان» بۆرە بىلەن ھەيران قالارلىق ئۆزئارا ئايلىنىپ ـ ئۆزگىرىپ كېتىشى؛ «ئوت كەتكەن دەريا»دىكى ھەربىر بىنورمال پېرسوناژنىڭ يوشۇرۇن شەرەتلەنگەن ئۆزگىرىش ئارخېئولوگىيىسى؛ «ئىت ئېتىش»تىكى بەختىياروپ، ئىت، بەختىياروپنىڭ ئاكىسى، جېلىل پاچاق، بەختىياروپنىڭ يېڭى خوتۇنى ... ئوتتۇرىسىدىكى كىشىنى ۋەھىمىدىن تىترىتىۋېتىدىغان ئايلىنىش ـ ئۆزگىرىشلەرنىڭ ھەممىسى روشەن سەۋەب ـ نەتىجىلىك جەريان سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىققان بولۇپ، روھىي، مەنىۋى، ئەخلاقىي ئايلىنىشتىن كېيىنكى كىشىلەرنىڭ ئىش ـ ھەرىكىتى، مىجەز، گەپ ـ سۆز، پسىخىكا ـ تەبىئىتىدىكى ھەيران قالارلىق ئايلىنىشلار تەمسىلى سۈپەتتە،

① يالقۇن روزى: «بۇرۇت ماجىراسى»نىڭ قىممىتى»، «تارىم» ژۇرنىلى 1991 ـ يىللىق 12 ـ سان 145 — 146 ـ بەتلەر؛ يالقۇن روزى: «تەكلىماكاندىكى ئالتۇن كولدۇرما»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1999 ـ يىل نەشرى، 186 ـ بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مۇبالىغە تۈستە جانلاندۇرۇلۇپ بايان قىلىنغان ۋە بۇ بايان بىزنىڭ ئەقىدە ـ ئادەتلىرىمىزدىكى ئۆدۈم ـ قاراشلار تىمسالىدا جانلاندۇرۇلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ۋەقەلىكلەر بىزگە شۇقەدەر چىن، راست، ئىشەنچلىك تۇيۇلىدۇ ۋە ھەتتا شۇنداق بولمىسا راست بولماي قالىدىغاندەكمۇ تۇيۇلىدۇ.

مەمتىمىن ھوشۇر قەلىمىدىكى ئاينىش ـ ئۆزگىرىشلەرنىڭ ئاھاڭىغا چۈشكۈن، مىسكىن ئىستائەتتىن كۆرە ھايات بىلەن ئاكتىپ دىئالوگلىشىش روھى تەڭكەشتۇر. كافكانىڭ قەلىمىدىكى گرىگول سامسا قۇرتقا ئايلانغاندىن كېيىن دۇنيادىن، ئادەملەردىن، رېئاللىقتىن ئۆزىنى ئەپقاچىدۇ، ئۆزىنىڭ قوڭغۇزغا ئايلانغان سىياقىنى ئائىسىغا كۆرسىتىشكىمۇ پېتىنالمايدۇ، سوغۇق ئۆيگە سولانغان پېتى ئاستا ـ ئاستا سېسىپ ئۆلىدۇ. مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ قەلىمىدىكى ئاينىغان پېرسوناژلار بولسا ئاينىشتىن كېيىنمۇ مەردانە قىياپەتتە رېئاللىققا قاتنىشىۋېرىدۇ ۋە ھەتتا ئۆزىنى ئۆزى مەسخىرە قىلىغان قىياپەتتە يېڭىدىن ـ يېڭى ئىبرەتلەرنى كىشىلەر ئارىسىغا تاشلايدۇ. بىز ئۇنىڭ ئاددىي ئەخمەقلىرىنىڭ ۋۇجۇدىدىنمۇ ئۆلۈمنى سېغىنىش، مىسكىنلىك، پەرۋاسىزلىق، چۈشكۈنلۈك تۇيغۇسىنى كۆرمەيمىز. بىز ئۇنىڭ قەلىمىدىن ئۇلۇغ قەھرىمانلارنى، بۈيۈك ئىشلارغا قول تىققان باھادىرلارنى كۆرمىدۇق، لېكىن قىزغىن ھاياتلىق مۇھەببىتىنىڭ لاۋۇلداپ تۇرغان گۈلخانىنى كۆردۇق. ئۇنىڭ قەلىمىدىكى ئاددىي كىشىلەرنىڭ چېھرىدىن ھاياتقا بولغان سەمىمىي ئىشتىياق، ساددا مەۋقە، ئوچۇق ـ يورۇق، چاقچاقچى، ھەزىلكەش خاراكتېرنىڭ ئىزنالىرىنى كۆرۈپ يېتەلىدۇق. ئۇلارنىڭ قان ـ جان تەپچىپ تۇرغان يۈرىكىدىن تارىغان ئىسسىق ھارارەت كۆڭۈللەرگە ئىللىق تۇيغۇ بەخش ئەتتى، ھاياتنىڭ قوۋناقلىقىنى ھېس قىلدۇردى. ئۆزىمىزگە خاس بولغان مەدەنىيەت، ھايات، مىللىي خاراكتېرنىڭ ھىدىنى پۇراتتى. مەمتىمىن ھوشۇر بۇ

ئاددىي ئادەملەرنى «مۇھەببەت بىلەن يازغۇم كېلىدۇ. ئۇلارنى بەزىدە مەدھىيىلەپ، بەزىدە كۈلكە ئاستىغا ئېلىپ، شۇ ئادەملەرنىڭ ئۆزىگە ئۆزىنى تونۇتقۇم كېلىدۇ»[①] دېگەنىكەن. بەلكىم ئۇ ئەنە شۇ مەقسىتىگە يەتكەندۇ.

كۈلكە پەيدا قىلىش، بىمەنىلەشتۈرۈش، مەنتىقسىزلەشتۈرۈش بىر ئەسەر ئۈچۈن ئەڭ ئاخىرقى مەقسەت ئەمەس، بەلكى ئىپادىلەش ئېھتىياجى تەقەززا قىلىدىغان ماھارەت ۋاستىسىدۇر. ئۇ يەنىلا چوڭقۇر ئەقلىي تەپەككۇرنى چىقىش يۆنىلىشى قىلىش كېرەك. بىز ئەقلىي تەبەسسۇمنى ئويغاتقۇچى مۇنداق مەنىلىك مەنىسىزلەشتۈرۈش ماھارىتىنى يەنىمۇ يۇقىرى بەدىئىي سەۋىيىدە كۆرۈشنى خالايمىز. ئىنساننىڭ رېئاللىقىدا كۆرۈلۈپ تۇرىدىغان بىمەنىلىكلەر قامچىغا سېزىك بولۇپ قالىدۇ. پات ـ پات ساۋاپ تۇرىدىغانلار بولمىسا ئاينىش ئەنئەنىگە ئايلانمايدۇ، دەپ كىممۇ ئېيتالىسۇن؟ بىزگە مانا شۇنداق ئۆزىمىزنىڭ قامچىسى كېرەك!

2007 ـ يىل 16 ـ دېكابىر، ئۈرۈمچى.

① مەمتىمىن ھوشۇر: ««زەئىپ روھ ۋە زەئىپ مۇھەببەت»كە قوشۇمچە»، «تارىم» ژۇرنىلى 1994 ـ يىللىق 3 ـ سان 126 ــ 128 ـ بەتلەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئىجتىمائىي ئەرسائىنىسى ۋە كوللىكتىپ چىقىپ كېتىش

(«ھىجران»نى چۈرىدەپ نەچچە ئېغىز گەپ)

## 1

يازغۇچى تۇرسۇنجان مۇھەممەت رومانىنى «بىر - بىرىنى ياخشى كۆرۈشكەن، ئەمما بەختلىك تۇرمۇش قۇرۇش نېسىپ بولمىغان ئاشىق - مەشۇقلارغا» بېغىشلاپتۇ. بۇ يازغۇچىنىڭ يېزىقچىلىق مۇددىئاسىمۇ ياكى ئوقۇرمەنلەر قاتلىمىغا قىلغان ئىشارىتىمۇ، مەن بۇنى بىلمىدىم. ئەگەردە شۇنداق قارالسا، مېنىڭچە بۇ تولىمۇ ساددىلىقتۇر ھەم بىر پارچە يازمىنىڭ ئىستېمال قىممىتىنى تولىمۇ چەكلىك دائىرە ئىچىگە قاماپ قويۇشتۇر. يازما ئوقۇرمەنلەرنىڭ بەدىئىي ھەزىمىدىن ئۆتكەندىن تولا ھاللاردا يازارمەنىنىڭ ئېستېتىك تەسەۋۋۇرىدىن ھالقىپ كېتىدۇ - دە، تېخىمۇ كەڭ بەدىئىي مۇمكىنچىلىكنى ۋۇجۇدقا چىقىرىدۇ.

«ھىجران»نى ئوقۇش مەن ئۈچۈن ئەنە شۇنداق بىر جەريان بولدى. ئاپتورنىڭ ئىشارىتى ئەسەرنىڭ قۇرۇلما، مەزمۇن قاتلىمىنىڭ ئومۇمىي مۇۋازىنىتىنى چىقىش قىلغانىدى. ئەمما، مەن «ھىجران»نى ئوقۇپ تاماملىغاندىن كېيىن ئەسەرنىڭ ئومۇمىي ۋەقەلىك قۇرۇلمىسىنىڭ كەينىدە تولىمۇ غۇۋا ھالدا

ئىپادىلىنىپ تۇرغان بىر دەۋر كىشىلىرىنىڭ مۇرەككەپ مەنىۋى
تىركىشىشىنىڭ سايىسىنى كۆرگەندەك بولدۇم ۋە شۇنى سېزىپ
كۆتۈرۈپ چىقىشىنىڭ دىققەتكە ئەرزىيدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ
قالدىم. مەن ئۈچۈن رىسالەتنىڭ ئىشق ئازابلىرى، سۇلايمان
قاسىمنىڭ ئائىلە بىلەن مۇھەببەت ئارىسىدىكى چايقىلىپ ـ
داۋالغۇشلىرىنى ۋە ئاپتورنىڭ بۇ خىل ھېسسىيات بىلەن ئەقىل،
ئەخلاق بىلەن مۇھەببەت ئارىسىدىكى كۈچلۈك توقۇنۇشنى
خېلىلا يۇقىرى ئېستېتىك سەۋىيىدە ئەكس ئەتتۈرۈشتىكى
ماھارىتىنىڭ زىر ـ زەۋەرىنى ئېزىپ ئولتۇرغاندىن كۆرە،
ئەسەرگە يوشۇرۇنغان پۈتكۈل ئىجتىمائىي قاتلام، ئومۇمىي
مۇۋازىنەت ھەققىدە ماكىرولۇق نەزەر يۈرگۈزۈش بەكرەك
ئەھمىيەتلىك تۇيۇلدى. شۇندىلا ئەسەرنىڭ بەدىئىي قىممىتى
ئاشكارىلىنىدىغاندەك بىلىندى. ئەسەرنىڭ ۋەقەلىك قۇرۇلمىسىغا
مەپتۇن بولۇپ كېتىش ياكى ئاپتورنىڭ بايان ماھارىتىنىڭ
تەسىرىدە ۋۇجۇدقا چىققان بەدىئىي چېنىلىقتىن مەست بولۇپ
كېتىش ۋەياكى پېرسوناژلارنىڭ شەخسىي كەچۈرمىشلىرىنىڭ
سەۋەب ـ نەتىجىسىگىلا ئاھ تارتىپ، قايغۇرۇپ يۈرۈش
ئوقۇرمەنلىكنىڭ ئەڭ ئاددىي قاتلىمىدۇر. مېنىڭ بۇ سەۋىيىدە
توختاپ قالغۇم يوق. مۇئەييەن ئەقلىي تەپەككۇر كەڭلىكىگە
سوزۇلغان يازمىدىن شەكىللەنگەن ساددا، ھېسسىي تەسىراتنى
تېخىمۇ يەڭگىلىتەك، ئاددىي ھاياجان بىلەن ئىپادىلەپ قويغۇممۇ
يوق. مۇنداق قىلىش ھالقىش ئۈستىدە ئىزدىنىۋاتقان يازغۇچىغا
نىسبەتەن ھېسداشلىق، ياخشى كۆڭۈل بولغان بىلەن، ئەمما تۈپ
نېگىزىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا پايدىلىق ئەمەس، ھەتتا زىيانلىقتۇر.
چۈنكى، مۇنداق ئاددىي، يۈزەكى تەسىرات (مەيلى ئۇ قانچىلىك
ھاياجانلىق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر) يازغۇچىنىڭلا ئەمەس،
ئوقۇرمەننىڭ تەپەككۇرىنىمۇ تېخىمۇ كەڭلىك، چوڭقۇرلۇققا
يېتەكلىيەلمەيدۇ، بەلكى تېخىمۇ ئاددىيلاشتۇرۇپ قويىدۇ.

شۇڭىمۇ مەن «ھىجران»نىڭ قارىسىلا مانا مەن دەپ چىقىپ تۇرىدىغان تاشقى ۋەقەلىك قاتلىمىدىن ئاتلاپ ئۆتۈپ، ئەسەردە يوشۇرۇن، كۆرۈنمەس ھالدا ئېقىپ تۇرغان بىر ئېقىننى تېپىپ باقماقچى بولدۇم. گەرچە ئەسەر بۇ ئېقىننى بىرقەدەر ئېنىق، جانلىق، ھەقىقىي قىممەتكە ئىگە قىلىشتا ئۆزىنىڭ بەلگىلىك يۇمرانلىقىنى (بۇ ھەقتە ماقالىنىڭ ئاخىرىدا ئايرىم توختىلاي) ئاشكارىلاپ تۇرسىمۇ، ئەمما مۇشۇ ئېقىننى تاپماي ۋە شۇ مەركىزىي ئېقىننى تۇتۇپ تەھلىل قىلماي تۇرۇپ ئەسەردىكى ئىچكى ئىزچىللىقنى ھېس قىلىش بەك تەس. ھەتتا ئەسەرنىڭ تۈپكى چىقىش نۇقتىسىنى ئاڭقىرىشمۇ قىيىنغا چۈشىدۇ. ئەسەرنىڭ ئىچكى مەنتىقىسىنى ئاشكارىلاپ بېرىدىغان بۇ خىل ماھىيەتنى چۈشەنمىگەن ئوقۇرمەن بەلكىم ئەسەرنىڭ چىقىش نۇقتىسىنى باشقىچە بىر ئېھتىماللىقتا خاتا چۈشىنىشى (ئاپتورنىڭ باياندىكى كۆزىتىش نۇقتىسى ئوقۇرمەنلەرگە دەماللىققا شۇنداقراق تەسىر بېرىپ قويىدۇ. بىز بۇ ئېھتىماللىق ھەققىدە ماقالىنىڭ ئاخىرىدا توختىلىمىز)، ئاپتورنىڭ يېزىق مۇددىئاسى تولىمۇ تەبىئىي رەۋىشتە بۇرمىلىنىپ كېتىشىمۇ مۇمكىن.

خوش، بىز ئالدى بىلەن «ھىجران»دىن چىقىپ تۇرۇپ، ئۇنى بىر پۈتۈن ئىجتىمائىي قاتلام سۈپىتىدە ماكرولۇق نۇقتىدىن كۆزىتىپ باقايلى ۋە ئەسەردىكى پېرسوناژلارنىڭ ھەرىكەت يۆنىلىشىگە ئۈستىدىن قاراپ باقايلى. بۇ بىزنىڭ ئەسەرنىڭ ھەقىقىي ئىچكى ئېقىنىغا چوڭقۇرلىيالىشىمىزغا ياردەم بېرىپ قالسا ئەجەب ئەمەس.

## 2

«ھىجران»نى ماھىيەتتە ئىجتىمائىي بۇرۇلۇش مەزگىلىدىكى بىر دەۋر كىشىلىرىنىڭ مەنىۋى قىياپىتى، روھىي ھالىتىدىكى

تىركىشىشنى مەزمۇن قىلغان بەدىئىي خاتىرە دېيىش مۇمكىن. بىز چەكلىك مۇھىت ئىچىدە يارىتىلغان بۇ پېرسوناژلارنىڭ ۋۇجۇدىدىن چوڭقۇر تىركىشىش، قېيىلىش، توقۇنۇش، ئىككىلىنىش ۋە گاڭگىراش ئىچىدىكى ئاينىش ھەمدە ئومۇميۈزلۈك خاراكتېرلەنگەن بىر خىل ئۈزلۈكسىز «چىقىپ كېتىش» ۋە يەنە تىنىمسىز دۈچ كېلىدىغان سەرسانچىلىق تۈيغۇسىنى ھېس قىلىمىز. بىز بۇنى «ئىجتىمائىي تەرتىپ ئەندىزىسى ۋە كوللېكتىپ چىقىپ كېتىش» فورمىسى تەرىقىسىدە ئومۇملاشتۇرۇپ چۈشەندۈرەلىشىمىز مۇمكىن.

ھەممىمىزگە ئايانكى، ھەرقانداق بىر جەمئىيەت مۇئەييەن بىر ئىجتىمائىي تەرتىپ ئىچىدە ھەرىكەتلىنىپ تۇرىدۇ. بىز تەرتىپ ـ ئىنتىزامسىز، قانۇن ـ قائىدىسىز ھېچقانداق بىر جەمئىيەتنىڭ مەۋجۇت بولغىنىنى كۆرۈپ ـ ئاڭلاپ باقمىدۇق. بىر تامچە سۇنىڭ مەۋجۇتلۇق ۋە ھەرىكىتىگە ئالەمچە قانۇن ـ تەرتىپ سىڭگەن. شۇنىڭغا ئوخشاشلا بىر ئىنساننىڭ ئولتۇرۇپ ـ قوپۇش، ھەرىكەت قىلىش، يېيىش ـ ئىچىش، تۇغۇلۇشتىن تارتىپ ئۆلۈشىگىچە ۋە ھەتتا ئۇنىڭدىن كېيىنكى تەقدىرىگىمۇ (ئۇنىڭ ئاخىرەتلىكىگە بېرىلىدىغان باھانى ئۇنتۇماڭ) تولىمۇ ئىنچىكە، مۇرەككەپ ۋە چەك ـ چېتى ئېنىق بېكىتىلگەن نۇرغۇن قائىدە ـ تەرتىپلەر مۇجەسسەملەنگەن. گەرچە بۇ تەرتىپ ـ ئىنتىزاملار رايون، مىللەت، جەمئىيەت، سىنىپ، دەۋرلەر ئارا پەرقلىنىدۇ، ئەمما ھېچكىم ئۇنىڭ مۇتلەق رولىنى ئىنكار قىلىپ باقمىدى. دېمەككى، مەيلى چوڭ ياكى كىچىك بولسۇن ھەرقانداق ئىنسانىيەت جەمئىيىتى ئەخلاق، قانۇن، قائىدە، تەرتىپ ـ ئىنتىزام، ئادەت، ئۆدۇم ـ يوسۇنلارسىز مەۋجۇت بولالمايدۇ. قائىدە ـ تەرتىپ، چەك ـ ئۆلچەم، قېلىپ ـ مىزانلارنىڭ مۇتلەق زۆرۈرلۈكى ئىنساني مەجۇۋدىيەتنىڭ ئەزەلى قانۇنىيىتىنىڭ ئىپتىداسىغا چوڭقۇر سىڭگەن. بىز يارالمىش

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەپسانىلىرىگە قارىساقلا تۇنجى زاتى ئىنسان ــ ئادەم ئاتىنىڭ يارالمىسىغىلا ئېنىق چەك، تەرتىپ، مىزان ـ قېلىپنىڭ پۈتۈلگىنىنى بايقايمىز. ۋەھالەنكى، ئادەم ئاتا بىلەن ھەۋۋا ئانا ئەنە شۇ چەكتىن بىغەرەزلىك بىلەن ھالقىدى، شەيتانى ئەلەيھى لەنىتىنىنىڭ ۋەسۋەسىلىك كۈشكۈرتىشى بىلەن تەرتىپ چەمبىرىكىدىن چىقىپ كەتتى، چەكلەنگەن مېۋىنى يېدى. ئىنسانىنىڭ باش گۇناھى (原罪) دۇنياغا كەلدى. يەنى چەك ـ تەرتىپنىڭ سۈرلۈك نوپۇزى بىلەن چەكلەنگەن شەيئىنىڭ چەكسىز تارتىش، جەلپ قىلىش كۈچى ئارىسىدىكى تىركىشىش نەتىجىسىدە، ئىنسانىيەتنىڭ ھازىرغىچە بولغان پۈتكۈل مەنىۋى سەرگۈزەشتىسىنىڭ ماھىيەتلىك يىغىندىسىغا ۋەكىللىك قىلغۇچى ئىجتىمائىي تەرتىپ ئەندىزىسى ۋە چەكتىن ھالقىش ئىستىكى ئارىسىدىكى ئۈزلۈكسىز توقۇنۇش مەنزىرىسى شەكىللەندى. سان ـ ساناقسىز ئۆدۈم ـ ئادەت، مۇراسىم، قائىدە ـ تۈزۈم، قانۇن ـ پرىنسىپ، ئەخلاق، دىن چۈشەنچىلىرى مەيدانغا چىقتى ۋە ئىنساننىڭ بارلىق ئىش ـ ھەرىكىتىنى بەلگىلىك تەرتىپ ئىچىدە تىزگىنلىگەندىلا ھاياتلىقنىڭ توپ قانۇنىيىتىنى نورمال، ساغلام، مەنىلىك رەۋىشتە كاپالەتكە ئىگە قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى شەرھلەپ كەلدى. ۋەھالەنكى، ئىككى ياقلىمىلىقىقا ئىگە (ياخشىلىققىمۇ، يامانلىققىمۇ ئىشلىتىشكە بولۇۋېرىدىغان) ھېس ـ تۇيغۇ، ئاڭ ـ ئەقىل، سەزگۈ ـ ئىدراك، ماھارەت ـ ئىقتىدار بىلەن تۆرەلگەن كۆللى كائىناتنىڭ مۆجىزىلىك سەمەرىسى بولمىش زاتى ئىنسان ھەربىر قەدەم، ھەربىر دوقال ـ دەۋردە ئۇخشىمىغان ۋەج ـ سەۋەب بىلەن ئىجتىمائىي تەرتىپلەردىن ھالقىپ چىقىشقا ئۇرۇنۇپ كەلدى ۋە بۇ خىل ئىجتىمائىي تەرتىپنى زەنجىر، كىشەن، قېلىپ، توساق دەپ بىلگەن ئىنسانلار بار كۈچى بىلەن بۇ ئادەت رامكىسىنى پاچاقلاپ چىقىپ كەتتى. ئادەت رامكىسىنى بۇزۇپ چىقالىغان

مۇنداق «ئۆكتىچىلەر» تولا ھاللاردا كېيىنكىلەر تەرىپىدىن ئىسيانكار، قەھرىمان، ئۇلۇغ سۈپىتىدە شەرھلەندى، مۇقەددەسلەشتۈرۈپ كۆككە كۆتۈرۈلدى. مەنسۇر ھەللاج، مەشرەپلەرنىڭ بىزنىڭ ئادەملىرىمىزگە سۆيۈملۈك، ئۇلۇغ بىلىنىشىنىڭ ۋەجى شۇدۇر.

جەمئىيەتنىڭ شىددەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىشى، بىلىش ساھەسىدە ئالەمشۇمۇل مۇۋەپپەقىيەتلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە تېخنىكا ـ سانائەتنىڭ مىسلىسىز گۈللىنىشى ئىنسانىيەتنى ئۈزلۈكسىز رەۋىشتە ئۆزىنىڭ قىممىتى، ماھىيىتى، ئورنى، رولى، تەقدىرى ھەققىدە ئىزدىنىشكە ئېلىپ باردى. بۇ تەبىئىي ھالدا جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي تەرتىپ ئەندىزىسىنى توختاۋسىز ئۆزگەرتىپ تۇردى. يېقىنقى زامانىنى ئېلىپ ئېيتساق، دارۋىنىنىڭ «تۈرلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى»، ماركسنىڭ سوتسىيالىزىم ـ كوممۇنىزىم غايىسى، فرېئۇدنىڭ جىنسىيەت بىرلەمچىلىكى، نېتسزىنىڭ «خۇدا ئۆلدى» دەپ چۇقان كۆتۈرۈشى ۋە «بارلىق قىممەتلەرگە قايتىدىن قاراپ چىقىش»تەك گۇمان ئەندىزىسى ، سارتېرى، ئالبېرت كامۇلارنىڭ بىمەنىچىلىك پەلسەپىسى ئىلىم ساھەسىدە مىسلى كۆرۈلمىگەن زىلزىلىلەرنى قوزغىدى ھەم پۈتكۈل مەدەنىيەت، ئەخلاق، دىن، پەلسەپە، ئەدەبىيات، سەنئەت، سىياسى، تۈزۈلمە ... قاتارلىق جىمى ساھەلەرگە ئىنقىلاب خاراكتېرلىك بۇرۇلۇش، ئۆزگىرىشلەرنى ئېلىپ كەلدى. گەرچە بىز بۇلارنىڭ ئىنسانىنىڭ مەۋجۇت ئالەمدىكى ئورنى، ماھىيىتىگە قارىتا ئېلىپ بارغان ئىزدىنىشلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت ـ ئىجابىي رولىنى مۇئەييەنلەشتۈرسەكمۇ، ئەمما شۇنداق بىر ئاچچىق رېئاللىقنى تەن ئېلىشىمىز كېرەككى، بەلگىلىك چەك ـ تەرتىپكە قارشى كۆتۈرۈلگەن مۇنداق كەسكىن ئىنكار چۇقانى ئاخىر بېرىپ كىشىلەر ئورتاق ئەمەل قىلىدىغان ۋە شۇنداق قىلىشقا تېگىشلىك

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئورتاق قىممەت سىستېمىسىغا ئاجايىپ زور گۇمان، شۈبھى ئېلىپ كەلدى ـ دە، ئىنسانلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدا ئاڭلىق ـ ئاڭسىز، ئىختىيارىي ـ مەجبۇرىي رەۋىشتە ئەمەل قىلىپ كەلگەن ئىجتىمائىي تەرتىپ ئەندىزىسىمۇ خىرىس ئىچىدە قالدى. كىشىلەر بىلىپ ـ بىلمەي شۇ جەمئىيەتنىڭ نورمال، ساغلام مەۋجۇتلۇقى ۋە تەرەققىياتى، ئىنساننىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ، بىر ـ بىرى بىلەن مەنە ئاساسىدا ھەمقام ئۆتۈشىنىڭ مەنىۋى ئاساسى بولمىش قىممەت سىتېمىسى — ئىجتىمائىي تەرتىپ ـ مىزانلاردىن چىقىپ كېتىشكە، ۋە بۇ خىل ئاسىيلارچە چىقىپ كېتىش قىلمىشىنى تۈرلۈك باھانە ـ سەۋەبلەر بىلەن ئەقلىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈش، ئەقىلگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇشقا تىرىشىپ كەلدى. گەرچە مۇنداق «چىقىپ كېتىش» بىراقلا، ئۇزۇل ـ كېسىل ۋە ياكى كوللېكتىپ رەۋىشتە مەيدانغا چىقمىسىمۇ، ئەمما يىللارسېرى، ئەۋلادسېرى، ئاستا ـ ئاستا روياپقا چىقماقتا ئىدى ھەمدە نەچچە ئەۋلاد ئادەتلەنگەن ئىجتىمائىي تەرتىپلەرنىڭ كۈچىدىن چەكسىز ئەيمىنىش، شۇنداقلا تۈرلۈك ـ تۈمەن ئىجتىمائىي شەيتانلارنىڭ كۈچىگە چەكسىز تەلپۈنۈش ـ ئىنتىلىش ئارىسىدىكى كۈچلۈك گاڭگىراش، تېپىرلاش، توقۇنۇش، سىلكىنىش، قىينىلىش، ئۆيلىنىش، تىركىشىش شەكلىدە مەيدانغا چىقماقتا ئىدى. «ھىجران»نىڭ كۆرسەتكىنى ماھىيەتتە ئەنە شۇنداق ئىجتىمائىي تەرتىپتىن ئەيمىنىش ۋە ئۇنىڭدىن چىقىپ كېتىش ئارىسىدىكى ئازابلىق گاڭگىراش، كۈچلۈك قىينىلىش، تەگسىز ئۆيلىنىش، ھەسرەتلىك سىلكىنىش ۋە مۇۋاپىق يول ئىزدەش يولىدىكى مەنىۋى تىركىشىش خاتىرىسىدۇر.

«ھىجران»دا بىز سانسىز ئىجتىمائىي تەرتىپ ئەندىزىسىنى ۋە بۇ خىل ئەخلاقىي مىزان ئالدىدا تېڭىرقاپ ـ تىركىشىپ تۇرغان بىر قاتار پېرسوناژلارنى، ئۇلارنىڭ كۆپ قاتلاملىق روھىي

سەرگۈزەشتىلىرىنى ئۇچرىتىمىز.

رىسالەت، ئۇ ئۆزى ياشاۋاتقان جەمئىيەت شەكىللەندۈرگەن نۇرغۇن ئەخلاقىي تەرتىپلەرنىڭ ئالدىدا ئاژابلىق تىترەپ تۇرغان بەندە. ئۇ بۇ جەمئىيەتنىڭ بارلىق ئىپتىكا چۈشەنچىلىرىنى جەزمەن شۇنداق بولۇشى كېرەك بولغان مۇقەررەرلىك سۈپىتىدە چۈشەنگەن ئەزا. ئەمما، ئۇ ئۆزى تەقۋالىق كۆرسىتىشىم كېرەك دەپ قارىغان قىممەت قاراشلىرى ئالدىدا توختاۋسىز تالاشقا دۇچ كېلىدۇ ۋە قورقۇپ ـ ئەيمىنىپ، يىغلاپ تۇرۇپ بۇ چەكلەردىن ئارقا ـ ئارقىدىن چىقىپ كېتىدۇ. ئىپپەت ئۇنىڭ قىزلىق بارلىقى ۋە ئەڭ مۇقەددەس بايلىقى ئىدى. ۋەھالەنكى، ئۇ مۇھەببەتنىڭ مەستخۇشلۇقى ئالدىدا ئۆز ئاجىزلىقىغا تەن بەردى ھەمدە ئەسەبلىرىگە پاتمىغان چاكىنىلىق بىلەن قىزلىق ئار ـ نومۇسنى قايرىپ قويۇپ، ئىپپەت چەمبىرىكىدىن ھالقىپ چىقىپ كەتتى. رەت قىلىش ئىختىيارى تامامەن ئۆز ئىلكىدە تۇرۇپمۇ ئۆزى قىلچە ياخشى كۆرمەيدىغان بىر ئەرنىڭ تورمۇشىغا خوتۇن بولۇپ كىردىيۇ، ئەمما بىر ئەر، بىر ئائىلە ـــ بىر ئىجتىمائىي توپنىڭ قانۇنىيەتلىك ھەرىكەت تەكشۈزلۈقىنى ساقلاش ئۈچۈن كۆرسىتىشى كېرەك بولغان ئىللىقلىقنى بېرەلمىدى. بەلكى بۇ ئىجتىمائىي تەرتىپ چەمبىرىكىدىن چىقىپ كەتتى ۋە يەنە ئۆزىگە تەۋە بولمىغان سۆلايمان قاسىمدىن ئىبارەت يەنە بىر ئەرنىڭ قارىنىدىن ئۆز چاكىنىلىقىغا شەربەت تاپتى ۋە كەتتى. رىسالەتنىڭ ۋۇجۇدى پەرىشتىنىڭ مۆلايىم تەنىمۇ ـ ئاگاھى بىلەن شەيتاننىڭ سىرلىق ـ سېھىرلىك شىۋىرلىشىنىڭ بىرلىكىدىن پۈتكەن. ئۇ پۈتۈن كۈچى بىلەن قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا كۈشۈلداپ ئوت پۈركۈپ ياتقان شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىلىك كۈشكۈرتىشىدىن قۇتۇلۇپ چىقماقچى بولىدىيۇ، ئەمما ئاجىز كېلىدۇ. تېخىمۇ كۈچلۈك توقۇنۇشقا تولغان يېرى شۇكى، ئۇ ئۆز ئاجىزلىقىغا قانچىلىك يۈزلەنگەنسېرى، ئەمما بۇ خىل

ئاجىزلىقىقا تېخىمۇ جاھىللارچە تەن بەرگۈسى كەلمەيدۇ. ئەقىل ئۇنى ئىجتىمائىي تەرتىپ ئەندىزىسىگە بويسۇنۇشقا شەرەتلىسە، ھېسسىيات ئۇنى مۇنداق چەكنى بۆسۈپ چىقىپ كېتىشكە قۇترىتىدۇ. ئۇ تولىمۇ قويۇق ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت مۇھىتى بىلەن شىددەتلىك رەۋىشتە زامانىۋىلىشىۋاتقان جەمئىيەتنىڭ يۇغۇرۇلمىسىدىن پۈتكەن ئوبراز. ئۇنىڭ كىملىكىنى ئەنئەنە بىلەن زامانىۋىلىقنىڭ ئورگانىك بىرىكمىسىدە تۇرۇپ شەرھلەشكە توغرا كېلىدۇ. دېمەككى، ئىجتىمائىي نوپۇز كۈچى ناھايىتىمۇ كۈچلۈك بىر مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنىڭ سۈزۈك بۇلىقىدىن قان ـ جان ئالغان رىسالەت ۋە ئۇنىڭدىن باشقا پېرسوناژلارنىڭ شىددەت بىلەن ئۆزگىرىۋاتقان، يۇغۇرۇلۇۋاتقان، مەنپەئەت ـ مەئىشەت (پۇل، ھوقۇق، جىنسىيەت، كۆڭۈل خۇشلۇقى...) بىرلەمچىلىكىنىڭ تەسىرىدە ھەرقانداق تەرتىپ ـ قائىدىلەردىن ھالقىپ چىقىۋېرىشنى تەرغىب قىلىدىغان ئىجتىمائىي دولقۇنىنىڭ زەربىسىگە ئۇچرىماسلىقى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. رىسالەتمۇ مەدەنىيەتتىكى ئەنئەنە ۋە زامانىۋىلىقنىڭ ئۆزئارا ئۇچرىشىشىدىن ئىبارەت مانا مۇشۇنداق مۇرەككەپ كونتېكىست ئىچىدە ئۆزىگە خاس تەۋەلىك تۇيغۇسى ئىزدەۋاتقان سان ـ ساناقسىز تېڭىرقىغان بەندىلەرنىڭ بىرى. ئۇ مانا مۇشۇنداق مۇرەككەپ كىملىك ئىچىدە زادى قايسى ياققا يۈزلىنىش ئارىسىدا چەكسىز تېڭىرقايدۇ ۋە ئەنئەنە بىلەن زامانىۋىلىق ئارىسىدا داۋالغۇپ تۇرغان جەمئىيەتكە تەۋە شەخس بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆزىنىڭ ئىنسانىي ئاجىزلىقىنى ئاشكارىلايدۇ ـ دە، ئىپپەت، نومۇس، نىكاھ، قوشنىدارچىلىق، ئائىلە قاتارلىق نۇرغۇن ئەخلاقىي چۈشەنچىلەردىن مەزمۇنلانغان تەرتىپ چەمبىرىكىدىن ھالقىپ چىقىپ كېتىدۇ، ئەمما گۇناھ تۇيغۇسىدىن، ۋىجدانىي ئازابتىن، ئۆز ـ ئۆزىنى ئەيىبلەش تۇيغۇسىدىن قۇتۇلالمايدۇ. سۇلايمان قاسىممۇ «ياق، چىقمايمەن»

دەپ تىركىشىپ تۇرۇپمۇ يەنىلا ئاقىۋەتتە بەربىر ئائىلىنىڭ قىممەت چۈشەنچىسىدىن ھالقىپ چىقىپ كېتىدۇ. ئەمما، يەنە ئىزچىل تۇستە ئۆزىنىڭ ئائىلىدىن ئىبارەت تەۋەلىك چەمبىرىكى بارلىقىنى ئۆزىگە ئەسكەرتىپ تۇرىدۇ، ۋە لېكىن، ئەمما چېكىنغا چىققاندا يەنىلا چىقىپ كېتىدۇ، چىقمايمەن دەپمۇ چىقماي تۇرالمايدۇ. مانا بۇ ئىنسانىي قەلبىنىڭ تۇپكى تىركىشىشى، بۈگۈنكى دەۋر كىشىلىرىنىڭ ئازابلىق تېڭىرقىشى، مەدەنىيەت دۇچ كېلىۋاتقان پاجىئەلىك قىسمەتتۇر! ئىجتىمائىي تەرتىپ ئەندىزىسى ئالدىدا قانداق يول تۇتۇش ئۇستىدىكى ئويلىنىش، تاللاش، ئىككىلىنىش، گاڭگىراش، تېڭىرقاش، سەرسانچىلىق تۇيغۇسى «ھىجران»نىڭ پۈتكۈل بايان ئەندىزىسىنىڭ غول ئومۇرتقىسىنى تىكلەپ تۇرىدۇ. بىز مانا مۇشۇ ئومۇرتقىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش ئارقىلىق ئەسەرنىڭ ئىستېمال قىممىتىنى «ئاشىق - مەشۇق»لارنىڭ روھىي سەرسانچىلىق خاتىرىسىدىن بىر دەۋر كىشىلىرىنىڭ مەدەنىيەت ئېڭىدىكى مەركەزگە ئىنتىلىش ۋە مەركەزدىن قېچىش ھادىسىسىنىڭ بەدىئىي خاتىرىسى دەرىجىسىگە كۆتۈرەلىشىمىز مۇمكىن. بولمىسا رومان ئاددىي ھالدىكى ئىشق - مۇھەببەت سەرگۈزەشتىسى شەكلىدە ئوقۇلۇشتىن مۇستەسنا بولالمايدۇ.

رىسالەت، سۇلايمان ئوبرازىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك تەرىپى دەل ئۇنىڭ مانا شۇنداق ئاجايىپ كۈچلۈك توقۇنۇش ئىچىدە يارىتىلغانلىقى ۋە چەكسىز تېڭىرقاش ئىچىدە گەرچە تەلتۆكۈس مۇۋەپپەقىيەتلىك قايتالمىسىمۇ يەنىلا ئورتاق بىر تەرتىپ ئەندىزىسىگە قايتىشقا ئۈزلۈكسىز تىرمىشىشى ھەمدە قىممەت سىستېمىسىنى ساقلاش ۋە يوقىتىش ئارىسىدا چايقىلىپ كېتىۋاتقان بىر دەۋر كىشىلىرىنىڭ توقۇنۇشقا تولغان مۇرەككەپ پسىخىك ھالىتىنى ئۆزلىرىدە مەركەزلىك ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلىگەنلىكىدە كۆرۈلىدۇ. جەمئىيەتنىڭ ئورتاق قىممەت

سىستېمىسىنى ساقلاپ قېلىش ۋە ئۇنىڭدىن ئاستا - ئاستا چەتلەپ كېتىش ئارىسىدىكى ئۆزئۆل - كېسەل روھىي سەرسانچىلىق ۋە مەنىۋى توقۇنۇش ئەسەردە باشتىن - ئاخىر، ھەممە پېرسوناژنىڭ ۋۇجۇدىغا دېگۈدەك سىڭىپ كەتكەن.

بىز ئەسەردىن رىسالەت، سۇلايمان قاسىملاردىن بۆلەك يەنە ئۆزلىرىنى قورشاپ تۇرغان تەرتىپ چەمبىرىكى ئالدىدا تېڭىرقاپ يۈرگەن ئادالەت، نۇرگۇل، گۈزەلنۇر، رەشىدە، ھىمىت ياسىن، تاھىر، ئالىمجان، سەلىمجان، ئەمەت ھاجى، ياسىنجان، ئامىنە، ھەمدۇللا، ئاتاۋۇللا بەردى، قاسىم بارات ۋە يەنە غىل - پاللا ئۇچراپ يوقاپ كېتىدىغان نۇرغۇن پېرسوناژلارنى ئۇچرىتىمىز. ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى تېنىنى سېتىش، باشقىلار بىلەن خالىغانچە ئېچ پۇشۇقىنى چىقىرىش، ھايۋانىي نەپسىنى قاندۇرۇشنىڭ كويىدىلا يۈرۈش، تۇزۇمدە چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىش، ئادالەتسىزلىك، ۋاپاسىزلىق، چىرىكلىك، دەللاللىق، كەسىپتىكى ئەخلاقسىزلىق، ئادەم سودىسى، زەھەرلىك چېكىملىك، ئەيدىز قاتارلىق نۇرغۇن ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە چېتىلغان ھالدا مەيدانغا چىقىدۇ. بىز بۇ پېرسوناژلارنىڭ ۋۇجۇدىدىن بىر خىل قۇتراپ تۇرغان «چىقىپ كېتىش»تىن ئىبارەت غالجىر ئىستەكنى بايقايمىز. ئۇلارنىڭ ئېڭىدىن يامانلىق، رەزىللىك ۋە جىنايى تۇيغۇدىن ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرىدىغان ئورتاق بىر قىممەت سىستېمىسىنىڭ نوپۇز كۈچىنى ھېس قىلىپ يېتىش بەكلا تەس. شۇڭا، سەلىمجان خەق سولاپ بەردى دەپلا ئېغىزىدىن سۈت ھىدى كەتمىگەن نارەسىدە قىزلارنى پوكىنىغا بېسىۋېرىدۇ، قانچىلىك پەسكەش، ناتوغرا ئۇسۇل بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۆزىنىڭ مەنپەئەتىگە پايدىلىقلا بولسا قوللىنىۋېرىدۇ. قانۇن، تۈزۈم، ئەخلاق - ئادەت كۈچلىرىدىن ئەيمىنىپ قالمايدۇ؛ ئەمەت ھاجى خەقنىڭ قىزلىرىنى باشقىلارغا سولاپ بېرىپ ئىش ھەل قىلىپ جان باقىدۇ؛ نۇرگۇل، گۈلباھار، ئادالەتلەر قىزلىق

سالاھىيىتىدىن دەسمىي، قورال، مەبلەغ سوپىتىدە پايدىلىنىپ مەنپەئەتلەنمەكچى بولىدۇ؛ ئامىنە، ھەمدۇللالار ئالدىغا ئۇچرىغانلىكى يات جىنسلىقتا شەھۋەتخورلۇق بىلەن شۆلگەي ئېقىتىپ قاراۋېرىدۇ... ھەممىسى ئۆزلىرى تەۋە بولۇپ تۇرغان ئىجتىمائىي چەمبىرەكنىڭ ئومۇمىي قۇرۇلمىسىنى ساغلام مەۋجۇتلۇققا ئىگە قىلغۇچى تەرتىپ ـ ئەندىزىلەردىن ھېچقانچە تەپتارتىپ ـ ئەيمىنىپ قالمايدۇ، بەلكى پۇرسىتىنى تاپالىسا، دەستەك قىلغۇدەك باھانە ـ سەۋەب تاپالىسىلا بىر ئامالىلارنى قىلىپ ئۆزلىرىنى ئوراپ تۇرغان ئەخلاق چۈمپەردىسىنى يىرتىپ چىقىپ كېتىشكە ئۇرۇنىدۇ. ئۇلار گەرچە بەزى ـ بەزىدە ئەخلاق، ئائىلە، بالا، نىكاھ دېگەندەك ئۇقۇملارنى تىلغا ئېلىپ قويىسمۇ، ئەمما تولا ھاللادا بۇرنىغا يەپ پاجىئە يۈز بېرىپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن شۇنداق بىر ئۇقۇم، تەرتىپ ئەندىزىسىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ھەسرەت، پۇشايمان ئىلكىدە تىلغا ئالىدۇ. بۇلار تەۋەلىك تۇيغۇسى زور دەرىجىدە خىرەلەشكەن كىشىلەردۇر. بۇلار تورمۇشتا ئۆلچەم بويىچە مۇئامىلە قىلغۇچىلار ئەمەس، ياشاپ بولۇپ ئۆلچەمنى ئەسكە ئالغۇچىلاردۇر. ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكىدىن بىزگە قېپقالغىنى ھەسرەت، گاڭگىراش، چەكسىز ئېچىنىش بولدى.

ئاپتور ھەممىسىنى بايان سەيناسىدا تازا ياير ىتىپ ئوينىتىپ بولۇپ، ئاخىرىدا ھەممىسىنىڭ ئۆزلىرى ھەقىقىي تەۋە بوشلۇققا قايتمىسا بولمايدىغانلىقىنى ئەسكەرتىپ تۇرۇپتۇ. بۇ ئاپتورنىڭ بەدىئىي غايىسىدۇر. ئەمما، مېنىڭ ھەقىقىي كۆڭۈل بۆلىدىغىنىم پېرسوناژلارنىڭ ئاددىي ھالدىكى پۇشايمان ـ تووىسى ئەمەس، بەلكى تېخىمۇ غوۋا ۋە يىراق بىر قاتلام ــ «ھىجران»دىكى بەدىئىي رېئاللىقنىڭ ئومۇمىي مەنىۋى ئېكولوگىيىسىدۇر. خوش، بۇ بەدىئىي مۇھىتنىڭ داۋامىدا قانچىلىك مۇستەھكەم تەرتىپ ئەندىزىسى قېپقالدى؟ ئەگەردە بىز «ھىجران»نىڭ بوشلۇقىنى

www.uyghurkitap.com

تېخىمۇ كېڭەيتىپ ـ ئۇزارتىپ باقساق، قانداق شەكىلدىكى ئاڭ، تەۋەلىك تۇيغۇسىنىڭ ۋەز ـ نوپۇزىنى ھېس قىلالىشىمىز مۇمكىن ۋە ئۇنىڭدىكى پېرسوناژلارنىڭ ۋۇجۇدىدىن قانداق ئورتاق ھەرىكەت سىجىللىقىنى تاپالىشىمىز مۇمكىن؟ ئۇلار كەلگۈسىدە قانداق سالاھىيەت، كىملىكىنى ئىپادە قىلار؟ بىزنىڭ كۆرىدىغىنىمىز كوللېكتىپ سەرسانچىلىق، ئۇزلۇكسىز چىقىپ كېتىش، چەكسىز تېڭىرقاش، ئىزچىل ئىككىلىنىش بولارمۇ ياكى؟...

مانا بۇ ئوقۇرمەنلىكنىڭ داۋاملىشىشىدۇر. مۇنداق «داۋاملاشتۇرۇپ ئوقۇش» مېنى شۇنداق بىر ئېھتىماللىققا سۆرەيدۇ: ئۇلار يەنىلا ئۇزلۇكسىز گاڭگىرىغۇچى ۋە چەكسىز تېڭىرقىغۇچىلاردۇر! رىسالەت يولىنىڭ ھەر ئىككىلىسىنى تاللاپ بولغان بەندە، ئۇ سۇلايمان قاسىمدىن ۋاز كەچمەكچى ئەمەس، ئەمما ئۆز ئىنتىلىشىدىن ۋاز كەچمەكچىمۇ ئەمەس. سۇلايمان قاسىممۇ ئۆيىنى بۇزمايدۇ، ئەمما رىسالەتنى سۆيمەيمۇ قويمايدۇ. ئۇلارنىڭ تەن ـ جىسمى تەرتىپ چەمبىرىكى ئىچىدە قالدى، ئەمما ئاڭ ـ روھىنىڭ تەڭ ـ يېرىمى بۇ دائىرىدىن ئاللىقاچان ھالقىپ چىقىپ كەتتى. مانا بۇ ئەخلاق ۋە تەرتىپ ئالدىدىكى چەكسىز گاڭگىراش، تېڭىرقاشتۇر. بۇ چوقۇمكى، بىزدىن كەسكىن تاللاشنى تەلەپ قىلىدۇ. چۈنكى، يولنىڭ ھەر ئىككىسىدە تەڭ ماڭىمەن دېيىش چاتنىڭ يېرىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ھالالنى ھارامغا مىلەپ يېسە قانداق بولىدۇ؟ ھاراقتا غۇسلى قىلىشنىڭ ھۆكمى نېمە؟ ھالال خوتۇنىنىڭ قېشىدا ئاشنىسىنى ئەسلەپ يېتىشقا سوت نېمە؟ بىرلا ۋاقىتتا ھەم مۇرتەد، ھەم تەقۋا بولۇش مۇمكىنمۇ؟

رىسالەت بىر دەۋر كىشىلىرىنىڭ مەنىۋى تېڭىرقىشىنى ئۆزىدە جۇغلاپ تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭغا قانداق باھا بېرىشىمۇ چوقۇمكى، ئوقۇرمەنلەردە ئاجايىپ زور تېڭىرقاش، ئىككىلىنىش،

گاڭگىراش، ھەتتا ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈش ھادىسىسىنى پەيدا قىلىدۇ. پەرەز قىلىش تەس ئەمەسكى، رىسالەتنىڭ چىقىپ كېتىشىنى ۋە كېيىنكى تاللىشىنى قوللاپ، ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلىدىغانلار قانچىكى كۆپ بولسا، سۇلايمان قاسىمنىڭ ئىككىلىنىپ، گاڭگىراپ، قىينىلىپ تۇرۇپ رىسالەتنى قوينىغا تارتىشىنى يەڭگىل تەبەسسۇم بىلەن قارشى ئالىدىغانلارمۇ شۇنچە كۆپ چىقىدۇ. كىمىكى ياق، مۇنداق قىلماسلىقى كېرەك، دېسە ئۇنىڭغا قارشى شەرھى - پەتىۋا كۆتۈرۈپ كېلىدىغانلار ۋە ئۇلارنىڭ تەرتىپتىن ۋە ئۆزلىرىدىن ھالقىپ چىقىشىنى ئەقلىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈشكە ئەسلى - ۋەسلى بىلەن كۈچەيدىغانلار تېخىمۇ كۆپ چىقىدۇ. مۇھەببەت بىلەن ئەخلاق، ئەقىل بىلەن ھېسسىيات، تەرتىپ بىلەن دەخلىسىز ئەركىنلىكنىڭ قىممەت ئۆلچىمى ئارىسىدا يۈز بېرىدىغان مۇنداق تالاش - تارتىش ماھىيەتتە بىزنىڭ مەدەنىيەت ۋە ئۇنىڭ كەلگۈسىگە بولغان پوزىتسىيىمىزنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ بەلكىم ئەسەرنىڭ دەۋرنىڭ ئەخلاق ئالدىدىكى تېڭىرقىشىنى ئېستېتىكا يۈكسەكلىكىدە ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلىگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى بولسا كېرەك.

خوش، ئەسەرنىڭ ئىچكى ئېقىنىدىكى تەرتىپ ئەندىزىسى بىلەن ئۆزلۈكسىز چىقىپ كېتىشنى دەۋر قىلغان ئومۇمىي ھەرىكەت سىجىللىقىنى تەھلىل قىلىشىمىز مۇشۇ يەرگىچە بولسۇن. بۇ سىجىللىق ۋە ئومۇمىيلىق بىزنى ئەسەرنىڭ چىقىش نۇقتىسىنى دەۋر كەڭلىكىگە كېڭەيتىشىمىزگە ياردەم بېرىدۇ. بىز ئەمدى سۆز ئويۇنىنى يىغىشتۇرايلى. «چىقىپ كېتىش»كە ھېسداشلىق قىلامدۇ ياكى ئۇزۇل - كېسىل تەرتىپ ساقلاشتا چىڭ تۇرامدۇ ۋە ياكى رىسالەت، سۇلايمان قاسىمدەك پەرىشتىنى ئېلىپ، شەيتانىنى توقال قىلامدۇ، كەسكىن تاللاشنى تەلەپ قىلىدىغان بۇ سوئال يەنىلا مۇشۇ «تېڭىرقىغان بىر ئەۋلاد»قا

قالسۇن. چۈنكى، دەۋر مەيدانغا چىقارغان تېگىرقاشقا شۇ دەۋرنىڭ مەدەنىيەت ھەقدارلىرى جاۋاب ئىزدەشكە ئەڭ ھوقۇقلۇق.

## 3

بىز ئەمدى تۇرسۇنجان مۇھەممەتنىڭ «يۇمرانلىق»ى ۋە باياندىكى «تېگىرقاش»ى ئۈستىدە ئازراق توختالماقچى. ئەگەردە ئاپتور بۇنى قانداقتۇر ئەقىل ئۆگىتىش ياكى تىرناق ئاستىدىن غەرەزلىك كىر ئىزدەش ئەمەس، سەممىيلىك دەپ چۈشەنسە، بەلكىم ئۇنىڭ كېيىنكى ھالقىشى ئۈچۈن ئاز ـ تولا ياردىمى بولۇپ قالار.

**«تېگىرقاش» ئىچىدىكى باشلىنىش**

«ھىجران»نى بايان سەنئىتى جەھەتتىن خېلىلا چىن، مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان ئەسەر دېيىش مۇمكىن. ئەمما، مەن ئەسەرنىڭ بىرىنچى جۈملىسىنى مەغلۇبىيەتلىك باشلىنىش دەپ قارايمەن. «خۇددى پارىژ شەھىرىنى كېسىپ ئۆتىدىغان سىنا دەرياسىغا ئوخشاش، ئۇلىغا تاش ياتقۇزۇلغان بىر ئۆستەڭ كىچىككىنە ناھىيە بازىرىنى ئىككىگە ئايرىپ تۇرىدۇ.» خوش، تەكلىماكاننىڭ قارىنىدىكى بىر چەت ـ يىراق ناھىيە بازىرىنىڭ ئۆستىڭىنى نەچچە مىڭ كىلومېتىر يىراقلىقتىكى، يەنە كېلىپ بىزنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسىم ئوقۇرمىنىمىزگە پۈتۈنلەي ناتونۇش بولغان ياۋروپادىكى بىر دەريا بىلەن سېلىشتۇرۇپ ـ ئوخشىتىپ تەسۋىرلەشنىڭ زۆرۈرىيىتى زادى نېمە؟ كونتېكستتىكى ماكان تۇيغۇسىنى گەۋدىلەندۈرۈشتە يىراق سىنا دەرياسى بىزنىڭ ئوقۇرمەنلىرىمىز ئۈچۈن قانداق بەدىئىي ئۈنۈم يارىتالىشى مۇمكىن؟

ئاپتورنىڭ نېمىلەرنى نېمىلەر ئارقىلىق ئوبرازلاشتۇرۇشى تامامەن ئۆزىنىڭ يېزىق ھوقۇقىدىكى ئىش. بىزنىڭ ئەقىل

ئۆگىتىشىمىز يولسىزلىق بولۇشى مۇمكىن. ئەمما، بىر پارچە ئەسەرنىڭ مۇئەييەن مەدەنىيەت قاتلىمىدىكى ئورنى، ئىستېمال قىممىتى، بەدىئىي يۇقۇملاندۇرۇش كۈچى ۋە ئۇ پەيدا قىلىدىغان ئىماگ نۇقتىسىدىن تەكشۈرگىنىمىزدە، بۇ خىل ياتلار ئارقىلىق ئۆز كىملىكىنى گەۋدىلەندۈرۈشكە ئۇرۇنۇشتەك خاھىش سەل قارايدىغان، ئاددىي مەسىلە بولماي قالىدۇ. بۇ ئوقۇرمەنىنىڭ دىققەت مەركىزىنى تېكىستنىڭ ئۆزىگە مەركەزلەشتۈرمەستىن، بەلكى بۇرىۋېتىشى، يەنىمۇ سەل قارالسا ئەدەبىياتنىڭ مىللىيلىك تۈسىنى خىرەلەشتۈرۈۋېتىشى مۇمكىن. تارىمنى سىنا ئارقىلىق سۈپەتلەش، ماھىيەتتە سىنانىڭ يۈكسەكلىكى نۇقتىسىدىن بايانغا كىرىش بولۇپ، بۇ بىزنىڭ دىققەت مەركىزىمىزنى تارىمدىن سىناغا، تەكلىماكاندىن ياۋروپاغا يۆتكىۋېتىدۇ - دە، ئەسەرنىڭ يەرلىك خاسلىق، مەدەنىيەت ئېكولوگىيىسىنى ۋە شۇ يەرلىك خەلقنىڭ پسىخىك ئىنتىلىشى، ئېستېتىك خاھىشىنى گەۋدىلەندۈرۈشتىن ئىبارەت تۈپكى يېزىق مۇددىئاسىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى زەربىگە ئۇچراپ كېتىدۇ.

ھەممىمىزگە ئايانكى، ئەدەبىيات ئوبرازلىق تىل سەنئىتى. بۇ يەردىكى ئوبرازلىق تىل يالغۇز ئىستىلىستىكىلىق تىل ماھارىتىگىلا قارىتىلمايدۇ. ئۇ جەزمەنكى، ئوبرازنى ئاساس، ئۇل ۋە بەلگىلىك سەنئەت يۈكسەكلىكىگە يېتىشنى مەقسەت قىلغان بولىدۇ. ھەممىگە تونۇش بۇ ئاددىي ئۇقۇمدىن بىز مۇنداق ئۈچ ئاچقۇچلۇق سۆزنى سۇزۇپ چىقالىشىمىز مۇمكىن: ئوبراز، تىل، سەنئەت. خوش، ئوبراز نەدىن، قايسى قاتلام، قايسى خىل خاسلىق ۋە مەدەنىيەت تېپىدىن بارلىققا كېلىدۇ؟ تىلچۇ؟ ئۇ كىمنىڭ تىلى؟ نېمە ئۈچۈن شۇنىڭ تىلى بولۇپ قالدى؟ بۇ تىلنىڭ شەكىللىنىشىنىڭ تارىخىي مەنبەسى، مەدەنىيەت تىندىنسىيىسى زادى قانداق؟ بولۇپمۇ بۇ تىلنىڭ ئىستىلىستىكىلىق ۋە ئېستېتىكىلىق ئىشارە قاتلىمىنى شەكىللەندۈرىدىغان ئىچكى

قورۇلما زادى قانداق شەكىللىنىدۇ؟ ئۇنىڭ شۇ خەلقنىڭ گۈزەللىك قارىشى، تۇتىم ـ ئېتىقاد، تىۋىنىش، ئۆرپ ـ ئادەت، تۇرمۇش، سىياسىي، ئىقتىسادىي ساھەلىرى بىلەن بولغان ئالاقىسى قانچىلىك بولۇشى مۇمكىن؟ مۇشۇ خىل ئوبراز، تىلنى ۋاستە قىلغان سەنئەتچۇ؟ ئۇنىڭ قىممەت يۆنىلىشى، تەسۋىر يۆنىلىشى نېمىگە تايىنىدۇ ۋە شۇ ئارقىلىق قانداق قىممەت يارىتىدۇ؟

بىز بۇ ئۈچ سۆز ھەققىدە قانچىكى ئەستايىدىل، ئىنچىكە ئويلانغانسېرى، ئوبراز كېلىپ چىققۇچى، بۇ تىلنى قورال قىلغۇچى، سەنئەت ـ مەدەنىيەت شەكىللەندۈرگۈچى چوڭ بىر ئىجتىمائىي توپنىڭ مەدەنىيەت پسىخىكىسىغا شۇنچە چوڭقۇر كىرىپ كېلىمىز. ئوبراز مەلۇم بىر توپتىن چىققانىكەن، ئۇ چوقۇمكى، شۇ توپنىڭ تىل، دىل، دىن، گېن ئالاھىدىلىكىنى مۇئەييەن رەۋىشتە يۇغۇرۇپ چىقىدۇ. شۇنداقلا ئۇ شۇلارغا خاس ئوبراز ـ ئىماگ سىستېمىسىنى مەيدانغا چىقىرالايدۇ ھەمدە شۇ خىل سالاھىيەتنىڭ خاسلىقىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ. بىر دەۋرنىڭ ئەدەبىياتىدا قانداق ئىماگ ـ ئوبراز، ئىستىلىستىكىلىق ۋاستە مەنبەلىرىنىڭ قوللىنىلىشى ماھىيەتتە شۇ دەۋرنىڭ مەدەنىيەت ـ سەنئەت ئېستېتىكىسىنىڭ قايسى يۆنىلىشكە قاراپ كېتىۋاتقانلىقىدىن بەلگىلىك دەرىجىدە بېشارەت بېرەلەيدۇ. قارا، يېشىل، كۆك، سېرىق، قىزىل رەڭلەرنىڭ ئۆزىلا ماھىيەتتە كۈچلۈك مەدەنىيەت ـ ئېستېتىك ئاساسىغا ئىگە سىمۋوللۇق مەنىلەردۇر. سېرىق چاچ، كۆك كۆزلۈك ئوبراز ياۋروپا ئەدەبىياتى ئۈچۈن ئەڭ گۈزەل تىپ بولسا، تۈركىي مىللەتلەر ئېغىز ئەدەبىياتى ئۈچۈن ئۇ يامانلىق، رەزىللىككە ۋەكىللىك قىلغۇچى مەنىدۇر.

بىز دۇنياۋى كلاسسىك يازغۇچىلارنىڭ نادىر ئەسەرلىرىگە قاراپ باقساقلا مەيلى سىمۋول، ئوخشىتىش، جانلاندۇرۇش

قاتارلىق ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەرنى قوللىنىشتا بولسۇن ياكى ئەسەرنىڭ پېرسوناژ، مۇھىتنى تەسۋىرلەشتە تايانغان ئىماگ ـ ئوبرازلار بولسۇن، ئاساسەن شۇ خىل مەدەنىيەت ئەنئەنىسى ۋە خەلقنىڭ ئېستېتىك غايىسىگە ئەڭ يېقىن شەيئى ـ ھادىسىنى، ھەتتا مەدەنىيەت ئېستېتىكىسىنىڭ توپ ئەندىزىسىنى چىقىش قىلغانلىقىنى بايقايمىز. كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدا «ئوغۇزنامە»دىكى ئوغۇزخاننىڭ تەسۋىرى بۇنىڭغا ئاجايىپ يارقىن مىسال بولالايدۇ. بىز ھەربىر تەسۋىردىن ئاددىي ئوبرازلاشتۇرۇپ قويۇشنى ئەمەس، شۇ دەۋرنىڭ تۇتېم ئېڭى ۋە ئېستېتىك چۈشەنچىسىگە باغلانغان، ئاجايىپ كۈچلۈك بەدىئىي دىت ۋە ئوبراز تاللاشتىكى ھەيران قالارلىق ئاڭلىقلىقنى ھېس قىلىمىز. «بۇ ئوغۇلنىڭ ئۆڭ ـ چىرايى كۆك، ئاغزى چوغدەك قىزىل، كۆزلىرى ھال، چاچلىرى، قاشلىرى قارا ئىدى»، «ئايىغى ئۆكۈز ئايىغىدەك، بېلى بۆرىنىڭ بېلىدەك، يەلكىسى بۇلغۇن يەلكىسىدەك، كۆكسى بولسا ئېيىق كۆكسىدەك ئىدى». كىشىنى تېخىمۇ ھەيرەتتە قويىدىغىنى شۇكى، ئوغۇز خاقاننىڭ كۈندىن نۇرلۇق، ئايدىن يورۇق، نۇر ئىچىدىن ئالغان بىرىنچى خوتۇنى مۇنداق سۈپەتلىنىدۇ: «ئۇنىڭ پېشانىسىدە ئاتەشتەك نۇرلۇق بىر مېڭى بولۇپ، بۇ مېڭى ئالتۇن قوزۇققا (قۇتۇپ يۇلتۇزى) ئوخشايتتى». بۇنىڭدىن كېيىنلا ئوغۇز خاقاننىڭ بۇ خاتۇندىن تۇغۇلغان ئۈچ ئوغلىنىڭ «تۇنجىسىغا كۈن، ئوتتۇرانچىسىغا ئاي ۋە كەنجىسىگە يۇلتۇز دەپ ئات» قويۇلىدۇ. كۈندىن نۇرلۇق، ئايدىن يورۇق، پېشانىسىدە قۇتۇپ يۇلتۇزىدەك نۇرلۇق مېڭى بار خوتۇندىن تۇغۇلغان بالىلارغا قويۇلغان ئىسىملارنىڭ قانداق سىرلىق، تەبىئىي ۋە يۈكسەكلىكتە ئانىنىڭ سۈپىتىگە باغلانغىنىغا دىققەت قىلماق كېرەك. بۇ ئاڭسىز ئوخشىتىشمۇ ياكى تاسادىپىي ماس كېلىپ قېلىشمۇ؟ ئۇنداقتا، ئۇنىڭ كەينىدىنلا بېرىلگەن دەرەخ كاۋىكىدا ئولتۇرغان قىزنىڭ

www.uyghurkitap.com

تەۋسىپىگە دىققەت قىلىڭكى: «ئۇنىڭ كۆزى ئاسماندىن كۆكرەك، چىچى خۇددى دەريا سۈيىدەك، چىشلىرى ئۈنچىدەك ئىدى». ئۇنىڭدىن تۇغۇلغان ئۈچ ئوغۇلنىڭ ئىسمى زاتىنىڭ بىرى كۆك، بىرى تاغ، يەنە بىرى دېڭىز بولدى. كۆك ئاسماندىن چۈشتى، دەريا سۈيى تاغدىن كەلدى، ئۈنچە دېڭىزدىن چىقتى! بۇنىمۇ مۇنداقلا توغرا كېلىپ قېلىش دېيىشكە كىشىنىڭ تىلى كۆيىدۇ. ئەجەبا، بۇ تەسۋىر ئوغۇز خاقانىنىڭ ۋە ئۇ باشلاپ ماڭغان قوۋمىنىڭ گۈزەللىك ئېستېتىكىسى، مۇنداقچە ئېيتقاندا، بارلىق مەدەنىيەت تىندۇرمىسىنىڭ ھۆججەت - ئارخىپى ئەمەسمۇ؟ بىز يۇقىرىقى قىسقىلا سۆپەت - تەسۋىر، بايانىنى تۇتۇپ تۇرۇپ شۇ دەۋرنىڭ مەدەنىيەت تىپى، ئېستېتىك خاھىشى، ئىجتىمائىي ئادەت، كىشىلەرنىڭ مەنىۋى ئىنتىلىشىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ يېتەلەيمىز. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «بۇ بەك ئەزىز بىر كىتابتۇر، ئۇ چىن ھېكىملىرىنىڭ ھېكمەتلىرى بىلەن بېزەلگەن، ماچىن ئالىملىرىنىڭ شېئىرلىرى بىلەن ياسانغاندۇركى...» دەپ باشلىغان ئوبرازلىق تەسۋىرلىشىدىنىلا ئۇنىڭدىكى ئۆزلۈك تۇيغۇسى ۋە ئۆزى تەۋە قاتلامنى قانچىلىك پەخىر - ئىپتىخار، مۇقەددەس بىلىش تۇيغۇسى بىلەن تىلغا ئېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلساق، نەۋائىي ھەزرەتنىڭ ئۆزلۈك تۇيغۇسى ئالدىدا ھەيرانۇ ھەس قالىمىز. ئۇ شەرق ئەللىرىگە ئورتاق بولغان نۇرغۇن تېمىلاردا ئەسەر يازغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنى ئۆزى ياشاۋاتقان ئېتنىك تۈركۈمنىڭ مەدەنىيەت كونتېكىستى ئىچىگە قويۇپ تەسۋىرلىدى ۋە ئۇنى تۈركىي مىللەتلەرگىلا خاس بولغان رەڭ، تىنىق، ئۇسلۇب، تىل بىلەن سۇغىرىپ ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدىلا ئەمەس، دۇنيا ئەدەبىيات تارىخىدىمۇ ئۆلمەس ئابىدە تىكلەپ بەردى. بىز مۇھاكىمە تېمىمىزغا ماس بولغان تەۋسىپ - ئوبراز يارىتىش سەنئىتىنى تۇتقا قىلىپ تۇرۇپلا، باشقا ئەسەرلەرگە ئەمەس، بىر «فەرھاد -

شېرىن»داستانىغا قارىساقلا، ھەرقانداق بىر گۈزەللىك، ئۇلۇغلۇق، يۈكسەكلىك سۈپىتىنىڭ «چىن» ئىماگى بىلەن باغلىنىپ كەتكەنلىكىنى بايقايمىز. پۈتكۈل داستاندىكى ھەربىر تىنىق، ھەربىر قۇرغا قولىدىن كېلىشىچە چىن، خاقانى چىن، چىن نەقىشى، چىن باغۇ بوستانى، چىن يىپىكى، چىن شايى ـ ئەتلىسى، چىن نەققاشى، چىن ئۇستىسى، چىن، چىن... دەپ تامامى گۈزەل تەۋسىپ ـ تۆھپىلەرنى چىنغا باغلاپ تۇرۇپ تەسۋىر قاتقان ۋە ئۆلمەس دۇررى ـ قورلانى تىزغان مەۋلانىنىڭ ئالدىدا ھەقىقەتەنمۇ كىشىنىڭ يۈزى قىزىرىدۇ. نەۋائىي ھەزرەتتىن ئۆزگە تېخى ھېچكىم بىر ئوبراز ـ ئىماگنى مۇنداق ئوتلۇق ھاياجان، ئىشق ـ ھەۋەس بىلەن تەسۋىرلەپ باققان ئەمەس. ئۇ ئەدەبىياتتىن ئىبارەت بۇ بەدىئىي زېمىندا ئۆلمەس بىر شەھەر ئىماگى تىكلەپ بەردى. بۇنى دەل ئوبراز ۋاسىتىسى بىلەن بارلىققا كەلگەن مۆۋەپپەقىيەت، ئۆزلۈك، كىملىك دېمەي نېمە دېگۈلۈك؟

ۋەھالەنكى، ئەدەبىياتىمىزدا يېقىنقى يىللاردىن بېرى ساھىل، ماچتا، ئوكيان، دېڭىز، مەسىھ، كرىست دېگەندەك بىرمۇنچە ئوبراز ـ ئىماگ، سىمۋول ئىبارىلىرى پەيدا بولۇپ، ھەتتا خېلى كەڭرى قوللىنىلىشقا باشلىدى. تۇرسۇنجان مۇھەممەتمۇ سىنا دەرياسىغا غايىۋى ئىنتىلىپ تۇرۇپتۇ ۋە ئۆزى تەسۋىرلىمەكچى بولغان ئۆستەڭ ئوبرازىنى ئاشۇ ئىماگ ئارقىلىق گەۋدىلەندۈرۈپ بەرمەكچى بوپتۇ. مەن بۇنىڭ قانچىلىك قىممىتى ۋە رولى بولىدىغانلىقىنى بىلمەيمەن. ئەمما، ئەدەبىياتىمىز ئۈچۈن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇ ئىلگىرىلەش ئەمەس، قىممەت ئىنتىلىشى، ئېستېتىك خاھىش جەھەتتىن چېكىنىش خاراكتېرلىك بۇرۇلۇش، ئۆزگىرىش بولارمىكىن دەيمەن. تۇرسۇنجان مۇھەممەت ھازىرغىچە يېڭى، جانلىق ۋە تولىمۇ ئوبرازلىق ئوخشىتىشلارنى ياساپ قوللىنىشتا ئىزچىل تىرىشىپ كېلىۋاتقان

يازغۇچىلىرىمىزنىڭ بىرى. مەن بۇ نۇقتىغا خېلى دىققەت قىلغانمەن. ئەمما، ئاپتورنىڭ بۇ خىل بايان سەنئىتىنى بەلكىم ھەددىدىن زىيادە زېغىرلاپ كەتكەندىمەن. لېكىن، مەن ئاشۇ ئۆستەڭنىڭ تۇرسۇنجانغا كۆرمەي تۇرۇپمۇ شۇنچىلىك تەسىر قىلغان (بىلىشىمچە، تۇرسۇنجان پارىژغا بېرىپ باقمىغان) سىنا ئىماگىدىنمۇ يۇكسەك سۇپەتتە تەسۋىرلىنىشىنى بەكلا ئارزۇ قىلىمەن. بىزدىنمۇ ئۆزىگە چوڭقۇر مەدەنىيەت ئاساسىنى جۇغلىغان ئۆلمەس ئىماگلار چىقىشى كېرەك. ئەپسۇسكى، ئۇنى مەدەنىيەت چەمبىرىكىمىزدىن تولىمۇ يىراقتىكى غۇۋا ئوبرازلار ئارقىلىق گەۋدىلەندۇرۇپ چىقىش مۇمكىن ئەمەستە !

### باياندىكى مەركەزلىك ئېغىش

بۇ تۇرسۇنجان مۇھەممەتنىڭ ئىجادىيىتىدە ئىزچىللىق شەكىللەندۇرۇپ كېلىۋاتقان مەسىلە، يەنى قۇتراپ تۇرغان ھايۋانىي ھەۋەسنىڭ بەكلا گەۋدىلىنىپ كېتىشى ۋە بايانىنىڭ مۇشۇ خىل جىنسىي ئىستەككە ھەددىدىن زىيادە ئېغىپ كېتىش خاھىشى. بۇ ئۇنىڭ ھەممە ئەسەرلىرىدە ئومۇمىيۈزلۈك دېگۈدەك ساقلىنىپ كەلدى. ھەتتا بەزىدە مەن ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى بىر يەرگە جەملەپ كۆزەتسەم، ئۇنىڭ قەلىمى ئاستىدا يارىتىلغان پېرسوناژلارنىڭ كۆپىنچىسى جاۋغىيىدىن شەھۋەت شۆلگىيى ئېقىپ تۇرغان بۇزۇق بەندىلەر سىياقىدا كۆزۈمگە كۆرۈنىدۇ. ئەلۋەتتە پېرسوناژلارنى قانداق يېزىش، قايسى تىپتىكى ئوبرازلارنى يارىتىش ئەسەرنىڭ تېما ئالاھىدىلىكى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدىغان ئىش. لېكىن، باياندىكى تەسۋىرنىڭ مەركەزلىشىش ھادىسىسىنى بىز ئەلۋەتتە يازغۇچىدىن كۆرىمىز. بارلىق زىددىيەت ـ توقۇنۇش، ۋەقە، گەپ ـ سۆزلەرنىڭ ئىشتانىنىڭ ئىچىگە، بەلنىڭ ئاستىغا، چاتنىڭ ئارىسىغا بەك مەركەزلىشىپ كېتىشى مەيلى سەنئەت، مەيلى ئېتىكا ياكى ئېستېتىكا نۇقتىسىدىن بولسۇن، سەل قارايدىغان ئىش ئەمەس.

مۇنداق بىنورمال ئېغىپ كېتىش «ھىجران»دا تېخىمۇ چېكىغا چىقىپ كەتكەن.

«ھىجران»دىن بايقاش تەس ئەمەسكى، كۆپ قىسىم پېرسوناژلار جىنسىي ئىستەك ئالدىدا تولىمۇ ئاجىز، شاللاق. مەيلى رىسالەتنىڭ ئالىي مەكتەپتىكى ساۋاقداشلىرى ياكى خىزمەتداشلىرى بولسۇن، ئۆزىنى تۇتۇۋالغانلىرى بەك ئاز. نۇرگۇل، گۈلباھار، ئامىنە، ھەمدۇللالارلا ئەمەس، ھەتتا ئەسەردە مۇنداقلا كۆرۈنۈپ يوقاپ كېتىدىغان ئۆتكۈنچى پېرسوناژلار، يولدا كېتىپ بارغان يولۇچىلار، تاكسى شوپۇرلىرىمۇ «قۇشلاش»نىڭ گېپىنىلا قىلىدۇ؛ ۋە ھەتتا يىراق تاغلىق كەنتتىكى قاۋۇل ئاخۇن، دېھقان خوتۇنلارمۇ تامبالنىڭ ئىچىدىنىلا گەپ قىلىدۇ؛ ئامىنە ئېغىزىنى ئاچتىمۇ «ئويناش»قا ئائىتلا گەپ ساتىدۇ، ھەتتا يۇمۇر سۆزلىشىمۇ يوتقاننىڭ ئىچى؛ ئەمەت ھاجى، ھېپىزەملەر سولامچىلىق قىلىپ جان باقىدۇ؛ ناھىيىنىڭ كۆپىنچە كاتتىلىرى ئەمەت ھاجىنىڭ يانچۇقىغا چۈشۈپ قالىدۇ؛ ئەمەلدار تەيىنلەشتىن تارتىپ قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى ھۆددىگە بېرىشكىچە نۇرغۇن ئىشنىڭ چاپىنى ئەمەت ھاجىنىڭ شوپاڭخانىسىدا پىچىلىدۇ؛ تېخىمۇ ئەجەللىك يېرى، ئەمەت ھاجى يېزىدىكى قولى قىسقا، باققۇچىسى يوق، بىرنى ئىككى قىلالماي بېشى قاتقان تۇل خوتۇنلارنىڭ بويىغا يېتىپ قالغان قىزلىرىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويىمەن دەپ، ھەپتىلىكىنى يۇقىرى باھادا سېتىۋېلىپ باشلىقلارنىڭ ئاستىغا تاشلاپ بېرىدۇ، بۇ قىزلارنىڭ ئانىسىمۇ قىزىنىڭ نەدە، نېمە ئىش قىلىشىنى سۈرۈشتۈرمەيلا بېرىۋېرىدۇ، قىزلارمۇ مىت قىلماي يېتىۋېرىدۇ (ئەسەردىن بىز قارشىلىق دېگەننى كۆرمىدۇق)، ھەتتا ئاياللار ئەرلەردىن مۇتلەق تەشەببۇسكار سۈپەتتە قىيپالىڭاچ غالجىرلىشىدۇ...

ئەسەر رېئاللىقنىڭ تېپىكلەشتۈرۈلگەن، تېخىمۇ بەدىئىي

يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلگەن ئىنكاسى دېگىنىمىزدىمۇ، ئەمما مۇنداق ئومۇمۇملاشتۇرۇۋېتىش ۋە بايان ـ تەسۋىردە جىنسىي تېمىغا بەك مەھلىيا بولۇپ كېتىش، يىغىپ ئېيتقاندا، ساددىلىق ۋە بەلكى ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەنلىكتۇر. ئەسەرنىڭ ئەجەللىك ئاجىزلىقى دېيىلسە، بايانىنىڭ بۇ نۇقتىدا زىيادە ھاياجانلىنىپ كېتىشىدۇر. ھەتتا ئوقۇرمەن، ئاپتور غەرەزلىك ھالدا گەپ ـ بايان تېمىسىنى مۇشۇ ياققا بۇراۋاتامدۇ ـ قانداق، دېگەن تۇيغۇغا كېلىپ قالىدۇ. مېنىڭچە، بۇ سەنئەت ئېستېتىكىسىغا، تۇرمۇش لوگىكىسىغا، ئەدەبىياتنىڭ تۈپ قانۇنىيىتىگە، ئوقۇرمەنلەرنىڭ زوقلىنىش پسىخىكىسىغا ئۇيغۇن بولمىغان ئىللەتتۇر. بۇ، ئاپتور يەنە دىققەت قىلمىسا چاكىنىلىشىپ قالىدىغان نۇقتا ھەمدە ئەسەرنى، ئاپتورنى خاتا ئوقۇشقا ئېلىپ بارىدىغان ئامىل. ئاپتورنىڭ چىقىش نۇقتىسى مەيلى قانچىلىك ئۇلۇغ، دۇرۇس، ساپ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بايان سەنئىتىدە مۇنداق ئېغىر ئېغىش كۆرۈلۈۋېرىدىكەن، ئۇ ئاپتورنىڭ ھالقىشىنى چەكلەپ قويىدىغان، ھەتتا ئۇنى چېكىندۇرۇۋېتىدىغان ئەجەللىك ئاجىزلىققا ئېلىپ بارىدۇ. بىز ئاپتورنىڭ ھالقىشىنى خالايمىز ۋە بايانىدا نورمال تەڭپۇڭلۇق ساقلىشى كېرەكلىكىنى ئەسكەرتىمىز.

ئۇنىڭدىن باشقا ئەسەرنى تېخىمۇ كەڭ ۋە چوڭقۇر بولغان تۇرمۇش رېئاللىقىغا ئىگە قىلىشتا ئاپتورنىڭ يەنىلا ئاز ـ تولا يۇمرانلىقى چىقىپ تۇرىدۇ. يەنى بىز ئەسەردىكى ماكاننىڭ چەت بىر ناھىيە ئىكەنلىكىنى بىلىمىز. ئەمما، يېزا بىلەن شەھەر، ئەنئەنە بىلەن زامانىۋىلىق ئۇچرىشىپ تۇرىدىغان بۇ بوشلۇقنىڭ كەڭلىك ۋە چوڭقۇرلۇقى يەنىلا خېلىلا چەكلىك بولۇپ قالغان. بىز ئەسەردىن خېلىلا كۈچلۈك شەھەرلەشكەن بوشلۇق سېزىمىنى ھېس قىلىمىز، ئۇنىڭ جەنۇبتىكى يىراق بىر ناھىيە ئىكەنلىكى بەك ئېنىق گەۋدىلەنمىگەن. يەنە بىرى ئەسەرنى تولۇق ئوقۇپمۇ سۈلايمان قاسىم، ھوشۇر سەلەيلەرنىڭ زادى قانداق ئىدارىدا،



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كونكرېت نېمە خىزمەت قىلىدىغانلىقىنىمۇ بىلەلمەيمىز.

بىز ئەسەردىكى يەنە بەزىبىر ئۆششاق كەتكۈزۈپ قويۇشلارنى (مەسىلەن، 2 ـ بەتتە ناھىيىدىكى ئەڭ ئېگىز بىنانى تۆت قەۋەت دەيدىيۇ، ئارقىدىنلا «فونتاننى ئايلىنىپ ئۆتكەندە ئالتە قەۋەتلىك ئولتۇراق بىناسىغا كىرگىلى بولىدۇ». قايسىسى راست؟) نەزەردىن ساقىت قىلغىنىمىزدا، تۇرسۇنجان مۇھەممەتنىڭ ئەتىسىگە ئۈمىدۋارلىق بىلەن قاراشقا ھەقلىقمىز. ئۈمىدلىك يازغۇچىنى قوللاش، پەرۋىش قىلىش ئۆز ئەدەبىياتىغا ئىخلاس بىلەن مۇئامىلە قىلغۇچى ھەربىر ئوقۇرمەننىڭ پەرزى ھەم قەرزى. بىز مۇنداق مەجبۇرىيەت ئالدىدا تېپىشمىرقاشنى خالىمايمىز. مۇنداق قوش بىسلىق باھانى ئالىقىنىغا ئېلىشقا ئاپتورىمىزنىڭ مەيدانى قانداق، بۇ ئۇنىڭ ئىنسابىغا قالدۇرۇلغان تاللاشتۇر.

## 4

لۇشۈن نورۋېگىيىلىك ئەدىب ئىبسىننىڭ «قونچاق ئائىلە» ناملىق سەھنە ئەسىرىدىكى ئۆزىنىڭ ئېرىنىڭ قونچىقى، پەرزەنتلىرىنىڭ ئۆزىنىڭ قونچىقىغا ئايلىنىپ قالغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتكەن نورانىڭ ئۆيىدىن چىقىپ كېتىشىنى «نورا ئۆيدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن قانداق بولدى» دېگەن تېمىدا مۇلاھىزە قىلغانىدى ۋە باراۋەرلىك، ئەركىنلىك، ئىقتىسادىي ھوقۇق تەمىنلەنگەن شارائىتتا نورانىڭ ئۆيىدىن چىقىپ كەتمەيدىغانلىقىنى، ئىقتىسادىي كاپالەت تولۇق بولمىغان مۇنداق شارائىتتىكى چىقىپ كېتىشنىڭمۇ خەيرلىك بولمايدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى. رىسالەتمۇ ئىپپەت، ئەخلاق، ئائىلە، نىكاھ ئالدىدا ئۆزىنىڭ تولىمۇ ئاجىز ئورۇنغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى ۋە مۇنداق تەرتىپ چەمبىرىكىدىن چىقىپ كەتتى، چىقىپ

بولۇپمۇ يەنە كۈچلۈك تېڭىرقاش، ئازابلىق تاللاش، مەنىۋى توقۇنۇش ئىچىدە قېپقالدى. ئادالەت، باراۋەرلىك، ئەركىنلىك، ئىقتىسادىي ھوقۇق ئۇنىڭ ئۈچۈن يەتكۈچە تەمىنلەنگەنىدى، ئەمما ئۇ يەنىلا چىقىپ كېتىۋەردى. لۇشۇن يەنە ئىبسىننىڭ «دېڭىزچى ئايال» دېگەن ئەسىرىدىكى بۇرۇنقى مەھبۇبى بىلەن ئائىلىنىڭ بىرىنى تاللاش ئالدىدا تۇرغان ئايالغا ئېرىنىڭ: «ھازىردىن باشلاپ ئۆز ئەركىڭ ئۆزۈڭدە، كېتىش ـ كەتمەسلىكنى ئۆزۈڭ تاللىۋال، ھەر ئىش بولسا ئۆزۈڭ مەسئۇل بول» دەپ تاللاش ئەركىنلىكى بەرگەنلىكىنى تىلغا ئېلىپ، نورامۇ مۇشۇنداق ئەركىنلىككە ئېرىشەلىگەن بولسا، ئۆيدىن چىقىپ كەتمەي تۇرۇپ قالغان بولاتتى، دەيدۇ. ۋەھالەنكى، بىزنىڭ ھىممىت ياسىنىمىز رىسالەت ئۈچۈن چەكسىز تاللاش ئەركىنلىكى بەرگەنىدى، رىسالەت تەسىرلەندىيۇ، ئەمما يەنىلا چىقىپ كېتىشنى تاللىۋالدى، ئۆز ئەركىگە قاراپ ئۇچۇپ كەتتى. قارىغاندا، ئىقتىسادىي ھوقۇق، ئادالەت، باراۋەرلىك، ئەركىنلىك دېگەنلەر بىر ئادەمنىڭ ئۆزىنى مۇئەييەن بىر تەۋەلىك ئىچىگە ھەقىقىي مەنسۇپ قىلىپ ياشىشى ئۈچۈن بىردىنبىر ئاساس، كاپالەت بولالمايدىغاندەك قىلىدۇ.

خوش، ئۇنداقتا رىسالەت قانداق ئەھۋالدا چىقىپ كەتمەيتتى؟

مەن ھەممىنى بىر ئۆلچەمدە تىزگىنلەپ تۇرىدىغان ئورتاق قىممەت سىستېمىسىنى تاللايمەن. پەقەت مۇشۇنداق مۇتلەق نوپۇزنىڭ ئىستائىتىدىلا رىسالەتمۇ، باشقىلارمۇ چىقىپ كەتمەيتتى، تېڭىرقىمايتتى، گاڭگىرىمايتتى...

ۋەھالەنكى، مەن يەنە بىلىمەن، مۇنداق ئىجتىمائىي تەرتىپ ئەندىزىسىنى چەك، توساق، قېلىپ، زەنجىر سۈپىتىدە چۈشىنىدىغانلار ۋە بىزلەرگە قېلىپ نە كېرەك، دەپ چۇقان كۆتۈرىدىغان دەخلىسىز ئەركىنلىك دەۋاگەرلىرىمۇ ھەم

كۆرمىگۈلاپ چىقىدۇ. ئەمما، تۇرمۇشنىڭ قىممەت لوگىكىسى ئالدىدا مەن ھامان شەكسىز تەرتىپنى ساقلاشنى تەشەببۇس قىلغۇچىلاردىنمەن.

※ ※ ※

تۇرسۇنجان مۇھەممەتنىڭ ئىجتىمائىي تەرتىپ ئەندىزىسى ئالدىدىكى بىر دەۋر كىشىلىرىنىڭ مۇرەككەپ پسىخىك توقۇنۇشىنى غوۋا بولسىمۇ بەلگىلىك سەنئەت چىنلىقىدا ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلىگەنلىكى مۇئەييەنلەشتۇرۇشكە ئەرزىيدۇ. بىز ماكرولۇق ئوقۇش ئەندىزىسىنىڭ ياردىمىدە ئەسەرنىڭ ئېستېمال قىممىتىنى ئەسەردىكى گاڭگىراشتىن رېئاللىقتىكى تېڭىرقاشقىچە كېڭەيتەلىشىمىز مۇمكىن. ئەمدى قالغىنى ئوقۇرمەننىڭ ھەزىم ئىقتىدارىغا باغلىق تاللاش ياكى تېڭىرقاشتۇر.

2008 ـ يىل 27 ـ ئاپرېل، ئۈرۈمچى.

# دۇنيا ئەردەم سىغمايدۇ

(تۇرسۇن مەھمۇدنىڭ «يولۋاس ئۆلتۈرگەن ئەزىمەت ۋە كىر يۇيۇۋاتقان ئەر» ناملىق ھېكايىسىنىڭ ئىدىيە ئىزىدىن)

زېمىنغا تۇنجى بولۇپ ئاپىرىدە قىلىنغان ئىنسان — ئادەم ئاتا، يەنى ئەر بولدى. ياراتقۇچىنىڭ ئۇنى زاتى ئىنسانىنىڭ بىردىنبىر ئاتا يىلتىزى قىلىپ ئىزگۇ، كامىل سۈپەتلەر ئاساسىدا يارىتىشىدا ۋە ھەتتا پۈتكۈل پەرىشتىلەرنىمۇ ئۇنىڭغا سەجدە قىلدۇرۇشىدا، زېمىننى مەنپەئەتلىك يوسۇندا پايدىلىنىشى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئالىقىنىغا تۇتقۇزۇشىدا كارامەت ھېكمەت مۇجەسسەم. دېمەككى، ئەر ياراتقۇچىنىڭ ئۈمىد، ئىشەنچ تىمسالىغا ئايلاندى، ئادەم ئاتا — ئەر ئەڭ كامىل ئىنسان سۈپىتىدە ۋۇجۇدقا كەلدى. ئۇنىڭغا چەكسىز ئىمكان - ئىستەكلەر بېرىلدى، شۇنداقلا شىللىسىگە يەنە يېتەرلىك دەرىجىدە قەرز - پەرزلەر يۈكلەندى (بېرىشى يوق ئېلىشنىڭ ئەسلا مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى يارالمىش ئەپسانىلىرىدىن تولۇقى بىلەن كۆرۈڭ.)

بىز دۇنيادىكى ھەرقانداق بىر ئەل - قوۋمنىڭ يارالمىش ئەپسانىلىرىنى ۋاراقلاپ باقمىدىغان بولساق، زېمىنغا تۇنجى ئاپىرىدە قىلىنغان ئىنساننىڭ ئايال ئەمەس، بەلكى ئەر ئىكەنلىكىنى بايقاپ يېتىمىز. يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ قەھرىمانلىق

ئېپوس ـ رىۋايەتلەرنى كۆزەتسەك زۇلمەت خوجىلىرى، قاراڭغۇلۇق، دوزاخ، ئازاب مۇئەككەللىرى، يالماۋۇز، دېۋە، ئەجدىھا... لارنى يوقىتىپ ئىنساننى شاد ـ بەختىيار، تىنچ ـ ئەمىنلىككە ئېرىشتۈرگۈچى باھادىر ـ پالۋانلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنىڭ ئەر، ئەركەك ئىكەنلىكى كۆزگە چېلىقىدۇ. يەنىمۇ ئىنچىكە ۋە رېئاللىق نۇقتىسىدىن كۆزىتەيلى، ئىنسانىيەتنى زالالەت، گۇمراھلىق، ئازغۇنلۇقتىن قۇتۇلدۇرۇش يولىدا ھېسابسىز بەدەل ـ قۇربانلىقلارنى تۆلىسىمۇ ۋايىسماي چىن ھەقىقەتلەرنى تەرغىب ـ تەلىم قىلغان مەرھەمەتلىك پەيغەمبەرلەرنىڭ كىم، قايسىسى ئايال ئىكەن؟ دۇنيا تارىخىغا، پەن تارىخىغا ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان شاھ، ئالىم، قەھرىمان، پۇقرانىڭ قانچىلىكى ئەر، قانچىلىكى ئايال؟ بىزنىڭ سېلىشتۇرمىمىز ئاياللارنى چۆكۈرۈش، پەس كۆرۈشنى مەقسەت قىلمايدۇ. شۈبھىسىزكى، ھەربىر مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ئەرنىڭ كەينىدە ئۇنى يۆلەپ تۇرغان پارلاق ئايالدىن بىرى ۋە ھەتتا بىر نەچچىسى بولىدۇ. ئايال ئەرنىڭ ۋىجدان ـ ئىمانىنىڭ يېرىمى. بىز يۇقىرىقى سېلىشتۇرمىلاردىن دەۋرلەر ئارا كىشىلەرنىڭ ئەرلەرگە بولغان پوزىتسىيىسى، ئەرلەردىن كۈتىدىغان ئۈمىد ـ ئارزۇسى، ئەرلەرگە قويىدىغان تەلەپ ـ ئۆلچەملىرىنى مۇئەييەن دەرىجىدە ھېس قىلىپ يېتەلەيمىز. چۈنكى، رىۋايەتنىڭ يىلتىزى، ئەپسانىنىڭ مەنبەسى بار. ئەگەردە تۇتقىلى، كۆرگىلى بولىدىغان شەيئىلەرنىلا بىردىنبىر مەۋجۇتلۇق، رىۋايەتنى ئاساسى يوق، ئىشەنچسىز ئويدۇرما گەپلەر دۆۋىسى، دەپ قارايدىغانلارنىڭ نۇقتىئىنەزىرى بويىچە ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ، رىۋايەت ھېچبولمىغاندا شۇ دەۋر كىشىلىرىنىڭ غايىۋى خىيالى، ئارزۇ ـ ئىستەكلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. بىز ئاشۇ غايىۋى خىيال، ساماۋى ئىستەكلەرنىڭ يىلتىزىنى چىڭ تۇتۇپ تۇرۇپ ئەر، ئىنسان ھەققىدىكى بەزىبىر ئويلىرىمىزغا جاۋاب

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىزدەيمىز: ئەر قانداق بولۇشى كېرەك؟ ئەرنىڭ ئائىلىدىكى ئورنى، رولى، ۋەزىپىسى نېمە؟ ئەرنىڭ ئايال ئالدىدىكى ئورنى قانداق بولۇشى كېرەك؟ ئەرنىڭ پەرزەنت ئالدىدىكى ئىناۋەت، نوپۇزى قانداق تىكلىنىدۇ؟ بىر ئەل - قوۋم ئۈچۈن قانداق ئەرلەر يۆلەك - تېرەك بولالايدۇ؟ ئەرلەر ئۆز تېنى ۋە روھىيىتى ئالدىدا قانداق قىياپەت - ھالەتنى ساقلىشى كېرەك؟ بىر ئائىلىنىڭ مۇستەھكەم، بىر ئايالنىڭ شاد، پەرزەنتلەرنىڭ خاتىرجەم - بەختىيار بولۇشى ئۈچۈن بىر ئەر ئۆزىدە قانداق ساپا - خىسلەتلەرنى ھازىرلىشى كېرەك؟ ئەرلەر قانداق ئىشلاردىن قەتئىي ساقلانمىقى لازىمدۇر؟ نېمە ئۈچۈن؟...

يۇقىرىقى سوئال - مەسىلىلەرگە يالغۇز يارالمىش ئەپسانىلىرى ياكى رىۋايەت - چۆچەكلەر جاۋاب بەرمەيدۇ ھەم بىزنىڭ قىلىدىغان ئىشىمىزمۇ ئالدىنقىلارنىڭ خىيال - تەسەۋۋۇرىنى ساماۋى ئىستەك قاتارىدا تەلقىنلەپ تاشلاپ قويۇشلا ئەمەس. مەيلى قايسى زامان، قايسى ماكان كىشىلىرىنىڭ قانداق ئوي، قانداق پىلان - تەسەۋۋۇرلىرىنىڭ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ ئىنسانىنىڭ تەقدىرىگە ۋە مەۋجۇتلۇقىغا بېرىپلا تاقىلىدىكەن، ئۇ پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە مەڭگۈ ئورتاقتۇر. شۇنداقلا پەن ئۈستىدىكى ھەربىر ئىزدىنىش تۈپ نېگىزىدىن ئېيتقاندا، ئىنسانىنىڭ تەقدىرى ئۈستىدىكى ئىزدىنىشتۇر. ئىنسانىنىڭ ئۆتمۈشى بۈگۈن ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ، ئەتىگە ئۇل سالىدۇ. ئەگەر بىر تەتقىقات ياكى ئىزدىنىش يالغۇز ئۆتمۈشنىڭ قاراڭغۇ جاڭگاللىرىغىلا قامىلىپ قېلىپ بۈگۈننىڭ ھالى - بارىنى ئۇنتۇپ قالسا، ئۇ يەنە بىر ئاچچىق، ئېچىنارلىق تارىخنى يارىتىدۇ. بۈگۈننىڭ ئالىمى ئۆتمۈشنىڭ جەسىتىنى تەتقىق قىلىپلا ئۇنىڭدىكى روھ، مەنىنى بۈگۈنگە ئۇلىيالمىسا ۋە ئۇنى بۈگۈننىڭ ئىجتىمائىي قاباھىتىنى داۋالاش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرالمىسا ئەتىكى ئالىم بەلكىم ئۇنىڭ تەتقىق قىلارغا

كېيىنىنىمۇ تاپالماسلىقى مۇمكىن. بىزنىڭ باشتىكى ئەپسانە ـ يارالمىش قىسسىسلىرىنى ۋە ئۇنىڭدىكى ئەرلەر ھەققىدىكى باياناتلارنى شېپى كەلتۈرۈشىمىزمۇ دەل بۇگۇن، بۇگۇنىنىڭ ئەر، ئەركەكلىرى ئۈستىدىكى مۇلاھىزىمىز ئۈچۈندۇر.

خوش، يارالمىش ئەپسانىلىرى ۋە رىۋايەت ـ چۆچەكلەر ئۆز دەۋرىدىكى ئەرلەر، قەھرىمانلار ئۈچۈن يېتەرلىك مەدھىيە خاتىرىلىرىنى قالدۇرۇپتۇ. تارىخىي بەتلەردە لەنەت تامغىلىرى بىلەن بويالغان، كىشىلەرنىڭ پاسىق ـ ئىپلاسلىقلىرى، ئاجىزلىقلىرىغا بېغىشلانغان ئەسەر ـ خاتىرىلەر بىزگە كۆپ ئۇچرىمايدۇ. بار دېگەندىمۇ، ياخشىلىق، گۈزەللىك، ۋاپادارلىق، ئادالەت ھامان رەزگى كۈچلەرنىڭ غالىب خوجىسى بولۇپ كەلدى. ئەمما، بۇگۇنچۇ؟

مەن يېقىنقى يىللار مابەينىدىكى ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ ئومۇمىي ئۇدار ـ ئاھاڭىنى قىسقىچە تەكشۈرۈپ ۋاراقلاپ كۆردۇم. تارىخ ـ يازما مەنبەلەر بىزگە ئەرلەرنىڭ شۆھرىتىنى تەنتەنە قىلىپ كەپتۇ، بىز بولساق بۇگۇن ئەرلەرنىڭ ئاجىز، زەيپانىلىكىنى تۆكمە ـ تۆكمە قىپتىمىز؛ ئۆتمۈش ئۆز باتۇرلىرىدىن غۇرۇرلىنىپتۇ، بىز ئەرلىرىمىزنىڭ بىچارە ھالىدىن نومۇسلىنىپتىمىز؛ ئۆتمۈش ئەرلىرىنىڭ ئاياللار، پەرزەنت، ئائىلە، جەمئىيەت ئالدىدىكى سۆر ـ ھەيۋىسىدىن جاھان تىترىگەن دەپتۇ غالىبلىق بىلەن، بىز خوتۇن كىشىگىمۇ ئىككى ئېغىز گەپنى قاملاشتۇرۇپ قىلالماي تىزلىرى دىر ـ دىر تىترەيدىغان، يۈلۈنلىرى سىرقىرايدىغان، پاتىنى سوغۇق تەرلەيدىغان ئەرلىرىمىز بىلەن جىمجىت تۇرۇپتىمىز؛ رىۋايەتلەردىكى، چۆچەكلەردىكى ئەرلىرىمىز قوغلاپ يۈرۈپ خوتۇن ئاپتۇ، خوتۇنلىرى ئەرلىرىنىڭ ئالدىدا شەرتسىز رازىلىق بىلەن شەكسىز ئىتائەتتە تۇرۇپتۇ، بىزنىڭ ئەسەرلىرىمىزدىكى ئەرلەر خوتۇنىنىمۇ يالۋۇرۇپ ئاپتۇ، ئىتائىتىگە ئالالماي خوتۇنىدىن،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

زاماندىن زارلاپ ـ قاقشاپ تورۇپتۇ، خوتۇنلىرى ئېرىگە قانائەت قىلماي سىرتلاردىن كۆڭۈل خۇشلۇقى ئىزدەپ كوچا ـ كويلارغا پاتماي دىغىراپ يۈرۈپتۇ... ئۆتمۈش هايا، ئەخلاق نۇرىنى قۇر ـ قۇرلارغا سىڭدۈرۈپ، پاكىز، هاياتبەخش تەلقىنلىرىنى مۇڭلۇق شىۋىرلاپ تۇرۇپتۇ، بىز ئەسەرلىرىمىزدىن بارغانسېرى كۆچىيىۋاتقان هاياسىز شەهۋەتنىڭ كۆڭۈلنى ئاينىتىدىغان سېسىق ئىس ـ بۇسلىرىنى كۆرمەكتىمىز، سەزمەكتىمىز...

ئۆتمۈش شۇنداق پارلاقمۇ؟ ئۆتمۈش راستتىنلا شۇقەدەر كىرسىز، داغسىزمۇ؟ ئۆتمۈشتىكى ئەرلىرىمىز، قىزلىرىمىز، ئائىلىلىرىمىز راستتىنلا شۇقەدەر كەم ـ كۈتىسىز كامالەت جۇملىسىدىنمۇ؟ هەرگىز ئۇنداق ئەمەس. ئۆتمۈشنىڭ قاباهەت ـ زالالىتىمۇ يېتەرلىك. هەتتا بەزى يەرلىرى بۈگۈندىن ئېشىپ چۈشكۈدەك رەزىل، رەزگى، زۇلۇم ـ ستەملىرى كىشىنىڭ يۈرىكىنى تىترەتكۈدەك دەهشەت ـ قەبىھ. ئەمما، ئاشۇ قەبىھ، رەزىل، بەدئەخلاقلىق ئىچىدىن بىزگە كىشىنىڭ ئەقلىنى زوققا ئورايدىغان شەرەپ ساهىبلىرى يېتىپ كېلەلىدى. ئاقىلنىڭ ئىشى ئۆز ئىش ـ ئەمەلىنى كامىللىقتا تەققاسلاش ۋە قابىللىقتا يېتەكلەش. هەرگىزمۇ غاپىللىقتا سېلىشتۇرۇپ ئۆزىچە كىبىرلىنىپ پاسىقلىقتا يېقىنلىشىش ئەمەس. شۇ جۇملىدىن بىزمۇ زامانىمىز زالالەتلىرىنى ئۆتمۈشنىڭ كىر ـ يۇندىلىرىغا سېلىشتۇرمايمىز، بەلكى ئۆتمۈشنىڭ نۇرانە ئەينىكى بىلەن ئۆزىمىزنىڭ ئەيىبناق هالىمىزنى كۆرىمىز، رۇسلايمىز، تۇرمۇشتىن تېخىمۇ تاكامۇللۇق ئىزدەيمىز. ئىنسان ئۆزىنى ئىت، چوشقا بىلەن سېلىشتۇرۇپ ئولتۇرسا، شۈبهىسىزكى، ئۇ ئىت، چوشقىدىنمۇ بەتتەر رەسۋا هالغا چۈشۈپ قالىدۇ.

ئېتىراپ قىلمىساق زادى بولمايدىغان ئاچچىق رېئاللىق شۇكى، جەمئىيىتىمىزدىكى ئىجتىمائىي ۋابالارنىڭ كۆچىيىشىگە ئەگىشىپ بىز ئەرلەرنىڭ جەمئىيەتتىكى رولى، ئورنى،

ۋەزىپىسى، مەجبۇرىيىتى ھەققىدە جىددىي ئويلانمىساق بولمايدىغان يەرگە يەتتى. ئاشۇ جاھان تىترەتكەن باھادىر ئەرلەرنىڭ پۇشتى ئەۋلادلىرى بوگۇن نىمىشقا ئەڭ ئادەتتىكى ئىشلاردىمۇ تىرناق تاتىلاپ، دىربىلدەپ تىترەيدۇ؟ مەسىلىلەر ئالدىدا بېشىنى تىقىۋالىدۇ، كۆزىنى يۇمۇۋالىدۇ؟ ئەرلەر نىمىشقا ئاجىزلاپ كېتىدۇ؟ ئەرلىك روھ نىمىشقا زەيپانلىشىدۇ؟

بىز تۆۋەندە ئەر ۋە ئەرلىك روھ ھەققىدە مەلۇم سىپلىشتۇرما تەھلىللىرىمىزگە مەنبە بولغان ـ بولىدىغان بىر ھېكايىنىڭ ئىدىيە لىنىيىسىنى بويلاپ مېڭىپ باقىمىز. تۇرسۇن مەھمۇد «يولۋاس ئۆلتۈرگەن ئەزىمەت»نىڭ يۇرىكىدىن «كىر يۇيۇۋاتقان ئەر»نىڭ تۇرقىغىچە بولغان جەريانغا بەدىئىي نۇقتىدا تۇرۇپ تەسۋىرىي سۇرەتلەش ئېلىپ بېرىپتۇ. بىز ئاشۇ تەسۋىرىي سۇرەتنى تەنقىدىي نەزەردە كۆزەتسەك ۋە جەريانلارنىڭ ئىدىيىۋى، ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلىرىگە ئەقلىي، ئىلمىي نۇقتىدىن باھا يۇرگۈزسەك، بەلكىم ئەرلەردىكى جەڭگىۋار جۇشنىڭ بوشىشى، ئەقىل ـ ھوشنىڭ ئاجىزلىشىشى، سۇرنىڭ يوقىشى، كۇچنىڭ سۇنۇشىنى مۇئەييەن دەرىجىدە چۈشىنىپ يېتەلىشىمىز مۇمكىن.

ئەر قانداق سۇندى؟

※ ※ ※

مىللىي، ئىرقىي، دىنىي پەرقسىز ھالدا ھەرقانداق بىر ئەر ئۆزىدە ياخشى تەن، ساغلام ئەقىل، كەسكىن ئەقىدە ساپاسىغا ئىگە بولۇشتىن سىرت مۇنداق ئەڭ ئەقەللىي مەجبۇرىيەتلەرنى پەرز سۇپىتىدە ئۆز ئۇستىگە ئېلىشى كېرەك بولىدۇ: ① خوتۇن ئېلىش، خوتۇنغا ئىگە بولۇش، يەنى خوتۇننىڭ جىنسىغىمۇ، مېلىغىمۇ، كېلىغىمۇ، دىلى ـ دىنىغىمۇ، ئىپپەت ـ ھاياسىغىمۇ ئىگە بولۇش؛ ② پەرزەنتلىرىنى لاياقەتلىك، ساپالىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تەربىيىلەش. ئۇنى تېپىپ جاھانغا تۆرەلدۈرۈپ قويۇپلا تەربىيەتسىز تاشلىۋەتمەستىن، ئۇنىڭغا مۇقەددەس ئەمەل ـ ئىزاملارغا، ئەجدادلارنىڭ ئۆگۈتىگە قانداق ئەمەل قىلىشنى ئۆگىتىش ھەمدە جاھاننىڭ تۈرلۈك ـ تۈمەن زۇلۇم ـ ستەملىرىگە ئەقىل بابىدا سەگەكلىك بىلەن مۇئامىلە قىلالايدىغان دۇرۇس ئەۋلاد قىلىپ يېتىلدۇرۇش؛ ③ ئۆز ئائىلىسىنى ياخشى قامداش، ئائىلە ئەزالىرىنى بەختەرلىك تۇيغۇسىغا ئېرىشتۈرۈش. ئۇلارنىڭ تىلىنى تۇتۇلدۇرماي، دىلىنى خورلۇق، كەمسىتىشكە يولۇقتۇرماي ئوبدان مۇھاپىزەت قىلىش، ئۇلارنى تاغدەك يۆلىكى، توغراقتەك تېرىكى باردەك خاتىرجەم، شاد قىلىش؛ ④ ئۆز قوۋمىنىڭ مەنپەئەت ۋە پايدا ـ زىيىنى ئۈچۈن باش قاتۇرۇش، ئەل ـ قوۋمگە كەلگەن ھەرقانداق شەكىلدىكى قىيىنچىلىق، ئازارلىق ئۈچۈن مەيدە كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقالايدىغان، ئاۋامنىڭ تەقدىرى ئېغىر ھالغا چۈشكەندە قۇيرۇقىنى قىسىۋالمايدىغان، بېشىنى ئىچىگە تىقىۋالمايدىغان، كۆزىنى يۇمۇۋالمايدىغان بولۇش؛ ⑤ ئەجدادلىرىنىڭ نەسەب ـ شەجەرىسىنى، شەرەپلىك ئەنئەنىسىنى ئۇزۇپ قويماي داۋاملاشتۇرالايدىغان، ئۇنىڭ ئاجىز تەرەپلىرىنى تولۇقلاپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ ئەۋلادلار ئۈچۈن ھاياتىي كۈچى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان ساغلام ئەنئەنە قالدۇرۇش.

ئەلۋەتتە، يۇقىرىقى پەرز سۈپىتىدىكى ۋەزىپە ـ ئەركانلارنى بىراۋ بىر ئەرنىڭ گەدىنىگە ئارتىپ، قولىغا تۇتقۇزۇپ قويمايدۇ. بەلكى «غايىلىك ئادەم بۇيرۇقنى ئۆزىنىڭ ئىمانىدىن تاپشۇرۇۋالىدۇ»[1]. غايە ـ ئىمان بولمىسا ئۆزىنىڭ ھاياتلىقىتىكى ئەڭ ئەقەللى بۇرچ ـ ۋەزىپىلىرىنىمۇ چۈشەنمەستىن يەپ ـ ئىچىپلا كۈن ئۆتكۈزۈۋېرىدىغان گەپ. ئەرلەرنىڭ ئۆز ۋەزىپە ـ

---

① ئابدۇقادىر جالالىدىن «ئۆزىنى ئىزدەش بوسۇغىسىدا»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2005 ـ يىل 3 ـ ئاي نەشرى.

مەسئۇلىيىتىگە پەرۋاسىز قارىشى، ھەتتا ئارقىسىنى قىلىۋېلىشى ئايالىلارنى خار، بالىلارنى بىچارە، ئائىلىنى پاراكەندە، قوۋم - مىللەتلەرنى نىمجان، جەمئىيەتنى سوغۇق، مۇدھىش قىلىۋېتىدۇ...

بىر ئەرنىڭ مۇقەددەس ۋەزىپە - مەجبۇرىيەتلەرنى ئۈستىگە ئېلىپ ئائىلە - جەمئىيەتنى تەشكىللەپ گۈللەندۈرۈشى ئەڭ ئالدى بىلەن ئۇنىڭ تەن، ئەقىل، ئەقىدىدە ساغلام، كامىل بولۇشىنى شەرت قىلىدۇ. ئۇلۇغ غايە بېجىرىم تەنگە تەقەززا؛ ئۇلۇغ پىلان - تەسەۋۋۇر ساغلام ئەقىلگە موھتاج؛ ئورتاق ئېتىراپقا ئېرىشەلەيدىغان ھەرقانداق نەتىجە مۇۋەپپەقىيەت دۇرۇس، چىڭ ئەقىدە - ئېتىقادقا سىزىق. بىر ئەر ئۆزىدە، خاراكتېرىدە مانا شۇ تەن، ئەقىل، ئەقىدە بىرلىكىنى لايىقىدا بىرلەشتۈرەلىگەندىلا ئاندىن ئايال، پەرزەنت، ئائىلە، قوۋم، جەمئىيەت، ئەجداد - ئەۋلاد ئالدىدىكى ئەقەللى مەسئۇلىيەتلەرنى ئۈستىگە ئالالايدۇ. شۇڭا دەيمىزكى، ئەر ئەڭ ئالدى بىلەن ئۆزىدە جەزمەن ھازىرلاشقا تېگىشلىك تەن، ئەقىل، ئەقىدە ساغلاملىقىنى ھەل قىلىش كېرەك. ئاندىن ئۇ خوتۇنىنىمۇ راۋرۇس ئىتائەتكە ئالالايدۇ، پەرزەنت ئالدىدا جىنايەتچى، ئەجداد ئالدىدا خىيانەتچى بولۇپ قالمايدۇ، ئەل - ئۇلۇس ئۇنى قارغىمايدۇ. ئۆزى ھەر جەھەتتىن دۇرۇس ئەرلەر قاتارىغا ئۆتىدۇ، ئىزگۈ ئىش - ئەمەللەرنى ئىزدەپ سوراپ قىلىدۇ، يامانلىق، رەزىللىك، زالالەتكە پۇت تىقمايدۇ، بەلكى ئۇنى بار كۈچى بىلەن توسىدۇ، چەكلەيدۇ. تېنى زەئىپ، ئەقلى يېرىم ياكى تولۇق ئويغانمىغان، ئەقىدىسى چۈشكۈن، زەئىپ ۋە بىنورمال ئادەملا يىرگىنچلىك پاسىقلىققىمۇ چىۋىنگە ئوخشاش ئولىشىدۇ، رەزىللىككە مىت قىلمايدۇ، ھاياسىزلىقنى ھېچ ئىش بولمىغاندەك قوبۇل قىلىۋېرىدۇ، ئەتراپتىكى ناھەقچىلىك، ئادالەتسىزلىكلەرنى ئۆزى بىلەن مۇناسىۋەتسىز بىلىپ كۆزىنى يۇمۇۋالىدۇ. بوشاڭ ئەرلەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھەقىقەتەنمۇ پاسسىقلىقتا ئەڭ يېقىندۇر. ئەرلىك روھ دەل ھاياتتا بولغان ئەقىدە ـ ئىمانى سۇس ئادەملەرنىڭ ئارىسىدا شىددەت بىلەن ئاجىزلايدۇ، سۇنىدۇ. ئاندىن ئومۇمىي قوۋم ئارىسىدا ئىجتىمائىي قاباھەت ـ كىرىزىس يەنە شۇنداق شىددەت بىلەن كېڭىيىپ كېتىدۇ ـ دە، خوتۇن ـ قىزلارنىڭ چېھرىدىكى ئەرلەرنىڭ غۇرۇر ـ ئىپتىخارى بولمىش ناز ـ كەرەشمە، ھايا ـ ئىپپەت ئۆچىدۇ، باللارنىڭ ۋۇجۇدى قۇرۇپ كېتىدۇ، نىكاھ پاجىئەلىرى ۋە بۇزۇقچىلىقلىرى ئائىلە ـ ئائىلىلەرنى قاپلاپ كېتىدۇ. ئەمما، ئەڭ ئاخىرىدا يەنە شۇ ئەرلەرنىڭ بويىنى قىسىلىپ، تىلى تۇتۇلۇپ، بېلى ئېگىلىپ كېتىدۇ... ھەقىقەتەنمۇ، ھاياسىز پاسسىقچىلىقلار ئارىسىدىن ئەرلىك روھى قالمىغان ئاجىز، بىچارە ئەرلەرنىڭ مەيۇس ۋايساشلىرى ۋە قابىل ئەرلەرنىڭ غەزەپلىك ئاھسىنىشلىرى بوش ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ.

ھېكايىدە قانداق بولدى؟

«يولۋاس ئۆلتۈرگەن ئەزىمەت ۋە كىر يۇيۇۋاتقان ئەر»دە تۆت بۆلەك، يەنى تۆت زامان ـ ماكان، تۆت ئەر، يەنى تۆت خىل زامان ـ ماكان شارائىتىدا ياشىغان تۆت ئەۋلاد كىشىلىرى ھەمدە ئۇلارنىڭ ھالى ـ ئەھۋالىنىڭ، ئائىلە تۇزۇلۇشىنىڭ، جەمئىيەت قۇرۇلمىسىدىكى، ئىش تەقسىماتىدىكى، پەرزەنت تەربىيىسىدىكى، ئەر ـ ئايال مۇناسىۋىتى، ئەرلىك خاراكتېر، روھ ھەققىدىكى ئۆزگىرىشلەرنىڭ قىسقىچە تەسۋىرى مەۋجۇت. بىز بۇ خىل ھال ـ ئۆزگىرىشلەرنى لىنىيىلەر بويىچە تەھلىل ـ تەنقىد قىلىپ چىقىمىز:

## «تۆت ئەر»گە «ئۇچ» نۇقتىدىن نەزەر

«جان ـ تەن» گە نەزەر شۇبھىسىزكى، تەن بىر ئىنسانغا تۇغۇلۇشتىلا ساق، پاك ھالدا تارتۇقلاپ بېرىلگەن بۇيۇك نېمەت.

تەن روھنىڭ سىغار يېرى، جاننىڭ ئامبىرى. بىر ئىنساننىڭ تېنى زەئىپ، ئاجىز، نىمجان بولسا ئۇنىڭ غايىلىرى ھەرقانچە ئۇلۇغ، بۈيۈك، چۈشلىرى قانچىلىك ساماۋى بولسىمۇ ئۇنىڭ قالتىس نەتىجىلەرنى قازىنىشى تەسكە توختايدۇ. زەئىپ تەن بۈيۈك غايىلەرنى كۆتۈرەلمەيدۇ ياكى ئاجىز كېلىپ قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىر ئاقىل ئادەم ئەڭ ئالدى بىلەن ئۆز تېنىنى گۆھەر بىلىپ ئاسرايدۇ، ئۇنى زەھەر - زوقۇمدىن، ھارام، پاسىق نەرسىلەردىن، زىيانلىق تەركىبلەردىن نېرى تۇتىدۇ، قۇۋۋەتلىك يەيدۇ. ئاندىن گۆس - گۆس دەسسەپ ماڭىدۇ، گەپنى كېسىپ قىلىدۇ، ئىشنى قەتئىيلىك بىلەن بېجىرىدۇ، ئالدى - ئارقىغا قاراپ قالمايدۇ. تەن ساق، بېجىرىم بولغاندىلا ئائىلىنىمۇ جايىدا قامدىغىلى، خوتۇنىنىمۇ غىڭ قىلالماس دەرىجىدە رازى قىلىپ لايىقىدا ئىتائەتكە ئالغىلى بولىدۇ. بولمىسىچۇ؟ تېنىڭ ئاجىز، گېپىڭدە جان، مېڭىشىڭ، تۇرۇشۇڭدا جۇش - ماغدۇر يوق، ئىش بېجىرىشىڭ لامزەللە. سۇغۇق تەرلەيسەن، قورقىسەن، جاپادىن قاچىسەن، خوتۇنۇڭنىڭ ئەڭ ئەقەللىي ھېسسىي تەلەپلىرىنىمۇ قاندۇرالماي تىلىڭ تۇتۇق، ئۇنۇڭ بوغۇق ئۆتىسەن...

تۆمۈر مەرگەن ئۇنىڭ تېنى تەبىئەتنىڭ ئوت قىزىقىدا تاۋلىنىپ، قەھرىتان قىش - سوغۇقىدا پىشقان. ئۇنىڭ ئۆمرى چاپچىپ تۇرىدىغان ئات ئۈستىدە، تەبىئەتنىڭ ئەڭ ۋەھشىي يىرتقۇچلىرى بىلەن قاراملارچە ئېلىشىپ - چېلىشىپ ئۆتتى. ئۇ كۈن بويى ئوۋدىن قالمىدى، يەنى كۈرەشتە بولدى. ئەڭ قۇۋۋەتلىك گۆشلەر بىلەن غىزالاندى. ئەسەردىن بىز ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئەزىز بىلىپ يارىتىلغان تېنىگە رەھىمسىزلىك بىلەن زەھەر زورلايدىغان ناچار ئوزۇقلىنىش ئادىتىنى ئۇچرىتالمايمىز. ئۇنىڭ مېڭىشى چىڭ، گېپى كەسكىن، ئىرادىسى قەتئىي. 14 يېشىدا ئۇنىڭغا تەگكەن خوتۇنى ئۇنى يۆلەك، غۇرۇر، خۇشاللىق

www.uyghurkitap.com

بىلىدۇ ۋە چەكسىز رازىمەنلىك بىلەن ئۇنىڭ خىزمەت، ئىتائەتىدە بولىدۇ. ئۇ ئۆز تېنىنى شېرىنلىكىگە ھېچ نەرسىنى تەڭ قىلىش مۇمكىن بولمايدىغان دەرىجىدە ئەزىز بىلىدۇ، ئاسراپ ئاۋايلايدۇ. ئەمما، ئەل - ئاۋامنىڭ مەنپەئەتى ۋە شەرىپى، ئەمىنلىكى ئۈچۈن ئۆز جېنىنى ۋاي دېمەي ئۆلۈم قارنىغا ئاتالايدۇ. بەلكى، «بىر ئەركەك قورقماي ئۆلەلىسە، يەنە كېلىپ ئۆزى قىلىشقا تېگىشلىك ئىشنى قىلىپ ئۆلسە... بۇنىڭ ئۆزى يىغلايدىغان ئىش ئەمەس. ئەرلىك شەرەپنى ساقلىماق ھەممىدىن مۇھىم. ئەركەكلىك نومۇسنى ساقلىغان ئادەملەر ئۆلمەيدۇ» دەپ قارايدۇ. يەنى ئەل - ئاۋامنىڭ تىنچ - ئامانلىقىنى قوغداشنى ئۆزى قىلىشقا تېگىشلىك ئىش دەپ قارايدۇ. ئۆلىدىغىنىنى بىلىپ تۇرۇپمۇ يولۋاس ئۇۋۇسىغا تەمتىرىمەي مەيدە كېرىپ بارىدۇ ۋە يولۋاس بىلەن قۇچاقلىشىپ مەغرۇرلۇق ئىلكىدە جان بېرىدۇ. مانا بۇ تۆمۈر مەرگەننىڭ جان - تەن قارىشى. ئۇنىڭ جان - تەن قارىشىدا ئاممىۋى ئاڭ ئۇستۇن ئورۇندا تۇرىدۇ.

سادىر ئۇ ھە دېسىلا سوغۇق تەرلەيدۇ، تېنى جۇغۇلدايدۇ، بۆرىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپلا پۇت - قولىدا جان قالماي، بۇرۇن پەرەكلىرىدە ئۇششاق تەر تامچىلىرى پەيدا بولىدۇ. قېرىنداشلىرى خەتەر ئىچىدە قالسىمۇ، قۇيرۇقىنى قىسقىنىچە باھانە ئىزدەپ قاچىدۇ. خەقنىڭ لەنەت - نەپرىتىدىن نومۇس ھېس قىلمايدۇ. ئاۋامنىڭ مەنپەئەتىدىن ئۆز جېنىنى ئەزىز كۆرىدۇ. «بۆرە دېگەن ئوينىشىدىغان مەخلۇق ئەمەس، ئالىمادىن بىرەر ئىش بولۇپ قالسا، بالىلىرىم قانداق قىلىدۇ، خوتۇن، بالا - چاقىلىرىم نەلەردە بويۇن قىسىپ يۈرىدۇ. جان دېگەن تاتلىق...» دەپ ئويلايدۇ. ئۇنىڭدا ئاۋامنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئايانماي تەقدىم قىلالايدىغان جان - تەن ئەمەس، ئىنتايىن شەخسىيەتچىل، قورقۇنچاق، ئاجىز تەن ۋە جان قارىشى مەۋجۇت.

سادىر ئۇ ئاچچىق موخۇركىنى بولۇشىچە شوراپ بەك خىيالىنىڭ ئەللىيىدە ئۇخلىدىغا كېرىلىپ ياتىدىغانلاردىن. تاماكا ـــ يوشۇرۇن قاتىل دەيدىغان گەپ بار. دۇنيادا ھەر يىلى نەچچە يۈز مىڭ ئادەمنىڭ تاماكا ۋە ئۇنىڭدىكى زەھەرلىك ماددىلار تۈپەيلى پەيدا بولىدىغان يۈتقۇنچاق راكى، ئېغىز بوشلۇقى راكى، كاناي راكى، ئۆپكە راكى ... دېگەندەك كېسەللىكلەر بىلەن ۋاي تارتىپ ئۆلىدىغىنىنى ھەممىمىز ئوبدان بىلىمىز. ئاقىل ئادەم ئۆز تېنىگە زەھەر - زۇقۇمنى راۋا كۆرمەس. ئەپسۇسكى، سادىر تاماكىغا دۇم چۈشكەن، كۆنلىرى قارتا ئويناش دېگەندەك تايىنسىز ئىشلار بىلەن لەيلىۋەشتەك لەيلەپ ئۆتىدۇ (ئۇنىڭ يەنە قانداق بەتقىلىقلىرى بار، بۇ بىزگە نامەلۇم. لېكىن، بىكارچىلار بۇزۇقچىلىققا ئەڭ يېقىن كىشىلەردۇر. ئۇنىڭ ھاياتقا بولغان ئىنتايىن چۈشكۈن، رەزگى پوزىتسىيىسى بىزگە ئۇنىڭ تۇرمۇشىنىڭ باشقا تەرەپلىرىنىمۇ چاكىنا ئادەتلەرگە يېقىن تۇرىدىغىنىدىن ئۇچۇر بېرىپ تۇرىدۇ.) خوتۇنىمۇ ئۇنىڭدىن نارازى، ھەتتا «سىزمۇ ئەر كىشى بولۇپ قاپسىز» دەيدۇ، ئۇنىڭغا مەسخىرىلىك ھېجىيىدۇ، لەنەت ئوقۇيدۇ. ئۆزىنىڭ يۈرەكسىزلىكىدىن، خوتۇنلارنىڭمۇ لەنىتىگە ئۇچراشتىن، بىكارچىلىقتىن نومۇس ھېس قىلمايدۇ. توخۇدىنمۇ قورقۇپ پەرتاقشىپ قاچىدۇ.

سەمەتجان ئۇنىڭ كۆنلىرى خوتۇنىنىڭ كىرىنى يۇيۇش، تامىقىنى ئېتىش بىلەن ئۆتىدۇ، ئۆزى ئۆيدە ئاھسىنىپ سولىنىپ ياشايدۇ (ئەرنىڭ ئەرلىكى ئەركتە)، خوتۇنى ئۆيدىن كۆڭۈل خۇشى تاپالماي سىرتلاردىن ئىزدەپ سوكۇلداپ يۈرىدۇ. ئۇ ئىنسان تېنىگە زىيانلىق نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلىپ كۆنگەن. ئاۋازىدا، مىجەزىدە ماداراچىلىق ۋە خوتۇنغا ئىتائەتچانلىق كۆچلۈك. چىراي - تۇرقى خانىم - قىزلارنىڭكىدەك ئاپئاق،

ئەۋرىشىم. ئۇيقۇسى ئىنتايىن ياخشى، خوتۇنىنىڭ جانىنى قاقشىتىدىغان سېھىرلىك تەلپۈنۈشلىرى بىلەن پەرۋايى پەلەك. ياقىدىنمۇ قورقۇپ خوتۇن ـ بالىلىرىنىمۇ تاشلاپ بەدەر قاچىدۇ.

## «ئەقىل»گە نەزەر

**تۆمۈر مەرگەن** ئەقىلنى ئەل ـ ئاۋام ئۈچۈن پايدىلىق ئىشلارغا سەرپ قىلىشنى شەرەپ، مەجبۇرىيەت دەپ بىلىدۇ. ئىنتايىن ئۇستا مەرگەن، ئات ئۈستىدە كېتىۋېتىپ قېچىپ كېتىۋاتقان توشقاننىڭ كۆزىگە سوقالايدۇ. ئۇنىڭ ئەقلى، دۇنياسى، بارلىقى ئالدى بىلەن بىر ئاۋامىي روھقا تەۋە.

**سادىق** ئۆزى قىلىۋاتقان ئىشقىمۇ ئەقىل ـ زېھىن قويمايدۇ، بەلكى مەجبۇرىيەت، قانداقتۇر بىر كىملەرنىڭ يۈزى، دەۋىتى، ئەيىب تۈيغۇسى تۈپەيلىلا ئىش قىلىدۇ. ئالدىدىلا قېچىپ كېتىۋاتقان تۈلكىنىمۇ ئاتالمايدۇ. ئەقلىنى، كۈچىنى ئەل ـ ئاۋامنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن سەرپ قىلىشنى تېخىمۇ خالىمايدۇ. ئۇنىڭ ئەقىل ـ زېھنى ئاۋامدىن ئۆيگە، ئۆز بېشىغا كۆچكەن.

**سادىر** ئۇ ئەقىلنى ھېچقانداق ئەھمىيەت ـ ئۇنۇمسىز ئويۇن ـ تاماشىنىڭ سېسىق ئىس ـ بۇسىدا كۆمۈپ قويىدۇ، ھەتتا ئائىلىنى قانداق قامداش، خوتۇنىنىڭ ئىپپىتىنى قانداق ساقلاشقىمۇ باش قاتۇرمايدۇ. ئۇنىڭدا ئاۋامى روھ ئاللىقاچان ئۆلگەن، ئائىلە قارىشى ئېغىر دەرىجىدە سۇسلاشقان، ئۇنىڭ ئەقلى ئۆز قارنىغىلا مىخلاقلىق.

**سەمەتجان** ئۇنىڭدا ئەقىل بولۇشى مۇمكىن، لېكىن ئۇنىڭدا ئەقىل، ئىقتىدارنى توغرا يوسۇندا ئىشقا سالىدىغان يېتەكچى ئالڭ ـ ئەقىدە مەۋجۇت ئەمەس. ئۇنىڭدا ئەل ـ ئاۋام ياكى ئائىلە ئىدىيىسى ئەمەس، نىكاھنى چۈشەنگۈدەكمۇ ئەقىل يوق. ئۆزىنىڭ كىملىكى، ئەرنىڭ ۋەزىپىسىنىڭ نېمە، قانداق بولىدىغانلىقىنى

ئويلىغۇدەكمۇ ھېس بۇ زاتى جانداردا مەۋجۇت ئەمەس. ئۇنىڭ ئەقلى پەقەت خوتۇنىنى قانداق ياساش، قورسىقىنى تويغۇزۇش ۋە ئاللىكىملەرنىڭ قويىنىغا ئۇزىتىپ قويۇشتىن باشقىغا ئىشلىمەيدۇ. خوتۇنى كىملەر ئۈچۈن ياسىنىپ، كىملەرنىڭ رازىلىقى، خۇشلۇقى ئۈچۈن زىنىنەتلىنىۋاتىدۇ دېگەنلەرنى ئويلاپمۇ قويمايدۇ. خوتۇنىنىڭ ھاياسىنىڭ ئۆزىنىڭ غۇرۇرى، ياتلار بىلەن كۆڭۈل ئېچىپ يۈرۈشىنىڭ ئۆزىگە خورلۇق، ھاقارەت، ئۆلۈم، نومۇس ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغۇدەك، ئويلىغۇدەك ئاڭ ئۇنىڭدا يوق. ئۇ خوتۇنىنىڭ ھەرقانداق قىلىق ـ ئادىتىنى توغرا چۈشىنىۋەرگۈچى خۇمسى مىجەز ئىلمىي مەخلۇق. بىز بۇنىمۇ ئەقىل، ئىلمىيلىق دەپ سۈپەتلىشىمىز كېرەكمۇ؟ كىشىلەرنىڭ ھەرقانداق ئىنتىلىش، ھاۋايى ـ ھەۋەسلىرىگە ئىنسان تەبىئىتى، كىشىلىك شەخسىيەت دەپ بىر مۇنچە توقۇم سۆزلەرنى ياسىۋېلىپلا يول قويۇۋېرىشىمىز شەرتمۇ؟ بۇ خىل ئۆز ـ ئۆزىمىزنى ئالدايدىغان سەپسەتە ئىچىدىكى رەزگىلىكتىن ئىنسانغا نېمە پايدا، نېمە خوۋلۇق يېتەر ھەم يەتتى؟ ئەقىل ئىنسانغا ئۇنىڭ كائىناتنىڭ غالىب خوجىسى بولۇشى ئۈچۈن ئاتا قىلىنغان بىباھا نېمەت ئىدى. سەمەتجان بۇ سەمەرلىك سوۋغىنى خوتۇنىنىڭ تاپىنىغا باغلاپ قويۇپ، خوتۇنىنىڭ پېتىكىگە تەزىم قىلىپ ئولتۇرۇپتۇ. بەزىلەر بۇنى ھۆرمەت، ئىلمىيلىق دەپ بوياپ كۆرسىتىپ سەپسەتە ساتىدۇ. مەن ئەرنىڭ ئەقىل ـ ئەقىدىسىنىڭ خوتۇنلارغا پۈكلىنىپ، يالۋۇرۇپ رازىلىق ئېلىشقىلا ئىشلىتىلىدىغان پايتىما ـ پېتەكنىڭ ھالىغا قېلىشىدىن بەك قورقىمەن. ئەر ئۆز پەزىلىتى، سۈرى بىلەن خانىم ـ قىزلارنىڭ مەيلى ـ رايىنى قول باغلىتىپ ئالدىغا ئەكىلەلمىسە ئۇنىڭ سۆيگۈ، مۇھەببەت دەپ چاپقان ـ تاپقىنى پاخال ـ پۇچەككە باراۋەردۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

## «ئەقىدە»گە نەزەر

تۆمۈر مەرگەن ئۆزىنىڭ يۇرتىغا، ئۆزى قىلىۋاتقان ئىشقا، ئەل ـ ئاۋامنىڭ تەقدىرىگە بولغان ئەقىدە ـ ئىخلاسى پەۋقۇلئاددە كۈچلۈك. ئۇ قىلىۋاتقان ئىشنى شەرەپ، بۇرچ دەپ بىلىدۇ. ئەل ئۈچۈن، دۇرۇس يول ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلىشقا ھەرقاچان تەييار تۇرىدۇ. ياۋنى، خەتەرنى يوقىتىشنى ھەممىدىن مۇھىم ئىش دەپ بىلىدۇ. ئۇنىڭ ھاياتقا بولغان ئۆلچەم ـ پرىنسىپى، بېجىرىدىغان ئىشلارغا بولغان ئىرادىسى ئىنتايىن ئېنىق، قەتئىي. شۇڭا، ئۇ ئۆلىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ يولۋاس ئۇۋىسىغا باش تىقىدۇ، كۈلۈپ تۇرۇپ ئەلنىڭ ئەمىنلىكى ئۈچۈن جان بېرىدۇ.

**سادىر** ئاتىسىنىڭ ئىزى، ئەنئەنىسىدىنى مەجبۇرىي دېگۈدەك ماڭىدۇ، قىلىۋاتقان ئىشىغا ئىخلاس قويمايدۇ، قان ـ قېرىنداشلىرىغا كەلگەن بالايىئاپەتكە ھېسداشلىق قىلىش تۇگۇل قاچىدۇ. دادىسىنىڭ شەرىپىنى ساقلاشنى بۇرچ دەپ تونۇمايدۇ. تىنچ ـ ئامان، باش ئاغرىتماي تىرىكچىلىك قىلىشنى جاھاندىكى ئەڭ ياخشى ئىش دەپ قارايدۇ. ياخشى ـ يامان ۋە نومۇس توغرۇلۇق ئۇنىڭدا ئېنىق ئۆلچەم، قاراش يوق. ئۇ جاپا تارتماي، ئۆز جېنىنى ئاغرىتماي باقسىلا شۇكرىنىڭ چوڭىنى ئوقۇپ بېشىنى ئىچىگە تىقىپ ياشايدىغانلاردىن.

**سادىر** ئۇنىڭ ھاياتقا، ھەتتا ئائىلە، ئۆزىگە بولغان ئەقىدە ـ ئىمانىنىڭمۇ تايىنى يوق. ئۇ بىكار يۈرۈشتىن نومۇس ھېس قىلمايدۇ، جەددى ـ جەمەتىگە ئىنتايىن مەسئۇلىيەتسىزلەرچە پەرۋاسىز مۇئامىلە قىلىدۇ. ھەتتا بوۋىسىنىڭ قىلغان ـ ئەتكىنىنى، ئەقىدە بەرگەن يولىنىمۇ يالغانچىلىق، ئويدۇرما قاتارىغا چىقىرىۋېتىدۇ. ئائىلىسىنى قامداش، خوتۇن ـ

بالىلىرىنى خاتىرجەم قىلىشنى بۇرچ دەپ بىلمەيدۇ. خوتۇنىنىڭ هاياسىغا، ئىززەت ـ نەپسىگە خۇمسىلارچە مۇئامىلە قىلىدۇ. خوتۇنىغا يات ئەرلەر قارىسا سىنى يەپ كېتەمتى دەيدۇ، ھەتتا «هالال ـ هارام بولۇشى بىلەن نېمە كارىم؟» دەپ ھۆركىرەيدۇ. خوتۇن ـ بالىلىرىنىڭ كىيىمىنى پۈتۈن، غېمىنى تەل قىلىش ئەلۋەتتە، ئەقىدىسى ساغلام ھەرقانداق بىر ئەرنىڭ جان كەتسىمۇ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشى. بولۇپمۇ خوتۇنىنىڭ ھاجەت ـ هاياسىغا قىلىنغان پەرۋاسىزلىق خوتۇنلارنى هارام يول، سوغۇق قوللارغا تەلمۈرتۈش، بۇزۇقچىلىققا داغدام يول ئېچىش بىلەن باراۋەردۇر.

**سەمەتجان** ئۇنىڭ هاياتتىن ئىزدەيدىغان مەنە ـ شادلىقىنىڭ تېخىمۇ تايىنى يوق. ئۇ خوتۇنى قىلىپ، ئۆيىنى قەبرە قىلىپ تۈگۈلۈپ ياشاشنى ئادەت قىلىۋالغان قۇرتسىمان بەندە. ئۇنىڭدا تاشقى دۇنيا، ئاۋامنىڭ تەقدىرىگە ۋە ھەتتا خوتۇنىنىڭ روھىي دۇنياسىغا مەسئۇل بولىدىغان ئىگىدارلىق تۇيغۇسىنىڭ ئۇرۇق ـ پېچىكىمۇ يوق. ئۇ خوتۇنىنىڭ خىزمىتىنى قىلىشنىلا قوغلىشىدۇ، ئەمما خوتۇنىنىڭ نەگە بېرىپ، نەدە تۇرۇشى، كىملەر بىلەن قانداق يوسۇندا بىللە بولۇشىغا قىلچىلىكمۇ كۆڭۈل بۆلمەيدۇ، بۇلارغا كاللا قاتۇرۇپمۇ يۈرمەيدۇ. ئۇنىڭدا هايات، ئائىلىنىڭ بىرلىكى، ساغلام ئۇيۇشۇشچانلىقىنى قوغدايدىغان ئېنىق ئۆلچەم ـ پرىنسىپ مەۋجۇت ئەمەس (ئۆلچەم ـ پرىنسىپسىز ئەقىدە نېمە ئىش قىلسۇن). ئۇ خوتۇنىنىڭ بەزى قىلىقلىرىغا نارازى بولىدۇ، ئەمما قاش كۆتۈرۈپ خوتۇنىغا ماۋۇ ئىشلارنى قىلىسەن، مۇنۇ ـ مۇنۇ ئىشلارنى قىلساڭ قەتئىي بولمايدۇ، دەپ ئىككى ئېغىز گەپنىمۇ راۋرۇس قىلالمايدۇ. تۇرمۇشقا قويىدىغان ئەڭ ئەقەللىي تەلىپىنىڭمۇ تايىنى يوق، ئەقىدىسى ئەڭ چۈپرەندە بۇنداق ئادەملەرنىڭ ئۆزىغۇ خانىۋەيران، خوتۇن ـ بالىلىرى، ئائىلىسىمۇ كىرىزىس، خورلۇق ۋە پاسىقلىق

www.uyghurkitap.com

ئىچىدە ئىككى ئالەم ۋايجان ـ ۋايجاندۇر.

تۆت ئەۋلادقا مەنسۇپ تۆت ئەرنىڭ تەن، ئەقىل ۋە ئەقىدە ساپاسى ۋە پوزىتسىيىسى، تۇرقى ـ ھالىنى تۇتۇپ تۇرۇپ بىز شۇ دەۋر، شۇ ئائىلە ھەمدە شۇ ئائىلە ئەزالىرىنىڭ بەزىبىر قىياپەت ـ ئەھۋاللىرىنى ئېنىق ھالدا كۆرۈپ يېتەلەيمىز. تۆۋەندە نەزىرىمىزدە بولىدىغىنى يۇقىرىقىدەك تەن، ئەقىل، ئەقىدە ساپاسىغا ئىگە كىشىلەر — ئەرلەر ھامىيلىقىدا مەيدانغا چىقىدىغان بەزىبىر مۇناسىۋەت قۇرۇلما ـ شەكىللىرى بولىدۇ:

## 1. ئەر ۋە ئايال

ئەر ئايالنىڭ يۆلىكى، تېرىكى، باشپاناھىدۇر. ھەرقانداق بىر ئايال ئۆز ئېرىدىن تولۇق بىخەتەرلىك، خاتىرجەملىك تۇيغۇسىغا ئېرىشىشنى ئىستەيدۇ. بۇ خىل خاتىرجەملىك تۇيغۇسى كۆپ قىر، كۆپ تاراملىق بولۇپ، ئۇ ئۆيدە ئېيىقتەك يوغان بىر ئەرنىڭ قارانچۇق، ھەيكەل ئورنىدا سايە تاشلاپ تۇرۇپ بېرىشىنى ئەمەس، ئەڭ مۇھىمى ئايالنىڭ ماددىي ـ مەنىۋى جەھەتلەردىكى ئېھتىياجلىرىنى لايىقىدا قاندۇرۇشنى شەرت قىلىدۇ. ماددىي ئېھتىياج ئايالنىڭ پۇل ـ ئىقتىساد، كىيىم ـ كېچەك، يېمەك ـ ئىچمەكتىن بەھرىلىنىشى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشسا، مەنىۋى ئېھتىياج ئايالنىڭ كۆيۈش ـ سۆيۈشكە ئېرىشىشىدىن كۆڭلى شاد، شەھۋەت ـ مۇھەببىتىنىڭ لايىقىدا ئىنكاسقا ئېرىشىشىدىن بەختىيار ھېس قىلىشى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. بىر پازىل ئايال ھەرگىزمۇ ماددىي يوقسۇزلۇق، گادايلىق تۈپەيلى ئۆز ئېرىگە ۋاپاسىزلىق قىلىپ، نىكاھقا يۈزسىزلىك قىلمايدۇ. ئەمما، مەنىۋى ئېھتىياجنىڭ قانماسلىقى، تېگىشلىك بىخەتەرلىك، بەھرىلىنىش تۇيغۇسىغا ئېرىشەلمەسلىك تۈپەيلى ھەرقانچە باي ـ باياشات ئائىلىنىڭ زەردار خوتۇنلىرىمۇ ئۆزىنى ھېچنېمىسى يوقتەك بەختسىز، غەمكىن ھېس قىلىشى ۋە ھەتتا

تازغا قېچىپ خوتۇن بولۇشمۇ مۇمكىن. ئۆز ئېرىدىن رازىمەن ئاياللار ياتلارغا كۆز قىرىنى سېلىپمۇ قويمايدۇ. ئېرى رازى قىلالمىغان ئاياللار ئوڭاي بۇزۇلىدۇ، ئىتائەتتىن چىقىدۇ، ئېرىنى كۆزگە ئىلمايدۇ، نىكاھنى مەنسىتمەيدۇ، ئىپپەت - ھاياسىغا ئېتىبارسىز قارايدۇ.

ئەرلەرنىڭ ئايال ئالدىدىكى بۇرچى يالغۇز ئۇنى يېدۈرۈپ - تويدۇرۇپ، ئوغرى ئېلىپ قاچماسلىقى، قېچىپ كەتمەسلىكىدىن خەۋەر ئېلىپ ئولتۇرۇشلا ئەمەس، بەلكى يەنە ئۇنىڭ ھاياسى، ئىپپىتىگە ئىگە بولۇش، ئۇنى قوغداش، ئاسراشتۇر. شۇبھىسىزكى، «ئاياللار ئەرلەرگە جانابىي ھەقنىڭ ئامانىتىدۇر»(ھەدىستىن). ئايالنىڭ ھاياسى ئەرنىڭ باھاسى؛ ئەرنىڭ ئىپپىتى ئەرنىڭ شەرەپ - قىممىتى؛ ئايالنىڭ نومۇسى ئەرنىڭ ھۇزۇرى - غۇرۇرىدۇر. ئۆز خوتۇنلىرىنى خالىغان بىر ئەر بىلەن ئاشكارا - يوشۇرۇن تۇستە كۆڭۈل خۇشى قىلىشقا تاشلاپ بەرگەن، قويۇپ بەرگەن ۋە ھەتتا خوتۇنىنىڭ يەنە بىر ئەر بىلەن قۇچاقلىشىپ، سۈركىشىپ كۆڭۈل ئېچىشىغا (تانسا، ۋالس، ئۇسسۇللارنى كۆز ئالدىڭىزغا كەلتۈرۈپ بېقىڭ) ھېجىيىپ مەستخۇشلۇق بىلەن كۆرەڭلىك ئىلكىدە ئولتۇرغان بىر ئەردە ئەركەكلەرچە ساغلام ئەقىدە - ۋىجدان يوقتۇر. مەن ئۇنداق ئەرلەرنىڭ ئۆز خوتۇنىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىغا ھەقىقەتەن شەكتىمەن، گۇماندىمەن. خوتۇن كىشى ئۆزىنىڭ ئون - يىگىرمە يىللاپ ئاۋايلاپ ساقلىغان ئىپپەت - ھاياسىنى يەنە بىر ئەرگە ھالاللاپ بەرگىنىكەن، دېمەككى، ئۇ شۇ ئەرگە مۇتلەق تەۋە يېگانە مەرھەمەتتۇر ۋە ئۇنىڭ تېنى، تىلى، دىلى، دىنى، قېنى، جېنى، جىمى - جىمى نەرسىسى شۇ ئەرگە ئامانەتتۇر. ئامانەت نەرسە يات بىراۋغا خالىغانچە كۆرسىتىلىدىكەن ياكى ياخشى ئاسراپ ساقلىنىپ ئۆز ئىگىسىگە جايىدا يەتكۈزۈلمەيدىكەن خىيانەتتۇر، جىنايەتتۇر. يات ئەرنىڭ تېنى - ئەزايى بىلەن تولا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇچراشقان ئايالدا هايا، ئۆز ئېرىگە ۋاپا قالماس، ياتلارنىڭ يىرىك قوللىرىنى ئومۇس بىلمەس. هاياسىز گۈزەللىك، ۋاپاسىز نىكاھ قايسى بەندىنى شاد قىلىپ باققان؟...

ئۆز خوتۇنلىرىنىڭ ئېھتىياجىنى راۋرۇس قاندۇرالمىغان ئەرنىڭ بوينى هامان ئېگىك، بېلى پۈكۈكتۇر. بىر ئەر خوتۇنغا لازىم نەرسىلەرنى ۋايىغە يەتكۈزۈپ بېرەلىسە ئاندىن ئۇنىڭدىن ئۆزىگە لازىم ساپا ـ خىسلەتنى ئاشۇرۇپ تەلەپ قىلالايدۇ. خوتۇننى رازى، قايىل قىلماي تۇرۇپ ئۇنىڭدىن رازى بولغۇدەك ئىتائەتنى كۈتۈش، ئارزۇلاش بەكمۇ ئەخمەقلىقتۇر.

ئېرىدىن رازى بولمىغان، قانائەت تۇيغۇسىغا ئېرىشەلمىگەن ئاياللارنىڭ ئۆيىدە تۇرغۇسى كەلمەيدۇ. قەلبىدىكى، ۋۇجۇدىدىكى بوشلۇقنى سىرتلاردىن، باشقا نەرسىلەردىن ئىزدىگۈسى كېلىدۇ، نەتىجىدە كىيىمگە، گىرىمگە يېلىنىدۇ. ئۆز تېنىدىكى هاياجان ۋە تەلپۈنۈشلەر ئېرىنىڭ ئىمجانلىقى ۋە مەسئۇلىيەتسىزلىكى تۈپەيلى ئېتىبارسىز قالغاندا لازا، هاراق ـ شاراب، گۈلدۈر ـ گۈپپاڭ مۇزىكىلارغا ئەسەبىيلەرچە سەكرەش ئارقىلىق تېنىدىكى نازۇك تۇيغۇلارنى غىدىقلاپ شۇ ئارقىلىق ئارام تاپماقچى بولىدۇ. ئۇ ئارقىلىقمۇ كۆڭۈل باياۋىنىدا سوزۇلۇپ ياتقان قاغجىراش، قۇرغاقچىلىقنى بېسىپ بولالمىسا بۇزۇلىدۇ، يات ئەر ئارقىلىق خۇشلۇق ئىزدەيدۇ... ھەقىقەتەنمۇ تاپتىن چىققان، بۇزۇلغان، ئەڭ پاسىق، شەرمەندە ئورۇنلاردا ياسىما ناز ـ كەرەشمە، يالغان هاياجان ۋە سۈنئىي غىدىقلاش شەكىللىرى بىلەن قىيامەتنىڭ نەرسىنى چىللاۋاتقان ھەربىر ئايالنىڭ كەينىدە تېنى ئاجىز، ئەقلى يېرىم، يىلىكى سوۋۇغان، ئەرلىك جاسارەت ـ روھى سۇنغان، ئەقىدىسى زەئىپ ئىمجان ئەردىن كەم بولغاندا بىرى ۋە ھەتتا بىرنەچچە مىڭى بار. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەربىر ئەرنى پادىچىغا ئوخشاتقان ۋە ئۆز پادىلىرىڭلارنى قوغداڭلار، دېگەنىدى. دېمەككى، ئاياللار، باللار ئەرلەرنىڭ قوغدىشى بەرھەق بولغان

تاۋابەتلەر جۇملىسىدىندۇر. ئاياللارنى ئاسرىماسلىق، مەسئۇلىيەت بىلەن سۆيمەسلىك، تەربىيىلىمەسلىك، ئۇنىڭ ئارزۇ ـ خاھىشىغا سەل قاراش تۇپەيلى ئاياللار يولدىن چىقىپ كېتىدۇ. ھەربىر بۇزۇق خوتۇننىڭ كەينىدە بوشاڭ ئەردىن بىرى بار. ھەربىر ھاياسىز قىزنىڭ كەينىدە مەسئۇلىيەتسىز دادىدىن، پەرۋاسىز ئاكا ياكى بىغەم ئۇكىدىن بىرى ياكى بىرنەچچىسى بار. ھېچبولمىغاندا، پاكىز، سالىھ قىز ـ خوتۇنلارنى بۇزغىلى، يولدىن چىقىرىپ ھايۋانىي نەپسىنى ھارامدىن قاندۇرۇش كويىدىلا يۈرىدىغان بەتبەخت ئەردىن كۆرمىگى بار. دىمەككى، خوتۇن ـ قىزلارنىڭ ساقلىقى، پاكلىقى، ئاقلىقى ئۈچۈن ئەرلەرنىڭ تۈزەلمىكى، كۈچلەنمىكى، ئۆزلىرىنى تەن، ئەقىل، ئەقىدىدە كامىل، قابىل قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقمىقى مۇرەسسە تەلەپ قىلمايدىغان ھەقىقەتتۇر. قابىل ئەرلەر سالىھ ئايالارنى تەربىيىلەپ، يېتىشتۈرۈپ چىقالايدۇ، پەزىلەتلىك ئايالار مۇنەۋۋەر بالىلارنى تۇركۇملەپ تۇغۇپ، تەربىيىلەپ بېرەلەيدۇ. مىللەتنىڭ جىسمانىي، مەنىۋى گەۋدىسى شۇندىلا مۇناردەك كېرىلىپ تىكلىنىدۇ.

ئەرلەر بىلەن ئايالارنىڭ نىكاھ ئاساسىدىكى قوشۇلۇشىدىن مۇھەببەت خانىدانلىقى بەرپا بولىدۇ. ئەرلەر ئاشۇ كۆڭۈل مەملىكىتىنىڭ شانۇ شەۋكەتلىك تاجۇ ـ تەختىدىن ئورۇن ئالغۇچى شاھى ـ سۇلتاندۇر، ئايالار بولسا ئىپپەتلىك، ھۆرمەتلىك مەلىكە ـ خانىشلاردۇر. شاھتا شاھقا تۇشلۇق ساپا، پاراسەت، سۇر، كىبىر، پەرمان بەرگۇدەك كەسكىن ئۆلچەم، ئەل ـ يۇرتقا ئىگە بولغۇدەك ھامىيلىق روھى بولمىسا ۋە ھەتتا خان ـ ئايىملارنىڭ قاش ـ قاپىقىغا قول باغلاپ قالسا ئۇنىڭ شاھانە سەلتەنىتى نېمىگە ھېساب؟ بۇ خىل خانىدانلىق قانچىلىك داۋاملىشىدۇ؟ شاھقا تۇشلۇق ھەيۋىسىنىمۇ يوقىتىپ چۆرىلەرچە كىر ـ پايپاق يۇيۇپ ئولتۇرسا قايسى مەلىكە ـ ئايىم ئۇنى خان ـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

جان بىلىپ ئىنتائىنتىگە كىرەر؟ ئۇنىڭ كەينىدىن بەخت ئىزدەپ ئەگىشىپ ماڭار؟...

**تۆمۈر مەرگەن** ئۇ 14 يېشىدا ئالغان خوتۇنىنىڭ كىيىم ـ يېمىنى پۈتۈن، دىلىنى يورۇق، روھىنى ئۈستۈن قىلدى. خوتۇنى ئۇنى غۇرۇر بىلىپ شەكسىز ئىنتائەتكە كىردى، ھەتتا ئۆلگەندىن كېيىنمۇ ئۇنى پەخىر ـ ئىپتىخار، ھاياجان، سېغىنىش بىلەن ياد ئېتىپ تۇردى. ئۇ خوتۇنىنىڭ ئىشتانبېغىغا ئېسىلىپ، قولتۇقىدىن چىقماي يېتىمۋالمىدى، بەلكىم ئۇلۇغ قۇرۇق ۋەدىلەرنىمۇ بەرمىگەن بولۇشى مۇمكىن، ئەمما ئۇ مۇھەببەت، كۆيۈنۈشنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى، ئەرنىڭ خوتۇن ئۈچۈن نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى ئۆز ھەرىكىتى بىلەن دەپ بەردى. ئەر ـ خوتۇنىنىڭ مۇناسىۋىتى يالغان ـ ياۋىداق گەپ ئۈستىگە ئەمەس، ئاددىي، ئەمما مۇستەھكەم ئىشەنچ، ئەقىدە ئۈستىگە قۇرۇلۇپ، يۈرەك يۈرەككە تا ئەبەتلىك قوشۇلۇپ كەتتى. ئۇ ئۆلۈم ئالدىدا خوتۇنىغا خوش ئېيتىپ، ئايالى ئۈچۈن غەم ـ ئەندىشە قىلىپ كەتمىدى. ئۇ خوتۇنىنىڭ ئۆز ئۆلۈمىنى ئەپسۇس ئەمەس، شەرەپ بىلىپ روھى ئۈستۈن ھالدا جۇشقۇن مەغرۇرلۇق بىلەن پاكىز، مەنىلىك ياشاپ ئۆتەلەيدىغانلىقىغا ئاللىقاچان ئىشەنگەن، ئۇنى شۇ ھالدا تەربىيىلەپ چىققانىدى.

**سادىر** ئەسەردىن بىز سادىرنىڭ خوتۇنى بىلەن بولغان مۇناسىۋەت تەپسىلاتىنى تەھلىل قىلغۇدەك تەسۋىر ـ بايانلارنى ئۇچرىتالمايمىز. ئەمما، ئۇنىڭ جان ۋە ئائىلە قايغۇلىرىدىن ئۇنىڭ خوتۇنىنىڭ ئەتىسىگە بولغان ئىشەنچ تۇيغۇلىرىنىڭ ئىنتايىن ئاجىز ئىكەنلىكىنى بايقاپ يېتەلەيمىز. دادىسى تۆمۈر مەرگەن خوتۇنىنىڭ كېيىنلىكىگە غەم ـ قايغۇ، ئەندىشىدىن خالىي قالتىس ئۈمىد بىلەن مۇئامىلە قىلالىغانىدى. سادىرنىدا خوتۇنىنىڭ پەزىلەت ـ ساپاسىغا، تائەت ـ تەقۋاسىغا ئىشەنچى كەم بولسا كېرەك.

سادىر ئۇ خوتۇننىڭ تاماق لازىمەتلىكلىرىنىمۇ ھەل قىلىپ بەرمەي يانپېشىنى يەرگە چاپلاپ يېتىۋالىدۇ. ئۇ خوتۇنىنىمۇ سىرتلارغا چىقىپ ئىشلەشكە بۇيرۇپ ئۆكتەملەرچە ھۆركىرەيدۇ. ئەر بولغۇچى جەزمەن ھەل قىلىپ بېرىشى كېرەك بولغان ئىشلارغىمۇ كەينىنى قىلىۋالىدۇ. ئايالىنى نازاكەت دۇنياسىدىن چىقىپ كۆچەپ ئىشلەشكە تۇتۇپ بېرىدۇ. خوتۇنلار مېھىر - مۇھەببەت دۇنياسىنىڭ ھۆرمەتلىك نازىنىن گۈزەللىرىدۇر. ئۇلار ئېغىر، قىيىن ئىشلارغا ئەمەس، ئەڭ يەڭگىل ئىشلارغا ۋە ئەرلەرنىڭ سۆيۈپ، پەپىلەپ، ئاسراپ، قوغدىشىغا يارىتىلغان. ئاشۇ نازىنىن، ئەۋرىشىم، يۇمران تەننىڭ ئېغىر ئىشلارغا قېلىشى ئەرلەردىكى ھامىيلىق روھى، ئىگىدارلىق تۇيغۇسىنىڭ ئاجىزلاشقانلىقىنىڭ دەلىلى. نازۇك تەنلەر ئېغىر يۈك ئاستىدا ئېزىلىپ، پۈكۈلگەندە ئاياللاردىكى سۇلكەت، نازاكەت يوقاپ كېتىدۇ. ئۇلار ئىللىق، مېھرىبان خانىش - خوتۇندىن جىسمانىي، ئەقلىي كۈچىنى چىڭقالدۇرۇپ پۇل تېپىشى كېرەك بولغان مەدىكار ئىشلەمچىگە ئايلىنىدۇ. ئەرلەر دۇنياسىدا ئەرلەر بىلەن كۈچ سىنىشىپ رەھىمسىزلەرچە تىركىشىش نەتىجىسىدە ئاياللاردا ئاياللىق خىسلەت - سۇلكەت زور دەرىجىدە ئاجىزلاپ كېتىدۇ، ئەر - ئاياللار ئارىلاش ئىشلەش نەتىجىسىدە ھايا، نومۇس تۇيغۇلىرى خىرەلىشىدۇ. ئىشلەمچى خوتۇنلار بىر كۈنلۈك ئالدىراش ئىشتىن ھارغىن پېتى ئۆيىگە قايتقىنىدا ئۇلارنىڭ ئېرىگە، بالىلىرىغا ئىللىقلىق، مېھرىبانلىق يەتكۈزگۈدەك ماغدۇرىمۇ قالمايدۇ. ئەرلەرنى سۆيدۇرۇپ - كۆيدۇرىدىغىنى سىرتلاردىكى مەدىكار، ئىشلەمچى ئايال ئەمەس، ئۆيدىكى چېۋەر خوتۇندۇر. ئەمما، ھارغىنلىق ئۇلارنى ئېزىدۇ، بوشاشتۇرىدۇ. نەتىجىدە، ئاياللار ئائىلىدە جەزمەن بېجىرىشى كېرەك بولغان ئاياللىق مەزمۇناتلىرىنىمۇ ئورۇندىيالماي قالىدۇ، ۋە ھەتتا تىرىككەك، ئېرى بىلەن تەڭ تۇرۇپ زاكونلاشقاق بولۇپ قالىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

سادىر خوتۇنى يات ئەرلەرنىڭ قارىشىدىن ئۆيلىنىدىغانلىقىنى ئېيتىۋاتىسىمۇ «قارىسا قارىمامدۇ. قارىغانغا سىنى يەپ كېتەمتى» دەيدۇ بىزەڭلەرچە. دېمەككى، ئۇ ئايالىنىڭ ئەپەپتىنى يات كۆزلەرنىڭ هارامزادىلەرچە قارىشىغا نومۇس هېس قىلماستىن تاشلاپ بېرىدۇ، ئايالىنىڭ هاياسىنى قوغداش تۇگۇل ئۇنىڭ نومۇس ئالدىدىكى هايا بىلەن قىزىرىپ - تەمتىرىشىنى مازاق قىلىدۇ. بەلكىم بۇنداق ئەرلەر خوتۇنى يەنە بىرى بىلەن ئاپئاشكارا ناشايان ئىشلارنى قىلىشىمۇ «شۈمىگەنگە تۈگەپ قالىدىغان كەمپۈت بولمىغاندىكىن» دەپ هېچ ئىش بولمىغاندەك يەنە شۇ ئايالنى خاتىرجەم خوتۇن قىلىپ ئولتۇرۇۋېرەر. ھەقىقەتەنمۇ، بىزدە «خوتۇن ئالساڭ كوچىدىن ئال، يىغىۋېلىش ئۆزۈڭدىن» دەيدىغان هېكمەت بار. ئەر جۇشقۇن، ساغلام، ئەقىدىلىك بولسا پاهىشىنىمۇ تەقۋا ئايالغا ئايلاندۇرۇپ خوتۇن قىلىپ ئولتۇرالايدۇ. ئەمما بوشاڭ، زەئىپ ئەرلەر مۆمىن خوتۇنىنىمۇ جالاپقا ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ ... خوتۇنى سادىرنى كۆزگە ئىلمايدۇ، ئۇنىڭغا تەئەددى قىلىدۇ، ئۇنى مازاق قىلىپ كۈلىدۇ ۋە ئاخىرىدا «ئەر كىشى يوق يەردە» دەپ، ئېرىنىڭ زەئىپ گەۋدىسىنى ئىنكار قىلىپ تۇرۇپ ئەرلەر قىلىدىغان ئىشقا قول تىقىدۇ، ئۇنى كۆزىدىن سېلىۋېتىدۇ، ئاندىن «ئىسىت، ئەر» دېگىنىچە ئەرلىك روهىنىڭ قۇرۇپ كېتىۋاتقىنىغا هازا ئاچقاندەك ئۆزىنى تۇتالماي يىغلاپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ «ئىسىت» دېيىشىدىن ۋە ئاچچىق يىغىسىدىن مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى يوقاتقان نىمجان ئەرلەرگە بولغان ئاچچىق ئەپسۇس ئاڭقىپ تۇرىدۇ. سادىردا خوتۇنىنى رازى قىلىپ تۇرۇپ ئاندىن ئۇنى سالىھلىققا چىللايدىغان ساپا مەۋجۇت ئەمەس. ئۇ خوتۇنىدىن ئەمەس، هەتتاكى خوتۇنىمۇ ئۇنىڭدىن ئىشەنچ تاپالمىدى. هەقىقەتەنمۇ پەزىلەتلىك ئاياللار بولۇمسىز ئەرلەرنىڭ قولىدا ۋەيلۇن ئازابىغا مۇپتىلادۇر.

**سەمەتجان** ئۇ ئايالنى ئىتائەتكە ئالغان ئەر ئەمەس، ئايالغا ئىتائەتكە كىرگەن ئەر، يەنى سۇنغان ئەر، ئاغدۇرۇلغان خاندۇر. ئۇ خوتۇنىنىڭ تامىقىنى ئېتىپ، ئىشتان - پايپىقىنى يۇيۇپ ئولتۇرغۇچى چاكار ئەردۇر. بىر ئەرنىڭ خوتۇنىنىڭ ئائىلە ئىشلىرىغا ياردەملىشىشى ئەڭ ئەقەللىي ئىش. ئەمما، بىر ئەرنىڭ ئىزچىل، ھەر كۈنى خوتۇنى تۇرۇشقا تېگىشلىك قازان بېشىنى ئىگىلەپ، خوتۇنىنىڭ ئورنىغا ئۆتۈۋېلىشى نومۇسلار ئىچىدىكى كاتتا نومۇستۇر. ئائىلە ئىشلىرىدا چەك يوق. لېكىن، ئەر بىلەن ئايال قىلىدىغان ۋە قىلىشقا لايىق ، ئەپ قىلىپ يارىتىلغان بەزى ئىشلارنىڭ ئۆز يولىدا جارى بولمىقى كاتتا ھېكمەت، قانۇنىيەتنىڭ ھۆكمى دائىرىسىدىكى ئىشتۇر. مەن ھېچقانداق بىر ئايالنىڭ ئۆز ئېرىنىڭ ھەر كۈنى ئاش - تاماق ئېتىدىغىنىدىن پەخىر ھېس قىلغىنىنى كۆرمىدىم، ھېچقانداق بىر ئايالنىڭ ئۆزىنىڭ تامىقىنى ئېتىپ، كىرىنى يۇيۇپ بېرىدىغان ئېرىنى چوڭ بىلىپ ئىززەت كۆرسەتكىنىنى، ھۆرمەتلەپ ئىتائىتىگە كىرگىنىنى ھەم كۆرمىدىم. ئاياللار ئەرلەرنىڭ سۇرىنى ياقتۇرىدۇ، ئاياللار ئەرلەرنىڭ نوپۇز، ھەيۋىسىنىڭ كاتتا بولۇشىنى خالايدۇ، شۇنىڭدىن پەخىر، غۇرۇر ھېس قىلىدۇ. قېنى قايسى ئايال يىل — ئون ئىككى ئاي خوتۇن كىشىنىڭ پايپىقىنى يۇيۇپ ئولتۇرغۇچى ئەرنى ھۆرمەت، ئىززەت بىلەن سۆيىدىكىن ؟ دېمەككى ، ئەر دېمەكلىك نوپۇز، كۈچ دېمەكتۇر. بىر ئەردە ئۆز ئايالىنى تەپتارتقۇزالايدىغان، ھېيىقتۇرالايدىغان كۈچ، سۇر، ھەيۋە، نوپۇز بولمىسا، خوتۇنى ئۇنى چوڭ بىلىپ ئىتائىتىگە كىرمەيدۇ، خوشلۇق بىلەن كەينىدىن ئەگەشمەيدۇ. شۇڭا، ئەر - خوتۇنلار ئالمىشىپ قالماڭلار دەپ مۇراجىئەت قىلماق بەك زۆرۈردۇر.

سەمەتجاندا سۇر يوق، نوپۇز يوق، ئۇ ئايالىنى ھېيىقتۇرالمىغان، تەپتارتقۇزالمىغان، ئىتائىتىگە

ئەكىرەلمىگەن، ھەتتاكى ئۇنىڭ تاماقىغا لازا سالماسلىقتەك ئەڭ ئەقەللىي، ئەڭ ئادەتتىكى تەلىپىمۇ ئايالىنىڭ پۇشتىكىدە پوش. ئۇ خوتۇنىنىڭ بالدۇرراق قايتىپ كېلىشىنى يالۋۇرۇپ تىلەيدۇ. خوتۇنىغا مەلۇم ئىش ياكى پىكىردە كەسكىن ھۆكۈم بىلەن بىرەر ئېغىز گەپنىمۇ قىلالمايدۇ، ئەكسىچە، ھەدېسىلا يالۋۇرىدۇ، يېلىنىدۇ. خوتۇن ئالدىدا تىز پۈككەن، بېشى ئېگىلگەن، تىلى تۇتۇلغان بىر ئەرنىڭ ئايانچلىق ئېغىرىشى، ئاجىزلارچە يېلىنىشى ئۇنىڭ ھەربىر ئاۋاز تېمىسىرىدىن يەتكۈچە ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ. ئەرنىڭ تەن، ئەقىل، ئەقىدە ئاجىزلىقى ئېرىدىن يېتەرلىك قانائەت، تويۇنۇش تاپالمىغان خوتۇننى ئۆزىنى بوياپ سىرتقا ئاتىدىغان، ئولتۇرۇش، چايلاردىن خۇشلۇق ئىزدەيدىغان قىلىشۇەتكەن. «جاننى قاقشىتىدىغان مەنىلەر»نىڭ سەمەتجان تەرىپىدىن پەرۋاسىز تاشلىنىشى خوتۇننى ياش ئاياللاردا بولىدىغان چەكسىز ھاياجان، ئوتتەك تەلپۈنۇشلەرنى لازىمىنىڭ ئاچچىقىدا، بەزىملەرنىڭ سورەن ساداسىدا ۋە يەنە ئاللىكىملەرنىڭ قول - قۇچىقىنىڭ ئىدىقلىشىدا باسىدىغان قىلىپ قويغان. شۇڭا، ئۇ ئېرىنى چاكارچىلىكمۇ كۆزگە ئىلمايدۇ، ئۇنى مەدىكارنى ئىشقا سالغاندەك كۆرەڭ بۇيرۇق تەلەپپۇزىدا ئىشقا ھەيدەيدۇ، بىز ئەر - خوتۇن ئىككىسىنىڭ دىئالوگ ئۇرانىدىن ئەر - خوتۇنلار ئارا بولىدىغان ھۆرمەت - تەكەللۇپ، يول قويۇش، ئىزا، ئۆز كۆرۈش تۇيغۇلىرىنىڭ ئىزناسىنىمۇ تاپالمايمىز.

سەمەتجان خوتۇنىنىڭ ھاياسىنىڭ ئۆزىگە مۇتلەق تەۋە ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ يات ئەر - خوتۇنلار سورۇنىدا كەلسە - كەلمەس يۈرۈشىنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىنى، نىكاھنىڭ ئىززىتىنى ساقلاش كېرەكلىكىنىمۇ ئەسكەرتەلمەيدۇ. دېمەككى، خوتۇنىنىڭ ھاياسىغا ئىگە بولالمايدۇ. ۋەھالەنكى، بىز خوتۇنىنىڭ جىسمىنى ئەمەس، ئەڭ مۇھىمى ئۇنىڭ ھاياسىنى ئالىمىز ۋە ئاشۇ ھاياغا

نىكاھ ئاخىرلاشقۇچە ياكى ئۆلگۈچە يالغۇز ئىگىدارچىلىق قىلىمىز. خوتۇننى شېرىكلىشىپ ئالمىغان ئىكەنمىز، ئۇنىڭدىن بەھرىلىنىش، ھوزۇرلىنىش ھوقۇقىمۇ مۇتلەق بولۇشى كېرەك. خوتۇن ئومۇمنىڭ مۈلكى ئەمەس. بىر خوتۇننىڭ زىننەت ـ زىباسى ئۆزىدىن باشقا يەنە بىر يات ئەرگە مۇتلەق ھارامدۇر.

سەمەتجان بەلكىم خوتۇنىنىڭ كىملەردۇر بىلەن كۆڭۈل ئېچىپ يۈرۈشىنى توغرا چۈشىنىدىغاندۇ، ئۆزىنىڭ خوتۇنىغا تۇتقان پوزىتسىيىسىنى يول قويۇش، ئىلمىلىق، ھەممەيلەننىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق تۇرمۇش ئۇسۇلى، دۇنيا قارىشى بولىدۇ، بۇ بىر ـ بىرىگە ھۆرمەت قىلىش، دېگەندەك پەتىۋا ـ قاراشلار بىلەن ھارغىنچە بوياپ زىننەتلەپ چىقىدىغاندۇ. ۋەھالەنكى، مەن ئۆز خوتۇنلىرىنى يات جىنسلار ئارىلاش سورۇن، يىغىلىش، ئولتۇرۇشلارغا قويۇپ بېرىپ ئۆزى ئۆيدە بەخىرامان ئۇخلاپ ياتقان ھەرقانداق بىر ئەرگە ئەپسۇس، ئەپسۇس، يەنە مىڭ ئەپسۇس دېگۈچىلەردىن. خوتۇن كىشىنىڭ مۇھەببىتى ۋە مۇھەببەت قويغۇدەك يېرى ئۇنىڭ ئىپپەت ـ ھاياسىدۇر. ھاياسىز خوتۇندا سېنى سۆيدۇرگۈدەك گۈزەللىك، نازاكەت نېمە ئىش قىلسۇن؟

سەمەتجاننىڭ ئائىلى ئۇنى ئەسلىدىنلا مەنسىتمەيتتى، كۆزگە ئىلمايتتى، ئۇنىڭدىن ئازراقمۇ رازى ئەمەس ئىدى. ئاخىرىدا ئۇ سەمەتجاننىڭ پاقىدىنىمۇ قورقۇپ ئالدى ـ ئارقىغا قارىماي پارتىلداپ قېچىشلىرىغا قاراپ، «كەلمەسكە كەتكەن بىر قىممەتلىك نەرسە ئۈچۈن ئاھ ئۇرۇپ، ھازا ئاچقاندەك يىغلاپ نالە» كۆتۈردى. ھەئە، ھەقىقەتەنمۇ بىر ئايال ئۈچۈنلا ئەمەس، بىر ئائىلە، مىللەت، دۆلەت ئۈچۈنمۇ قىممەتلىك بىر نەرسە ئۇن ـ تىنسىز يوقاپ كېتىۋاتاتتى.

### 2. ئەر ۋە ئەۋلاد

ئەرنىڭ پەرزەنت ئالدىدىكى مەجبۇرىيىتى ئۇنى دۇنياغا

تۆرەلدۈرۈپ تاشلاپ قويۇشلا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭغا ھاياتلىقتا جەزمەن رىئايە قىلىشى كېرەك بولغان ئەمەل ـ مىزانلارنى، ئەجدادلار ئۆگۈتىنى، ئېسىل ئەنئەنىنى، ئەخلاق ـ ئەركانلارنى بىلدۈرۈش ۋە كىچىكىدىنلا غەيرەتلىك، قەتئىي، جاپا ـ مۇشەققەتلەر ۋە ئازغۇن ئىدىيىلەر ئالدىدا تەمتىرەپ قالمايدىغان قىلىپ تەربىيىلەشتىن ئىبارەت.

تۆمۈر مەرگەن ئۇ ئۆزىنىڭ ياشاش ئۇسۇلى بىلەنلا بولۇپ كەتتى ـ دە، ھاياتىدىكى ئىنتايىن چوڭ بىر خاتاغا يول قويدى. يەنى بالىسى سادىنىنى ئانىسىنىڭ تەربىيىسىگىلا تاشلاپ قويۇپ ئۇنى ئۆزىنىڭ، ئەجدادلىرىنىڭ ئىزىدىن ئەگەشتۈرۈشنى، ئەرلەرنىڭ ۋۇجۇدىدىكى قورقۇمسىز خىسلەتلەرنى ئوغلىغا سىڭدۈرۈشنى ئويلاپ قويمىدى. بالا تەربىيىسى نوقۇل ئانا تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلىدىغان جەريان ئەمەس. ھەرقانداق بالا مېھرنى ئانىسىدىن ئالىدۇ، قەھر ـ سۈرنى دادىسىدىن. ئەگەر بىر ۋۇجۇد ئانىسىنىڭ پېشىدىلا، ئىللىقلىق، مېھر باغرىدىلا يوغىناپ قەلبى ئاچچىقنىڭ، جاپانىڭ، خەتەرنىڭ، بالا ـ قازانىڭ، دەھشەتنىڭ سۈر ـ ھەيۋىسىدىن سىلكىنىپ باقمىسا ئۇنىڭ قەلبى يۇمشاقلىقتىلا مايىل، نازۇك يېتىلىپ قالىدۇ. بىر ئادەم كۆيۈمنىلا بىلىپ غەزەپلىنىشنى بىلمىسە ئۇ ئۆزىنىڭ ئىمانىنى تاكامۇللاشتۇرالمايدۇ، جاھانىنىڭ جاھالىتى ئۇنىڭ پاكىز ئەقىدىسىگە يۇندى چاچسىمۇ، چىش يېرىپ بىرنەرسە دېيەلمەيدۇ، ئاسماندىن رەھىم، ئادالەت تىلەشنىلا بىلىدۇ، ئۆز ـ ئۆزىنى ۋە توغرا ھەقىقەتنى قوغدىيالماي خارلىقتا قالىدۇ. ھەقىقەتەنمۇ، قەھر ھەقنىڭ قالقىنىدۇر. بىر بالا كىچىك چېغىدىلا قانداق ۋاقىتتا، نېمىگە، قانداق مېھرىبانلىق كۆرسىتىپ، نېمىلەرگە، قانداق قارشى تۇرۇشنى بىلەلمىسە، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ تەربىيىتىدىن قوبۇل قىلالمىسا بۇ خىل ئىنسانىي ساپالارنى تاشقى دۇنيادىن ئوڭايلىقچە تاپالمايدۇ. بولۇپمۇ بىر ئوغۇل

ئاتىسىغا ئەگىشىپ ئەجدادلىرى كەچكەن سۇ، ئاچقان بوزلارغا قەدەم ئېلىپ باقمىسا، ئەجدادلىرى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن شەرەپلىك يولغا كىرىپ، ئۇنىڭغا كۆمۈلۈپ ياتقان سىر-ئەسرارلارنى بىۋاسىتە تەلقىنلەپ باقمىسا، تەبىئەتنىڭ رەھىمسىز كۈرەشلىرىنى ۋە ئاتىسىنىڭ ھايات يولىدىن قانداق ياشاش كېرەكلىكىنى ئۆز يۈرىكى بىلەن ھېس قىلىپ باقمىسا، شۈبھىسىزكى، بۇنداق قەلب تۇغما ساددا، قورقۇنچاق، شىجائەتسىز پېتى قالىدۇ ۋە ھەتتا ئانىسىنىڭ كەينىدىلا، خانىم-قىزلار دۇنياسىدىلا يۈرۈپ، ئۆي ئىشلىرى بىلەنلا بولۇپ خېنىم مىجەز، ئىنتايىن ئەۋرىشىم، ئاسانلا ۋايجانلايدىغان جانباقتىلىشىپ كېتىدۇ.

تۆمۈر مەرگەن بەلكىم ئوغلىنىڭ ئۆزىدىنمۇ ئېشىپ چۈشكۈدەك پالۋان بولۇپ يېتىشىپ چىقىشىنى ئارزۇلىغان بولۇشى مۇمكىن. ئانىسىمۇ ئۇنىڭ دادىسىنىڭ ئىزىدىن مېڭىشىنى كېچە-كۈندۈز تىلەيدۇ. ئەمما، ئارزۇ پالۋان تۇغمايدۇ. تەربىيەتسىز تاشلانغان بىر ئەۋلاد بىر-بىرىدىن زەئىپ نەچچە ئەۋلاد كىشىلەرنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. موماي تۆمۈر مەرگەننىڭ ۋاپاتىدىن كېيىنلا بۇ نۇقتىنى ناھايىتى چوڭقۇر ھېس قىلىپ يەتتى. بۇ ئاجىزلىقنى ئەمدى تولدۇرۇش تەس ئىدى. چۈنكى، سادىن ئاللىقاچان ئەر يېتىپ خاراكتېرى پىشىپ قالغان، بۆرىدىن، خەۋپتىن «جان تاتلىق» دېگىنىچە قاچىدىغان ھالغا كېلىپ بولغانىدى. ئۇ تۈلكىنى ئاتالماي جىلە بولىدۇ، قېرىنداشلىرى خەۋپتە قالسىمۇ پەرۋا قىلمايدۇ. ئاتىسىنىڭ ماڭغان ئىزى، قىلغان ئىشىنى ئۆزى بىلەن مۇناسىۋەتسىز ھېسابلايدۇ. ئەل-ئاۋامنىڭ لەنىتىدىنمۇ قورقمايدۇ. خوتۇنىنىڭ، بالىسىنىڭ قولتۇقىغا قىسىلىپلا جان ئاغرىتماي ياشاشقا كۆڭۈل بۆلىدىغان بۇ خىل مەۋقەسىزلىك نەدىن كەلدى؟ بىزنىڭ ھۆكۈم نەزىرىمىزنى تۆمۈر مەرگەننىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بالا تەربىيىسىدىكى پەرۋاسىزلىقىغا قادىماي ئامالىمىز يوق. ئۆزىدىكى جەڭگىۋار روھنى ئەۋلادلىرىغا يەتكۈزۈپ بېرەلمەسلىك ئىنتايىن چوڭ ئاجىزلىق، كەمچىلىكتۇر.

سادىن ئۇنىڭ مىجەزىدە ئاياللارغا خاس ئائىلىگىلا باش قاتۇرۇش ئېڭى كۈچلۈك. بالىسىغا ئامراق، ئەمما ئامراقلىقىدا مەنە يوق. ئامراقلىق سىستېمىلىق تەربىيە پىلان ـ مەزمۇنى بىلەن تەركىبلەنمىسە بالىنى يالاپ ـ سۆيۈپ، قۇچاقتىن چۈشۈرمەي ئەركىلىتىپ ئولتۇرۇش ئۇنى ياخشى باققان، ئاسراپ سۆيگەنگە ھېساب ئەمەس. سادىن بالىسىغا ئامراق بولىدىغان بولسا ئۇنىڭ ئاتا ئىزىنى بويلاپ سورىغان سوئاللىرىغا ۋە ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىگە كۆڭۈل بۆلسە بولاتتىغۇ؟ ئەكسىچە، ئۇ بالىغا ئامراقمەن، دەپ قويۇپ بالىسىنىڭ ھەرقانداق بىر قىزىقىشىنى چەكلەيدۇ، ئۇنى «تىنچ ـ ئامان تىرىكچىلىك قىلىدىغان ئىشنىڭ پېشىنى تۇتۇش»قىلا رىغبەتلەندۈرىدۇ ۋە بالىسىنى قوغلاپ يۈرۈپ ئانىسىنىڭ ئوتياش ئوتىتىشىغا ياردەملىشىشكە ئەۋەتىدۇ. دېمەككى، ئۇ بىر پەرزەنتىنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىدە قىيىنچىلىق، خەتەر، مۇشكۈلاتنىڭ كەم بولسا بولمايدىغانلىقىنى، بالىلارنىڭ كۆرپە ئۈستىدە زەيپانلىشىپ كېتىدىغانلىقىنى تونۇپ يېتەلمىدى. ھەددىدىن زىيادە كۆيۈنۈش بالىلارنىڭ پۇت ـ قولىغا سېلىنغان ئىشكەل ـ زەنجىردۇر. بالىلار قىيىنچىلىق ئىچىدە بەردەملىشىدۇ، بىلىم قېتىپ، روھى تاۋلىنىدۇ. بۇنداق بالىلار يوغىنىسىمۇ كىچىككىنە قىيىنچىلىق تۈپەيلى تۈگىشىپ كەتمەيدۇ، جاپادىن قورقۇپ تۈگۈلۈۋالمايدۇ.

سادىن ئوغلىنى تەۋەككۈل، قاراملىقتىن توسۇپ ئوتياش ئوتاشقا تۇتۇپ بەردى، دېمەككى، ئوغلىنى جاسارەت قىرغاقلىرىدىن باغلاپ ئەكىلىپ مېھىر ـ ئىتائەت دۇنياسىغا باش ئەگدۈردى. ئوغلىغا دادىسىنىڭ تەرىپى، ئەجدادلىرىنىڭ

شەرىپىنى دەپ بېرىشنى، شۇ ئارقىلىق ئوغلىدا ئۇلۇغ غايە تىكلەشنى ئەھمىيەتسىز بىلدى. ئاتىسىنىڭ قىلغان ــ ئەتكىنىنى قورقۇنچلۇق نەرسە قىلىپ كۆرسەتتى. بالىسىنى تىللاش، قورقۇتۇش ئارقىلىق تىز پۈكتۈرمەكچى بولدى. ئۇنىڭ بۇ خىل تەربىيە ئۇسۇلىدىن توخۇدىنمۇ قورقۇپ پارتىلداپ قاچىدىغان، ئائىلىسىنىمۇ قامدىيالمايدىغان، ھاياتقا، ئائىلىسىگە، خوتۇن ــ بالىلىرىغا بولغان ئەقىدە ــ ئىخلاسىنىڭ تايىنى قالمىغان، بىكارچىلىق، بۇزۇقچىلىققا بۇرنىغىچە پاتقان، ئەجدادلىرىنىڭ شەرەپلىك ئىزىنى تەپتارتماستىن يالغانغا چىقىرىپ ئىنكار قىلالايدىغان، ئۆكتەم، ئۇششۇق، نومۇسسىز ئەۋلادتىن بىرى تۆرەلدى.

**سادىر** ئۇ پەرزەنتىگە بولغان تەربىيىدە ئالدىنقىلارنى تامامەن ئىنكار قىلىش پوزىتسىيىسى تۇتىدۇ. ئاتا ــ بوۋىسىنىڭ قىلغان ــ ئەتكەن ئىشلىرى توغرۇلۇق ئۆزىگە بىر نەرسە دەپ بېرەلمەيدۇ، ھەتتا ئوغلىنىڭ مۇشۇ ھەقتىكى سورىغان سوئالىغىمۇ پەلىپەتىش گەپلەر بىلەن «قىپقىزىل يالغان» دەپ ھۆركىرەيدۇ. «بۇرۇن كىملەر، نېمە ئىش قىلغان بولسا ئۆزىنىڭ ئىشى. ئۇنىڭ بىز بىلەن ئالاقىسى يوق. بىز ئۆزىمىزنىڭ ئىشىنى بىلسەك بولدى» دەپ قارايدۇ. يەنى ئەنئەنىنى تامامەن ئىنكار قىلىش ۋە ئۆزىنىلا ئويلاشتەك شەخسىيەتچىل پوزىتسىيىدە تۇرۇپ بالىسىغا تەربىيە بېرىدۇ. ئوغلىغا بىر ئادەمنىڭ ھاياتلىقتا ئەجداد ئەنئەنىسى، ئەقىدە مىراسسىز مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى چۈشەندۈرەلمەيدۇ. ھەممىدە ئۆزىنىڭ ئىشىنى بىلىشنىلا تەۋسىيە قىلىدۇ. شۈبھىسىزكى، ئۇنىڭ بۇ خىل تەربىيە ئۇسۇلىدىن ئەرنىڭ نېمىلىكى، قانداق بولىدىغانلىقىنىمۇ ئاڭقىرالمايدىغان، ئەجدادلىرىنىڭ شەرىپى ئەمەس، ئالدىدا جىلمىيىپ تۇرغان خوتۇنىنىڭ ئاپئاشكارا شەھۋىتى، مەنە ــ ھېسلىرىنىمۇ چۈشەنمەيدىغان، ئەقىدە ــ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىمانى ئۆلگەن، ئەرزىمەس، چۈپرەندە نەرسىلەردىنمۇ قورقۇپ، خوتۇن - بالىلىرىنىمۇ تاشلاپ قاچىدىغان ئەۋلادتىن بىرى دۇنياغا كەلدى.

سەمەتجان بىز ئۇنىڭ تۇرغان - پۈتكىنىدىن بالىسىغا تەربىيە ئىشلەپ ھىدايەتكە يېتەكلىگۈدەك ساپادىن لاتا رەختىنىڭ چىرىگەن پارچىسىچىلىكمۇ تاپالمايمىز. ھاياتلىقتا قويىدىغان ئۆلچەم - تەلىپىنىڭ ھېچقانداق تايىنى يوق، ئەقىدە - ئەخلاقتىن تامامەن مۇستەسنا، تېنى زەئىپ، روھى چۈشكۈن، پاقىدىنمۇ قورقۇپ ئۆيىنى تاشلاپ قاچىدىغان بۇ نىمجان گەۋدە يەنە كىملەرگە، نېمە ھەققىدە تەربىيەت ئىشلىيەلىسۇن؟ ھەقىقەتەنمۇ، ئوت ئىچىدىكى ئادەمنىڭ يەنە بىراۋنى قۇتقۇزۇشقا قۇربى يەتمەيدۇ. ئەگەردە سەمەتجاننى بالا تەربىيىلىمدى دېگەندىمۇ، ئەمدى ئۇنىڭ ئۆگىتىدىغىنى تويغىچە يېيىش، ياخشى كىيىنىش، چاچ تاراش، گىرىم قىلىشتىن ھالقىپ نەگە بېرىشى مۇمكىن؟

مەن زەئىپلىك ئىچىدە قالغان ھەربىر ئەر - ئايالدىن تۇغۇلغان ھەربىر نارەسىدە بالىنىڭ ئەتىسى ئۈچۈن چوڭقۇر ئاھ دەيمەن. تۇپ مەنىدىن ئالغاندا، ئاشۇ سەبىيلەر پاك، كىرسىز، بىباھادۇر. ئاتا - ئانىنىڭ ناكارلىقى تۈپەيلىلا پاكلىق، ساقلىقىغا شۇبھى كەتمەيدىغان ئەڭ بىغۇبار ۋۇجۇدلار ئەيىبناق، چولاق، روھسىز، ھەتتا بارلىق يامانلىق، رەزگىللىكنىڭ پاسىق ئۇۋىسىغا ئايلىنىپ قالسا، ئەجەبا بۇ تراگېدىيە، ھالاكەت، ئىنساننىڭ قىيامەت - زاۋالىتى بولماي نېمە؟!

### 3. ئەر ۋە ئائىلە

ئەر دېمەك مەسئۇلىيەت دېمەكتۇر. ئەرنىڭ مەسئۇلىيەتچانلىق روھى ئادەتتە ئائىلە تەشكىللەش ۋە ئۇنى تىزگىنلەشتە ئەڭ كۈچلۈك ئەكس ئېتىدۇ. ئۆز ئائىلىسىنى كۆڭۈلدىكىدەك تەرتىپكە سېلىپ ئۇنى خاتىرجەم قىلالىغان ھەم ئائىلە

ئەزالىرىنىڭ ئورتاق ساداقىتى ئارقىلىق ئۆزى خاتىرجەملىك تۇيغۇسىغا ئېرىشەلىگەن ئەرلەر ھەرقانداق كەسىپ، خىزمەت، سودىنى ئارامخۇدا، ئوڭۇشلۇق بېجىرەلەيدۇ. ئۆز ئائىلىسىدىن كۆڭلى سۇ ئىچمىگەن ئەر پاراكەندە، ۋەيرانچىلىقتىن قۇتۇلالمايدۇ، ئىشلىرى ئالغا باسمايدۇ. ئەر جان تىكىپ ئىشلەش ئارقىلىق ئائىلىسىنى ياخشى قامدىيالماي، ئائىلە ئەزالىرىنى موھتاجلىقتا سارغايتىپ قويسا، ئۇلارنى قوغدىيالمىسا ئائىلىدە ھۆرمەت قالمايدۇ، خاتىرجەملىك بولمايدۇ، مۇنداق ئائىلىلەر تولغان جەمئىيەت ئېخىمۇ مۇدھىش ۋە پاراكەندە بولۇپ كېتىدۇ. ئەرنىڭ مەسئۇلىيەتچانلىقى ئائىلىنى مۇستەھكەم تۇتۇپ تۇرغۇچى ئەڭ مۇھىم ئامىلدۇر.

**تۆمۈر مەرگەن** بىز ئەسەردىن ئۇنىڭ ئائىلىسىنى ياخشى قامداپ ئورتاق ھۆرمەت ـ ئىززەت، ئىشەنچ، بىرلىك تۇرغۇزالىغىنىنى ھېس قىلالايمىز. ئائىلە تۈزۈلمىسىدە تۆمۈر مەرگەن يېتەكچى ۋە نوپۇز ئىگىسى، خوتۇنى ئۇنىڭدىن پەخىر، غۇرۇر ھېس قىلىپ ئۆزىنىڭ بارلىقىنى ئۇنىڭغا، ئائىلىگە ئاتىۋەتكەن. بىز بۇ ئائىلىدىن جېدەل ـ نىزانىڭ غەلۋە ـ چۇقىنىنى ئاڭلىمايمىز.

**سادىر** بىز ئۇنىڭ خوتۇنى بىلەن بولغان مۇناسىۋەت دىئالوگىنى ئۇچرىتالمايمىز. ئەمما، سادىرنىڭ پەرزەنت تەربىيىسىدىكى ئۆكتەملىكىدىن بىز ئۇنىڭ ئايالىغا بولغان مۇشتۇمزور مۇئامىلىسىدىن ئاز ـ تولا ئۇچۇرغا ئېرىشەلەيمىز. ئائىلە توپ ـ قوۋمدىن مۇستەسنا ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ. سادىرنىڭ ئائىلىنى توپنىڭ، ئاۋامنىڭ مەنپەئىتىدىن يۇقىرى بىلىشى ئۇنىڭ ئائىلىسىنى جەمئىيەتتىن زور دەرىجىدە ئايرىپ تۇرىدۇ، بۇنداق ئائىلە قولۇم ـ قوشنىلار ئارا بىرلىك تاپالمايدۇ.

**سادىر** ئۇنىڭ ئۆيى ۋەيرانە، كونا. ئۇنىڭ ئائىلىسى ئۇچۇن كۇچەپ ئىشلىمىگەنلىكى ئۇنىڭ ئۆيى ۋە خوتۇنىغا تۇتقان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تاشلىۋېتىش پوزىتسىيىسىدىن مانا مەن دەپ ئاشكارىلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇ ئائىلە ئۇچۇن جان تىكىپ ئىشلەشتىن كۆرە بەك تارتىپ ئوڭدىسىغا ياتىدۇ، كۈننى بىكار ئۆتكۈزىدۇ. بىر ئەر، بىر ئىنساننىڭ بىر ئائىلىدە قىلىدىغان ئىشىنىڭ يوق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ توقلۇقتىن تىقىلىپ، شادلىقتىن كېرىلىپ كەتكەن بەندە تېخىمۇ ئەمەس. دېمەك، ئۇنىڭ قىلىدىغان، دەرھال بېجىرىدىغان ئىش - كۈشلىرى تاغدەك دۆۋىلىنىكلىك. سادىر ۋە سادىرنىڭ تىمسالىدا بىكار يېتىپ كۈنني هارامدىن كەچ قىلىۋاتقان تالاي - تالاي لايغەزەل ئەرلەرنىڭ ئەمەلىيەتتە ئەڭ ئالدى بىلەن ئۆزى غۇربەتتە، خوتۇن - بالىلىرى كۈلپەتتە. غۇربەتچىلىكتىن، كۈلپەت - ئاسارەتتىن قۇتۇلۇشقىمۇ ئىنتىلمەي خارلىقتا ئېزىلىپ يېتىۋېرىش كىشىلەرنى تېخىمۇ يىرگىنىچلىك هالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ. سادىر ئاشۇ غۇربەت مەينەتچىلىكتىن يىرگەنمەي، ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشنى ئىستىمەي چوشقىدەك مىلىنىپ يېتىۋېرىدۇ. ھەتتا ئۆزى قىلىپ بېرىشى كېرەك بولغان ئىشلارغىمۇ خوتۇننى بۇيرۇپ يېتىۋالىدۇ. ئەرلەرنىڭ ئائىلە، ئاياللىنى قامدىيالماسلىقى خوتۇننى ئۆيدىن ئىش - ئەمگەك دۇنياسىغا چىقىرىدۇ، ئاندىن ئاستا - ئاستا ئاياللىق خىسلەتتىن ۋە ھەتتا بەزى ھاللاردا ئىنتائەتتىنمۇ چىقىرىدۇ. ئېرى خوتۇنىنىڭ ئەمەس خوتۇنى ئېرىنىڭ سۆز - تالىقىنى بېرىدىغان تراگىكومېدىك ھاللار مانا مۇشۇنداق ئارقا كۆرۈنۈش بىلەن مەيدانغا چىقىدۇ.

سادىر خوتۇننى ئۇن تارتىشقا ھەيدىدى، «سەندىمۇ قورساق بارغۇ» دېيەلىدى تەپتارتماي. ياۋاش، ئىنتائەتچان، تەقۋا خوتۇن ئۇنىڭغا: «ئاشۇ قورسىقىمنى تويدۇرۇشنى بىلىپ ئالغانمىدىڭ؟ باقالىساڭ باق» دېيەلمىدى. سادىر خوتۇنىنىڭ يات ئەرلەر ئالدىدىكى ئۇيىلىش، قىزىرىشىنى مەسخىرە قىلغاندەك: «قارىغانغا سېنى يەپ كېتەمتى» دېدى. بىچارە خوتۇننىڭ ھاياسى ئۆز ئېرى تەرىپىدىن كەمسىتىلىۋاتاتتى، ئۇ: «يات ئەرلەرنىڭ

هارامخورلارچە كۆز تاشلىشى مېنى يېمەيدۇ، ئەمما سېنىڭ غۇرۇرۇڭ ۋە قەدىر ـ قىممىتىڭگە تېگ بولۇپ سانجىلىدۇ» دېيەلمىدى. بەلكى ئېرىنىڭ زەيپانىلىكىگە ھەسرەت، ئېچىنىش بىلەن مەسخىرىلىك ھىجايدى، ئارقىسىدىن ھۆ تارتىپ يىغلاپ كەتتى. دېمەككى، ئائىلە تۈزۈلۈشى جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، سادىر قامدىغۇچى، ھامىي، قوغدىغۇچى ئەمەس، ئۇ ھۆرمەت، ئىززەت ئىگىسى بولماي قالدى. خوتۇنى زەئىپ ھالىغا قاراپ: «سىزمۇ ئەر كىشى بولۇپ قاپسىز» دېدى مەسخىرىلىك ھىجىيىپ، ئېچىنىپ ۋە ھەتتا ئۇنى يوقىغا چىقىرىۋەتتى. دېمەككى، ئەر بۇ ئائىلىدە ئەمدى نوپۇز ئىگىسى، پادىچى بولماي قالدى. خوتۇنى ئۆز ھاجەتلىرىنىمۇ راۋا قىلىپ بېرەلمىگەن بۇنداق ئەرنى يەنە مۇھەببەت، قايىللىق بىلەن سۆيەرمۇ؟ ئۇنىڭغا ئىشىنىپ ئىتائەت قىلىپ ئولتۇرارمۇ؟ شۈبھىسىزكى، بۇ ئائىلىدىن ئەمدى چىن قايىللىق، ئىشەنچ ئاساسىغا قۇرۇلغان سەمىمىي ھەمكارلىق روھىنى تېپىش بەسى مۈشكۈلدۇر. ئۇلارنىڭ ئەڭ ئادەتتىكى دىئالوگلىرىدىنمۇ ئەمدى ئاڭلايدىغىنىمىز بىر ـ بىرىگە تەنە ـ كىنايە، مەسخىرە، ئورۇنسىز تۇۋلىشىش، جېدەل بولۇپ قالىدۇ.

**سەمەتجان** ئۇ سۇنغان ھۆكۈمران، چوكان مىجەز ئەردۇر. ئۇ تېخى نىكاھىنىڭ مەنىسىنى چۈشەنگەن بەندە ئەمەس. خوتۇنىغا ھەقىقىي مەنىدە ئىگە بولۇش ئۇنىڭ ئوي ـ خىيالىغىمۇ كىرىپ چىقمايدۇ. ئۆزىدىكى ھەر تەرەپلىمە ئاجىزلىق تۈپەيلى خوتۇنىغا قۇللۇق قىلىپ ئۆتىدۇ. ۋەھالەنكى، بىر ئائىلە ئەردىن شاھلارغا خاس سۈر، ھەيۋە، كۈچ، نوپۇز، ئەقىل، جۈشقۇنلۇق بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئائىلىنىڭ پۇختا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ئەرنىڭ كۈچىگە باغلىق. بىزدە شوپاڭخانىغا، پاسىقلىقنىڭ ئۇۋۇسىغا ئايلىنىپ كەتكەن ئائىلىلەر ئاز ئەمەس. نىمجان ئەرلەر رەزگىللىكىنىڭ ئاستىدا يۇندى ئىچىپ مەلەقشىپ ياتىدۇ.

سەمەتجاننىڭ ئائىلىسىدە ئەر ـ خوتۇنلار ئارا ئورتاق تىل،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دىل بىرلىكى مەۋجۇت ئەمەس. بىز ئۇلارنىڭ ئالاقە چەمبىرىكىدىن ئەر - خوتۇنلۇقنى دەلىللەپ بېرىدىغان ھېچقانداق ئالامەتنى ئۇچرىتالمايمىز. ئۇلار گويا كى خوجايىن بىلەن چاكار، خان بىلەن مالاي... بىر ئائىلە ئۈچۈن ئورتاق باش قاتۇرىدىغان بىرلىك ئۇلاردا يوق. بىز بۇنداق ئائىلىگە چەكسىز ھەسرەت ۋە خورسىنىش بىلەن باقماي ئىلاجىمىز يوق. ئۇنىڭ قانچىلىك مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى، مەۋجۇت بولغاندىمۇ ئەر - خوتۇنغا قانچىلىك ئائىلە مېھرى، ئىللىقلىقى ئاتا قىلالىشى خۇدايىمنىڭ ئۆزىگە ئامانەت!

## 4. ئەر ۋە قوۋم

ئەر تار مەنىدىن مەلۇم بىر ئائىلىگە تەۋە، ئەمما چوڭ جەھەتتىن ئۇنىڭ ئەرلىكى قوۋم، مىللەت، جەمئىيەتكە مەنسۇپتۇر. بىر ئەرنىڭ تەن، ئەقىل، ئەقىدىسىنىڭ قانداقلىقى ۋە ئىشلارغا تۇتىدىغان پوزىتسىيە، مەسئۇلىيەتچانلىق دەرىجىسى بىۋاسىتە شۇ قوۋم، مىللەتنىڭ ئىجتىمائى ئېكولوگىيىسىنىڭ قانداقلىقىنى بەلگىلەيدۇ. يىگىت - ئەرلەر بىر قوۋم، مىللەت، جەمئىيەت پويىزىنىڭ باش بۇقىسىدۇر. قابىل ئەرلەر ئۆز گەۋدىسى، ھەيۋىسى بىلەن ئەل - ئۇلۇسنى بالا - قازادىن ساقلايدۇ، توپ ئىچىدە باراۋەرلىك، ئادالەت، ساغلام ئەخلاقىي ھايات ئورنىتىدۇ. كىشىلەر توپ ئىچىدىكى قابىل ئەرلىرىدىن ھېيىقىدىغان، ئەيمىنىپ تەپتارتىدىغان بولۇشى كېرەك. بىر قوۋم ئىچىدە كىشىلەرنىڭ ئوي - خىياللىرى ۋە كۆڭۈل غەليانلىرىنى چەكلەپ تۇرىدىغان ئاقساقال نوپۇز بولمىسا، بۇ قوۋم كىشىلىرىنىڭ چېچىلغىنى چېچىلغان، زالالەتكە پاتقىنى پاتقان. ئەرلەر تەن جەھەتتىن ئاجىزلىسا، ئۆز ئەقلى ۋە دۇنياسىنى توغرا يولغا سەرپ قىلالمىسا، ساغلام، كەسكىن ئەقىدە پرىنسىپلارنى كېرەك قىلمىسا ۋە ئۆزىنىڭ ئاددىي تۇرمۇش غېمىنىڭ كويىدىلا يۈرىدىغان، رەزىللىكلەر بىلەن كارى

بولمايدىغان، بىكار تەلەپ، شۆھرەت ـ شەھۋەت مۇخلىسلىرىغا ئايلىنىپ كەتسە بۇ قوۋمدىن سائادەتنىڭ قاچقىنى قاچقان.

**تۆمۈر مەرگەن دەۋرى** كىشىلەر ئۆم ـ ئىناق. بىرەيلەننىڭ قازاسى ھەممىنىڭ ھازىسىغا ئايلاندى. ئەل ـ ئۇلۇسقا كەلگەن پاجىئە، بەختسىزلىك ھەممىنىڭ يۈرىكىنى مۇزلاتتى. تىنىدىن كۈچ تېمىپ تۇرىدىغان ئەركەكلەر يۇسۇپ پالۋاننىڭ قىساسى ئۈچۈن بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى سەكرەپ ئوتتۇرىغا چىقالىدى. يۇرت بىر ئاقساقالنىڭ نوپۇزىغا ھەق دەپ ھۆرمەت ـ تەئەززۇدا باش ئەگدى. كىشىلەر ئەل ئۈچۈن جان پىدالىقنى شەرەپ، بۇرچ بىلدى، ئاۋام، ۋاپا، قېرىنداشلىق ئۈچۈن ئۆلۈمنى كۆزگە ئىلىپمۇ قويمىدى، بەلكى بۇ يولدىكى ئۆلۈمنى «بەخت» دەپ ئاتىۋالدى. بىرلىك، ئىناقلىق، ئۇيۇشۇش كۈچى ھەممىنىڭ يۈرىكىنى توق، جەسۇر قىلدى. كىشىلەر ئاۋامنىڭ تەقدىرىنى يالغۇز باشنىڭ غېمىدىن ئۈستۈن بىلدى. ئالدىنقىلارنىڭ نومۇسىنى ئاقلاش، ئىزىنى بېسىش مۇھىمنىڭ مۇھىمى دەپ قارالدى. بىز بۇ جەمئىيەتتىن چوڭلارغا ھۆرمەت، كىچىكلەرگە ئىززەتنى يەتكۈچە تاپالايمىز. ساغلاملىق، پاكىزلىق، بىرلىك ۋە ئەخلاق بۇ جەمئىيەتنى يىمىرىلمەس سۈپەتتە يۆلەپ، تىكلەپ تۇرىدۇ.

**سادىن تۆمۈر دەۋرى** كىشىلەر چېچىلغاق، شەخسنىڭ مەنپەئەتى توپنىڭ مەنپەئەتىدىن يۇقىرى ئورۇنغا قويۇلغان. ئەرلەر قىيىنچىلىق ئالدىدا شۇمشىيىۋالدى، قېرىنداشلىرىغا كەلگەن بەختسىزلىككە كۆزىنى يۇمۇۋالدى. ھەتتا بىر ئىسسىق جان بۆرىلەر قورشاۋىدا قالسا، ئۈچ ئەركەك ئات چاپتۇرۇپ بىر ئادەمنى قىچقىرىشقا كەلدى. ئۇلار ئادەم چاقىرىپ كېلىپ بولغىچە يىرتقۇچ بۆرىلەرنىڭ ساقلاپ تۇرمايدىغىنىنى، ئادەم چاقىرىش زۆرۈر بولغان تەقدىردىمۇ بىرلا ئادەم بارسا كۇپايە ئىكەنلىكىنى، ئۆزلىرىنىڭ بۈيۈك نېمەت قاتارىدا تارتۇقلاپ بېرىلگەن ئەقىل ـ زېھنىنى ئىشقا سېلىپ باشقىچىرەك ئامال

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىزدىشى كېرەكلىكىنىمۇ ئۇيلاپ باقمىغانىدى ۋە بەلكىم ھەممىسىلا قورقۇپ ئىشنىڭ ئاسان، بىخەتىرىگە يۈگۈرگەندۇ. ئەپسۇسكى، بۇ دەۋرنىڭ تالانتلىقلىرىدىمۇ ئىنساپ تۇيغۇسىنىڭ تۇتامى قالمىغان، ئەركەكلىك ۋۇجۇدىدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىۋاتقانىدى. كىشىلەر بىر - بىرىنى سېتىۋېتىدۇ، قاقشايدۇ. شەخسىيەتچىلىك، ئىناقسىزلىق، ئىنساپسىزلىق، بىر - بىرىگە ئىشەنمەسلىك بۇ جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي قاتلىمىدىن مانا مەن دەپ چىقىپ تۇرىدۇ.

**سادىر سادىن دەۋرى** بۇ دەۋر كىشىلىرى بىكارچىلىققا ئادەتلەنگەن، كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش ئادىتىدە زىيانلىق، چاكىنا ئادەتلەر كەڭ ئەۋج ئالغان. ئەرلىرى مەسئۇلىيەت، مەجبۇرىيەتتىن قاچقان، خوتۇنلارغا بولغان ھامىيلىق روھى سۇسلاشقان. خوتۇنلار ئۆيدىن چىقىپ جەمئىيەت، ئائىلە ئۈچۈن ئىشلەشكە باشلىغان، ئەر - خوتۇنلار ئارا ئىززەت - ھۆرمەت سۇسلاشقان ۋە ھەتتا يوقاشقا باشلىغان. ئەرلەر توپ ئۈچۈن ئەمەس، ئۆز ئۆيى، خوتۇن - بالىسى ئۈچۈن باش قاتۇرۇشقىمۇ كارغا كەلمەيۋاتقان. بىز بۇ جەمئىيەتتىن توپ، ئاۋام ئۇقۇمىنى ھەرقانچە ئاختۇرۇپمۇ تاپالمايمىز. ئەقىدە - ئەخلاق بۇ جەمئىيەتتە سۇسلىشىپ، ئىپپەت قەدىرسىزلىنىشكە باشلىدى. ئەر - ئاياللار ئارىسىدىكى ھايا پەردىلىرى نېپىزلەشكە، يىرتىلىشقا باشلىدى. كىشىلەرنىڭ نومۇس، گۇناھ تۇيغۇلىرى ئاجىزلىدى. ئەرلەرنىڭ بىتايىنلىقى تۈپەيلى خوتۇنلار ئەرلەرنى مەسخىرە قىلىشقا چۈشتى.

**سەمەت سادىر دەۋرى** بۇ دەۋر كىشىلىرىدىن توپ، ئاۋام قارىشى تۇغۇل، ئائىلە قارىشىنىمۇ تاپقىلى بولمايدۇ. ئەركەكلەرنىڭ ئەل - ئاۋامنىڭ دەرد - كۆلپىتىنى ئەمەس، خوتۇنىنىڭ ھاجەتلىرىنىمۇ ئورۇندىيالماي ئاۋازى ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەن. تەن زەئىپ، ئەقىل لايىقىدا ئىشلىتىلمىگەن، ئەقىدە - ئەخلاق يوق. ئەر - خوتۇنلارنىڭ ئورنى ئالماشقان. ئەر - خوتۇنلۇق تۇرمۇشىنىڭ مەزمۇن تايىنى قالمىغان. كىشىلەر ئارا،

ھەتتا ئەر ـ خوتۇنلار ئارىسىدىمۇ بىر ـ بىرىگە ئىززەت ـ ھۆرمەت دەيدىغان نەرسە يوق. كىشىلەر خۇشلۇقنى يەپ ـ ئىچىش، كىيىنىش، ياسىنىشتىنلا ۋە ئەسەبىيلىك، تەلۋىلىكتىن ئىزدەيدۇ. كىم بولسا كۆڭۈل ئېچىۋېرىدۇ، گۇناھ ـ نومۇس تۇيغۇلىرى خىرەلەشكەن. ئەرلەر نىمجان، ئائىلە ۋەيران، ئايال سەرسان، بالىدا يوق روھ ۋە جان!

سادىر دەۋرى خوتۇنلارنى سىرتقا، ئۆز قورسىقىنى ئۆزى تويغۇزۇشقا ھەيدىگەنىدى، سەمەت دەۋرىنىڭ ئاياللىرى ئەرلەرنى ئۆيگە سولاپ نىقتاپ قويۇپ كۆڭۈل ـ نەپسىنىمۇ سىرتتىن تويغۇزىدىغان ۋە بۇنى ئادەتتىكى، ناھايىتى نورمال ئىش دەپ قارايدىغان ھالغا يەتتى.

سادىر دەۋرى خوتۇنلارغا باشقىلارنىڭ قارىشىغا «مەيلى» دېگەنىدى، سەمەت دەۋرى خوتۇنلارغا خالىغان بىرىنىڭ خالىغانچە يېقىنلىشىشىغا ياق دېيەلمەس، چەك قويالماس ھالدا قالدى. تۆمۈر دەۋرىنىڭ «يولۋاس ئۆلتۈرگەن ئەزىمەت»ى بالىسىدا جۇشقۇن ئەرلىك روھ يېتىشتۈرۈشكە سەل قارىغانىدى، ئۇنىڭ تۆتىنچى ئەۋلاد ۋارىسى خوتۇنىنىڭ ئىشتان ـ پايپىقىنى يۇيۇپ ئولتۇرىدىغان، پاقىدىنىمۇ قورقۇپ چىرقىراپ قاچىدىغان، خوتۇنىنىڭ بۇزۇقچىلىقلىرىغا غىڭ قىلالماس زەيپانە ھالدا قالدى. ھەقىقەتەنمۇ، كىچىككىنە پەرۋاسىزلىق ھالاكەت دېۋىلىرىنى ئۇۋىسىدىن تۇركۇملەپ باشلاپ چىقتى. شەيتانى لەئىنىنىڭ پۇشتى ـ پاناھلىرىنىڭ زېمىنىنىڭ بارلىق قەرنە ـ بۇرجەكلىرىدە تەنتەنە سېلىپ ھاياسىز شاللاقلىق بىلەن تولغىنىپ نازغىغىنىنى، سەبىيلەرنىڭ ئېچىنىشلىق ھال ـ تۇرقى، يىغا ـ زارىنى ئەمدى سەمەت دەۋرىنىڭ ئەرلىرى ئۇنسىز تۇرۇپ كۆرۈشكە، ئاڭلاشقا، زارلاشقا مەجبۇر.

※ ※ ※

«يولۋاس ئۆلتۈرگەن ئەزىمەت»تىكى ئەرلىك روھ قانداقسىگە

سۈندى؟ ئاۋام روھى نېمىدەپ جىمجىت يوقاپ كەتتى؟ ئىتائەتتىكى سالىھ ئايال قانداق قىلىپ تاپتىن چىقىپ، ئۆز ئېرىنى مەسخىرە، مازاق قىلالىغۇدەك، ئۆز ئېرىگىلا مەنسۇپ زىننەتلىرىنى كوچا - كويدا كۆز - كۆز قىلغۇدەك ۋە ھەتتا ئىپپىتىنى مال ئورنىدا ساتقۇدەك ھالغا چۈشۈپ قالدى؟ ئەلدىكى توپ روھىنىڭ پولات زەنجىرلىرى قانداق قىلىپ پاراسلاپ ئۈزۈلۈپ كەتتى؟ شەرەپلىك ئەنئەنە قانداق قىلىپ ئەۋلادلارنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئۈن - تىنسىز كۆتۈرۈلۈپ كەتتى؟

ھەقىقەتەنمۇ، ئەرلەر تەن، ئەقىل، ئەقىدىدە ئاجىزلىدى، ئاندىن ئاياللارنىڭ خارلىق - خورلۇقى، جاپا - مۇشەققىتى زىيادە ئارتىپ كەتتى؛ بالىلارنىڭ كۆزىدىن نۇر، قەلبىدىن غۇرۇر ئۆچتى؛ ئائىلە ئىززەتسىز قالدى؛ جەمئىيەت تايىنىدىغان تۈۋرۈك - يۆلەكنىڭ غولى يېرىلدى؛ ئەجدادلارنىڭ ئىزى خىرەلەشتى؛ ئەۋلادلارنىڭ بېشىغا قارا بۇلۇتلار يېقىنلاپ كەلدى ...

ھېكايە ئاخىرلاشتى. ئەمما، ھېكايىدىكى بىزنىڭ دىققىتىمىزنى ئەڭ كۈچلۈك تارتىدىغان يەنە بىر يوروق تېما قېپقالدى. سەمەتجان پاقىدىنمۇ قورقۇپ ئۆيىنى تاشلاپ قاچقاندا، ئۇنىڭ ئىككى ياشلىق ئوغلى قىرقىراپ يىغلىغىنىچە ئۆيدە قالغانىدى. ئۇنىڭ تەقدىر - قىسمىتى نە ھالدا بولۇر؟ ئەرلىك روھى ئۆلگەن، تېنى زەئىپلەشكەن، ئەقلى كارغا كەلمەيدىغان، ئەقىدە - ئىخلاسىنىڭ تۈز تەمى قالمىغان سەمەتجان ئۇنى قانداق تەربىيىلەپ چىقار؟ ئاشۇ بەشىنچى ئەۋلاد دەۋرىگە بارغاندا، خوتۇن - قىزلارنىڭ ھالى - ئەھۋالى قانداق بولۇپ كېتەر؟ كىشىلەرنىڭ تەن ساپاسى، ئەقىل، دۇنياسىنى سەرپ قىلىش مەۋقەسى ۋە ھاياتقا بولغان ئەقىدە - ئىخلاسىنىڭ دەرىجە - دەرمانى قايسى ھالغا بارار؟ بەشىنچى دەۋر ئائىلىلىرىنىڭ قۇرۇلما، تۈزۈلمە شەكلى قايسى ھالدا زاھىر بولار؟ ئەر - ئاياللارنىڭ ئورنى، رولى قانداق بولار؟ بىز شۇ دەۋر كىشىلىرىدىن ئورتاق تىل، دىل بىرلىكىنى تاپالارمىزمۇ؟

راستتىنلا ئويلاشقا پېتىنالمىدىم. ئەسەردىكى، رېئاللىقتىكى ئەرلەرنىڭ نىمجان تۇرقى، ئاياللارنىڭ مەڭگۈ كەلمەسكە كەتكەن قەدىرلىك بىر نەرسە ئۈچۈن هازا ئاچقاندەك ئاچچىق يىغلاشلىرى ئويۇمنى كەستى. سەبىي، ئوماق پەرزەنتلەرنىڭ قەھرلىك يىغىسى ۋە مۆلدۈرلەپ تۇرغان گۇناھسىز كۆزلىرى يۈرەك باغرىمنى قانىتىپ ئۆتتى... دۇنيامۇ، ئەقىدە ـ ئەخلاقمۇ، ئاياللارمۇ، پەرزەنتلەرمۇ بۇلۇڭ ـ بۇلۇڭدا ئەر ئۈچۈن ئاھسىنىپ ياش تۆكۈۋاتاتتى، ئەر، ئەر دەپ ۋارقىرىماقتا ئىدى...

يالغۇز ئۆيدە يىغلاپ قالغان بەشىنچى ئەركەك ماڭا تونۇلغان قازاق ئاقىنى مۇختار شاخانوۋنىڭ «بەشىنچى ئەركەك» ناملىق شېئىرىنى ئەسلەتتى. ئەسەردە مۇئەييەن كەمچىلىك، ئاجىزلىقلىرى تۇپەيلى يار ۋىسالىغا يېتەلمىگەن تۆت ئەردىن كېيىن بارلىق ئۈمىد ـ ئارزۇ بەشىنچى ئەركەككە باغلانغان ۋە ئۇنىڭ كامالىتىگە تىلەك تىلىنىپ:

شۇ بەشىنچى ئەركەك ـــ ئەڭ بەختلىك ئەركەكنىڭ،
ئارمان قىلار ئىدىم بولسام دەپ تويىدا.

دەپ پۈتۈن شېئىر ئاخىرلاشقانىدى. بەندىنىڭ ئۈمىد ـ تىلىكى سائادەتنى چىللايدۇ. بىز يىغا ـ قىيىقاس قىيانىدا قالغان ئاشۇ بەشىنچى ئەركەككە ئۈمىد ـ ئىستەك ئىچرە كامالەت ۋە سائادەت تىلەيمىز. دۇنيانىڭ، خوتۇن ـ قىزلارنىڭ، بالىلارنىڭ كۆزىدىن ياش قۇرۇسۇن. ھەممىمىزگە، بولۇپمۇ بارلىق ئەرلىرىمىزگە ئاقىللىق، قابىللىق، كامىللىق مەڭگۈ يار بولسۇن!

2006 ـ يىل 15 ـ ئۆكتەبىر، ئۈرۈمچى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ئەركىنلىكنىڭ چىللىسى

نەچچە مىڭ يىللىق مەدەنىيەت تارىخىمىز ۋە يازۇ - پۈتۈكلىرىمىز بىزگە خەلقىمىزنىڭ پىسخىكىسى ۋە ھاياتلىق مىزانى ھەققىدە قىممەتلىك تەلقىن ئېيتىپ بېرەلەيدۇ. بىز تارىخنىڭ سارغايغان بەتلىرىنى قانچە كەينىگە ۋاراقلىغانسېرى شۇنچە ئىپتىخار ۋە ھاياجانغا چۆمىمىز. گەرچە نېمە ئۈچۈنلىكىنى دەپ بېرەلمىسەكمۇ ئۇزاق تارىخنىڭ سەلتەنەتلىك شان - شەۋكىتى دىللاردا كەيىپ، تىللاردا كۆپۈك قايناتماي قالمايدۇ. مەن ھۇن تەڭرىقۇت - چەۋەندازلىرى، ئوغۇزخان، ئاتىللا، چىن تۆمۈر باتۇر... لار ھەققىدە گەپ بولغاندا كۆزلىرى ھەۋەس، شادلىقتا چاقنىمىغان، قېنى قىزىپ ھاياجىنى تاشمىغان بىرمۇ ئۇيغۇرنى كۆرمىدىم. «سۇ بويىدا»، «ئۈچ پادىشاھلىق ھەققىدە قىسسە» فىلىملىرىگە مىختەك قادىلىپ ئولتۇرۇپ، باھادىر، ئەزىمەتلەرنىڭ ھەق - ناھەق پاسىلى ئۈستىدىكى غەزەپ - زارىغا، قورقۇمسىز شىر يۈرەكلىكىگە ئاپىرىن ئېيتىپ تىل چاكىلداتقان ئادەملەرنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى ھېچكىم ساناپ بېرەلمەسلىكى مۇمكىن.

تارىخ نوقۇل يىللار دۆۋىسى ئەمەس. تارىخ تەتقىقاتى يالغۇز ۋەقەلەرنى دەلىللەش ۋە قاتىرىسىغا يىلنامە، جەڭ خاتىرىلىرىنى تىزىپ كۆرسىتىشلا ئەمەس. ئۇ مەلۇم بىر دەۋرنىڭ مەۋجۇتلۇق ئۈچۈن كۈرەش تارىخىلا ئەمەس، بەلكى بىر قوۋمنىڭ مەدەنىيەت،

تۈرمۈش ئەندىزىسى، ئېتىقاد، روھىيەت ئارخىپى. بىز ئەمدى تارىخ تەتقىقاتىنى مەدەنىيەت، پسىخىكا تەتقىقاتى دەرىجىسىگە كۆتۈرۈش ئۈستىدە ئىزدىنىشىمىز لازىم. چىن تۆمۈر باتۇر بەلكىم سىڭلىسى مەختۇمسۇلانى قۇتقۇزۇش ئۈچۈنلا يەتتە باشلىق يالماۋۇز بىلەن ئېلىشمىغان بولغىيتتى؟ ئۇنىڭ مىسران قىلىچىنىڭ غەزەپ بىلەن ھەربىر ئۇرۇلۇشىدا ئۆز قېرىنداشلىرى، ئائىلىسى، قوۋمىنىڭ ئار- نومۇسى، قىز - خوتۇنلىرىنىڭ ئىپپەت - ھاياسىنى، نەسەب شەجەرىسىنىڭ ئۇلۇغۋار مۇقەددەسلىكىنى ساقلاش ئۈچۈن جان تىكىپ كۆرەش قىلىش ئەقىدىسى يالىلداپ تۇرىدۇ. دېمەككى، ئۇ بىزنىڭ روھىيەت تىندۇرمىمىزدا چۆچەك ئىچىدىكى بىر قەھرىمانلا ئەمەس، بەلكى ئەخلاق، ئەقىدە ئىمپېراتورىغا ئايلىنىپ كەتكەن. مۇشۇنىڭغا ئوخشاش مەنىۋىيەت يۇلتۇزلىرىمىزنى قايتىدىن، يېڭى - يېڭى روجەكلەردىن جۇلالاندۇرۇپ تۇرۇش پوكولگەن قەددىمىزنى رۇسلاپ، چىرىگەن قەلبىمىزنى پاكلاشتا پەۋقۇلئاددە ئەھمىيەتكە ئىگىدۇر. راستىنى ئېيتقاندا، بىزنىڭ رېئاللىقىمىزمۇ يەتتە باشلىق يالماۋۇزلارغا لىپمۇلىق تولۇپ كەتتى. چۆچەكتە ئاران بىرى بولسا، بىزنىڭ چۆچەكتەك خىيالىي، رىۋايەتلەردىكىدەك بىغەم، ئەپسانىلەردىكىدەك بەدىۋى رېئاللىقىمىزدا مۇنداق يالماۋۇزلار ساناپ تۈگەتكۈسىز، ماگدامدا بىر يۇتلىشىپلا تۇرىمىز. بەلكىم، مەن، سىز، بىز... ھەممىمىز يەتتە باشلىق يالماۋۇزلارغا ئوخشاپ قېلىۋاتقاندىمىز ياكى بولمىسا ئۇنىڭ مەلۇم بىر كاللىسىغا... ئەمما، چىن تۆمۈر باتۇر قېنى؟ مىسران قىلىچى بارمىدۇ؟ كاپ - كاپ كۆچۆكى شاپمىدۇ؟ ئارغىماق ئېتى تەقمىدۇ؟...

نۇزۇگۇم يېتىم بوتىدەك ئايانچلىق ئاۋازدا شۇنداق قوشاق قېتىشقا مەجبۇر بولغانىدى:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تاغدىن چۈشكەن لاي سۇنى،
سۈزۈپ ئىچەر ئەر بارمۇ؟
نۇزۇك باشقا كۈن چۈشتى،
ئېلىپ قاچار ئەر بارمۇ؟

ئۇنىڭ ھەسرەتلىك نىداسىغا ئېزىلگەن، خورلانغان پۈتكۈل قىز- ئاياللىرىمىزنىڭ مۇڭى قېتىلىپ كەتتى. ئەمما، نازۇك باشلارغا كۈن چۈشكەندە ئەسقاتىدىغان ئەر نۇزۇگۇمغىمۇ، نازۇك قىزلىرىمىزغىمۇ چىقمىدى، چىقسىمۇ يوق ھېسابتا بولدى. ئاچچىق تارىختىن قېپقالغان ئازابلىق سوئال ئۇيغۇرنىڭ ئاڭ بوشلۇقىغا يەنە شۇنداق ئېسىلغان پېتى قالدى: ئەر بارمۇ؟ ئەر بارمۇ؟

نەچچە مىڭ يىللار ئۆتۈپ كەتتى. ئىنسانىيەتنىڭ قەھرىمانلىق دەۋرى جىمجىت ئاخىرلاشتى. بىز ئەمدى بىر چاغلاردىكى ئاقار يۇلتۇزدەك ئۇچۇپ بارىدىغان تۇلپار- ئارغىماقلارنى تار، بىكىك ئىشخانىلاردا يۇمشاق ئورۇندۇقلاردا ئولتۇرۇپ خىيالەن ئويلايدىغان بولۇپ قالدۇق. بىر قوۋم، ئەل ئۈچۈن نەچچە مىڭ باھادىر سۇپەت يىگىتلەرنىڭ كۆزىنى مىتمۇ قىلىپ قويماي جان تەسەددۇق قىلىشلىرى كىتابلاردىكى ساماۋى چۆچەكلەرگە، كىشىلەر ھەۋەس بىلەن ئېغىزىنى تامشىتىدىغان كەتسە كەلمەس ئۆتمۈش ئەپسانىلىرىگە ئايلاندى. بىز ئەمدى ئۇلارنى ھوللىۋود، جۇڭگو، شياڭگاڭنىڭ ئۇرۇش فىلىملىرىدىن كۆرىدىغان بولدۇق. ئەمما، كۆرۈپ ھۇزۇرلىنىش ھامان كىشىلەرنىڭ ئىچكى تۇيغۇسىدىن چەتتە قالىدۇ، ئۇ مەڭگۈلۈك ئەس بوشلۇقىدىن قارار تاپالمايدۇ. كىنوخانىدىن چىقساقلا، تېلېۋىزورنىڭ ئالدىدىن قوپساقلا ھەممە يوق. ئالدىمىزدىكىسى بىر- بىرىدىن ئالدىراش، پەرۋاسىز ئادەملەر. ھەممىيلەن ياشاش ئېھتىياجىنىڭ ئايىغى

چىقماس ھەلەكچىلىكىدە قالغان. تېخى بايىلا قارام ئەركەكچىلىكنىڭ ھۆزۈرلۇق ئېقىنىدا ئاققانلار يېنىدىلا بىر قىز نىڭ ناجىسلارچە دەپسەندە قىلىنىشى، خورلىنىشى ياكى بوزەك قىلىنىشىغا، ئۆزىگە قول سۇنۇپ كەلگەن ياقا يۇرتلۇق بىر نامرات كەلگۈندىنىڭ لۆمۈلدەپ تۇرغان سىياقىغا پەرۋاسىز كۆز يۇمۇپ، قۇلاق يوپۇرۇپ ئۆتۈپ كېتىشى مۇمكىن. مۇمكىنلا ئەمەس، تۇرغان گەپ. سىز، مەن ئۇنداق قىلمىدۇق، دېيەلەمدۇق؟... روھىيەتتىكى ئەركەك ۋە ئەركەكتىكى روھ... قەھرىمانلىق ئەپسانىسى ۋە ئەپسانىۋى قەھرىمانلىق، ئەپسانىدىكى قەھرىمانلىق... كىشىلەر ئايال مىجەزلىشىۋاتاتتى، ئاياللىشىش پۈتكۈل يەر شارى خاراكتېرلىك ئورتاق ئاپەت ئىدى... غايە بىلەن رېئاللىق، ئارزۇ بىلەن ئەمەلىيەت ئوتتۇرىسىدىكى تار قىسىلچىقتا پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ ناھايىتىمۇ ئېغىر پاجىئەلىك تەڭقىسلىقى مىچىلداپ تۇراتتى.

ئەركەكلىك!!!

ئات يايلى ئۆچتى سارغۇچ بەتلەردىن،
باتۇرلۇق كۆچتى قىلىچلىق ئەردىن.
— ئادىل تۇنىياز: «ئۇيغۇر كوچىغا چىققاندا»

بولار ئىمىش ئەرلەرنىڭمۇ ئىپپىتى،
ۋەتەنسىزلەر كىرەلمەسمىش جەننەتكە.
— غوجىمۇھەممەد مۇھەممەد: «ناخشا»

بىز قەھرىمانلىق دەۋرى ئەپسانىلەرگە ئايلانغان نۇرغۇن يىللاردىن كېيىن توساتتىنلا كىملەرنىڭدۇ قەھرى بىلەن تۇۋلاشقانلىرىنى ئاڭلاپ قالدۇق. «ئەركەكلەر، قېنى سىلەر؟»

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دەيتتى بىرى ئادەم پاتماي قالغان ئۈرۈمچى كوچىلىرىدا ئەلەڭشىپ ۋارقىراپ يۈرۈپ. كىشىلەر ئۇنىڭغا قاراپ قويۇشاتتىيۇ، يەنىلا ئۆز ئىشلىرى بىلەن بەنت ئىدى. ۋارقىرىغانلا ئادەمگە قاراپ تۇرۇپ ۋاقىت ئىسراپ قىلىشقا بولمايتتى. پۇل تېپىش كېرەك ئىدى. تىجارەت قىلىش، خىزمەتكە بېرىش ئۈچۈن چاپمىسا بولمايتتى. پۇل تاپقاندا كىمنى قانداق چىرقىرىتىپ، ۋارقىراتقۇسى كەلسە شۇنى قىلالايدىغىنىغا ئۇلار سۆزسىز ئىشىنىشەتتى. ۋارقىرىغۇچىنىڭ ئەتراپىدىكىلەر بىلەن كارى يوقتەك ئىدى. ئۆز خىيالىدا ۋە ئۆلچىمىدە ئۇ يالىڭاچلىنىۋاتقان ئاياللارنى، ھېسسىياتسىز، بېسىقىپ كەتكەن بىچارە ئەرلەرنى، كوچىلاردا كەلكۈندەك دەۋرەپ، قوتراپ كېلىۋاتقان شەھۋەتنى، ھايانىڭ قات - قات چۈمپەردىسىنىڭ جارتىلداپ يىرتىلغىنىنى ئېنىق كۆرەتتى ۋە يەنىمۇ چىڭقىلىپ، بوغۇلۇپ ۋارقىرايتتى. «ئادىل» دەپ قوياتتى كىملەردۇ ئېچىنىپ. ئۇنىڭ ئاڭلارغا چولىسى يوق ئىدى. ئۇ ئۆزى ئوبدان بىلەتتى، ناھايىتى ئېنىق، ھەقدادىغا يەتكۈزۈپ ئۆزىنىڭ كىملىكىنى بىلگەنىدى. ئۇنىڭغا، ياق، ئۇنىڭغا ئەمەس، ئۇنىڭ ئالدىدىكى بەتبەشىرە رېئاللىققا ئەر كېرەك ئىدى، ئەركەكلىك تۇزدەك لازىم ئىدى.

ئۇنىڭدىن نەچچە مىڭ چاقىرىم يىراقلىقتا چاچ - ساقىلى ئۆسۈپ كەتكەن، خۇنۇك كۆزلىرىدىن جاھانغا بولغان ئاچچىق، سوغۇق مەسخىرە چاچراپ تۇرىدىغان ئېگىز بوي، ئاۋاق بىرى جىنازىدەك ئورۇق گەۋدىسىنى لەپەڭشىتىپ تۇرۇپ سەۋدايىلارچە توۋلايتتى.

قەرز ... قەرز ....
ئەرلەردىكى يوقالغان ئىپپەت...
— غوجىمۇھەممەد مۇھەممەد: «ئەرنىڭ ئىپپىتى»

ئۇ ئارقىدىنلا مەسخىرىلىك ھىجىيىپ تاشلايتتى. تولىمۇ تار، قاراڭغۇ سولاقمىغا ئوخشايدىغان زەيكەش ئۆيىدىن يۇگۇرۇپ چىقىپ شەھەر قىزغىنلىقىدا كەلكۈندەك ئېقىۋاتقان، ھەممىنى ئۇنتۇغان كىشىلەرگە قاراپ:

كۆزۈڭنى ئاچ، قۇياش ساڭا پاتماقتا،
تىلىڭنى تاپ، ئىسمىڭنى ئېيت دۇنياغا.
— غوجىمۇھەممەد مۇھەممەد: «غېرىب»

دەپ توۋلايتتى. كىشىلەر ئۇنىڭ سوپى چىراي تەلەتىگە قاراپ «ساراڭ» دەيتتى ۋە ئالدىراش كېتىپ قېلىشاتتى. ئۇ بېشىنى چايقاپ قويدى. قارىداپ كەتكەن چىرايىدا ئەلەملىك ھەسرەتنىڭ سوغۇق ئۇچقۇنى قېتىپ قالدى. «ئەمدى ئۆزۈڭگە قالدىڭ ئەر» دېدى ئۇ بوش پىچىرلاپ. نەچچە يىللار ئىلگىرى ئۇ توساتتىنلا قەلبىگە پاتماي كۆۋەجەپ تۇرغان ھېسسىياتىنى باشقۇرالماي بىر پارچە يىرتىق قەغەزنىڭ بۇرجىكىگە شۇنداق مىسرالارنى پۈتۈپ قويغانىدى:

ئۇدۇن
ئەڭ ئاخىرقى ئەرلەر شەھىرى..

ئۇ ئەمدى بۇ گېپىنىڭ راست - يالغانلىقىغا ئىشەنچ قىلالمىدى. تارىختىكى تەۋەررۈك جاھىللىقىغا مەھكەم يېپىشقان، شۇنداقلا يېڭى مەدەنىيەت ئېقىمىغا ئاچ پاقىدەك تاشلىنىشنىمۇ ئۇنتۇمىغان ساددا خوتەنلىكلەر ئۇنىڭغا يىلىكى قۇرۇۋاتقاندەك كۆرۈندى. ئەنئەنە بىلەن يېڭىلىقنى تەڭشەكنىڭ ئىككى ئۇچىغا قوندۇرۇۋېلىپ دەلدۈگۈنۈپ كېتىۋاتقان دارۋازدەك ھالغا قالغان زور بىر خەلق ئۇنىڭ كۆزىنى ھەيرانلىقتىن ھاڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قىلىپ، يۈرىكىنى زىڭىلداتقانىدى. ئۇ ئەسەبلىرىگە پاتمىغان ھالدا ئۆز بايىقىنىدا جار سېلىپ توۋلاپ ماڭدى. سىېخ ئارقىدا قالدى. ئائىلە ئۇنى تاشلىۋەتتى. ئۇمۇ ئائىلىنى... «يازغان شېئىرىڭدا قوڭۇمنى ئىرتاي. پۇل كېرەك، پۇل!» دېگەنىدى بىر چاغلاردا ئۇ بار مۇھەببىتى بىلەن سۆيگەن ئايالى ئۇنىڭغا غەزەپتىن لاغىلداپ تىترەپ تۇرۇپ. «بەكلا يىغلاڭغۇ» دېدى نۇرغۇن زەكىيلەر ئۇنىڭ شېئىرلىرىغا باھا بېرىپ. خېلى يىللاردىن كېيىن نۇرمۇھەممەد ئۆمەر: «ئەجەبا بىز ئۇنىڭ سەۋەبىنى سوراشتۇرۇپ، يىغىسىغا ھەمجۇر بولۇشتا يوق، يىغلاڭغۇلۇقتا ئەيىبلەپ يۈرەمدۇق» دېدى. سوپى مىجەز يىغلاڭغۇ ئاداشمۇ باشقىلارنىڭ زورى بىلەن ھەپتە دېگۈدەك ئەينەككە قاراپ كۇلۇشنى مەشىق قىپتۇ. «كۇلەلمىدىم، يىغلاپ سالدىم» دېدى ئۇ بىر كۈنى نۇرمۇھەممەدكە. نۇرمۇھەممەد يىغلاپ سالغىلى تاس قالدى. ئۇ چۈشەنگەنىدى. تۇرمۇشتا يەتكۈچە ھەرەج تارتقان، قەلبى دائىم گۇرۇلدەپ كۆيۈپ تۇرىدىغان بۇ ئادەمنىڭ قەلبى ئۇنىڭغا يول بەرگەنىدى.. شۇنىڭدىن كېيىنلا ئۇ «ئېپپەت.. ئېپپەت....» دەپ بولۇشىغا جار سالغىلى تۇردى...

«غوجىمۇھەممەد» دېدۇق بىز...

بىر ئاۋاز ئۈرۈمچىدە، بىر ئاۋاز خوتەندە ئىدى...

ئىككى ئاۋازنىڭ نەرىسى شەرقتىن غەربكە، جەنۇبتىن شىمالغىچە يېتىپ باراتتى. ئوخشاش بىر روھ، ئوخشاش بىر سادانىڭ ئىككى خىل لەرزىسى دولقۇنلاپ كېلىپ بىر توچكىدا بىر- بىرىگە ئۇرۇلاتتى:

ئەركەكلىك!

※ ※ ※

«مەڭگۇ تاشلار»دىن تارتىپ تارىخىي قوشاقلىرىمىز ۋە ئەپسانە -

چۈچەكلىرىمىزگىچە ھەممىسىدىن قەھرىمانلىق، مەردلىك، ۋاپا تۆكۈلۈپ تۇرىدۇ. قەھرىمانلىقنى كۈيلەش، مەدھىيىلەش ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا يېڭى تېما ئەمەس. دۇنيا ئەدەبىياتىدىمۇ ھەم شۇنداق. يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىمۇ تارىخىمىزدىكى ۋە رېئاللىقىمىزدىكى قەھرىمان تىپلارنى يورۇتۇپ، ئۇلارنىڭ جەسۇر ئوبرازىنى تىكلەش مەلۇم كۆلەمدە، سەۋىيىدە ئېلىپ بېرىلدى. شېئىرىيىتىمىزدە قەھرىمانلار ھاياتىغا بېغىشلانغان ۋەقەلىك شېئىرلار ۋە باتۇرلۇقنى كۈيلەيدىغان خېلى - خېلى لىرىكىلار مەيدانغا كەلدى، ئەمما ئۇ ئىزچىللاشمىدى. ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ كېيىنكى مەزگىللىك ئازابلىق جىمىشىغا ئەگىشىپ بۇ ھەقتە قەلەم تەۋرەتكەن، تەۋرىتىۋاتقان شائىرلىرىمىزمۇ ئاستا - ئاستا غايىب بولۇشقا باشلىدى. شېئىرىيىتىمىزدە ئېلىپ بېرىلغان دەتالاشلارنىڭ ئايىغى ئەمدىلا بېسىقىۋىدى، بىر چاغلاردا چوڭ غۇلغۇلىلارغا سەۋەب بولغان شۇ شېئىرلارمۇ، شائىرلارمۇ مەتبۇئاتتا تۇساتتىن ئازلاپ كەتتى. شېئىر ئازابلىق سۈكۈتكە پاتتى. ئۇنىڭ جىمىشى شەك - شۈبھىسىزكى تويۇنغانلىقتىن ئەمەس، ھەقىقىي، چىن شېئىرغا بولغان كۈچلۈك ئېچىرقاشتىن ئىدى؛ ئۆزگە بىر دەملىك غىلجىڭ ھېسسىيات بىلەن ئەمەس، تەۋرەنمەس ئەقىدە، ھالال نىيەت ۋە ئىزگۈ قەلب بىلەن ياندىشالايدىغان شائىرلارغا بولغان تەقەززانىڭ سۈكۈتىدىن ئىدى.

راست گەپ قىلغاندا، كېيىنكى كۈنلەردە شېئىرىيىتىمىزدە تېخنىكا، سۆز ئويۇنى ھەددىدىن زىيادە ئېغىرلىشىپ كەتتى. شېئىر پاساھەت، چوڭقۇرلۇق ۋە مەنە - ماھىيەتتىن كۆرە چۈشەنگىلى بولمىغۇدەك تۇتۇق تەسۋىر، ئىپادىلەشلەر قايىنىمىغا كىرىپ قالدى. شائىرلىرىمىزمۇ بىر - بىرىدىن ئۆتە مەۋقەسىزلەشتى. ئىجادىيىتىدە ئۆزلۈكسىز ھالقىش پەيدا قىلىپ ماڭغان شائىرلار بەكلا ئاز بولدى. مېنىڭچە، ئىجادىيىتىدە بىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قەدەر خاسلىق ھاسىل قىلغان ياش شائىرلارنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە ئادىل تۇنىياز ۋە غوجىمۇھەممەد مۇھەممەدلەرنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش مۇمكىن. ئۇلارنىڭ ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكلىرى ئۈستىدە ئايرىم- ئايرىم توختىلىش جەزمەن قىلىشقا تېگىشلىك ئىش. ئەمما، بىز بۇ ئىككى شائىرنى بىر ۋاقىتتا ئەكىلىشكە تۈرتكە بولغان تېما ئۈستىدە توختىلىشنى بەكرەك مۇھىم بىلدۇق. گەرچە ئىككى شائىرنىڭ ۋۇژانى ھەر خىل ياڭرىغان، يەتكەن پەللىسىدە مۇئەييەن پەرقلەر بولسىمۇ، ئەمما ھەر ئىككىلىسىنىڭ كۆزى بىر قۇياشنىڭ ھارارىتىدە يورۇغان ۋە شېئىر، مىسرالىرىنى ئوخشاش بىر تىنىق، ئىستەكتە يۇيۇپ چىققان. ھەر ئىككىلىسىنىڭ شېئىرىيەت ئارقىلىق ئىنسانىغا قىلغان، قىلىۋاتقان پىچىر - پىكرىدە بۇ قەدىمىي قەۋمنىڭلا ئەمەس، پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىدىكى تۈزدەك زۆرۈر نەپەسلەر مۇجەسسەم تاپقان ۋە ئۆزگىچە شېئىرىي يۈكسەكلىكنىڭ كامالىتىدە قايناپ - شوخشىغان. بىز شائىرنى تاڭ چىللىغان خوراز دېسەك، بۇ بىر جۈپ خورازنىڭ چىللىشىدا شۇنداق بىر ئورتاق سادا ياتىدۇ:

ئەركەكلىك!

※ ※ ※

غوجىمۇھەممەد: «ئەرنىڭ ئىپپىتى بولىدۇ، ئۇ — ۋەتەن» دەپ يازىدۇ. بۇ بىزگە ئەرنىڭ ئىپپىتى — ئەرلىكى، ئەركەكلىكى ھەققىدە ئىنتايىن قىممەتلىك، مەنىلەرگە باي يىپ ئۇچى بېرىدۇ. ئۇنىڭچە «ساقال - بۇرۇت قويغانلارنىڭ ھەممىسىلا ئەر ئەمەس ئىدى؛ بۇغداي تېرىپ زاغرا ناندا قورساق توقلايدىغانلارمۇ ئەر ئەمەس ئىدى؛ ئاھ خەلقىم، دەپ دەرد يۇتۇپ مەيخانىدا تۈنەيدىغانلار ئەر ئەمەس ئىدى؛ ‹ئېتىقاد› ۋە ‹توغرا يول› ھەققىدە

سۆزلەپ قويۇپ، ئىچ- ئىچىدىن قوروپ ئۆتكەنلەرنىڭ ھەممىسىنىلا ئەر دېيىشكە بولمايتتى؛ قىلىچتىن قورقۇپ بېشىنى ئىگىپ، كاستۇم ئىچىدە تىترەپ يۈرگەنلەرنىڭ ھەممىسىنىلا ئەر دەۋېرىشكە بولمايتتى؛ ئۇلارنىڭ جاينامازدا ئىمانى، ئەل ئالدىدا ۋىجدانى، يۈرىكىدە پىغانى، سەپ ئالدىدا مەيدانى، تىغ ئالدىدا تەن ـ جېنى، تومۇرىدا دولقۇنلۇق قېنى، ھاياتىدا ئۆلۈم ھەم شېنى نېسى ئىدى.»

بىز باتۇرلۇق، قەھرىمانلىق ھەققىدە ئېغىز ئاچساقلا، كۆز ئالدىمىزغا دەررۇلا «كۆكسى ئېيىقنىڭكىدەك، مۈرىسى قارا بۇلغۇنىڭكىدەك، بېلى بۆرىنىڭكىدەك، پۇتى بۇقىنىڭكىدەك» يوغان، بەقۇۋۋەت ئەرلەرنىڭ كېلىشى تۇرغانلا گەپ. بىز بۇلارنى ھەقىقىي ۋايىگە يەتكەن ئەردە بولۇشقا تېگىشلىك جىسمانىي شەرتلەر سۈپىتىدىن دەپ قارايمىز. ئەمما، شائىرچە بۇنداقلارنىڭ ھەممىسىنى ئەركەكلىكى ئېشىپ ـ تېشىپ تۇرغان ئەر دېيىشكە بولمايدىغاندەك قىلاتتى. شائىر «ئەر» دېگەن بۇ ئۇقۇمغا «ئادەم» ئۇقۇمىنى پاراللېل قويۇپ تۇرۇپ ئادىمىيلىكتىكى بارلىق ئەقەللىي شەرتلەرنى ئۇنىڭ ۋۇجۇد كالامىغا يۈكلىگەندەك تۇراتتى.

بىزنىڭ ئاقىل تەپسىرچىلىرىمىز «ئىنسان»، «ئادەم» ئۇقۇمىغا ھە دېسىلا «ئازغۇچى، خاتالاشقۇچى، سەۋەنلىك ئۆتكۈزگۈچى، ئازغۇن، خام سۈت ئەمگەن» دېگەندەك تەبىرلەرنى بېرىشىدۇ ۋە ئۆزلىرىنىڭ، باشقىلارنىڭ خاتالىق ئۆتكۈزۈشىگە، خاتالىق ئۆتكۈزگەندىن كېيىنكى نومۇس تۇيغۇلىرىنى يېپىپ ـ يۆگەشكە يوچۇق ئېچىپ بېرىدۇ. مەن دۇنيادا بىرەر ئىنساننىڭ «مەن ئادەم، تەبىئەتنىڭ ئەڭ يۈكسەك سەمەرىسى. مەن ئادەم بولغاندىن كېيىن مونۇ ئىشنى قىلماي» دېگىنىنى ئاڭلاپ، كۆرۈپ باقمىدىم. ئەمما، شائىر «ئادەم»، «ئەر» دېگەن بۇ ئىككى ئۇقۇمنىڭ ۋەزنىنى بىر ئېغىرلىق مەركىزىگە جۇغلاپ تۇرۇپ

www.uyghurkitap.com

ئىنسانىي تاكامۇللۇقنى ئىزدەۋاتقاندەك قىلاتتى. «ئەر»دىن ئىنسانىيلىقنى ۋە ئادىمىي مۇكەممەللىككە يېتىشنى تەلەپ قىلىۋاتاتتى.

تەبىئەت دۇنياسىدىكى ھەربىر تاش ـ تۇپا، گۈل ـ گىياھقىچە ھەممىسىنىڭ ئۆزىگە يارىشا مەۋجۇتلۇق قىممىتى ۋە رولى بولىدۇ. جاھاندا ئارتۇقچە يارىتىلغان نەرسىدىن بىرىمۇ يوق. ھەممە ئۆز جىسمى زاتىدا مۆئەييەن سىر ـ ھېكمەتنى مۇجەسسەم قىلغان. ئۇ ئىگە بولغان سىر ـ ھېكمەت ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئۈچۈن جەزمەن بولمىسا بولمايدىغان تەقەززانى شەكىللەندۈرگەن بولۇپ، ئىشەككە تۆت پۇت، لاچىنغا ئىككى قانات مىسلىسىز ئاقىلانىلىك بىلەن تەقسىملەنگەن. بىزنىڭ بۇ مۆجىزات دۇنياسىدىكى ئۇنى بۇنداق بولسا بوپتىكەن ياكى بۇركۇتتىكى قاناتنى تۆگىگە بەرسە بوپتىكەن، دەيدىغانغا ھەققى ـ ھوقۇقىمىز يوق. قۇسۇرغا قىلچىمۇ يوچۇق قالدۇرۇلمىغان. كىمكى دۇنيانىڭ بۇ ئاقىلانە قازىلىقىغا قارشى چىقىپ، ئەزەلىي مۇتلەقتە ئۆزلىرىگە تالىق قىلىپ بېرىلمىگەن نەرسىلەرگە ئىنتىلىدىكەن، ئۇ ھەرقاچان تېگىشلىك جازاغا ئېرىشىپ تۇرىدۇ. بۇركۈتنىڭ ياق، مەن توخۇدەك كاتەكتە، تەييار داننى تىرىپ يەپ، تۇخۇم تۇغۇپ ياشايتتىم، دەيدىغانغا ھەققى يوق. قىلىمەن دېسىمۇ قاملاشتۇرالمايدۇ. ئۇنىڭ قانىتى بىپايان كۆكتە دەخلىسىز پەرۋازغا لايىق يارىتىلغان. ئۇ تاشلاپ بېرىلگەن داننى يەپ مەڭگۈ قانائەت تاپالمايدۇ. بۇركۈتنىڭ كۆنى كۆكتە تۇغۇلىدۇ. ئادەممۇ شۇنىڭغا ئوخشاشلا ئۆزىگە يارىشا تەن، روھ بىلەن يارىتىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدىكى ھەربىر ئەزا، ھەربىر ھۈجەيرە ئۇنىڭ مەجبۇرىيەت، ئىش ـ ئەمەلىگە يۈكسەك دەرىجىدە ماسلاشتۇرۇلغان. ئەرلەرنىڭ تېنى كۈچلۈك، قاۋۇل، چەبدەس بولغاچقا ئۇلارنىڭ زىممىسىگە ئائىلىنى قامداش، بېقىش، ئاسراش، قەبىلە ـ قوۋمىنى قوغداش، خوتۇن ـ

بالىلىرىنى ھىمايە قىلىش ۋەزىپىسى تەبىئىيلا يۈكلەنگەن. ئاياللارنىڭ تېنى بىرقەدەر نازۇك، ئاجىز (بۇنى ئاياللىرىمىزنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى تەن ئىشلىشتىن شۇ قەدەر قورقىدۇ. ئەمما، ھەق سىزنىڭ تەستىقىڭىزغا موھتاج ئەمەس. ئۇ بەربىر مەڭگۈلۈك پاكىت)، مىجەزى مۇلايىم، ئىللىق، تۇغۇش، پەرزەنت تەربىيىلەشكە مۇۋاپىق قىلىپ يارىتىلغان بولغاچقا ئۆي تۇتۇش، پەرزەنت تەربىيىلەش، ئەرلەرنى كۈتۈش... تەك مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالغان. بۇ خىل ئىش تەقسىماتى قانداقتۇر ئەرلەر زوراۋانلىق يۈرگۈزۈپ ياكى ئاياللارنى خارلاپ، خورلاپ، قول قىلىپ ئايىغى چىقماس ئۆي ئىشىغا بەنت قىلىش مۇددىئاسىدا غەرەزلىك شەكىللەندۈرگەن ئىجتىمائىي يوسۇن بولماستىن، بەلكى تەبىئەتنىڭ ئەزەلىي قانۇنىيىتىنىڭ ئۆز يولىدا جارى بولۇشى ئىدى. ئۇنى باشقىچە قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇشمۇ ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئەرنى بالا تۇغۇپ، ئۆي ئىشلىرىنى قىلىپ، ئايالنى كۆت دېيىش ئۇنچىۋالا ئەقىلگە ئۇيغۇن كەلمەيتتى. ئۇنىڭ قول - پۇتىنىڭ يارىتىلمىسىغىلا ئېغىر ئەمگەك، چىدام، قوپاللىقنىڭ تامغىسى بېسىلىپ كەتكەنىدى. بىر قىزنىڭ تەبىئىتىدىن تۇغما ھالدا ئۆي تۇتۇش، ئاش - تاماق ئېتىش، باشقىلارغا كۆيۈنۈشنىڭ ئەڭ ئىپتىدائىي خۇرۇچلىرى تېپىلاتتى. ئاياللار سىرتنىڭ ئىشلىرىغا قېتىلغاندا كۆچەشكە، ئىنجىقلاشقا توغرا كېلەتتى. بۇنداق چاغلاردا ئۇلارنىڭ نازاكىتى، زىلۋالىقى يوقايتتى، نازۇك تېنى مۇكچىيەتتى. ئۇلار ئۆز تېنى، روھىناتىغا سوۋغا سۇپىتىدە بەخشەندە قىلىنغان ئەڭ مۇقەددەس تۇيغۇ، سۇلكەتنى بېسىپ قويۇپ لەۋ چىشلەپ خىزمەت ئۇچۇن ئالدىرىشى كېرەك ئىدى. مۇكاپات مائاشى، خىزمەت باھالىشى، مەنىسىدىن قالغان ئالدىراش ئولتۇرۇشلار، ئۇزۇنغا يۈگۈرۈش مۇسابىقىسى، ئاياللار ھوقۇقى، ئاياللار ئازادلىقى، ئېغىرلىق كۆتۈرۈش چېمپىيونلۇقىنى تالىشىش... ئۇچۇن كېچە - كۈندۈز

ﭘﺎﻻﻗﻠﯩﻤﯩﺴﺎ ﺑﻮﻟﻤﺎﻳﺘﺘﻰ. ﺋﺎﻳﺎﻟﻼﺭ ﺋﺎﻳﺎﻟﻠﯩﻖ ﺭﻭﮬﯩﻨﺎﺗﯩﺪﯨﻦ ﺋﺎﻳﺮﯨﻠﯩﭗ ﻗﯘﺭﻏﺎﻗﻠﯩﺸﯩﭗ، ﻣﻪﻧﯩﺴﯩﺰﻟﯩﺸﯩﭗ ﻛﯧﺘﻪﺗﺘﻰ. ﮬﺎﺭﻏﯩﻨﻠﯩﻖ، ﺯﯦﺮﯨﻜﯩﺶ، ﺑﯩﻜﺎﺭﺩﯨﻦ - ﺑﯩﻜﺎﺭ ﺋﯩﭽﻰ ﭘﯘﺷﯘﺵ، ﺋﻪﮬﻤﯩﻴﻪﺗﺴﯩﺰ ﺟﯧﺪﺩﯨﻴﻠﯩﺸﯩﺸﺘﯩﻦ، ﺑﯩﺴﻪﺭﻩﻣﺠﺎﻥ ﺑﻮﻟﯘﺵ... ﺋﺎﻳﺎﻟﻼﺭﻧﻰ ﻗﯩﻴﻨﺎﻳﺘﺘﻰ. ﺷﯘﻧﯩﯔ ﺑﯩﻠﻪﻥ ﺋﯘﻻﺭ ﭘﯘﺧﺎﺩﯨﻦ ﭼﯩﻘﯩﺶ، ﺭﻭﮬﯩﻨﻰ ﻛﯚﺗﯜﺭﯛﺵ، ﺗﯘﺭﻣﯘﺷﺘﯩﻦ ﺷﺎﺩﻟﯩﻖ، ﻣﻪﻧﻪ ﺋﯩﺰﺩﻩﺵ ﺋﯜﭼﯜﻥ ﻛﯩﻴﯩﻤﻠﻪﺭﮔﻪ ﻳﯧﻠﯩﻨﺎﺗﺘﻰ، ﮔﯩﺮﯨﻢ ﺑﻮﻳﯘﻣﻠﯩﺮﯨﻐﺎ ﺗﻪﺯﯨﻢ ﻗﯩﻼﺗﺘﻰ، ﺑﻪﺯﻣﯩﺨﺎﻧﯩﻼﺭﻏﺎ ﻗﺎﺗﺮﺍﻳﺘﺘﻰ. ﺋﻪﺳﻪﺑﯩﻴﻠﯩﻚ، ﺯﻭﺭﺍۋﺍﻧﻠﯩﻖ ﺗﯘﺳﯩﻨﻰ ﺋﺎﻟﻐﺎﻥ ﺋﯩﭻ ﭘﯘﺷﯘﻗﯩﻨﻰ ﭼﯩﻘﯩﺮﯨﺶ ﺷﻪﻛﯩﻠﻠﯩﺮﻯ ﺗﯘﺭﻣﯘﺷﻨﯩﯔ ﭼﯩﻦ ﻣﻪﻧﯩﺴﯩﻨﻰ ﺗﺎﭘﺎﻟﻤﺎﻱ ﻗﺎﻟﻐﺎﻥ ﺋﺎﻳﺎﻟﻼﺭﻧﯩﯔ ﺑﯩﺮﺩﯨﻨﺒﯩﺮ ﺗﺎﻟﻠﯩﺸﻰ ﺑﻮﻟﯘﭖ ﻗﺎﻻﺗﺘﻰ. ﺷﻪﮬﻪﺭﻟﻪﺭﺩﯨﻜﻰ ﺭﯦﺴﺘﻮﺭﺍﻥ، ﻛﯚﯕﯜﻝ ﺋﯧﭽﯩﺶ ﻛﯘﻟﯘﺑﻠﯩﺮﻯ، ﺭﻩﺳﺘﻪ - ﺑﺎﺯﺍﺭﻻﺭﺩﺍ ﭘﺎﺗﻤﺎﻱ ﺩﻩۋﺭﻩﭖ ﻛﯧﺘﯩﭗ ﺑﯧﺮﯨﺸﻘﺎﻥ ﺋﺎﻳﺎﻟﻼﺭﻧﯩﯔ ﻛﯚﺯﯨﻨﯩﯔ ﺗﻪﻛﺘﯩﺪﻩ ﺑﯧﺴﯩﭗ ﺑﻮﻟﻐﯘﺳﯩﺰ ﻳﯩﻐﺎ، ﮬﻪﺳﺮﻩﺕ، ﻣﻪﻧﯩﺴﯩﺰﻟﯩﻚ ﻳﺎﺗﯩﺪﯗ. ﺋﯘﻻﺭ ﻧﯧﻤﯩﮕﯩﺪﯗﺭ ﺗﻪﻗﻪﺯﺯﺍ ﺑﻮﻟﯩﺪﯗ، ﺋﺎﻟﺪﯨﺮﺍﻳﺪﯗ، ﺗﺎﭘﺎﻟﻤﺎﻳﺪﯗ. ﻗﻪﻟﺒﯩﺪﻩ ﺗﻮﻟﺪﯗﺭﯗﭖ ﺑﻮﻟﻐﯘﺳﯩﺰ ﺋﺎﭼﺎﺭﭼﯩﻠﯩﻖ، ﻗﯘﺭﻏﺎﻗﭽﯩﻠﯩﻖ ﺑﺎﺭﺩﻩﻙ ﺳﯧﺰﯨﺪﯗ، ﺋﻪﻣﻤﺎ ﺩﻭﺭﯨﺴﯩﻨﻰ ﻗﯩﻠﯩﺸﻨﻰ ﺑﯩﻠﻤﻪﻳﺪﯗ. ﺋﺎﻳﺎﻟﻼﺭﻧﯩﯔ ﺳﺎﭖ ﺧﯘﺷﻠﯘﻗﻰ ﺋﯘﻻﺭﻏﺎ ﻗﻮﺭﻗﯘﻧﭽﻠﯘﻕ ﻧﻪﺭﺳﻪ ﺩﻩﭖ ﭼﯜﺷﻪﻧﺪﯛﺭﯛۋﯦﺘﯩﻠﮕﻪﻥ. ﺷﯘﯕﻤﯘ ﺋﯘﻻﺭ ﺋﯚﺯ ﺟﯩﻨﺴﯩﻤﻰ، ﻗﯧﻨﯩﺪﺍ، ﺟﯧﻨﯩﺪﺍ ﺑﺎﺭ ﺧﯘﺷﻠﯘﻗﻨﻰ ﺗﺎﻻﺩﯨﻦ، ﺋﺎﺷﻨﺎ ﺋﻮﻳﻨﺎﺷﺘﯩﻦ، ﻗﻮﺵ ﺟﯩﻨﺴﻠﯩﻘﻼﺭ ﻣﯘﮬﻪﺑﺒﯩﺘﯩﺪﯨﻦ، ﺟﯩﻨﺴﯩﻲ ﺯﻭﺭﺍۋﺍﻧﻠﯩﻘﻼﺭﺩﯨﻦ، ﺋﻪﺳﻪﺑﯩﻴﻠﯩﻜﺘﯩﻦ، ﻛﯩﻴﯩﻤﺪﯨﻦ، ﻳﺎﻟﯩﯖﺎﭼﻠﯩﻨﯩﺸﺘﯩﻦ ﺋﯩﺰﺩﻩﻳﺪﯗ. ﻛﯘﻟﯩﺪﯗ، ﺋﻪﻣﻤﺎ ﺷﯘﻗﻪﺩﻩﺭ ﮬﻪﺳﺮﻩﺗﻠﯩﻚ. ﻳﯩﻐﻼﻳﺪﯗ، ﺋﻪﻣﻤﺎ ﮬﯧﺴﺴﯩﻴﺎﺗﺴﯩﺰ. ﺳﯚﻳﯩﺪﯗ، ﺋﻪﻣﻤﺎ ﺗﺎﻣﺪﻩﻙ...

ﺋﻪﺭﻟﻪﺭﻧﯩﯔ ﺋﺎﻳﺎﻟﻼﺭﻧﯩﯔ ﺧﻮﺭﻟﯩﻨﯩﺸﯩﻐﺎ، ﺟﺎﭘﺎ ﺗﺎﺭﺗﯩﺸﯩﻐﺎ ﻗﺎﺭﺍﭖ ﺗﯘﺭﯗﺷﯩﻐﺎ ﺑﻮﻟﻤﺎﻳﺘﺘﻰ. ﭼﯜﻧﻜﻰ، ﻗﯩﺰ - ﺋﺎﻳﺎﻟﻼﺭ ﺑﯩﺮ ﺋﯚﺭﯛﻗﺘﯩﻜﻰ ﻣﻪﻧﯘﻯ ﻛﯜﭻ ۋﻩ ﻏﯘﺭﯗﺭ ﺋﯩﺪﻯ. ﺋﻪﺭﻟﻪﺭﻧﯩﯔ ﺗﯘﺭﻣﯘﺷﺘﯩﻜﻰ ﻳﯚﻟﯩﻜﻰ، ﺭﻭﮬﯩﻲ ﺗﻪﺳﻪﻟﻠﯩﺴﻰ، ﺋﯩﭙﺘﯩﺨﺎﺭﻯ، ﺷﯘﻧﺪﺍﻗﻼ ﻧﻮﻣﯘﺳﻰ ﺋﯩﺪﻯ. ﺷﯘﯕﺎ، ﺋﯘﻧﻰ ﺟﺎﻥ ﺗﯩﻜﯩﭗ ﻗﻮﻏﺪﺍﺵ، ﺋﺎﺳﺮﺍﺵ، ﺋﺎﺭ - ﻧﻮﻣﯘﺳﯩﻨﻰ، ﺷﻪﺭﻡ - ﮬﺎﻳﺎﺳﯩﻨﻰ ﺳﺎﻗﻼﺵ، ﺋﺎﺋﯩﻠﯩﻨﻰ ﻗﺎﻣﺪﺍﺵ، ﻗﻮۋﻣﯩﻨﻰ، ﻣﯩﻠﻠﻪﺕ،

ۋەتىنىنى قوغداش ئارقىلىق ئەلگە بەختلىك، پاراۋان تۇرمۇش يارىتىش ئەرنىڭ ئىلكىدىكى مۇقەددەس ۋەزىپە، باش تارتىپ بولماس قەرز ئىدى. شۇنى قىلمىسا نېمە قىلىدۇ؟ بالا تۇغالامتى؟ ئېمىتەلەمتى؟ ئۇنىڭ پۇت - قوللىرى بىكارغا مەزمۇت، چىڭ، قوپال، يىرىك، قاتمال، روھى ئۇستۇن، بەردەم يارىتىلغانمىدى؟

بىز غوجىمۇھەممەدنى مۇشۇ مۇقەددەس قانۇنىيەتنى بىلمەيدۇ، دېيەلەمدۇق؟ شۇبھىسىزكى، ئەرنىڭ، ئەركەكلىكنىڭ ئىپتىداسىغا قول قويغان مىزان شائىرغا ئەرلىكنىڭ ئۇلۇغۋار بۇرچىنى كۆز - كۆز قىلغانىدى. ئېستېتىكىدا دېيىلىدىغان نەپىسلىك ئۇنىڭ كۆزىگە خانىم - قىزلارنىڭ ھايالىق، مېھرىلىك تەلپۈنۈشلىرى، ئەرگە بولغان شەرتسىز ساداقىتى، ئىپپەت ئالدىدىكى بوشاشماس مەغرۇرلۇقىنى كۆرسەتكەن بولسا، يۈكسەكلىك دەل ئەرلەردىكى كەم - كۈتىسىز جان پىدالىقنى، ئەزىمەتلىك، ۋاپانى نامايىش قىلغانىدى. ئۇ شېئىرنىڭ ھېس - تۇيغۇلار ئەۋجىدە قايىنايدىغان چوڭقۇر قايىنام ئېغىزىدا تۇرۇپ ئەرلەرنىڭمۇ ئىپپىتى بولىدىغانلىقىنى خولاسىلەپ چىققانىدى. ئىنكاھتىن كېيىنلا ھالاللاپ بېرىلىدىغان ۋە ئاۋايلاپ ئېلىنىدىغان «ئىپپەت» ئۇنىڭ نەزىرىدە ئىككى جىنسقا باراۋەر تەقسىملەنگەنىدى. قىز - ئاياللار ئۇنى يوقاتسا، ئىككى دۇنيالىق ھالال جۈپتىنىڭ توغرا ئىتائىتىدىن چىقسا، ھارامغا يول قويسا ھاياسىز، نومۇسسىز، شەرمەندە، جالاپقا، رەسۋاغا ئايلىناتتى. ئۇنى جانان چىنىدەك ئەتىۋارلاپ ساقلاپ ئىززىتىنى قىلسا خان - ئايلا، مەلىكە - ئاغچا، خېنىم - جېنىمغا ئايلىناتتى. غوجىمۇھەممەد ئۇنى ئەرگە تەققاسلىۋىدى، ئەرلەرنىڭ ئەخلاقى، ساداقىتى، ئىش - ئەمەلىگە يېڭى ئۆلچەم كەلدى: ئۆزىنىڭ ئەرلىك بۇرچىدىن باش تارتقانلارنى نېمە دېيىش كېرەك؟ ۋەتەن، ئەل، ئائىلە، قىز - خوتۇنلىرى ئالدىدىكى مەجبۇرىيىتىگە كۆزىنى يۇمۇۋالغانلارنى ئەر، ئادەم دېيىش كېرەكمۇ؟ بىر ئاچچىق

سوئال ئۇنى ئەلەم گىردابىغا قىستىغاندى.

يىگىت، ئەر سۆزى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا جەڭچى دېگەن مەنىنى بېرەتتى. شۇ بويىچە بولغاندا، ئەر دېگەن ۋەتىنىنى، ۋەتىنىنىڭ ئار ـ نومۇسىنى قوغدىشى، خەلقىنى خارلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ھەر ۋاقىت جان تەسەددۇق قىلىشقا تەييار تۇرالىشى كېرەك؛ ئائىلىسىنىڭ يۈزىنى تۆكمەسلىكى، قىز ـ ئاياللىرىنى تاشلىۋەتمەسلىكى، خارلىماسلىقى، خارلىنىشىغا، ياتلارنىڭ بوزەك قىلىشىغا يول قويماسلىقى، ئۇلارنىڭ ئىپپەت ـ نومۇسىنى قوغدىشى، ئائىلىسىنى راۋرۇس قامدىشى، قەيسەر، باش ئەگمەس، ئۆزىنىڭ توغرا مەۋقەسىدىن كەچمەيدىغان بولۇشى كېرەك ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەپ ئۆتكەن «پادىچى»غا خاس ھامىيلىق روھىنى ھازىرلىشى كېرەك ئىدى. بولمىسىچۇ؟ غوجىمۇھەممەد: «ئىپپەتسىز!» دېدى. دېمەككى، ۋاپاسىز، بۇزۇق، شەرمەندە، نائەھلى، مۇناپىق، خىيانەتكار، ھېجىقىز...

شائىر «ئەركەكلىك» نى ئىنسانىي مۇكەممەللىك، دەپ قارىغانىدى. ئۇنىڭ بۇ قارىشى شەمسىددىن تەبرىزىنىڭ «ياشىماق نە ئۈچۈندۇر» دېگەن سوئالغا «ئىنسانىي كامىللىق ئۈچۈن» دەپ بەرگەن جاۋابىغا تەڭكەش ئىدى. ئۇنىڭ بۇ خىل قارىشىدا ئىنسانىيەتكە ئورتاق بولغان بارلىق ئېسىل مەنىۋى، مەدەنىي مىراسلار مۇجەسسەم ئىدى. ئەخلاق، غايە، ئېتىقاد، ھايا، نومۇس... بۇلارنىڭ ھەممىسى «ئەركەكلىك» — «ئەرنىڭ ئىپپىتى» گە سىغدىلىپ كەتكەنىدى. ئىپپەتسىز ئەرلەر يامرىغان جەمئىيەتتە ئاياللار باشپاناھسىز قالاتتى، ئۇلارنى ئەيمەندۇرىدىغان، تەپتارتقۇزىدىغان كۈچنىڭ قەدرى قالمايتتى، شۇنىڭ بىلەن ئاياللار ۋەھشىيلىشەتتى، تاپتىن چىقاتتى. ئەخلاق يىمىرىلەتتى، ئېتىقاد سۇناتتى. جەمئىيەت بۇقىسى كاردىن چىققان بىر تەلۋە پويىزغا ئوخشاپ قالاتتى. تىزگىنسىز غالجىر ئات ۋەيرانچىلىقتىن بۆلەك نېمە ئەكەلسۇن؟

شائىر كۆزىنى ئۆزىنىڭ ئۆلچەم دۇنياسىدىن ئېلىپ ئەتراپقا باققىنىدا پاجىئە ئالەمنى بىر ئالغانىدى. ئاياللار يالىڭاچ دېگۇدەك كوچىغا چىقىشقا ئالغانىدى؛ بەزمىخانىلاردا، بۇلۇڭ ـ پۇشقاق، كوچا ـ كويلاردا ئەرلەرگە قىلغان مەسخىرىسىنى پەلەككە يەتكۈزگەنىدى. بەزى ئەرلەر ۋەتەن، ئەل ئەمەس، بىر خوتۇن ئالدىدىكى قەرز ـ مەجبۇرىيىتىنىمۇ ئادا قىلالماي بارغانچە شۇمشىيىپ، بىچارىلىشىپ كېتىۋاتاتتى. بىر چاغلاردىكى زەبەردەست تۇرقىدىن ئەسەرمۇ قالمىغان، يۇرۇش ـ كىيىنىشلىرىمۇ ئاياللارنىڭكىدىن پەرق قىلماس ھالغا كەپقالغانىدى. ئۇلۇغ سانىلىدىغان ھايامۇ، نومۇسمۇ مۇھەببەت نامىدا يىرتىلماقتا، چەيلەنمەكتە ئىدى. كوچىلاردا ئاپئاشكارا سۆيۈشلەر، جىنسىي نومۇسسىزلىقلار ئەۋجىگە چىقماقتا ئىدى. بۇزۇقچىلىق ئەتراپنى قاپلىغان، ئۇلار نومۇس قىلماي ئۆزلىرىنىڭ رەسۋالىقلىرىنى قانۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن بولۇشچە جار سېلىشماقتا ئىدى. خەقلەرمۇ ئېغىر ئالماس بوپكەتكەنىدى... ئاشۇ بوشلۇقتا كىشىلەر مەدەنىيەت، تەرەققىيات، يېڭىلىق، زامانىۋىلىق دەپ تەنتەنە قىلىشقىنىچە، شاد ـ خۇراملىقتا قايناپ ـ تاشماقتا ئىدى.

ئارىلاپ ئەڭ پەسكەش كوچىلار ئارا، ـ
تۇۋلايمەن مانا بۇ بىزنىڭ شەھەر دەپ.
مەسخىرە قىلىمەن مەدەنىيەتنى،
قۇسۇقلار ئىچىدىن چىقىپ ئۆمىلەپ.
ـــ غوجىمۇھەممەد مۇھەممەد: «ۋاز كېچىش»

شائىر مەسخىرىلىك ھىجىيىپ قويدى. ئارقىدىنلا كۆرەڭ مەغرۇرلۇق بىلەن: «شەھەرنىڭ يۈزىگە تۈكۈردۈم راسا» دېدى. ئارقىدىنلا ئادىل يېتىپ كەلدى. ئۇ ئۆزىگە ھەمجۇر بولالايدىغان

شېرىك تاپقىنىدىن خۇشالدەك ئىدى. ئۇنىڭ كۆزىگە ھەممىلا نەرسە دەۋرەپ، قوتراپ تۇرغان ئايالاردەك كۆرۈنۈپ كېتىۋاتاتتى. شائىر دوستى ئېيتقان ئىپپەتلىك ئەرلەر، ئەركەكلەر ئۇلارنى بېسىقتۇرۇپ، ئالەمنى يېتىپ كېلىۋاتقان بالا ـ قازادىن ساقلاپ قالالايتتى. جاھانغا ئەردەك ئەر كېرەك ئىدى. شۇندىلا ھەممە ياندا ئەۋج ئېلىۋاتقان ئاياللىشىش، بۇزۇلۇش، يىمىرىلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش مۇمكىن ئىدى. ئەر ئەردەك بولالمىغان جايدىن بەرىكەت كۆتۈرۈلۈپ كېتەتتى. ۋەھالەنكى، ئەرلەرنىڭ ئەرلىكى قۇرۇپ كېتىۋاتاتتى. ئۇلار ئايالارنى ئۆزلىرىدىن تەپتارتقۇزالمايۋاتاتتى، ئەيمەندۈرەلمىگەنىدى. ھەقىقىي ئىشەنچ ھۆرمەت بىلەن قورقۇشنىڭ تەڭلىكىدىن تۇغۇلىدۇ. شۇنداق بولغاندىلا ئاياللار ئايالغا ئوخشاپ ئەرنىڭ ئىتائىتىدىكى مۇلايىم خوتۇن، مۇنەۋۋەر ئانىلاردىن بولاتتى. چىن ئادەم، ئايالغا ئوخشايتتى. پاراڭچى خوتەنلىك بوۋايلار ئۇنىڭغا ھېكايە قىلىپ بەرگەنىدى: «ئاياللاردا گال ئۈچ. بىرى، يېمەك ـ ئىچمەك، يەنى قورساق، بىرى، كىيىم ئۈستىۋاش، يەنە بىرى ...» گەپ شۇ يەرگە كەلگەندە بوۋايلار خىرىلداپ كۈلۈپ توختىۋېلىشقانىدى ۋە قوشۇپ قويغانىدى: «باشتىكى ئىككىسى تويمىسىمۇ مەيلى، ئەمما ئۈچىنچىسى قانمىسىزە ... ئىش چاتاق. ئالەمنى ۋەيرانچىلىق باسىدۇ.»

شائىر ھەممە نەرسىنىڭ ئاياللارنىڭ ئۆزلىرىنى ئېچىش، ئاشكارىلاش ئۈچۈن بولۇۋاتقىنىنى كۆرەتتى، تەننى يۆگەش ئېھتىياجى ئۈچۈن كىيىلىدىغان كىيىملەر ئاتايىن تەننىڭ ئەڭ گەۋدىلىك قىسىملىرىنى نامايىش قىلىش ئۈچۈنلا تىكىلىدىغان بولدى. ئېچىلدى، ئەخلاق يىرتىلدى، ئەرنىڭ كۈۋەجەپ تۇرغان ھېسسىياتى تىنماي غىدىقلىنىپ، بىكارغا ئاقتى، تاشتى، ئاندىن يىگلەپ كەتتى. تويماس ئاچ كۆزلۈك رەستىلەردە ھاپىلداپ يۈگۈرۈپ تۇرۇپتۇ. كۆزگىمۇ، ئېغىزغىمۇ، بۇرۇنغىمۇ، سەزگۈگىمۇ، تېرىلەرگىمۇ نەمخۇش بىر شالاق ھېسسىيات

سۈركىلىپ تۇرسا تاشمايدىغان، ھەددىدىن ئاشمايدىغان نېمە بار؟ شۇنداق، توختاۋسىز غىدىقلىنىش ئەرلەرنى ۋەيران قىلىۋەتتى. كاللىسىدا شەھۋەتتىن ئۇماچ قايناتتى، زېھنىنى چاچتى. نومۇس دەرىخىنىڭ ئالتۇن ياپراقلىرى سارغىيىپ كەتتى...

— ئەركەكلەر قېنى سىلەر؟...

شائىر غەزەپ بىلەن ئوقۇشقا كىرىشتى. نۇرغۇن ئادەم ئاڭلىدى، جىممىدە تىڭشىدى، ئاندىن ئۇن - تىنسىز كېتىپ قېلىشتى. ئۇلار خورلۇققا قېلىشتىن خېلى بۇرۇنلا بۆرىنى بىلىپ - بىلمەي قوتانلىرىغا باشلاشقانىدى. ئەرنىڭ پەرۋاسىزلىقى ئايالنى قوزغاتقانىدى. ئايالنىڭ ئەمدىكى نەرسىگە ئەر نېمە دېيىشى، نېمە قىلىشىنىمۇ بىلەلمەي سۆكۈتكە پاتقانىدى. جىمىپ قالغان، بوينى ئېگىلگەنىدى. دوختۇرخانىلاردا، دورىخانىلاردا ئۇلارنىڭ نائىلاجلىقى، ھەسرىتى پەلەككە يەتتى.

ئىككى شائىر يېگانە قالدى. ئادىلنىڭ ئاۋازى يەنە ياڭرىغىلى تۇردى:

ئەرلەر ھاۋادا توپا- چاڭدەك،
ئەرلەر خورلۇقتا تۇرىدۇ تامدەك.
ئەرلەر يۇمشاق ئېرىگەن شامدەك...
— ئادىل تۇنىياز: «يۇلتۇزلارمۇ ئۆلىدۇ»

ئۇ ئاياللارنىڭ ھەددىدىن ئېشىشىنى ئەرلەرنىڭ بوشاڭلىقىدىن كۆرەتتى. شېرىكى غوجىمۇھەممەد:

خوتۇنغا قارىيالماي تىك،
ئىككىنچى قۇللۇقنى ھېس قىلغان ئەرلەر.
— غوجىمۇھەممەد مۇھەممەد: «ئەرنىڭ ئېپپىتى»

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دەپ پىچىرلاپ قويدى ۋە بىر كۆچلۈك ھەۋەس بىلەن ئوقۇشقا كىرىشتى:

جىنسىيەت ئىبلانى چاپلانغان تامدا،
قاقاقلاپ كۈلىدۇ رەھىمسىز ئايال.
دەھشەتلىك بوۋامنىڭ يەتتە خوتۇنى،
مەن موماڭ ئەمەس، دەپ تىترىشەر غال- غال.
— غوجىمۇھەممەد مۇھەممەد: «سەرسان كۆڭۈل»

ئەمدى ئادىل چۈشتى. ئۇ ئەرلەرگە قارىماستىن ئايالىلارغا قادىلىۋالغانىدى.

ئەي غەربتىن كەلگەن يېشىل نۇر
ئەي، ئايال دەپ ئاتالغان بومبا.
ئەي بۈيۈك ئايال
بىز ئەرلەر ئەما.
بىز قولۇڭدا ئەما ناھايەت،
ھالاك قىلما شەھەرنى ئەمما
ھەممىمىزگە يېقىن قىيامەت.
— ئادىل تۇنىياز: «ئەبۇ زەبى»

ئانا دېسە ئۇنىڭ ئالدىغا،
كېلىدۇ ئاياغ ئاستى قىلىنغان يەرلەر.
ۋەتەن دېسە ئۇنىڭ ئالدىغا،
كېلىدۇ ئىپپىتى بۇزۇلغان ئەرلەر.
— غوجىمۇھەممەد مۇھەممەد: «غوجىمۇھەممەد»

بۇ كۈنلەردە سۆڭەكسىز ئەرلەر،
سۇدەك ئۇستا يۇمشاق ياشاشقا.
— ئادىل تۇنىياز «سۆزلىگۈم كېلىۋاتىدۇ»

ئەركەك پاشىمۇ تاپىدۇ بالا...
— ئادىل تۇنىياز: «يۇلتۇزلارمۇ ئۆلىدۇ»

غوجىمۇھەممەد ئەسەبىيلەشكەندەك قىلاتتى. ئۇنىڭ مىسرالىرىدىكى تىلمۇ بارغانسىرى جەڭگىۋارلىشىپ، ئۆتكۈرلىشىپ، قوپاللىشىپ كەتكەنىدى. ھېسسىيات كەلكۈندەك جىددىي، كەسكىن داۋالغۇيتتى. شېئىرىي نەپەس ئوت بولۇپ يانماقتا ئىدى. ئۇنىڭچە، ئەر دېگەن تىنىم تاپماسلىقى، ھەرىكەتتە، ئىش ـ ئەمەلدە؛ جىمجىت ئەمەس، كۆرەشتە، ئېلىشىپ ـ چېلىشىشتا جان بېرىشى كېرەك ئىدى.

جىنازىنى كۆتۈردى تۆت ئەر
ئارقىسىدىن ئەگەشتۇق يۈز ئەر
يەتتە كەتمەن توپا تاشلىدۇق،
قىلدى روھى دوزاخقا سەپەر.
چۈنكى پىچاق غىلاپتا،
ئۇ ئۆلۈپتۇ كارىۋاتتا.
— غوجىمۇھەممەد مۇھەممەد: «ئۇ ئۆلۈپتۇ كارىۋاتتا»

شائىر ئادىل بولسا ۋەزمىن، ئېغىر ـ بېسىق كەيپىياتنى باشتىن ـ ئاخىر ساقلاشنى بىلىۋالغانىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ «قەشقەردىكى يەر شارى»، «سۈزۈك سەپەر»، «ئەركەكلەر قىينى سىلەر» ناملىق داستانلىرىدا ۋە ھەربىر شېئىرىدىكى بىر ھەرپ، بىر سۆز، جۈملە ئارقىلىقمۇ ئادىمىلىك، ئەخلاق، ئېتىقاد ھەققىدە نازۇك بېشارەتلەرنى بەرگىنىچە كېتىپ قالغانىدى. غوجىمۇھەممەد پىكرىنى ئوچۇق، ئاچچىق ئىپادىلەشكە بەكرەك مەپتۇن ئىدى. ئادىل بولسا ئۆز تۇيغۇلىرىنى ھەرپلەر، مەنزىرىلەر ۋە تەسۋىرلەرنىڭ قىسىلچىقىغا تاشلاشقا ئامراق ئىدى. ئۇ سەنئەتلىك ئېقىنغا بەكرەك مايىل كۆرۈنەتتى. ئەمما، ئۆزى ئەقىدە قىلغان چىن ھەقىقەتلەرگە بولغان مەدھىيە ـ ئىخلاسى ئۇنىڭ پۈتكۈل شېئىرلىرىنىڭ تىنىق ـ تىنىقىغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن بولۇپ، ناھايىتىمۇ پاكىز ۋە غەرەزسىز سۆيۈش، سۆيۈنۈش، مەستخۇشلۇق، ئىنسانىيەتنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە ھالاكىتى ئۈستىدىكى جىددىي ئويلىنىش، ۋەھىمىلىرى كىشىگە قىسقا، ئەمما كۈچلۈك بېشارەت بېرىپ ئۆتىدۇ. ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا سۇنىڭ ئېقىشى، ئاتنىڭ تۇرقى، يالى، رەڭلەر ... ھەممە ـ ھەممىلا نەرسە ئۇنىڭ مەنىلەر نەھرىگە باي كۆزىدە تىلغا، دىلغا، دىنغا، تىنغا ئايلىنىپ ئالەمنىي مەۋجۇتلۇق ۋە ھەقىقەتلەر ھەققىدە رىسالىلەر سۆزلەيدۇ. ئۇ بىر زەررە قۇمدىن ئالەمنىڭ يارىتىلىشىدىن تارتىپ قىيامەتكىچە بولغان تارىخىي جەريانىنى ئايان قىلىپ بېرەلەيدىغان شېئىرىيەت كاھىنى. تىل، سۆز، گراماتىكا ئۇنىڭ ئىقلىمىدا تەرتىپ ـ ئىنتىزامىنى يوقاتقان، خالىغانچە يۆۋىلىسە بولىدىغان رەڭدار شارلاردەك جىلۋىگەر، مەپتۇنكار. ئۇ سىز، مېنى جۈملىلەرنىڭ قاتتىق قالىپىدىن قۇتۇلدۇرۇپ تۇرۇپ راھەتبەخش، يېنىك سىلكىپ تالاپ قويالايدۇ. سىزنى تۇيدۇرماي تەبەسسۇمغا باشلاپ يەنە شۇنداق تۇيدۇرماي قانىتىدۇ. ئەمما، مەيلى ئىقرار قىلىڭ، قىلماڭ، ئۇنىڭ شېئىرلىرى سوزۇلغان بوشلۇقنىڭ چەك ـ چېتى شۇنداق بىر مۇئەللەققە تۇتىشىپ تۇرىدۇ:

ئادىمىيلىك — ئەركەكلىك !

غوجىمۇھەممەد ئاشۇ بوشلۇقتا مەشرەپتەك بوغۇلۇپ، ئاچچىق توۋلاپ، ۋارقىرايتتى. شېئىرىيەتتىن قوۋرۇپ چىققان ئۆزىنىڭ روھ دارىغا پۇلاڭلاپ ئېسىلىپ تۇرۇپ تىنماي شېئىرىي ئىسيان كۆتۈرمەك بولاتتى. ئۇزۇن، قاسماقلىشىپ كەتكەن چاچلىرىنىڭ ھەربىر سىلكىنىشىدە بىر ئاچچىق ئىدا ئەتراپقا تارايتتى:

ئىپپەت — ئەر — ئادەم ! ! !

※ ※ ※

بىلىش، ئۇنتۇماسلىق كېرەككى، «ئادەم» دېگەن سۆزگە

ئىنساندا بولۇشقا تېگىشلىك بارلىق ئېسىل پەزىلەتلەر مۇجەسسەملەنگەن. ئەرمۇ، ئايالمۇ ئادەم بولغانىكەن، ئۇنىڭ تۇرغان - پۈتكىنىگە پۈتۈلگىنىمۇ شۇ. ھەممەيلەن ئاقمۇەتتە بەخشەندە قىلىپ بېرىلگەن نەرسىلەرنىڭ ھەقلىق جاۋابكارلىرى. جاۋابىنى سىز، بىزنىڭ ئېغىزىمىز ئەمەس، ئەمەلىمىز بېرىدىغان كۈنلەر كېلىدۇ. «ئەركەكلىك» توغرىسىدا ئىككى شائىرنىڭ ئىككى ياندا تۇرۇپ بار ئاۋازى بىلەن ۋارقىرىشىمۇ، بىزنىڭ ئۇزاقتىن - ئۇزاق كاپاڭشىشىمىزمۇ بىرلا نەرسە — ئادەمدەك ياشاش ئۈچۈندۇر.

غوجىمۇھەممەد ناھايىتى توغرا دەيدۇ :

شېئىر يېزىش ئەمەس مۇددىئا.

— غوجىمۇھەممەد مۇھەممەد: «قويىۋەتتىم خىيال قۇشۇمنى»

ئادىلمۇ دۇرۇس گەپ قىلىدۇ:

ئادەم ئۆلدى قاراپ بېقىڭلار،
ئۆلمەكتە بىر ۋاستىغا مەقسەت.
ئۆلمەكتىمىز ھەي ئىنسانىيەت!

— ئادىل تۇنىياز: «سۇزۇك سەپەر»

قاراپ بېقىش، ئوقۇپ قويۇش، تەستىقلاش بىلەنلا ئىش پۈتمەيدۇ. ئىنسانىي كامىللىقنى قوغلىشىش — مانا بۇ مەڭگۈلۈك، ئۆزگەرمەس نىشان! ئەمما، بۇمۇ ئەركەكلىك تەلەپ قىلىدۇ - دە!

2005 - يىل 11 - يانۋار، قاراش - ياۋا.

www.uyghurkitap.com

كىتاب ئىسمى: روھىيەتنىڭ قاتلىرىنى ۋاراقلاپ
پىلانلىغۇچى: ئەزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن
ئاپتورى: نۇرمۇھەممەد ئۆمەر ئۇچقۇن
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەنۋەر قۇتلۇق
تەكلىپلىك مۇھەررىرى: ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن
مەسئۇل كوررېكتورى: گۇلباھار توختەم
تەكلىپلىك كوررېكتورى: ئابدۇرېھىم ئابلىمىت
نەشرىيات: شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى شىخۇڭ غەربىي يولى 36 ـ قورۇ
پوچتا نومۇرى: 830000
تارقاتقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى
زاۋۇت: شىنجاڭ يىبەيفېڭ مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى
فورماتى: 880 × 1230 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 12.25
نەشرى: 2009 ـ يىل 12 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
بېسىلىشى: 2009 ـ يىل 12 ـ ئاي 1 ـ قېتىم بېسىلىشى
باسما سانى: 5000
كىتاب نومۇرى: ISBN 978 - 7 - 5469 - 0600 - 3
باھاسى: 25.00 يۈەن

(باسما ۋە بەت تۈپلەشتە خاتالىق كۆرۈلسە زاۋۇت بىلەن ئالاقىلىشىڭ)